گۈلشەن ئابدۇقادىر

# دۇنگخۇن ۋە سانجۇيانزا ئۇيغۇرلار

(ماقالىلەر توپلىمى)

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇھەررىر:   باتۇر قاراخانلى
كورركتور:  باتۇر قاراخانلى
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: شادىيە ھاشىم
بەت لايىھەلىگۈچى :  باتۇر قاراخانلى

ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار
ئۇيۇشمىسى نەشر قىلىپ تارقاتتى

# دىڭخۇا ۋە سانجىۋيانزا ئۇيغۇرلار

گۈلشەن ئابدۇقادىر

2024-يىلى ئاۋغۇست ئىككىنچى نەشرى، ئىستانبۇل
تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى



مۇئەللىپ گۈلشەن ئابدۇقادىر




مۇئەللىپ 2019-يىلى ئاپرېلدا ۋاشىنگتوندىكى ئەركىنلىك مەيدانىدا
خىتايغا قارشى ئۆتكۈزۈلگەن كەڭ كۆلەملىك نامايىشتا جازا لاگېرى
شاھىتى مېھرىگۈل تۇرسۇن بىلەن بىللە




مۇئەللىپ جەنۋەدىكى نامائىش مەيدانىدا



مۇئەللىپ ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى
توختىتىش ئۈچۈن 2021-يىلى ئامېرىكا پارلامېنت بىناسى ئالدىدا
ئۆتكۈزگەن كەڭ كۆلەملىك نامائىشتا جازا لاگېرى شاھىتى زۇمرەت داۋۇت
بىلەن بىللە



مۇئەللىپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 2021-يىلى ئۆتكۈزگەن 7-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا جازا لاگېرى شاھىتى قەلبىنۇر سىدىق بىلەن بىللە




مۇئەللىپ تورونتو شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «2022-يىلى 24-نويابىر ئۈرۈمچى ئوت ئاپىتى» نارازىلىق نامائىشىدا




2020-يىلى 5-فېۋرال كۈنى، مۇئەللىپ ئامېرىكا ئۇيغۇر
بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قۇززات ئالتاي ئەپەندىنىڭ تەكلىپى بىلەن
ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر جامائىتىگە «5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى»
ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىدى



مۇئەللىپ ۋە تورونتو شەھىرىدىكى بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئايال سىياسىي
ئاكتىپلار ئۇيغۇر دەۋاسىنى قوللىغۇچى مەشھۇر تۈرك ۋاسكىتبولچى
ئەنەس كانتەر ئەپەندىمنى تورونتو ئۇيغۇر مەسچىتىدە كۈتۈۋالدى
(2022-يىلى ئىيون)



مۇئەللىپ 2022-يىلى 26-ئۆكتەبىردە كانادا پارلامېنتىدا ئاۋازغا قويۇلىدىغان 10 مىڭ ئۇيغۇرنى كاناداغا ئېلىپ كېلىش توغرىسىدىكى M62 قانۇن لاھىيىسىنى قوللاش ئۈچۈن پارلامېنت بىناسى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشتا



«تورونتو گۈزەل قوشنىلار ۋاتساپ توپى» دىكى قوشنىلار ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى ئەركىنلىك مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىشغالچى خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى نامايىشتا



مۇئەللىپ ئۇيغۇر ئالىملىرى بىلەن تورونتو ئانا تىل مەكتىپىدە



مۇئەللىپ ياۋروپادىكى ئۇيغۇر دەۋاسى ئاكتىپلىرى ۋە قەلەمكەشلىرى
بىلەن بىللە

بۇ كىتابنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئىلىمىزنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىنىڭ ئەڭ قاتتىق سوغۇق بولىدىغان تاغلىق رايونلىرىغا سۈرگۈن قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆپكە ياللۇغى ۋە زىققا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ۋاپات بولغان ھەدەم ساپۇرە ئابدۇقادىرنىڭ روھىغا بېغىشلايمەن.

بالىلىق چاغلىرىمدا، كېچىلىرى ھەدەم ساپۇرە ماڭا گاۋرۇشنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ بېرەتتى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي مەن ئۇخلاپ قالاتتىم. سەھەرگە يېقىن بولسا كېرەك مەن قايتا ئويغۇنۇپ گاۋرۇشقا ئىچىم ئاغرىپ يىغلاپ ئېسەدەپ كېتەتتىم ۋە يېنىمدا ئۇخلاۋاتقان ھەدەم ساپۇرەنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ تۇرۇپ ئېسەدىگەنچە: «ھەدە گاۋرۇشقا ئىچىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ» دەيتتىم.

گۈلشەن ئابدۇقادىر

# مۇندەرىجە


بىرىنچى بۆلۈمگە كىرىش سۆز.........................17

تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك (1)........33

تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك (2)........42

تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك (3)........56

تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك (4)........66

تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل (1) ...........................78

تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل (2) ...........................86

تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل (3) ...........................97

تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل (4) ...........................106

تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل (5) ...........................117

تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل (6) ...........................131

«تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل»ناملىق چاتما مۇلاھىزىلەر

قوزغىغان مۇنازىرىلەرگە ئىككى كەلىمە سۆز ...............140

جەنۋە يۈرۈشى ۋە مىيۇنخېن ئۇچرىشىشىدا دىققىتىمنى

تارتقان نۇقتىلار (1) ..................................149

جەنۋە يۈرۈشى ۋە مىيۇنخېن ئۇچرىشىشىدا دىققىتىمنى

تارتقان نۇقتىلار (2) ..................................154

جەنۋە يۇرۇشى ۋە ميۇنخېن ئۇچرىششىدا دىققىتىمنى
تارتقان نۇقتىلار (3) ........................................162
جەنۋە يۇرۇشى ۋە ميۇنخېن ئۇچرىششىدا دىققىتىمنى
تارتقان نۇقتىلار (4) ........................................170
جەنۋە يۇرۇشى ۋە ميۇنخېن ئۇچرىششىدا دىققىتىمنى
تارتقان نۇقتىلار (5) ........................................178
بىر ئاۋاز، بىر قەدەم، بىر ھېكمەت..............................185
15 دۆلەت 33 شەھەردىكى لىدىر ئۇيغۇر ئاياللىرى...........199
دۇنيانى قاپلىغان لىدىر ئۇيغۇر ئاياللىرى......................205
تورونتو سەنئەت كېچىلىكى ھەققىدە ئەبجەش
ئويلىنىشلار (1)...........................................211
تورونتو سەنئەت كېچىلىكى ھەققىدە ئەبجەش
ئويلىنىشلار (2)...........................................213
ھايات داۋام ئەتمەكتە (1) ...................................218
ھايات داۋام ئەتمەكتە (2) ...................................228
ئويلاشنىڭ قالپىقىنى تەتۈر كىيىۋالغانلار (1) ................238
ئويلاشنىڭ قالپىقىنى تەتۈر كىيىۋالغانلار (2)............... 240
ئىستانبۇلدىكى قارا چۈمبەللىك ئاچا ـ سىڭىللارغا ئىككى
كەلىمە سۆز .................................................249
ئويۇنلار ئىچىدىن پارلىغان كىچىككىنە ئۈمىد نۇرى .........261
ئىككىنچى بۆلۈمگە كىرىش سۆز .............................267
مىللىتىمىز چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟....281

ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئۇيغۇر ئانا تىلى ۋە ئۇيغۇر مىللىي
كىملىكىنى قوغدايدىغان مۇستەھكەم سېپىل ...............292
يەنە بىر قېتىم سوئال: مىللەتچىلىرىمىز چەتئەللەردىكى
ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟ .........................310
ئىسسىت، ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار! ........................322
ئۇيغۇر تىلى ئۆلگەن تىللار قاتارىدىن ئورۇن ئالارمۇ؟ ........328
ئەجدەر چىشىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، تېخى ئوتىنى
پۈركىمىدى ...........................................344
خىتاي ئالدامچىلىقىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى جازا لاگېرى
خىتاي قاچاندىن باشلاپ دۇنيانى ئالداشقا باشلىدى؟ ......369
دونكىخوت ۋە سانچوپانزا ئۇيغۇرلار ........................377
مىللىي سەزگۈرلۈكۈم يۇقىرى دەۋاتقان جانابلارغا ئىككى
كەلىمە سۆز ...........................................385
ئۇيغۇرلار ئۈچۈن «نوھنىڭ كېمىسى» قايتا ئىنشا
قىلىنمايدۇ ...........................................392
«سوبىبوردىن قېچىش» ۋە ئۇيغۇرلار........................396
خەير خوش ئەنسىرەش، تەشۋىش، قورقۇش
ۋە ئۈمىدسىزلىك .......................................404
دۇنيا كۆرۈپ قويدۇق ئادالەتنىڭ ........................420
بىر قېتىملىق نامايىش تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ .......431
ئاللاھ خار قىلمىغاننى بەندە خار قىلالمايدۇ................437
دۇمبالىنىش ۋە سۈكۈت.................................442
ناماز، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىمىز...............446

نامايىشنىڭ تەرجىمىھالى..............................454
كاشكى ئۇيغۇرلاردا بامبۇك روھى بولسا ئىدى-ھە؟!.........458
نۇر بەكرىگە قايتا باھا ................................464
قازاق تىلىدىكى قىسقا ئېپىزوتنى كۆرگەندىن كېيىن
ئويلىغانلىرىم .......................................474
ئەلۋىدا يىگىت! خەلقنىڭ ئەمدى تەنھا ئەمەس ..............479
تورونتودىكى ئالتۇن قوزۇقنىڭ ھېكايىسى...................487

# تىتاس ئەمەس ئىستانبۇل

## بىرىنچى بۆلۈمگە كىرىش سۆز

بۇ ماقالىلەر توپلىمىغا مەن گۈلشەن ئابدۇقادىرنىڭ 2016ـ يىلىدىن 2020ـ يىلىغا قەدەر «كاسسىنى» ۋە «سەھەر» تەخەللۇسىدا يازغان ماقالىلىرىم كىرگۈزۈلدى.

2019ـ يىلى ئالتە قىسىملىق «تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل» ناملىق چاتما ماقالىلىرىم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن زور غۇلغۇلا قوزغىدى. چاتما ماقالىلىرىمدا تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىسلام دىنىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە بۇرمىلانغان دىن ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بۇ ئەھۋاللارغا خاتىمە بېرىلمىسە، خىتاي جازا لاگېرلىرىنى تاقىغاندىن كېيىنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ۋە ئىدىيە توقۇنۇشلىرى سەۋەبىدىن يەنە بىر جازا لاگېرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن قۇرۇپ چىقىدىغانلىقى، بۇنىڭ مىللىتىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن خەتەرلىك بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقى، دىنى ساھەگە خىتاي سوزغان قارا قول سايىسىنىڭ مەۋجۇتلىقى ھەققىدە توختالغان ئىدىم.

ماقالەم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خەۋەر تېپىشىمچە ئىستانبۇلدىكى بەزى دىنى ئۆلىما دەپ قارالغان كىشىلەر: «ناماز ئوقۇمىغان، ياغلىق چەگمىگەن كىشىلەرنىڭ ئىسلام ھەققىدە گەپ قىلىش، يەنى ئىسلام ھەققىدە بۇنداق ماقالىلەرنى يېزىش ھوقۇقى يوق» دەپ پەتىۋا بېرىپتۇ. ئارقىدىن مېنىڭ ياغلىق چىگىدىغان بىر ئايال ئىكەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن ۋەزىيەتتە

يەنە بىر ئاز پەسلەش كۆرۈلۈپتۇ. مەن ئويلايمەن ئىسلام دىنى ئاللاھنىڭ دىنى، ئۇنى ھېچكىمنىڭ مونوپول قىلىۋېلىش ھەققى يوق. ئىسلام دىنىنىڭ نۆۋەتتە قانداق بىر شەكىلدە نامايەندە قىلىنىۋاتقانلىقىغا قارىتا ناماز ئوقۇيدىغان-ئوقۇمايدىغان، ياغلىق چېگىدىغان-چېگمەيدىغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان-قىلمايدىغان، ھەتتا دىنسىزدىن تارتىپ ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ گەپ قىلىش، باھا بېرىش ۋە ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھوقۇقى بار.

كۈرەشلەر ئىچىدىكى ئەڭ سەرخىل كۈرەشنىڭ قەلەم كۈرىشى ئىكەنلىكىنى تولۇق مەنىسى بىلەن تونۇپ يەتكەن ۋاقتىمدا تولىمۇ كېچىككەن ئىدىم. كېچىككەن بولۇشىغا قارىماي قەلەمنى قولغا ئېلىش ۋە كۈچلۈك بىر شەكىلدە تەۋرىتىشكە تىرىشىش ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىق قەلەم ئىگىسىنىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى بولۇپ قالدى. كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان خىتاي زۇلمى بىزنى جىددىي بىر شەكىلدە قەلەم تەۋرىتىشكە قىستاپ ئەكىردى. چۈنكى ۋەتەندە خىتاي جازا لاگېرلىرىنى ئىنتايىن يوشۇرۇن ۋە تېز سۈرئەتتە، دۇنيا ھېس قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە پۇختا پىلانلاپ قۇرۇپ چىقىپ، نۇرغۇنلىغان يازغۇچى-شائىر ۋە بىلىم ئىگىلىرىنى جازا لاگېرلىرىغا تاشلاپ، ئۇيغۇر ئانا تىلىنى مەكتەپ ۋە نەشرىيات ساھەسىدىن سىقىپ چىقىرىش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنى قەلەم تەۋرىتەلمەيدىغان بىر ھالەتكە ئەكېلىپ قويۇشنىڭ جىددىي پىلانىنى تۈزۈۋاتاتتى. چۈنكى خىتاي ئۈچۈن ئۇيغۇرلار قەلىمىنىڭ تەۋرەپ كېتىشى خۇددى يەرنىڭ شىددەتلىك تەۋرەپ كېتىشىدەك بىر ئەھۋال ئىدى. خىتاي ئاغزىدا سۆزلەيدىغان مىللەتتىن ئەمەس، يەنە ئىچكى-ھېس تۇيغۇلىرىنى، پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرىنى، دۇنيا قاراشلىرىنى ۋاراقلارغا تۆكەلەيدىغان، ۋاراق ۋە بەتلەردىن ھاسىل بولغان تۈپلىمەلەرنى كىتاب قىلىپ بېسىپ چىقىرالايدىغان ۋە

تارىخلاردىن ـ تارىخلارغا ئۇلاشتۇرۇپ بېرەلەيدىغان بىر مىللەتتىن ئېھتىيات قىلاتتى. بۇ سەۋەبتىن چەتئەلدە قەلەم تەۋرىتەلەيدىغان يازغۇچىلار جىددىي بىر مەسئۇلىيەتنىڭ زىممىمىزگە يۈكلىنىۋاتـ ـقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدۇق. ئۇ بولسىمۇ قەلەم ئارقىلىق چەتئەللەردىكى خەلقىمىزنى تەربىيەلەش، قەلەم ئارقىلىق ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ تەگداشسىز پاساھىتىنى قوغداپ قېلىش، قەلەم ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى قوغداپ قېلىش، قەلەم ئارقىلىق ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىنى قوغداپ قېلىش ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئىشلار... شۇڭا خىتاي 2016 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن، يەنى خىتاي جازا لاگېرلىرىنى قۇرۇشقا باشلىغاندىن بۇيان قولۇمغا بۇ قەلەمنى، توغرىسى بۇ مەشئەلنى جىددىي بىر شەكىلدە ئېلىشقا باشلىدىم. ئارىدىن تۆت يىل ۋاقىت ئۆتكەندە بۇ ئەمگەكلىرىمنىڭ بىر ھوسۇلى ياكى بىر خارمىنىنىڭ تەييار بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم ۋە بۇنى رەتلەپ بىر كىتاب قىلىپ، بىر مۇقاۋا ئاستىغا ئېلىپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. قولىڭىزدىكى «دونكىخوت ۋە سانچوپانزا ئۇيغۇرلار» ناملىق بۇ كىتاب مانا مۇشۇنداق بىر ئەمگەكنىڭ ۋە ئويلىنىشنىڭ مەھسۇلى.

بۇنداق بىر ئويلىنىشقا چۈشلۈق چەتئەللەردە كىتاب ئوقۇيدىغان بىر قىزغىن مۇھىت مەۋجۇت ئەمەس. ئەمما ھېچقىسى يوق. بۇ ئەندىشە قىلىدىغان چوڭ مەسىلە ئەمەس. ئۇيغۇرلار دۇنيا جامائىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوي ـ پىكىر، ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلىرىنى، ئۆزى ياشاپ ئۆتكەن بۇ مەنزىلدە نېمىلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئىپادىلەشكە ۋە نامايان قىلىشقا تامامەن ھەقلىق. بىز ھازىر ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كېلەچەك ئۈچۈن يازىمىز. دۇنيا ئايرىدە بولغاندىن بۇيان «بۈگۈن» قەدىرلىنىپ باقمىدى، پەقەت تۈنۈگۈنلا دىققەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلدى. شۇ ۋەجىدىن قولىمىزغا ئېلىپ ئوقۇۋاتقان

كىتابلىرىمىز بۆگۈننىڭ كىتابلىرى ئەمەس، بەلكى تۆنۈگۈننىڭ بولۇپ كەلدى. بىز بۆگۈن ئىنشا قىلغان بۇ نەرسىلەرمۇ چوقۇم كېلەچەكنىڭ ئەتىسىگە ئايلانغاندا قىممەتكە ئېرىششى مۇمكىن دەپ ئۈمىد قىلىمەن.

شۇنداق، ئويلىنىش-تەپەككۇر، ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەر ئىچىدە ياشاشنى پۈلدىنمۇ ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان بىر ئائىلىدە تۇغۇلدۇم ۋە چوڭ بولدۇم. مەرھۇم دادام ئابدۇقادىر سەمەرباي ئوغلىنىڭ 1983-يىلى ئىستانبۇلغا كەلگەندە، ئىستانبۇلدىكى كىتاب يايمىلىرىنىڭ ئالدىدا كۆنلەپ-كۆنلەپ ئولتۇرۇپ ئۇيغۇر تارىخى يېزىلغان تۈركچە كىتابلارنى ئىنتايىن ھاياجان بىلەن ئوقۇپ كېتىشى، باشقىلار تۈركىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا يىپەك ۋە باشقا نەرسىلەر سودىسى قىلىۋاتقاندا، بىر ساندۇق تۈركچە كىتابنى ۋەتەنگە سېلىشى بۇ ۋەجىدىن ئىدى. غۇلجا ۋە ئىستانبۇلدىكى سەمەربەي جەمەتىنىڭ ئىچىدىكى پۇلنى ھەرقانداق نەرسىدىن ئۈستۈن قويىدىغان بەزى تۇغقانلىرىمىز ئۈچۈن بۇ بىر ھاماقەتلىك ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك ئائىلىمىز ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن يازغۇچىلار، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، نىزامىدىن ھۈسەيىن، قېيۇم تۇردى... قاتارلىق ۋەتەن ئىچىدىكى ئىدىيە ۋە پىكىرنى ئۈستۈن بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ماتېرىيال ئامبىرى بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئەگەر ئۇيغۇرلار كېلەچەكتە خىتاي ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ دەپ قارالسا، ئۇ چوقۇم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلغار پىكىر، ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولغانلىقىدىن بولىدۇ. چۈنكى ئىدىيە، پىكىر ۋە چۈشەنچىلەر ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. كىمدە قانداق ئىدىيە، پىكىر ۋە چۈشەنچە بولسا ئۇنىڭدا شۇنىڭغا ماس ھەرىكەت بولىدۇ.

مەن ئىستانبۇلدا 2003-يىلىدىن 2005-يىلىغا قەدەر ئىككى

يىل ياشىدىم. ئۇ دەۋرلەردىكى ھاياتىمغا مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە ئەھۋاللار ئەينى چاغدا ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ قانچىلىك «ئىلغار» پىكىر، ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىستانبۇل ھاياتىمدا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ۋەقەلەر، مەندەك 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى بولغان بىر شەھەردىن قېچىپ چىققان (بۇ سۆزنى ئەينى چاغدا ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرى ئەركىن تارىم ئەپەندى مۇشۇنداق ئىشلەتكەن ئىدى) بىر ئايالغا چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئىدى.

## 1. ئۇيۇپ قالغان

رەھمەتلىك سەلەي ھاجىم ئاكىنىڭ خانىمى بۇۋىسارىخان ئانىمىز ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغان كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۆي ئىچى ئاياللار بىلەن لىق تولغان ئىدى. مەن ئۇ چاغدا ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى ئىدىم. تۇيۇقسىز ماڭا ئامېرىكا ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىدىكى مەرھۇم ئۇستاز ئابلىكىم باقى ئاكىدىن تېلېفون كېلىپ قالدى. ئۇ چاغلاردا مەن خەۋەرنى تېلېفون ئارقىلىق يوللايتتىم. مەن سومكامدىكى تېلېفونۇمنى ئىزدەش جەريانىدا، سومكام ئىچىدىكى ئۈنئالغۇ، مىكروفون قاتارلىق نەرسىلەرنى چىقىرىشىمغا توغرا كەلدى. مىكروفون ۋە ئۈنئالغۇنى كۆرگەن يەنە بىر قانچە ياش ئەر-ئاياللار دەرھال ۋە ئىنتايىن جىددىي بىر رەۋىشتە، مېنىڭ ئۈنئالغۇ ۋە مىكروفوننى ئۇلارغا تاپشۇرۇشۇمنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلار مېنى خىتايغا ئۈچۈر يوللايدىغان «جاسۇس» دەپ گۇمان قىلىۋاتماقتا ئىدى. بىر مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يۈزلەرچە نەپرەتلىك كۆزلەرنىڭ ئوقيادەك تىكىلىشى ئاستىدا قالدىم. باشقا

ئۆيلەردىن ۋە سەلەي ھاجىم ئاكىمىز بىلەن قوشنا ئولتۇرىدىغان قىزى بۈۋىزەينەپ ھاجىم ھەدىمىزنىڭ ئۆيىدە خەتمە قۇرئان قىلىۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئەر-ئاياللار چاقماق تېزلىكىدە بۇ ئۆيگە يىغىلىپ، چوڭ بىر جاسۇسنى تۇتۇۋالغانلىقىنىڭ غەلىبە تەنتەنىسىگە چۆمۈش ئۈچۈن ھازىرلىنىپ بولغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كىتاب يازغان يازغۇچىلارمۇ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ، ھەتتا دوكتور ۋە دوكتور ئاشتى ئۇنۋانلىرى ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. جاسۇس ياكى ئەمەسلىكىم قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغان ئىدى. ئۆزۈمنى ئاقلىماقچى بولۇپ ئاغزىمنى ئاچقان بولساممۇ تىلىم گەپكە كەلمەي قېلىۋاتاتتى. چىرايىم تۇزلۇق سۇ ئىمساھلىرىنىڭ تېرىسىدەك تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. 60-70 ئەتراپىدا كىشىنىڭ ئارىسىدا باشلىرىم قايغاندەك بولۇپ كۆزلىرىم خىرەلىشىپ ھازىرلا ھوشۇمدىن كېتىدىغاندەك بىر سېزىمدا ئىدىم. تۇيۇقسىز بىر ئايالنىڭ تۈركچە ئاۋازى ئۆي ئىچىنى بىر ئېلىشقا باشلىدى. ئايال غەزەپ بىلەن مۇنداق دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

- تارقىلىڭلار... تارقىلىڭلار، نېمە دېگەن ھاماقەت سىلەر ھە؟... سىلەر بۇ يەردە خىتايغا ئۇچۇر بولغىدەك نېمە ئىش قىلغان ئىدىڭلار؟ خىتاي بۇ ئۆيدە بولۇۋاتقان خەتمە قۇرئانغا ئېرىشىشكە ئۇنچىلىك ئېھتىياجلىق ئەمەس. يازىقلار ئۇلسۇن سىلەرگە!...

ئۇ ئايال مېنى خىتايغا ئۇچۇر يوللىماقچى بولۇۋاتىدۇ دەپ تۆھمەت قىلماقچى بولغانلارغا غەزەپ ۋە ئاچچىق بىلەن خېلى نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى. تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ۋە ماڭا ناتونۇش بولغان بۇ قۇتقۇزغۇچىنىڭ جاسارىتىدىن سۆيۈندۈم. كېيىن بۇ ئايالنىڭ رەھمەتلىك سەلەي ھاجىم ئاكىمىزنىڭ ئوغلى

مەمەت ئەيسا ئاكىنىڭ خانىمى رەيھانگۈل ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

مەن ئۇ يەردىن ئايرىلىپ ئەمنۇنىگە، ئاندىن پاراخوت بىلەن قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ قارشى تەرەپتىكى 20U ئاپتوبۇسى بىلەن ئومرانىيەنىڭ ئاتاكەنت مەھەللىسىدىكى ئۆيۈمگە يېتىپ كەلگەن ۋاقتىمدا ناماز شامغا ئەزان ئوقۇلۇشقا باشلىغان ئىدى.

كىچىك قىزىمنى ئۆرلەپ ئۇخلىيالمىدىم. بىرقانچە كۈن ئورۇن تۇتۇپمۇ يېتىپ قالدىم. ئىستانبۇلدىكى پىكىر، ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەرگە بولغان خىيالىمدىكى يۇقىرى تەسەۋۋۇر بىلەن رېئاللىق توقۇنۇشۇپ قېلىۋاتقان ئىدى. ئۇلارنى مەن ئۇنچىلىك ئاددىي چۈشەنچىلىك ئىنسانلار دەپ ئويلىمىغان ئىدىم.

2004 ـ يىلى بولسا كېرەك ئەگەر خاتالاشمىغان بولسام. خىتاي ئابدۇقادىر ياپچان قاتارلىق 12 كىشىنى تېرروررچى، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى قاتارلىق تۆت تەشكىلاتنى تېرروررچى تەشكىلات دەپ ئېلان قىلدى. مەن ئابدۇقادىر ياپچان ئاكىمىزنى بۇ مۇناسىۋەت بىلەن زىيارەت قىلىپ، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىدا ئاڭلاتتىم. شۇندىن كېيىن «بۇ ئايال تۇتۇش بۇيرىقى چىقىرىلغان ئابدۇقادىر ياپچاننى زىيارەت قىلىپ خىتايغا تۇتۇپ بەرمەكچى بولغان گەپ» دېگەن ئۆسەك سۆزلەر تارقىلىشقا باشلىدى. يەنە بىر قېتىم «جاسۇسلۇق گۇماندارى» دېگەن تۆھمەت بىلەن قاتتىق بىر كاچاتلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا ئىدىم. ئاللاھقا مىڭ شۈكۈر، بۇ چاغدا ئابدۇقادىر ياپچان ئاكىمىز مەردانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە مېنى قوغداپ قالدى. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا مەن ئىستانبۇلدىكى ئاددىي چۈشەنچە ۋە پىكىر ئېقىملىرىنىڭ ئۇستۈمگە خۇددى مۆلدۈردەك تۆكۈلۈشى بىلەن ئۇرۇپ ـ سوقۇلغان بولاتتىم. ئابدۇقادىر ياپچان ئاكىمىز بۇنداق ئۆسەك سۆزلەرنى

تارقاتقانلارغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: «ئەگەر ئۇ ئايال مېنى زىيارەت قىلىپ ئاشكارىلاپ قويمىسا، خىتاي مېنىڭ نەدىلىكىمنى بىلەلمەي قالغىدەك شۇنچىلىك ئاجىزمىكەن؟».

## 2. ئۈيۈپ قالغان

ئىستانبۇلدا يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلاندى. ئىككى بالامنى مەكتەپكە بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. مەھەللىمىزدىكى ئارىف نىهات ئاسىيا مەكتىپىگە ئىككى بالامنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقانچە ئېلىپ كىردىم. مەكتەپ مۇدىرى مېنىڭ ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىدىن بىر پارچە تونۇشتۇرۇش خېتى ئەكىلىشىمنى ئۆتۈندى. بۇ 2003 ـ يىلى ئاۋغۇست ئايلىرى بولۇپ، ئىستانبۇلنىڭ تومۇز ئىسسىقلىرى ئەۋجىگە چىققان مەزگىللىرى ئىدى. مەن يەنە ئىشىكىمنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدىغان 23Ü ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ كادىكۆيگە كېلىپ، كادىكويدىن ۋاپۇرغا ئولتۇرۇپ قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ، ئاندىن بىر قانچىلىغان توپ تارقىتىش بازارلىرى، دۆڭ ـ ئويمان يوللار ۋە ئايلانمىلار، ماشىنا يوللىرى ۋە پىيادىلەر ئارقا كوچىلىرىنى بىر هازا باسقاندىن كېيىن، تەرگە چۆمگەن هالەتتە شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىگە يېتىپ كەلگەن ئىدىم. ۋەخپىنىڭ خىزمەتچى خادىمى مەندىن ئىككى بالامنىڭ قانچىنچى سىنىپنى پۈتتۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دىپلومنى كۆرسىتىشنى ئېيتتى. مەن دىپلومنىڭ ۋەتەندە قالغانلىقىنى ئېيتتىم. «دىپلومنى ۋەتەندىن ئەكەلگۈزۈڭ، دىپلوم بولمىسا خەت قىلىپ بەرمەيمىز» دېدى ۋەخپىنىڭ خادىمى قوپاللىق بىلەن. مەن بۇ كىشىگە ئازراق يالۋۇرۇپ باقماقچى بولدۇم، ئەمما بۇ كىشى ئەفەندىم... دېگەنچە باشقا بىر تېلېفونلارغا قوپاللارچە جاۋاب بېرىپ، ئاندىن خەت بېسىش ماشىنىسىدا بىر نەرسىلەر بېسىپ دېگەندەك ئالدىراش بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىدە يۇقىرى

گىرادۇسلۇق بىر كۆز ئەينەك بولغاندىن باشقا، بوينىغا يەنە بىر كۆز ئەينەكنى ئېسىۋالغان بولۇپ، بۇ كۆز ئەينەكنى خەت بېسىش ماشىنىسىدا خەت باسقاندا ئىشلىتەتتى. ئۇ توختىماي بۇيرۇن... ئەفەندىم... دېگەنچە تېلېفونلارنى ئالاتتى ۋە بىرمۇنچە تۈركچە گەپلەرنى يۇقىرى ئاۋازدا خۇددى بىر پاتقاي بىلەن سۆزلەشكەندەك ھالەتتە سۆزلىگەندىن كېيىن قويۇۋېتەتتى. مەن ئۇنىڭ بۆلمىگە كىرگەندە ئىككى ئۇيغۇر قىزى ئولتۇراتتى. ئۇلار بەلكىم ئوقۇغۇچى قىزلار بولسا كېرەك. ۋەخپە خادىمى شۇنچە ئالدىراشچىلىقلار ئارىسىدىن ئىمكانىيەت چىقىرىپ: «بۇ ۋەخپە مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيى ۋە كونسۇلى دېسەكمۇ بولىدۇ. دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇنچىلىك بىر ئورنى يوق» دەپ قوشۇپ قوياتتى.

ئەمدىلا 5-سىنىپنى پۈتتۈرگەن قىزىم ۋە ئىككىنچى سىنىپنى پۈتتۈرگەن ئوغلۇمنى مەكتەپكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ۋەتەندە قېپ قالغان دىپلومنى ئەكەلگۈزۈش ھەققىدىكى بۇيرۇق، خۇددى خىتاي كونسۇلىدىن ۋىزا ئېلىشنى تەلەپ قىلغاندا، خىتاي تەرەپ ئېيتقان ۋەتەندە جىنايەت ئۆتكۈزمىگەنلىك ئىسپاتى ئەكېلىش دېگەن تەلەپكە تامامەن ئوخشايتتى. مەن ئۇ مەزگىللەردە، خىتتاي تېررورچى تەشكىلات دەپ ئېلان قىلغان، ئابدۇجېلىل قارىقاش ئەپەندى تەسىس قىلغان مەركىزى گېرمانىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزىگە ئىشلىگەن، ئارقىدىن ئەركىن ئاسىيا رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق ئىختىيارى مۇخبىرى بولۇپ ئىشلىگەن ۋە خىتاي ھەققىدە، بولۇپمۇ 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى ھەققىدە بىرقانچىلىغان مۇخبىر زىيارەتلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىم ئۈچۈن ۋەتەن بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا ئالاقە قىلىپ، باللىرىمنىڭ دىپلومنى ئەكەلگۈزۈش بايا مۇشكۇل ۋە ئورۇنلىغىلى بولمايدىغان ئىش ئىدى.

ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپ كەلگەن ۋاقتىمدا خۇددى سۇسىز قالغان پەمىدۇر كۆچەتلىرىدەك سولاشقان ئىدىم. ۋاقتىمۇ ئاللىقاچان كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكەن ئىدى. ئەگەر يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدە ئىككى بالام مەكتەپ سىرتىدا قالسا قانداق قىلارمەن دېگەن ۋەھىمە مېنى ئازابلايتتى.

مەن بۇ تەشۋىشىمنى قىزىمنىڭ يېڭى دوستى فاتىمەنىڭ ئاپىسى رابىيە خانىمغا ئېيتتىم يېرىم تۈركچە يېرىم ئۇيغۇرچە قىلىپ.

ئاللاھ، ئاللاھ... سېنىڭ تەشكىلاتىڭدىكى ئادەملەر نېمانداق بىروكرات؟ كىچىك بالىلارنى مەكتەپكە كىرگۈزۈش ئىشىنىمۇ شۇنچىلىك تەسلەشتۈرگەن بارمۇ؟- دېدى ئۇ ئاچچىق دەملەنگەن كىچىك رومكىدىكى چاينى قوشۇق بىلەن توختىماي ئىلەشتۈرۈپ. ئاخىرى رابىيە خانىم مانا: «ئوقۇش باشلانغان كۈنى مەن بۇ ئىككى بالىنى مەكتەپكە ئەكىرىپ، مەكتەپ مۇدىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ باقاي، ئەگەر قوبۇل قىلىپ قالسا ئۇنى كۆرەرمىز، ئەگەر قوبۇل قىلماي قالسا، مەن سېنى ۋە ئىككى بالاڭنى ئېلىپ سىلەرنىڭ شۇ ۋەخپىگە بېرىپ، مەن تۈركىيەدە سەندەك بالىلارنىڭ ئىشلىرىنى تەسلەشتۈرگەن ئادەمنى كۆرمىگەن ئىكەنمەن دەپ قاتتىق گەپ قىلىمەن» دېدى. تەلىيىمىزگە رابىيە خانىمنىڭ مەكتەپ مۇدىرى بىلەن بولغان سۆھبىتى ئېقىپ قېلىپ، ئىككى بالامنى ئارىنى نىھات ئاسىيا مەكتىپى ۋاقىتلىق مېھمان ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە قوبۇل قىلدى.

ۋەخپىدىن بىرقانچە قېتىم ئۆتۈنگەن بولسامۇ، ئەمما مەكتەپكە قارىتىپ تونۇشتۇرۇش خېتى چىقىرىپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىككى بالام تاكى بىز 2005-يىلى 2-ئايدا كاناداغا كەتكەنگە قەدەر بۇ مەكتەپتە مېھمان ئوقۇغۇچى بولۇپ ئوقۇدى.

ئارىق نىھات ئاسىيا مەكتىپىگە رەھمەت.

### 3. ئۇيۇپ قالغان

مەن ئىنتايىن سەمىمىي ئىدىم. باشقىلارنىمۇ ماڭا ئىنتايىن سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدۇ دەپ ئويلايتىم. ئەگەر سەمىمىيتىمگە سەمىمىيەت بىلەن جاۋاب قايتمىغان ئەھۋالدا ئىنتايىن ئازابلىناتتىم. بولۇپمۇ ئۇيغۇر دەۋاسى ۋە مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا يۈز بەرگەن سەمىمىيەتسىزلىك مېنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇراتتى.

بىر قۇربان ھېيت ھارپىسى ئىدى. مەن ئوغلۇمنى ئېلىپ زەيتىنبۇرنىغا بىر ئىش ئۈچۈن بارغان ئىدىم. زەيتىنبۇرنىدىكى مەركىزى جامىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بىر توپ ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ توپلۇشۇپ تۇرغانلىقىنى يىراقتىن كۆردۈم. مەن يولنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ يەنە بىر كوچىغا ئەگىلمەكچى بولۇپ تۇرغىنىمدا، توپ ئىچىدىكى ئىككى ئەر كىشى توپ ئىچىدىن سۇغۇرلۇپ چىقىپ. ئالدىمغا كېلىپ سالام قىلدى ۋە ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ھازىر ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئەمما بىرىنىڭ كەسپىنىڭ دوختۇر ئىكەنلىكى ئېسىمدە. پاكارراق يوغان قوساقراق كەلگەن كىشى ئىدى. يەنە بىرسى بولسا ئۇ دوختۇر كىشىدىن ياشراق بىرى بولۇپ، ئۆزىنى تىجارەتچى دەپ تونۇشتۇردى. سالام سائەتتىن كېيىن ئۇلار مېنىڭ ھازىر ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى ئىكەنلىكىمنى، ۋەتەندىمۇ ئاخبارات كەسپىدە ئىشلىگەنلىگىمنى تىلغا ئېلىشتى، مەنمۇ «شۇنداق» دەپ تۈز جاۋاب بەردىم تەكەللۇپ قىلمايلا. ئاندىن بۇ ئىككىيلەن ئۆزلىرىنىڭ بىر تەشكىلاتى بارلىقىنى (تەشكىلات ئىسمى يادىمدا قالماپتۇ)، بۇ تەشكىلاتنىڭ يېقىندا تۈركىيە مىللەت ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ مېنى بۇ تەشكىلاتقا

تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىم قىلىپ قوبۇل قىلىش ئويىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. مەن قىلچىمۇ ئويلانمايلا بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆردۈم. چۈنكى مەن ۋەتەندىن چىققان بىر پارچە ئوت ئىدىم. ۋەتەن ـ مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر يەر، بىر ئورۇن ئىزدەپ يۈرگەن ۋەتەن سەۋداسى ئىدىم. تۈركىيە مىللەت ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈش ۋە 5 ـ فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقىغا ئائىت مەن كۆرگەن ۋەقەلەرنى تۈركىيە مىللەت ۋەكىللىرىگە سۆزلەپ بېرىش مېنىڭ ئارزۇيۇم ئىدى. شۇنداق قىلىپ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا مەن بىر تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالدىم. ئۇلار ماڭا دەرھال بىر ئىسىم كارتوچكىسى ياسىتىپ، بىر يېڭى تېلېفون ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز ئالدىراشلىق ئىچىدە دۇكانلار تاقىلىپ كېتىشتىن بۇرۇن بىر تېلېفون سېتىۋېلىش ۋە ماڭا ئىسىم كارتوچكىسى ياسىتىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتتۇق. يېڭى تېلېفونىنىمۇ سېتىۋالدۇق. ئىسىم كارتوچكىسى ياسىتىدىغان ۋاقىتقا كەلگەندە كەچ كىرىپ دۇكانلار تاقىلىپ كەتكەن ئىدى. مەن ئەمنۆنۈدىن كادىكۆيگە ئۆتۈش ئۈچۈن ۋاپۇرغا ئولتۇرۇپ، كۆپىيتىش ئالدىدىكى چەكسىز كەتكەن ئىستانبۇل بوغۇزىغا قاراپ خىياللارغا چۆمگەن ۋاقتىمدا، ئىچىمنىڭ تازا راھەت ئەمەسلىكىنى، بىر ۋەھىمىنىڭ، ئەندىشىنىڭ ئىچىمنى قاپلىۋالغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم.

يولدىشىم ئىككىمىز كېچىچە ئۇخلىمىدۇق. يولدىشىم ئىستانبۇل ـ دىكى تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە تېلېفون قىلىپ، بۇنداق بىر يېڭى تەشكىلاتنىڭ بار ـ يوقلىغىنى سۈرۈشتە قىلدى ۋە ئالغان جاۋابى «ئالدامچىلىق» دېگەندىن باشقا نەرسە بولمىدى.

بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىسمى نېمە ئىكەن؟ ھۆكۈمەتكە ئەنگە ئالدۇرغان رەسمىيەت قەغەزلىرىنى ساڭا كۆرسەتتىمۇ؟ تۈركىيە

مىللەت ۋەكىللىرى شۇنچىلىك ۋاقتى ئەرزان كىشىلەرمىكەن كۆرۈشەيلى دېسىلا كۆرۈشەلىگىدەك؟... يولدىشىم ياغدۇرۇۋەتكەن سوئاللار ئىچىدە گاڭگىراپ قالغان ئىدىم. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئۇلار بۇنداق ۋەتەن-مىللەتنىڭ نامىنى ساتىدىغان ئالدامچىلىقنى ۋەتەندىن يىڭى چىققان، ۋەتەن ئۈچۈن ئىش قىلسام دەپ بىكارلىق ئىش ئىزدەپ يۈرگەن بىر ئايال ئۈستىدىن ئېلىپ بارىدۇ؟ دەپ كەسكىن جاۋاب قايتۇراتتىم مەنمۇ يولدىشىمغا. سەن ئىستانبۇلدا ھەممە ئادەمنى ياخشى ئادەملەر، سەممىي ئادەملەر دەپ ئويلىساڭ خاتالاشقان بولىسەن، دەيتتى يولدىشىم ماڭا.

شۇنداق قىلىپ يولدىشىم ئىككىمىز سەھەر بامدات نامىزىغا ئەزان چىقىشى بىلەن، ئاپتوۋۇزغا ئولتۇرۇپ يەنە زەيتىنبۇرنىغا قاراپ ماڭدۇق. قاق سەھەردە زەيتىنبۇرنىغا كېلىپ بولغان ۋاقتىمىزدا كىشىلەر ئەمدى تېخى ھېيت نامىزىنى ئوقۇشۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشقان ئىكەن. بىز ئۇ كىشىنىڭ ئۆينى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلار ئېلىپ بەرگەن تېلېفوننى قايتۇرۇپ بەردۇق ۋە ئۇ نامەلۇم تەشكىلاتقىمۇ ئىشلەپ بېرەلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قايتتۇق.

ھازىر ئىستانبۇلدىكى پىكىر-ئىدىيە، تەپەككۇر ۋە چۈشەنچىلەر تېخىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ كەتتى. 2015-يىلىدىن ھازىرغا قەدەر بولغان بەش يىل جەريانىدا ئىستانبۇلغا كېلىپ يەرلەشكەن ئۇيغۇرلارمۇ كۆپەيدى. ئىستانبۇلدىكى دىنى چۈشەنچىلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇر، ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلىرىدە ئەينى يىللاردىكىگە سېلىشتۇرغاندا زور پەرق بولغىنى يوق. ئىسلام دىنى چۈشەنچىلىرى بارغانچە قورقۇنچلۇق بىر ھالەتكە كىرىپ، ئوتتۇرا ئەسىر جاھالەت دەۋرىنىڭ پۇرىقى كېلىدىغان بىر ۋەزىيەت شەكىللىنىشكە باشلىدى. خۇراپاتلىق، قاتماللىق، ئۆزىنىڭ چۈشەنچىلىرىنىلا توغرا دەپ قارايدىغان، باشقىلارنىڭ پىكىر ۋە

چۈشەنچىلىرىگە ھۆرمەت قىلمايدىغان جاھىللىق ۋە ئىسلامدىن چەتنىگەن غەلىتە بىر ئىسلام ئەقىدىسى يامراشقا باشلىدى.

ئىسلام دىنى كۆپ خوتۇنلۇقنى رەت قىلىدىغان بىر دىن. ئۇنىڭغا ئۇرۇش يىللىرىغا ئايرىم شەرتلەر قوشۇلغاندىن باشقا، ئادالەت شەرتلىرىمۇ قويۇلغان ۋە ئەڭ ياخشى يولنىڭ بىر خوتۇنلۇق بولۇش ئىكەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. بىر رەڭنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، بۇ رەڭنىڭ ئىچىدە تۇرغاندا ئاللاھقا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغانلىقنى تەشەببۇس قىلىش، قۇرئاندا پاكى ئاللاھ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئىش ئەمەس. بۇنداق بىر نەرسىنى ئىنسانلار ئۆزلىرى ئىجاد قىلىۋالغان. قالپاقنىڭ قانچىكى يوغان بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قىرغىزنىڭ شۇنچىلىك يوغان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمىگىنىدەك، دىنى ساھەدىكى ئۆلىمالار كۆپ پەندى-نەسىھەت قىلىدىغان كىشىلەر كۆپ بولغىنى بىلەن، ئىستانبۇلدىكى دىنى چۈشەنچىلەر مۇرەككەپ، قاراڭغۇ ۋە قورقۇنچلۇق بىر ھالەتكە كېلىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى سىرتتىن قارىغاندا. ۋەتەندە جازا لاگېرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە، ۋەتەن بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان ئۇيغۇرلار شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى ۋە ياۋروپا قىتئەسى قاتارلىق غەربتىكى ئەللەرگە ماكانلاشقان ئۇيغۇرلارغا يۆلەك بولۇشقا باشلىدى. ئاق پارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ خىتايدىن كېلىدىغان مەنپەئەت ئالدىدا ئۇيغۇرلارنى سېتىپ خەجلەيدىغان بىر دۆلەت سىياسىتى يۈرگۈزۈشى، خەلقئارالىق مەسىلىلەر، ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشى غەرپنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىدە يېڭى قارارلارنى ئېلىشى، تۈركىيەدىكى غەربكە ئۆچمەنلىك ھېسسىياتلىرى قوشۇلۇپ، ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدىنلا ئاجىز بولغان پىكىر-ئىدىيە، تەپەككۇر ۋە چۈشەنچىلەرنى تېخىمۇ قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى.

ئىستانبۇلدىكى بەزى ئۇيغۇرلار نەزىرىدە تۈركىيە «چىقىلغىلى بولمايدىغان بىر سىرلىق ساندۇق» ئىدى. ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىدىن تارتىپ بەزى كىشىلەرگىچە تۈركىيەنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىدىكى مەيدانىنى تىلغا ئېلىشنى خالىمايتتى. قولىمىزدىكى بۇ ماقالىلەر توپلىمىدا، بۆسۈپ كىرگىلى بولمايدىغان بۇ «سىرلىق رايون»غا بۆسۈپ كىرىپ، ئىستانبۇلدىكى ساختا ئىسلام دىنى چۈشەنچىلىرى، تۈركىيە سىياسىتى ۋە ئۆزىنى ئوسمانىيلارنىڭ داۋامى، مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى كۆرسىتىۋاتقان رەجەپ تايىپ ئەردوغاننىڭ ئىككى يۈزلىمچى ئادالەت تارازىسىغا قارىتا سۈكۈت پەردىلىرى يىرتىپ تاشلانغان بىر قىسىم ماقالىلەر كىرگۈزۈلۈپ، ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇرلار ئەقلىلىق بولۇشقا دەۋەت قىلىنىدى. ئوتتۇرىغا قويغىلى بولمايدىغان چۈشەنچىلەر ۋە ئىدىيە ـ پىكىرلەر مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت بۇ پىكىرلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايدىغان، مەنپەئەت ئالدىدا دىنى ئەقىدىلىرىنى، قانچە مىڭ يىللىق ئادالەت چۈشەنچىلىرىنى، ئار ـ نومۇس ئۆلچەملىرىنى دەسسەپ يانجىيدىغان ۋە بۇ دەسسەپ يەنچىلگەن جايلارغا ساختا گۈللەر، ساختا قەھرىمانلىق كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ياماقچىلىق قىلىدىغان دىكتاتورلار مەۋجۇت. تۈركىيە ـ ئىستانبۇل ئوتتۇرا ئاسىيادىن قالسا ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان بىر دۆلەت. تۈركىيەدىكى ئىدىيە، پىكىر ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ خەلقئارا ئۆلچەملەر بىلەن پاراللېل رەۋىشتە ماڭالماسلىقى، ئۇيغۇر مەسىلىسى ۋە ئۇيغۇر دەۋاسىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

گۈلشەن ئابدۇقادىر

## تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك (1)

ئىنتېرنېتتا كىرىپ، ئۆزىڭىزگە كېرەكلىك بىر پروگراممىنى كومپيۇتېرىڭىزغا چۈشۈرمەكچى بولغىنىڭىزدا ئالدىڭىزغا 10 ۋە 20 ۋاراقلىق بىر كېلىشىمنامە چىقىدۇ. سىز بۇ پروگراممىنى كومپيۇتېرىڭىزغا چۈشۈرۈۋېلىش ھەلەكچىلىكىدە، بۇ ئۇزۇندىن ئۇزۇن كېلىشىمنامىنى چالا-پۇلا ئوقۇپلا «قوشۇلىمەن» دېگەن كۇنۇپكىنى بېسىشقا ئالدىرايسىز.

دېمەككى، بۇ ئىنسانلارنىڭ كۈچ ئالدىدا ماھىيەتنى تەرك ئېتىشكە رازى بولغانلىقىنىڭ بېشارىتىدىن ئىبارەت. «بىلىم كۈچ» دەپ كەلدۇق بۇرۇندىن. دۇنيانىڭ زامانىۋىلىشىشىغا ئەگىشىپ، تېخنىكىدىن ئىبارەت بۇ كۈچ ئىنسانلارنى بويسۇندۇرۇپ كەلدى. كومپيۇتېرغا چۈشۈرۈۋاتقان پروگراممىلارنىڭ ئاساسى مەزمۇنى بىلەن تولۇق تونۇشماي تۇرۇپ، كېلىشىمگە «قوشۇلىمەن» دېيىشكە مەجبۇر بولۇشىمىز، بىزنىڭ كۈچ ئالدىدا ماھىيەتنى، يەنى نېمە قىلىۋاتقانلىقىمىزنى تەرك ئېتىشىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر نېمىگە قول قويغانلىقىنى ئېنىق بىلمىگەن ھالەتتە ياشايدۇ. تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى كۈچلەر ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇۋاتقان بىر جۇغراپىيە ئەتراپىدا ياشىماقتا. بۇ كۈچلەر خۇددى كىشىلەر كومپيۇتېردىن بىر ھۆججەت چۈشۈرگەندە ئالدىغا چىقىدىغان ئۇزۇن ۋە كېلەڭسىز كېلىشىمگە خالاپ-خالىماي قول قويغاندەك، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان مەجبۇرلاشنى ئۇيغۇرلارغا سۇنماقتا. شۇڭا

تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئىنتايىن ئەقىللىق بولۇشى كېرەككى، ئۆزى ئۈچۈن ئانچە مەنپەئەتى بولمىغان ئارتۇقچە پىروگراممىلارنى ھاياتىغا چۈشۈرمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئىنسانلار، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئاجىز مىللەتلەر سەھنىلەردىكى ئارتىسلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزى ئويناۋاتقان رولنىڭ قەيىردە كۆز يېشى قىلىپ، قەيىردە كۈلۈمسىرەيدىغانلىقى؛ قەيىردە قەلەندەر بولۇپ، قەيىردە شاھزادە بولىدىغانلىقى پەقەت كۈچلۈكلەر ۋە دراماتورگ تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

مەشھۇر دراماتورگ شېكسپىرنىڭ خاملەت ناملىق دراممىسىدا خاملەت 1-پەردىدە كىلادىئوسنى ئۆلتۈرەلمەيتتى. بۇنىڭغا شېكسپىر رۇخسەت قىلمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خاملەت دانىيەنى تەرك ئېتىپ، ھىندىستاندا مۇساپىر بولۇش يولىنى تاللىيالمايتتى. چۈنكى بۇ شېكسپىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى.

خاملەت دراممىسى شېكسپىر ۋاپات بولۇپ، 400 يىلدىن بۇيان مانا مۇشۇنداق ئوينىلىپ كەلدى ۋە بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق ئوينىلىدۇ. بۇ دراممىنى ھېچكىممۇ ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ.

دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردىمۇ داۋاملىق ھالدا شېكسپىرنىڭ دراممىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان درامىلار ئوينىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، سۇرىيەنىڭ ئافرىن رايونىدا تۈركىيە ۋە باشقا دۆلەتلەر درامىدا رول ئېلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. رولچىنىڭ قانداق رول ئېلىشى ئەلۋەتتە بۇ دراممىنى يېزىۋاتقانلار سىزىپ بەرگەن دائىرە ئىچىدە بولىدۇ. بۇ خۇددى خالمەت شېكسپىر سىزىپ بەرگەن سىزىق ئىچىدە مەشھۇر بولغانغا ئوخشايدۇ.

ختاي بىلەن تۈركىيە «بىر يول بىر بەلباغ» دىرامىسىدا رول ئېلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئافرىندىكى تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ يېنىدا بولۇشنى قاتتىق ئارزۇ قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ تۈركىيە ئۈچۈن شېھىت بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئەسكەرلىككە تىزىملىتىش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن تۈرك خەلقى، شۇنداقلا ئاخبارات ساھەسى ئالدىدا پەقەت تۈركىيەنى ۋاقىتلىق خۇشال قىلىش بەدىلىگە (بەلكى تۈركىيەمۇ ئانچە خوش بولۇپ كەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن)، تۈركىيەنىڭ بىر تەبەسسۇمى ئۈچۈن كۆپلىگەن دۈشمەننى ئۆزىنىڭ پېشىغا ياماشتۇرۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، خاتايدىكى تۈرك ئەسكەرلىرىگە قان بېرىمىز دەپ خاتايغا بېرىپ، چىرايلىق قېنىنى بېرىپلا قايتماي، خەقنىڭ ئەسكەرلىك كىيىمى، خەقنىڭ قورالى بىلەن، تولىمۇ ساددا ۋە ھاياجانلىق قىياپەتتە، دىراما يازغۇچى «شېكسپېر»لارنى ۋە رول ئالغۇچىلارنى، شۇنداقلا ئەقىللىق، زېرەك ئۇيغۇرلارنىمۇ بىئارام قىلىدىغان سەتچىلىك سادىر قىلدى. دېمەككى، سىياسىي ئويۇنلار ئۈچۈن دىراما يېزىۋاتقان «شېكسپېر»لار ئۆزلىرىنىڭ رۇخسىتى بولمىغان بۇنداق پىلان سىرتىدىكى قوشۇمچە كۆرۈنۈشلەرنى خالىمايتتى. ئەلۋەتتە بۇ يەردە يەنە بىر كۆلەڭگە شېكسپېرلار، بۇ ئىككى كۆرۈنۈشنى بۇ دىرامىنىڭ ئىچىگە مەجبۇرىي كىرگۈزۈپ قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ، ئۇيغۇرلارنى تۈركىيەدە ئۆز يېغىدا ئۆزىنى قورۇۋېتىش ئويۇنىغا تەييارلاۋاتاتتى. ياكى بولمىسا 90-يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن ئېغىر سىياسىي كىرىزىسقا ئوخشايدىغان يەنە بىر ئويۇننىڭ تۈركىيەدە ئوينىلىشىنى ئارزۇ قىلىۋاتاتتى. بىر تەرەپتىن، تەقدىرى باشقىلارنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ، ئۆزلىرىگە ئوخشاش مەزلۇم بىر مىللەتكە

تۇتۇۋاتقان پوزىتسىيەسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى، سۆزدە «مەزلۇم ئۇيغۇر مىللىتى» دېگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە مەزلۇملارنىڭ يېنىدا ئەمەس، بەلكى چوڭ كۈچلەرنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىككى يۈزلىمچىلىكىنى غەرب دۇنياسىغا كۆرسىتىپ قويۇۋاتاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، تۈرك ئارمىيەسى «ئەڭ بۈيۈك مۇسۇلمان ئارمىيەدۇر» دېگەن گەپلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىزىدىن چىقىشى، باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ نېرۋىلىرىنى راھەتسىز قىلىدىغان گەپ سۆزلەر ئىدى.

ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيەدىكى ئورنىنى ئوخشىتىش بىلەن ئىپادىلەشكە توغرا كەلسە، قانۇنى سۇلتان سۇلايماننىڭ كۈيئوغلى ئىبراھىم پاشاغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. ئوسمانىيلارنىڭ مەشھۇر پادىشاھى قانۇنى سۇلتان سۇلايمان، ئەسلى كېلىپ چىقىشى رۇم ۋە ياكى ئارناۋۇتلار بولغان ئىبراھىم پاشانى باش ۋەزىر قىلىدۇ، سىڭلىسىنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بېرىدۇ. ئەمما ئاقىۋەتتە ئىبراھىم پاشا، ئوسمانلى خانىدانلىقىنىڭ سەلتەنىتى ۋە يۈكسىلىشىگە بىلىنەر-بىلىنمەس كۆلەڭگە چۈشۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، قانۇنى سۇلتان سۇلايماننىڭ نەۋكەرلىرى تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە بوغۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئوسمانىيلارنىڭ قۇرغۇچىسى ئوسمان غازىدىن ئەردوغان دەۋرىگىچە بولغان تارىختا نەزەر سالغىنىمىزدا، تۈركلەرنىڭ دۇنيادىكى سىياسىي، ئىقتىسادى ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، شاھزادە مۇستافا ئوخشاش قانچىلىغان ئوسمانىيلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى، قانچىلىغان كۈيئوغۇللارنى قەتلى قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. ئەگەر تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار تۈركىيەنىڭ يىلدىن يىلغا دەرىجىدىن تاشقىرى ئېشىپ بېرىۋاتقان دۇنيادىكى ئىقتىسادى كۈچ تالىشىش ئىستراتېگىيەسى ۋە مەنپەئەتلىرى، دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەر بىلەن بولغان سىياسىي ئويۇنلىرىدا رولنى ياخشى ئالالمايدىكەن،

تۈركىيە ئۇيغۇرلارنى قىلچە رەھىم قىلماستىن خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىنمۇ يامان ئاقىۋەتلەرگە دۇچار قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تۈركىيەنىڭ قۇچىقىدىكى «ئەركە بوۋاق» ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشى، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشى كېرەك. كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار «تۈركىيە ئۇيغۇرلارنى ھەرگىز خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەيدۇ» دەيدىغان باللارچە ساددا قاراشلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىش كېرەك. خاتايدىكى قان بېرىش جەريانىدا خىتايغا قارشى سۆز قىلغانلارنىڭ ئارقا-ئارقىدىن نەزەربەند قىلىنىشى بۇنىڭ بېشارىتىدۇر.

روميو بىلەن جۇلىيە شېكسپېر دىراملىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ۋە سەھنىلەردە ئەڭ كۆپ ئوينالغان دىراملارنىڭ بىرى. دىرامدا بىر-بىرىگە تارىخى دۈشمەن ئىككى ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بىر جۈپ ياشنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. نۆۋەتتە تۈركىيە موڭغۇلىيە دالالىرىدىكى ئەجدادلىرى تەرىپىدىن مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىغا يېزىلغان: «خىتاينىڭ شېرىن-شېكەر، يىپەكتەك يۇمشاق سۆزلىرىگە ئالدانماڭلار» دېگەن سۆزلىرىنى، شۇنداقلا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تارىخى دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، «بىر يول بىر بەلباغ»دىن ئىبارەت بۇ «قىزىل راۋاقتا» خۇددى روميو بىلەن جۇلىيەگە ئوخشاش ئاشىق ۋە مەشۇقلارنىڭ شېرىن ئاي پەيزىنى سۈرمەكتە. دۇنيادا دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ بولۇش، شۇنداقلا رايوندا سۆز ساھىبى بولۇش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ئىقتىسادى جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۆتكەلنى مۇقەررەر بۆسۈپ ئۆتۈش كېرەك. بۇ ئىنتايىن كەسكىن ۋە رەھىمسىز رىقابەت ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق، مۇسۇلمانلىق كىملىكى ۋە ئادالەتنى تونۇمايدۇ. تارىختا «ئادالەت» دېگەن نەرسە مەۋجۇت بولمىغان، ھازىرمۇ مەۋجۇت ئەمەس، كېلەچەكتىمۇ مەۋجۇت

بولمايدۇ. ئەگەر تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار، تۈركىيە بىلەن خىتايدىن ئىبارەت بۇ رومىيو بىلەن جۇلىيەنىڭ «شېرىن ئاي»لىرىغا ئازراق دەخلى-تەرز يەتكۈزۈپ قويىدىكەن، تۈركىيە ئۇيغۇرلارنى قىلچە رەھىم قىلماي خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلار تۈركىيە سىياسىي تارىخىنى ياخشى ئۆگىنىشى، تۈرك خىتاي مۇناسىۋەتلىرىدە ئالتۇن تاپانچا ۋە تۈرك مېدالى قاتارلىقلارنىڭ خىتايغا ھەدىيە قىلىنغانلىقىنىمۇ ئېسىدە چىڭ ساقلىشى لازىم. تارىخ تەكرارلىنىدۇ، ئەلۋەتتە مەنپەئەتلەرگە تاقىلىپ قالغاندا.

ھىندىستاننىڭ يىللىق نوپۇس ئېشىش مىقدارى 101.2 بۇنىڭ مەنىسى ئەگەر ھىندىستان ئىقتىسادى ھەر يىلى 2.1 نىسبەتتە ئۆرلىمىسە ئىشسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ. مائاشلار كەملەپ كېتىدۇ، شۇنداقلا ئوتتۇرىچە تۇرمۇش سەۋىيەسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ھىندىستاندىكى ئاران-ئاران كېتىۋاتقان ئوتتۇرا ھال تۇرمۇش سەۋىيەسىدىكىلەر يوقسۇزلۇققا يۈزلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھىندىستان باش مىنىستىرى مودى زور تاللاشقا دۇچ كەلمەكتە. بۇ تاللاش نۇرغۇنلىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرگە سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: تىبەت مەسىلىسىدە تىبەتتىكى ئادالەتسىزلىكلەرنى كۆرمەسكە سېلىش بەدىلىگە خىتاي بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ، تىبەتلىكلەرنى نارازى قىلىشى تۇرغانلا گەپ.

بۈگۈن ھىندى ۋائىزلار، مۇسۇلمانلار، تۈركلەر، مىللەتچى ياپونلار ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرى ناھايىتى نۇرغۇن پەرقلىق قىممەت-قاراش ۋە ئېتىقادلارغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئىقتىسادى يۈكسىلىشتىن ئىبارەت بىر ئورتاق نۇقتىدا، بىر دوقمۇشتا ئۇچراشماقتا. ئۇلارنى رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار قىلىۋاتقان نەرسە ئىقتىسادى يۈكسىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۆتكەلدە ئەلۋەتتە تۈركىيەمۇ بىر چەتتە قېلىشنى خالىمايدۇ.

ھايۋانلاردىكى ھەمكارلىق دېگەندە، كۆز ئالدىمىزغا دەرھال چۈمۈلە بىلەن ھەرىلەردىكى ھەيران قالارلىق ھەمكارلىشىپ ئىشلەش كېلىدۇ. ئەمما ئەپسۇسكى چۈمۈللەر بىلەن ھەرىلەر قانچە ھەمكارلىشىپ ئىشلىسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا بىر ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالمايدۇ. يەنى پادىشاھلىرىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، يېڭى پادىشاھ سايلاپ چىقالمايدۇ.

تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىمۇ خۇددى چۈمۈلە بىلەن ھەرىلەرگە ئىشلەۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيۋاتىدۇ. مەسىلە زادى قەيەردە؟

تۈركىيەدىكى ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىلىرىنى خۇددى بىرلەشكەن دۆلەتكەن تەشكىلاتى، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا تەقلىد قىلىپ قويۇۋالغان «ئۆلىمالار بىرلىكى»، «تەشكىلاتلار بىرلىكى» قاتارلىقلار، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن كەلگەن بۈگۈنكىدەك ۋەزىيەت ئاستىدا ھەمكارلىشىۋاتقانلىقىنى ئۇزۇلدۇرمەي كورسىتىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما تۈركىيەدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مەنپەئەتىگە پايدىلىق بۆسۈش خاراكتېرلىق بىر ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالمايۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ ئەكسىچە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلىقى ئۈچۈن خەتەرلىك ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى ئوتتۇرىدا تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ھەمكارلىقنىڭ ئەقىل، مەردانىلىق، پىلان ۋە ئىستراتېگىيە دېگەنلەردىن ئۇزاق، ھېسسىيات، ھاياجان ۋە خوشامەتلەرگە يېقىن بولۇشتۇر.

ئەسلىدە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تۈركىيەدە، تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە يۆلىنىۋالمىغان ئاساستا تەشكىللىك ۋە سىستېمىلىق ئىش قىلىش ئىمكانىيەتلىرى بار. 2010-يىللىرى بولسا كېرەك،

سابىق تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى داۋۇت ئوغلى خىتاي سۇمۇرغ تېلېۋىزىيە قانىلىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، مۇخبىر سورىغان «تۈركىيەدە قانچىلىك ئۇيغۇر بار؟» دېگەن سوئالغا، «380 مىڭ ئۇيغۇر بار» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى يادىمدا. ئەگەر مەسىلە سان بىلەن ھەل بولىدۇ دەپ قارالغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئاز سان ئەمەس.

تارىخ، دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن نۇرغۇنلىغان ھەمكارلىق مىساللىرى بىلەن تولۇپ تۇرۇپتۇ. تارىخ بىزگە يەنە، غەلىبىنىڭ سانى جىق بولغانلارغا ئەمەس، بەلكى ئەقلىنى ياخشى ئىشلىتىپ، ھەمكارلىقنى پۇختا ئىلىپ بارغانلارغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەجرىبىلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا.

رىملىقلار يۇنانىستاننى كۈچلۈك بولغانلىقى ۋە ياكى سان جەھەتتە دەرىجىدىن تاشىرى بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئەقىللىق، زىرەك ۋە پىلانلىق ھەمكارلىق بىلەن ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن بويسۇندۇرالىغان.

1914 ـ يىلىدا رۇس ئىسىلزادىلىرى، دۆلەت خادىملىرى ۋە باي تىجارەتچىلەردىن تەشكىللەنگەن 3 مىليون نوپۇسلۇق چار رۇسىيە، 180 مىليون نوپۇسلۇق ئىشچى ۋە دېھقانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى. بۇ ھۆكۈمران 3 مىليون نوپۇس بارلىق كۈچى ۋە قۇدرىتىنى ئەنە ئاشۇ 180 مىليون نوپۇسنىڭ ھەمكارلىق ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئىلىشقا قاراتقان ئىدى. 1917 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاران 32 مىڭ نوپۇسلۇق كوممۇنىستلار، 3 مىليون نوپۇسلۇق رۇس ئىسىلزادىلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى چار رۇسىيەنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا مۇۋەپپەق بولدى. بېرلىن تېمىنىڭ ئۆرۈلۈشى، رومىنىيەنىڭ كوممۇنىست دىكتاتورى نىكولاي

چاۋشىسكونىڭ ئاغدۇرۇلۇشى قاتارلىقلار سانى ئىنتايىن ئاز، ئەمما تەشكىللەشكە ماھىر بىر گۇرۇپپا ئادەملەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغانىدى. پولشا، شەرقىي گېرمانىيە، ۋېنگرىيە، بۇلغارىيە ۋە سلوۋاكىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنى ۋۇجۇتقا چىقارغانلارمۇ، يەنىلا تەشكىللەشكە ماھىر ئەقىللىق بىر گۇرۇپپا ئادەملەر ئىدى. 2011-يىلىدا مىسىردىكى مۇبارەك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشنى نىشان قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» تەشكىلاتىمۇ باشلىنىشىدا بىر گۇرۇپپا ئادەم ئىدى. ئۇلارنى ئۇيغۇرلارغا سېلىشتۇرغاندا، يا ئەقىل ئىدراك، ياكى بىلىم قۇرۇلما جەھەتتىن ئۈستۈن ئەمەستى. ئۇلار پەقەتلا يۇقىرى دەرىجىدىكى تەشكىللىگۈچىلەر ۋە پىلانلىغۇچىلار ئىدى. ئۇنداقتا نېمىشقا 380 مىڭ ئۇيغۇر نوپۇسى بار بولغان تۈركىيەدە، ختايدا بىر ئۆزگۈرۈش ھاسىل قىلىشقا تەسىر كۆرسەتكىدەك بىر گۇرۇپپا مەيدانغا كەلمەيدۇ؟

ئەگەر بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقچى بولساق، قانچىلىك ئادەم بىزگە ئەگىشىدۇ؟ دېگەن سوئالنى ئەمەس، بەلكى بىزگە ئەگەشكەن ئادەملەر بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە ھەمكارلىشىپ خىزمەت قىلالايمىز؟ دېگەن سوئالنى كەسكىن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز كېرەك. تارىختىكى ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق بىر كۈچ ئالدىدا خۇشامەت قىلمىغانلىقىنى، مەردانە ۋە جەسۇر بولغانلىقىنى، كىچىكتىن زورىيىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مۇلاھىزەمنىڭ داۋامىدا تۈركىيە ۋە ئۇيغۇر مەسىلىرى ھەققىدە يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ توختىلىمەن.

# تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك (2)

«تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك» ناملىق چاتما مۇلاھىزەمىنىڭ 2 ـ قىسمىدا، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئۆزى مۇستەملىكە قىلماقچى بولغان مىللەتنى قانداق سەلبىيلەشتۈرىدىغانلىقى، ئۇزۇن مەزگىللىك پىلانلىق خۇنۇكلەشتۈرۈش پىلانىنى قانداق تۈزىدىغانلىقى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتاي ئىچى ۋە سىرتىدا خۇنۇكلەشتۈرۈش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە توختىلىمەن.

## 1. سىرلىق ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك رايون قايتا جانلاندى

خىتاينىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمىغا جايلاشقان، ئىلگىرى خېروئىن ئەتكەسچىلىك بازىسى بولۇش بىلەن داڭ چىقارغان ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك رايونى، 2010 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن مەخسۇس ئۇيغۇرلارنى يۈننەن، لائوس، تايلاند ۋە مالايشىيا، ئاندىن تۈركىيە ئارقىلىق ISIS قا توشۇيدىغان ئادەم ئەتكەسچىلىكى رايونىغا ئايلاندى.

ئەر ـ ئايال 15 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر، ئۇششاق بالا، ھامىلىدار خانىملاردىن تەركىب تاپقان زور بىر قوشۇن كۆرۈنۈشتە، خۇددى گىتلېر گېرمانىيەسىنىڭ سوبىبۇر تۈرمىسىدىن قاچقان يەھۇدىيلاردەك، يۈننەن، لائوس، تايلاند ۋە مالايشىيادىن ئىبارەت بۇ ئۈچ بۇرجەك رايوندىكى قاراڭغۇ ئورمانلاردا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تارىخىدىكى زور كۆلەملىك خىتايدىن

قىچىش ھەرىكىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتاتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى يېزىۋاتقان «قىچىش»تىن ئىبارەت بۇ دىرامىدا رول ئېلىۋاتاتتى. كۆپ قىسمى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىگە ئىگە بۇ ئۇيغۇرلار ئەركىن دۇنياغا قىچىۋاتىمىز دەپ ئويلايتتى. ئەمما ئىنگلىزلاردا «Big brother watching you» دەيدىغان بىر گەپ بار. بۇنىڭ مەنىسى، «ئاكاڭ قارىغاي سېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر بىر قىچىش ھەرىكىتىنى خىتايلار ئىشخانىلىرىدا ئولتۇرۇپ كۆزىتىپ تۇرۇۋاتاتتى. يۇنىنەن، لائوس، تايلاند، مالايشىيا، تۈركىيە ۋە سۈرىيەگىچە تۇتاشقان بۇ ئۇزۇن كارىدوردا، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى دۇنيادا خۇنۇكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇنداق ئۈچ خىل رەزىل تەشۋىقات مەقسىتى يوشۇرۇنغان ئىدى.

1) قاتتىق ۋاستە. بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئەرلىرىنى بۇ يول ئارقىلىق سۈرىيەگە ئەۋەتىپ، خەلقئاراغا ئۇيغۇرلارنى خەلقئارا تېررورلۇققا باغلاپ خۇنۇكلەشتۈرۈش.

2) يەنە بىر تۈركۈم ئىسلام دىنى خاتا چۈشەندۈرۈلۈپ مېڭىسى يۇيۇلغان ئۇيغۇرلارنى تۈركىيەگە يەرلەشتۈرۈپ، تۈركىيەدىكى تۈركلەرنىڭ ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن توقۇنۇش پەيدا قىلىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركلەرنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى بۇزۇش ۋە ئۇيغۇر دېسە تۈركلەرمۇ سەسكىنىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ، تۈركلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان، قېرىندىشىم دەپ قارايدىغان ھالىتىگە تامامەن خاتىمە بېرىش.

3) يۇمشاق ۋاستە. بۇ يول ئارقىلىق بىر تۈركۈم جەننەتنى قارا چۈمبەل ئىچىدىن ئىزدەيدىغان، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر كىيىم-كېچەكلىرىنى رەت قىلىپ، ئەرەب ۋاھابىيلىرىنىڭ قارا چۈمبىلىنى بۇ مېنىڭ كىيىم-كېچىكىم دەپ قارايدىغان ئاياللارنى

تۈركىيەگە تۆكۈۋېتىش ئارقىلىق قاتتىق ۋە يۇمشاق ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنى خەلقئارادا رادىكال تېرروررچى قىلىپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكىنىمىزدەك، ھەر قانداق بىر مۇستەملىكىچى ئۆزى مۇستەملىكە قىلغان مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوق قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىشنى تەشۋىقاتتىن باشلايدۇ ۋە ئەڭ تۆۋەن 10 يىللىق ئەڭ يۇقىرى 50 يىل ۋە ھەتتا 100 يىللىق «سېپىستىش» پىلانى تۈزىدۇ.

بۇ تەشۋىقات شۇنچىلىك ئۇنۇملۇك رول ئوينايدۇكى، مۇستەملىكىچىلەر ھېچقانداق كۈچىمەيلا بۇ مىللەتلەرنى، خۇددى ئىچىدىن سېپىپ كەتكەن قوغۇندەك سېپىتىپ تۈگىتىۋەتمەكچى بولىدۇ. تارىختا ئىنگلىزلار ئىندىيانلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشتا، نېمىسلار يەھۇدىيلارنى يوق قىلىشتا بۇ ئۇسۇلنى قوللانغان بولۇپ، ئىندىيانلار ۋە يەھۇدىيلار ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، باشقا مىللەتلەر «ياخشى بوپتۇ، ئۇلار ئۆزلىرى ناچار مىللەت» دەيدىغان ھالەت شەكىللەنگەن ئىدى.

ئالدىدىكى ئىشلارنى قويۇپ تۇرساق، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى تەشۋىقات جەھەتتە خۇنۇكلەشتۈرۈش، قوپاللىراق ئېيتقاندا، سېپىستىش پىلانى 80 يىللاردىن ئېتىبارەن ئاللىقاچان باشلىنىپ بولغان ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ساختا ئاق تاماكىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئەرزان باھادا سېتىلىشىغا كۆز يۇمۇش بىلەن بىرگە، ئەيدىز كېسىلىنىڭ يامرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭغا ئانداش يۇقىرى گىرادۇسلۇق ھاراقلارنى تۆكمە قىلىپ سېتىپ، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنى پۈچەكلەشتۈرۈش ۋە خۇنۇكلەشتۈرۈشكە باشلىدى. بۇ تەشۋىقات نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلار ئۆز ئۆزىنى «بىز ھۇرۇن مىللەت، ئىچكىرىدىن كەلگەن خىتايلار باي بولۇپ

كەتتى، بىز ئەبگارلىقىمىزدىن مۇشۇ ھالەتكە كەلدۇق» دەپ، ئۆزىنى ئۆزى ئىنكار قىلىدىغان چۈشكۈن بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قېلىشقا باشلىغان ئىدى.

2000 ـ يىلىغا كەلگەندە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان سەلبىيلەشتۈرۈش تەشۋىقاتىنى، دىنى جەھەتكە بۇرىدى. چۈنكى خەلقئارادا دىنى رادىكالىزم ۋە تېررورلۇق مودا بولۇۋاتاتتى. ئەگەر خىتاي ئۇيغۇرلارنى دىنى رادىكالىزم ۋە تېررورىزمغا باغلاپ قويالىسا، ئۇيغۇرلارنى ھەم خىتاي ئىچىدە، ھەم دۇنيادا يوق قىلىش ئىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بارالايتتى.

ئىسلام دىنى ياخشى ئىش، ياخشى ئەمەل، گۈزەل ئەخلاق، شۈكرى قانائەت ۋە سەۋر تاقەتتىن ئىبارەت بەش سۆز ئۈستىگە قۇرۇلغان گۈزەل بىر دىن. قۇرئانى كەرىمدە ئاللاھنىڭ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ياقتۇرمايدىغانلىقى، چەكتىن ئېشىشنىڭ شەيتاننىڭ ئىشى ئىكەنلىكى، چەكتىن ئېشىشنىڭ ئىماندا مەسىلە پەيدا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر تۇرۇپتۇ. خىتاي 2000 ـ يىلدىن ئېتىبارەن QQ مىكرو ئالاقە ۋاستىسىنى كەڭرى قويۇۋېتىش ئارقىلىق، چەتئەلدىن كىرگەن بىر تۈركۈم دىنى لېكسىيە CD لار ئارقىلىق، ئەڭ ئاۋۋال بىر تۈركۈم باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلاملىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان 10 مىڭدىن 15 مىڭغىچە بولغان ئۇيغۇرنىڭ كاللىسىنى يۇيۇپ، چەكتىن ئاشقان، بۇرمىلانغان، غەلىتە بىر ئىسلام دىنىنى سىڭدۈردى. ئاندىن مەلۇم ئادەملىرى ئارقىلىق ھىجرەت پەرز تەشۋىقاتىنى كەڭرى تەشۋىق قىلدى. بۇ ھەقتە ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ پارتىلىغان سۈكۈت ناملىق سۆھبەت پىروگراممىسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان ئابدۇراھمان ھەسەن ئەپەندى، ئىبراھىم خەلپىتىم ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ

2000-يىلدىن ئىبارەن، ناھايىتى راھەت ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، قەشقەردە ئوچۇق ئاشكارا ھالدا ھىجرەت قىلىش پەرز تەشۋىقاتى ئېلىپ بارغانلىقى ۋە ئافغانىستانغا ھىجرەت قىلغانلارغا پۇل ياردەم قىلىش پائالىيىتى باشلىغانلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەردى. (ئابدۇراھمان ھەسەن ئەپەندىنىڭ مەزكۇر سۆزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ۋىدىيو ئۆچۈرۈلۈپ تاشلانغانلىقتىن مەنبەسى بېرىلمىدى).

خىتاي ھۆكۈمىتى، 2000-يىلدىن ئىبارەن بىر تەرەپتىن، سۆزدە «ھەقىقىي ئىسلام دىنى مانا مۇنداق بولىدۇ» دەيدىغان، ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا ئەسىر جاھالەت دەۋرىنى ئەسلىتىدىغان، ئاياللارنى قارا چۈمبەلگە مەھكۇم قىلىدىغان ئىدېئولوگىيەنى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قوللار ئارقىلىق سىڭدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىبراھىم خەلپىتىمگە ئوخشاش كىشىلەر ئارقىلىق ئوچۇق ئاشكارا ھىجرەت پەرز تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇردى. خىتاي ۋەتەن ئىچىدە ئىبراھىم خەلپىتىملەرنى قوللانسا، ۋەتەن سىرتىدا يەنە بىر تۈركۈم ھىجرەت تەشۋىقاتى قىلىدىغان كۈچلەرنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى چەتئەللەرگە چىقىشقا، ھىجرەت قىلىشقا كەڭ تەشۋىق قىلدى. قىزىقارلىقى، «ھىجرەت پەرزى تەبلىغى»نى ئاڭلىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، بىر قانچە يىللىق كېسىلىپ كېتەتتى. ئەمما سىرلىق ئىبراھىم خەلپىتىمگە ھېچ ئىش بولمايتتى. دەل 10 يىلغا سوزۇلغان دەسلەپكى تەشۋىقات تەييارلىقى پۈتۈپ، دىنى جەھەتتە مېڭە يۇيۇش ئوپېراتسىيەسى كۆزلىگەن نىشانغا يەتكەندىن كېيىن، خىتاي ئۆزى نىشان قىلغان مۇشۇ ئوبيېكتلار ئارىسىدا، تەخمىن قىلىشىمچە، يۈننەن، لائوس، تايلاند، مالايشىياغا سوزۇلغان قاراڭغۇ ئورمانلىقلاردا قېچىش دىرامىسىنى ئويناشقا باشلىدى. 2015-يىلغا كەلگەندە، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى تۈركىيە خەلقىگە

سەت كۆرسىتىش تەشۋىقاتى ئاجايىپ مول ھوسۇل بېرىشكە باشلىدى. مەن بۇ مۇلاھىزىدە، خىتاي تەشۋىقاتىنىڭ قۇربانى بولۇپ ISIS قا كەتكەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختالمايمەن. پەقەت تۈركىيەدە قالغان قېرىنداشلىرىمىز ھەققىدە توختىلىمەن.

10 ۋە 20 يىل ئالدىن پىلانلانغان ئۇيغۇرلارنى تۈرك خەلقىگە سەت كۆرسىتىش تەشۋىقاتىنىڭ قۇربانلىرى بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەر، ئۇزۇنغا سوزۇلغان جاپالىق سەپىرىنىڭ كۆزلىگەن نۇقتىسى تۈركىيەگە يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ، مىڭ يىلدىن بۇيان سۇلتان ئەخمەت جامەسى قاتارلىق مۇقەددەس جامەلەردىن چىقىدىغان ئەرزان ئاۋازىنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىغان، نۇرغۇنلىغان ئىسلام پەيغەمبەرلىرى، ئالىملىرىنىڭ قەبرىلىرى قۇچاقلاپ ياتقان، نۇرغۇنلىغان دىنى مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەردە توغرا ئىسلام تەربىيەسى بېرىپ، ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ يارقىن ئوبرازىنى يارىتىۋاتقان ئىستانبۇلدىكى تۈرك خەلقىنىڭ دىنى ئېتىقادىنى، تۈرك خانىم-قىزلىرىنىڭ تۈرك مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلامنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن كىيىم-كېچەكلىرىنى ياراتماسلىققا باشلىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تۈركىيەدىكى بارلىق خانىم-قىزلار ئۇلارغا ئوخشاش قارا چۈمبەلگە چۈمكىنىشى كېرەك ئىدى. مانا بۇ ھەقىقىي ئىمان ۋە ئېتىقاد ئىدى. تۈركىيەدە بۇرۇندىن ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئېتىقادى ۋە كىيىنىشىنى بولسا قەتئىي كۆزگە ئىلمايتتى. مەسىلە خىتاينىڭ كۆزلىگەن نىشانى بويىچە ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلەپ، تۈركىيەدە بۇرۇندىن ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار بىلەن بۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىسلام چۈشەنچىسى ۋە ئىسلام ئەقىدىسى ھەققىدە توقۇنۇش ۋە سۈركىلىش بولۇش دەرىجىسىدىن ھالقىپ، تۈركلەر بىلەنمۇ سۈركىلىش ۋە توقۇنۇش پەللىسىگە كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. دەل قازانىدا قايناۋاتقان سۇ تاشاي-تاشاي دەپ قالغاندا، دەل

خىتاي تۈركىيەدە 90-يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوينىغان «سەن دېموكراتچى، مەن دىنچى» دىرامىسىنىڭ داۋامىنى تۈركىيەدە ئويناش ئۈچۈن رېپېتىس قىلىۋاتقان، ئۇيغۇر بىلەن ئۇيغۇر ئۆز ئارا بىر-بىرىنى ئېتىشىپ، تۈركىيە ۋە دۇنيانىڭ ئالدىدا سەتلىشىشكە تاس-تامان قالغان بىر مەزگىلدە، يەنى 2017-يىلى يېڭى يىل كېچىسىدە ئىستانبۇلدىكى رېئانا كېچىلىك بەزمىخانىدا يۈز بەرگەن قەتلىئام سەۋەبىدىن، خىتاي بۇ دىرامىنىڭ پەردىسىنى ۋاقىتلىق يېپىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. خىتايلارنىڭ «ئۆز يېغىدا ئۆزىنى قورۇش» دەيدىغان كونا تاكتىكىسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىدىن كۆپ قېتىم ئىجرا قىلغىنىغا، شۇنداقلا بۇ تاكتىكىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى بىلگىنىگە قارىماي، ھەر قېتىمدا خىتايلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كەلدى. 2015-يىلى مەن تۈركىيەگە بارغان ۋاقتىمدا، دىنى ۋە پەننى سەۋىيەسى ئىنتايىن تۆۋەن، ئەمما بىلەرمەن بىر تۈركۈم ئەرلەرنى، جەننەتنى قارا چۈمبەلنىڭ ئىچىدىن ئىزدەيدىغان، «ئېرىمگە كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا يەنە بىر خوتۇن ئېلىپ بېرىپ، جەننەتنىڭ ھازىرلىقىنى ياخشى قىلىۋالسام بولاتتى» دەيدىغان غەلىتە بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىستانبۇلدا يامراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بەلكىم بۇ قېرىنداشلىرىمىز نادانلىقى سەۋەبىدىن بۇنى پەرق ئېتەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى تۈرك خەلقى ئارىسىدا «سېستىئۇېتىش» ھېيلىسىنىڭ بىر تارمىقى ئىدى.

## 2. قاتىل كاككۇك ۋە ھاماقەت چىكىلد بېلىقى

قۇشلار ئىچىدە كاككۇك، كاكىلىغاندىن كېيىن قانداق چۈجە چىقىرىشنى بىلمەيدىغان بىر ھاماقەت قۇش. كاككۇك كاكىلىغاندىن كېيىن تۇخۇمىنى، ئىنگلىزچە ئىسمى رىد ۋوربلېر (Reed Warbler)، خىتايچە ئىسمى لىدەيىڭ (里德莺)،

تۈركچە ئىسمى ئۆتلەغەن (ötleğen) دەپ ئاتىلىدىغان (ئۇيغۇرچە نېمە دېيىلىدىغانلىقىنى تاپالمىدىم) بىر قۇشنىڭ چاڭگىسىغا، ئۇ قۇش يەمچۈك ئىزدەپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تاشلاپ قويىدۇ. رىد ۋوربلېر قۇشى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كاككۇكنىڭ تۇخۇمىنىمۇ مېنىڭ تۇخۇمۇم ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، بۇ تۇخۇملارنى بېسىپ چۈجە چىقىرىشقا باشلايدۇ. تۇنجى بولۇپ تۇخۇمدىن كاككۇكنىڭ چۈجىسى چىقىدۇ. ئەمدىلا تۇخۇمنى يېرىپ چىققان كاككۇك چۈجىسىنىڭ تۇنجى قىلىدىغان ئىشى رىد ۋوربلېر ئىسملىك بۇ قۇشنىڭ تۇخۇملىرىنى چاڭگىدىن يەرگە تاشلىۋېتىش بولىدۇ. نەتىجىدە چۈجە كاككۇك، ئانا رىد ۋوربلېر توشۇپ ئەكەلگەن يەمچۈكلەرنى بەخىرامان يەپ، ئىككى ھەپتە ئىچىدە رەسمىي كاككۇك بولۇپ ئۇچۇپ كېتىدۇ. شۇ چاغدىلا ئەخمەق رىد ۋوربلېر ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ ھەقتىكى سىننى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرەلەيسىز.

https://www.youtube.com/watch?time_
continue=3&v=SO1WccH2_YM&feature=emb_logo

ئەمما تولىمۇ كۈلكىلىك يېرى شۇكى، تۇغما قاتىل كاككۇكنى ئىنسانلار، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار تا ئەلمىساقتىن ھازىرغا قەدەر زەينەپنىڭ ئاشىقى دەپ قاراپ، كاككۇك بىلەن زەينەپنىڭ ئاشىق-مەشۇق ھېكايىسىنى ئېيتىپ كەلمەكتە. ئەمەلىيەتتە تۇغما قاتىل كاككۇكتا نەدىمۇ ئاشىقلىق ۋە سۆيگۈ-مۇھەببەتتىن ئەسەر بولسۇن؟

ئافرىقىنىڭ tegginika كۆلىدە ياشايدىغان چىكلىد بېلىقى ئەنە شۇنداق ھاماقەت بېلىقلارنىڭ بىرى. بۇ بېلىق بىخەتەرلىك ئۈچۈن بېلىچانلىرىنى ئېغىزىدا ساقلايدۇ ۋە كۆل ئىچىنى بىخەتەر دەپ قارىغان ۋاقتىدا ئاندىن كۆلگە قويۇپ بېرىدۇ. چىكلىد

بىلىقى دىققەتسىز بولغان پۇرسەتتىن پايدىلانغان يەنە بىر مۇشۇك بىلىق، چىكلىد بىلىقنىڭ بىلىجانلىرىنى يەۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ بىلىجانلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ. مۇشۇك بىلىقنىڭ بىلىجانلىرىنى ئۆز بىلىجانلىرىم دەپ قالغان چىكلىد بىلىقى، مۇشۇك بىلىقنىڭ بىلىجانلىرىنى ئۆز ئاغزىدا ساقلاپ، ئۆز بىلىجانلىرىم دەپ چوڭ قىلىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ سىرى بولۇپ قالىدۇ. چىكلىد بىلىقى ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى مەڭگۈ بىلمەيدۇ. قاتىل كاككۇك بىلەن هاماقەت چىكلىت بىلىقنىڭ هېكايىسىنى، نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار ۋەزىيىتىدىكى هەرقايسى تەرەپلەردە كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

## 3. كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ۋە كېلىشىمنامە

ئەسلىدە هەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس نەرسىلىرى بولىدۇ. تىلى، دىنى ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادىتى، كىيىم ـ كېچىكى ۋەهاكازا دېگەندەك. ئۇيغۇرلارنىڭمۇ شۇنداق. بۇ دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ تاكى قىيامەتكە قەدەر شۇنداق داۋاملىشىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ، كۈچلۈك مىللەتلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ كەتمىگەن دائىرە ئىچىدە مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ. ئەسلىدە ئىنسانلار بۇ دۇنيادا بىر كېلىشىمنامە ئىچىدە ياشايدۇ. يەنى، قانداق كىيىم كىيىپ، قانداق تاماق يەپ ياشايدىغانلىقى هەققىدىكى ياشاش كېلىشىمنامىسى. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە خاس نەرسىلىرىنىڭ تاكى قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتلەسلىرى، تەخمىنەن يۈز خىلدىن ئارتۇق دوپپىلىرى، تاماق تۈرلىرىدىن لەغمەن ۋە پولۇلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەتلىك خاس نەرسىلىرى بولۇپ، بۇ نەرسىلەر باشقا مىللەتلەر ئۈچۈن غەلىتە بىلىنىشى مۇمكىن. دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ هاياتلىق كېلىشىمنامىسىگە رىئايە قىلىپ، ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەن

ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، 2010-يىلىدىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە تۆپتىن يات بولغان بىر خىل قارا چۈمبەل پەيدا بولۇپ قالدى، خۇددى رىد ۋوربلېر دېگەن قۇشنىڭ چاڭگىسىغا كاككۇك تۇخۇمنى تاشلاپ قويغاندەك، بىر تۈركۈم دىنى ۋە پەننى سەۋىيەسى تۆۋەن ئاياللار، خۇددى رىد ۋوربلېر دېگەن قۇشقا ئوخشاش ئۆز ئۇۋىسىدا پەيدا بولۇپ قالغان بۇ غەلىتە نەرسىنى، ئۆزىنىڭ ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا دىنى رادىكال قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىۋاتقان رەزىل تەشۋىقات سۇيىقەستىنىڭ بىرى ئىدى. 2015-يىلىغا كەلگەندە خىتاي يۈننەن، لائوس، تايلاند ۋە مالايسىيادىن ئىبارەت بۇ ئۇزۇن كارىدور ئارقىلىق، دۇنيانىڭ پايتەختى بولغان ئىستانبۇلغا بۇ قارا چۈمبەللىك خانىم-قىزلارنى تۆكۈۋەتتى. بۇلار خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى دۇنيادا سېسىتىش ھىيلە-مىكىرىنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقان، كاككۇكنىڭ تۇخۇمنى ئۆز تۇخۇمۇم دەپ بېسىپ يېتىپ چۈجە چىقارغان ئەخمەق «رىد ۋوربلېر»لەر ئىدى.

ئىنسانلار شەخسى كىملىك ۋە مىللەت كىملىكىدىن ئىبارەت ئىككى خىل كىملىك ئىچىدە ياشايدۇ. مىللىي كىملىك تىل، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت، ئېتىقاد قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئىچىدە كىيىم-كېچەك مەدەنىيتى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. خۇددى شەخسلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان رەسىملىرى ئۇلارنىڭ كىملىك ۋە پاسپورتلىرىغا چاپلانغانغا ئوخشاش، شەخسلەرنىڭ دۇنيا ئاخبارات ساھەسى ۋە سىياسىي سەھنىلەردىكى يۈرۈش-تۇرۇش قىياپىتى ۋە ئوبرازى، شۇ كىشى تەۋە بولغان مىللەتنىڭ ئوبرازىغا ۋە كىملىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەگەر سىز ئاخبارات ساھەسى ۋە سىياسىي سەھنىلەرگە ئۇيغۇر ئەتلەسلىرى ۋە دوپپىلىرى

بىلەن چىقىسىڭىز، سىزنىڭ خەلقئارادىكى مىللىي كىملىكىڭىزگە چاپلىنىدىغان رەسىم ئەتلەس ۋە دوپپىلار بىلەن مۆھۈر بولۇپ كىرىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئەرەب ۋاھابىيلىرىنىڭ قارا چۇمبىلى بىلەن نامايان قىلسىڭىز، بۇ مۆھۈرمۇ ئوخشاشلا شۇنداق بېسىلىدۇ. بۇ رەھمەتلىك ھەسەن مەخسۇمنىڭ خىتايىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، «ئىسلام بايرىقىنى ئامېرىكىغا قادايمىز» دېگەن سۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىكى ئوبرازى ۋە مىللىي كىملىكىنى قانچىلىك دەرىجىدە خۇنۈكلەشتۈرگەنلىكىگە ئوخشايدۇ.

قارا چۇمبەل، ئۇيغۇرلارنىڭ خاس كىيىمى ئەمەس. ئۇ خۇددى قاتىل كاككۇكنىڭ رىد ۋوربلېرنىڭ چاڭگىسىغا ئوغرىلىقچە تاشلاپ قويغان كاككۇك تۇخۇمىغا ئوخشايدۇ. قارا چۇمبەل، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىسلامنىڭ سىمۋول خاراكتېرلىك كىيىمىمۇ ئەمەس. بۇ ھەقتە سەئۇدى ئەرەبىستان شاھزادىسى مۇھەممەد بىن سالمان، «شەرىئەتتە قارا چۇمبەل دەيدىغان بىر نەرسە يوق» دەيدۇ. خەلقئارادىكى ئىسلام دىنى سۈننى مەزھىبى ئىچىدىكى تۆت مەزھەبنىڭ نۇرغۇن ئالىملىرى، شۇنداقلا تۈرك دىنى ئالىملىرى بىردەك «قارا چۇمبەلنىڭ ئىسلامدا پەرز ئەمەس»لىكىنى بىلدۈرۈپ كەلمەكتە. فېيسبۇكتىكى بەزى تۈرك دوستلارمۇ قارا چۇمبەلنىڭ ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ خەلقئارادىكى ئوبرازىغا پايدىسىز ۋەزىيەت يارىتىپ قويىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق ئەپەندىمۇ «ئۇيغۇرلار ئۆزىنى ساقلاپ قالالامدۇ؟-ئىجتىمائىي دارۋىنىزم نۇقتىسىدىن ئۇيغۇرلارغا نەزەر» ناملىق ماقالىسىدىمۇ، قارا چۇمبەلنىڭ كېلەچەكتە دۇنيانىڭ ئۇيغۇرلارنى «رادىكال ئىسلامچىلار» دەپ چۈشىنىپ قېلىشىدا سەلبىي رول ئويناپ قېلىشىدىن ئەندىشە ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەركىن سىدىق ئەپەندىنىڭ بۇ ماقالىسىنى تۆۋەندىكى ئۈلىنىشتىن كۆرەلەيسىز:

http://www.meripet.com/2017/20171225_ozini_saqlap_qelish.html

ئۇيغۇر زىيالىيسى مەتمىن ھەزرەت ئەپەندىمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئىككى پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى، ئۇيغۇر دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قۇرغان تۇزىقىدىن ئاگاھ بولۇشقا چاقىرغان.

ئۇنداقتا، يېقىندىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل مەدەنىيەت خەزىنىسىگە سىڭىپ كىرىۋاتقان بۇ قارا چۈمبەل نېمە؟ نېمە ئۈچۈن دۇنيانىڭ پايتەختى ھېسابلانغان ئىستانبۇلدا ناھايىتى كۆپ قارا چۈمبەللىك ئاياللار پەيدا بولۇپ قالدۇ؟

نېمە ئۈچۈن ئىستانبۇلدىكى خەلقئارا سىياسىي سەھنىلەردە ۋە ئاخبارات ساھەسى ئالدىدا ئۇيغۇرغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سىيما قارا چۈمبەل بولۇپ قالدۇ؟ كەسكىن قىلىپ ئېيتىش كېرەككى، بۇ خىتاينىڭ خەلقئارانى نىشان قىلغان، ئۇيغۇرلارنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ۋە خەلقئارالىق تېررورىزمنىڭ چوڭقۇر ھاڭلىرىغا تاشلىۋېتىش ئۈچۈن قۇرغان، سېستىمىلىق تەشۋىقاتىنىڭ يەنە بىر تارمىقى. بۇ سەۋەپتىن يەنە بىر قېتىم تەكىتلەيمەنكى، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك!

تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ھازىر ئىستانبۇلنىڭ ساپاكۆي، زەيتىنبۇرۇنۇ، سەلىم پاشا دېگەندەك جايلىرىدا مىڭغا يېقىن قارا چۈمبەللىك ئۇيغۇر ئاياللار ياشىماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا تۈركىيەنىڭ قەيسەرى ۋىلايىتىدىمۇ 500-600 ئەتراپىدا قارا چۈمبەللىك ئۇيغۇر ئايال ياشايدۇ. ئۇلار مەيلى تۈرك بولسۇن، مەيلى ئۇيغۇر بولسۇن، يۈزى ئوچۇق ھەتتا نورمال ياغلىق چەككەن ئاياللىنمۇ «پاسىق» دەپ ياراتمايدۇ. دۇنيا ئالىملىرى ۋە تۈرك ئالىملىرىنىڭ ھىجاب ھەققىدىكى پەتىۋالىرىنىمۇ بىر تىيىنلىق

كۆزگە ئىلمايدۇ. چۈنكى مەن مۇلاھىزەمنىڭ 1 ـ قىسمىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەندەك، خىتاي خۇددى كومپيۇتېرغا بىر پىروگراممىنى چۈشۈرگەندەك بۇلارنىڭ ئىسلامى چۈشەنچىلىرىنى يۇيۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزى ياساپ قويغان بۇرمىلانغان ئىسلامدىن ئىبارەت پىروگراممىنى قاچىلاپ قويغان. بۇلارنىڭ ئارقىسىدا كۆرۈنمەس بىر قارا قول بار. بۇلار خۇددى تۇغما قاتىل كاككۇك، ئەلمىساقتىن تارتىپ «زەينەپنىڭ ئاشىقى» دەپ خاتا تەرپلەنگەندەك، ئۇيغۇر مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ باشلامچىلىرى، ئۇيغۇر مىللىتىگە كۆيۈنگۈچىلەر قىياپىتىدە خاتا تەرىپلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ.

يېقىندىن بۇيان، دۇنيادا چىقىدىغان بەزى ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىلىرىدا، قارا چۈمبەللىك ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ رەسىملىرى كۆزگە چېلىقىۋاتىدۇ. بۇ ھېچ تاسادىپىيلىق ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆتكەن يىلى خىتاي دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە، خىتاينى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا، مۇخبىرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يېپىق تەربىيەلەش لاگېرلىرى ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ: «ئۇيغۇرلار دىنى جەھەتتە ئىنتايىن رادىكاللىشىپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى زامانغا ماسلىشىدىغان بىلىملەر بىلەن تەربىيەلەش مەقسىتىدە بۇ تەربىيەلەش مەركەزلىرىنى ئاچتۇق» دېيىش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندىكى يېپىق تەربىيەلەش مەركەزلىرىنى ئاقلىماقچى بولدى ۋە ISIS تىكى ئۇيغۇرلار ۋە قارا چۈمبەللىك ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىستانبۇلدا ئىلگىرى ئائىلىدە ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى كىچىك ئاياللار يىغىلىشلىرىدا كۆرۈلىدىغان قارا چۈمبەللىك ئاياللارنى ھازىر دۇنيا تاراتقۇلىرىنىڭ ئالدىدا، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا، شۇنداقلا دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن بولغان ئۇچرىشىشلاردا كۆرۈۋاتىمىز.

يۇقىرىدىكى بۇ كۆرۈنۈشلەرنى بىرلەشتۈرىدىغان بولساق، خىتاي تەشۋىقات ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلەچەكتىكى خەلقئارالاشقان مىللىي كىملىكىنىڭ باش سۈرىتىنى ئالدىنئالا سىزىپ بەرمەكتە. ئەگەر كېيىنكى 10 ياكى 20 يىل ئىچىدە دۇنيادىكى مىللىي كىملىكىمىزنىڭ باش سۈرىتى خىتاي تەرىپىدىن سىزىلىپ كېتىپ قالسا، ھالىمىز ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. يەنە بىر قېتىم دەيمەنكى، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولايلى!

مۇلاھىزەمنىڭ كېيىنكى قىسمىدا خىتاينىڭ خەلقئاراغا يۈزلەنگەن ئۇيغۇرلارنى سېسىتىش تەشۋىقاتى ۋە بىر يول بىر بەلباغ ئىستراتېگىيەسى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمەن.

## تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك (3)

كۈچلۈك بولغان داۋاملىق ھەقلىق بولامدۇ؟ ئامېرىكا ئافغانىستانغا سېلىشتۇرغاندا دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك بىر دۆلەت. ئۇنداقتا بۇ، بىر ئامېرىكالىقنىڭ ھاياتىنىڭ بىر ئافغانىستانلىققا سېلىشتۇرغاندا بەكرەك قىممەتلىك ۋە ئەتىۋارلىق ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟ تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا بىر ئامېرىكالىقنىڭ ھاياتى بىر ئافغانىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن قىممەتلىك. بىر ئامېرىكا پۇقراسىنىڭ سالامەتلىكى، تەربىيەلىنىشى ۋە بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، بىر ئافغانىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى كۆپ پۇل خەجلەيدۇ. بىر ئامېرىكا پۇقراسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، بىر ئافغان پۇقراسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە قارىغاندا، خەلقئارا سورۇنلاردا كۆپرەك غۇلغۇلا قوزغايدۇ. بۇ دۇنيا جۇغراپىيەسىدە كۈچلۈكلۈك تالىشىۋاتقان تەرەپلەرنىڭ ئىنسان قەدىر ـ قىممىتى جەھەتتە كەلتۈرۈپ چىقارغان ئادالەتسىزلىكىنىڭ يەكۈنى.

گەرچە دۇنيادىكى يۇملاق ئۈستەل يىغىنلىرىدا ئافغانىستاننىڭ مۇشتۇمى، ئامېرىكانىڭ مۇشتىدەك قاتتىق ئۇرۇلمىسىمۇ، تورا ـ بورا تاغلىرىدىكى بىر ئافغان بالىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، ئافغان خەلقى ئارىسىدا زور غۇلغۇلا قوزغايدۇ. بۇ ئافغان بالىسى ئافغانلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك. ئۇنداقتا، بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى، بىر ئامېرىكىلىقنىڭ، بىر ئافغانىنىڭ، بىر پەلەستىنلىكنىڭ، بىر تۈركنىڭ، بىر قازاق، قىرغىز ۋە ئۆزبېكنىڭ

ئۆلتۈرۈلۈشـكە سىلىنىشـتۇرغاندا قانچىلىك غۇلغۇلا قوزغىشى مۇمكىن؟ خىتاينىـڭ يىپىـق تەربىيەلـەش لاگېرلىـرى دەپ ئاتىۋالغـان، نـازى ئۆلـۈم كامپىلىرىغـا ئوخشايدىغان مەركەزلەرگـە كىرىـپ قالغـان بىـر ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ قىرىنىدىشـى ھىسابلانغان بىـر قازاقنىـڭ جىنىنىـڭ قايسىسـى مۇھـىم ۋە ئەھمىيەتلىك؟

ئەسلىدە قۇشـلارمۇ ئۇچـۇپ ئۆتەلمەيدىغان ئورۇمچـى، گۇاڭجۇ، يۈننـەن، لائـوس، تايلانـد، بىرما ، مالايشـىيا، تۈركىيە قاتارلىق بۇ كەڭرى جۇغراپىيەلەرگە قەدەم بىسىپ، ئاخىرىدا سۇرىيەدىكى ISIS قـا يېتىـپ بارغـان بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ISIS تىكى باشـقا گۇرۇپپىلاردىكى كىشىلەر ئۆلىمىنىڭ قىممىتى ئوخشاشمۇ؟ بىرمىدىكى روھىنگا مۇسـۇلمانلىرىغا سىلىشـتۇرغاندىچۇ؟ پەلەسـتىنىدىكى 50 كىشـىنىڭ ئۆلۈمـى بىلـەن يوشـۇرۇن ئۆلتۈرۈلـۈش گىردابىغـا كىلىپ قالغـان، خىتـاي يىپىـق تەربىيەلـەش مەركەزلىرىگـە سولانغان بىـر مىليـون ئۇيغـۇر سياسـىي تەقدىرىنىـڭ قايسىسـى بەكـرەك دۇنيـا كـۆن تەرتىپىگـە كىلىۋاتـىدۇ؟ بـۇ سـوئاللار نۆۋەتتـە، «نىمـە قىلىشـىمىز ۋە قانداق قىلىشـىمىز كېرەك؟» دېگەن سـوئال ئۈستىدە جىددىـي ئويلىنىۋاتقـان ئۇيغـۇرلار مۇلاھـىزە قىلىشـقا تېگىشـلىك مۇھـىم مەسـىلىلەر. 17ـ ئەسـىردە دوختـۇرلار ھايۋانلارنىـڭ ئىچكـى ئەزالىرىنىـڭ قانـداق ھەرىكـەت قىلىدىغانلىقىنى بىلىـپ بېقىش مەقسـىتىدە، ئىتلارغا ھىچقانداق ناركوز ئىشلەتمەسـتىن ئوپېراتسىيە قىلىـپ، ئۆلتـۈرۈپ تاشـلىۋېتەتتى. ئەمما ھايۋانلارنـى قوغدىغۇچـى پىـداكارلار بـۇ ئىشـقا نارازىلىـق بىلـدۈرۈپ، دۇنيانىـڭ ھايۋانـلار ھەققىدە بىر قانۇن تۈزۈشـىنى تەلەپ قىلدى ۋە ئەمەلىيلەشـتۈردى. ھازىـر دۇنيـادا ھايۋانلارنـى قالايمىقـان ئۆلتۈرمەسـلىك ھەققـىدە نۇرغۇنلىغـان قانۇنـلار بار...

2015ـ يىلـى مـاي ئىيىـدا، يىڭى زىيلاندىيـە «ھايۋان ھەقلىرى

قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، ھايۋانلارنىڭمۇ ھېس-تۇيغۇغا ئىگە جانلىقلار ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويغان بىر دۆلەت بولۇپ قالدى.

نەتىجىدە بۇ قانۇن، ھايۋان يېتىشتۈرىدىغان باقمىچىلىق رايونلىرىدىكى ھايۋانلارنىڭ يەنىمۇ ئازادە ۋە ياخشى مۇھىتلاردا بېقىلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى. بۇ 4.5 مىليون نوپۇزلۇق يېڭى زېللاندىيە ئۈچۈن، 30 مىليون قوينىڭ راھەت ياشىشى ئۈچۈن كېرەكلىك تەدبىر ۋە شارائىتلارنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. دۇنيا يېڭى زېللاندىيەنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى ئالقىشلىدى. كانادانىڭ كۆبەك ئۆلكىسىدىمۇ قويلارنىڭ راھەت ۋە ئېسىل شارائىتلاردا بېقىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قانۇن ماقۇللانغانلىقى مەلۇم. ياپونىيەمۇ، كالىلارنى ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى قوتانلاردا باقىدىغان ھالەتكە خاتىمە بېرىپ، تېخىمۇ سۈپەتلىك كالا گۆشى مەھسۇلاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، كالىلارغا بېرىلىدىغان ھەلەپلەرنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلىدى... كالىلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلاش ۋە مۇزىكا قويۇپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن، كالىلارنىڭ مەھسۇلات بېرىش ئەھۋالىدا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بارماقتا.

ئۇنداقتا، 21-ئەسىردە ئىچكى ئورگانلىرى قالايمىقان سېتىلىۋاتقان، د ن ئا ئەۋرىشكىلىرى مەلۇم بىر شۇم غەرەزلەر ئۈچۈن يىغىلىۋاتقان، قىستا-قىستاڭ يېپىق تەربىيەلەش لاگېرلىرىدا مۇنچىغا چۈشۈش، ھاجەتخانىغا بېرىش، ياخشى ئوزۇقلىنىش... قاتارلىق جەھەتلەردە ھايۋانلاردىنمۇ ناچار ئەھۋالغا دۇچ كېلىۋاتقان، ئىز-دېرەكسىز غايىب بولۇۋاتقان، يېپىق تەربىيەلەش لاگېرىدىكى ناچار شارائىت سەۋەبىدىن ئۆلۈپ

كېتىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ، بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكەن ھايۋانلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا قىممىتى قانچىلىك؟

ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك، مەۋجۇت بولۇش ياكى يوق بولۇش ئوتتۇرىسىدا تېپىرلاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى، ئالىملار تەجرىبىخانىلاردا تەجرىبە قىلىۋاتقان چاشقانلارغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. 1-تەجرىبىدە ئالىملار ئالدى بىلەن يۈز چاشقاننى لىق سۇ تولدۇرۇلغان كومزەك ئىچىگە سالىدۇ. سۇ ئىچىدىكى چاشقانلار ھايات-ماماتلىق كۈرىشىنى باشلاپ، كومزەك ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، بار كۈچى بىلەن تېپىرلايدۇ. ئەمما بۇ تىراگېدىيەدە، يۈز چاشقان 15 مىنۇت بەرداشلىق بېرەلەيدۇ ۋە ئاخىرىدا يۈز چاشقاننىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ. 2-تەجرىبىدە، ئالىملار يۈز چاشقاننى يەنە بىر لىق سۇ تولدۇرۇلغان كومزەككە سالىدۇ. چاشقانلار تېپىرلاشقا باشلاپ 14 مىنۇت ئۆتكەندە، يۈز چاشقاننىڭ ھەممىسى سۇدىن چىقىرىلىدۇ. بۇ چاشقانلار ئايتاپقا سېلىنىپ ياخشى قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، يەنە قايتىدىن سۇ توشقۇزۇلغان كومزەككە سېلىنىدۇ. بۇ قېتىم ئەھۋال باشقىچە بولۇپ، چاشقانلار ئالدىنقى قېتىم 14 مىنۇت ئۆتكەندە قۇتۇلدۇرۇلغانلىقتىن ئىبارەت بۇ ئۈمىد تۇيغۇسىنىڭ تەسىرىدە 20 مىنۇت بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

كۈچلۈك دۆلەتلەر يۇقىرىدىكى بۇ تەجرىبىنى دۇنيادىكى كۈچ تالىشىش سىياسىي ئويۇنلىرىدىمۇ ئىشلىتىۋاتىدۇ. 2009-يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن «5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى»دىن كېيىن، دۇنيادا ياڭرىغان «بۇ سويكىرىم (ئىرقىي قىرغىنچىلىق)» دېگەن بىر تۈركچە ئاۋاز، ئۈمىدسىز قالغان ئۇيغۇرلارغا ئۈمىد ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇيغۇرلار خۇددى سۇ كومزىكىگە تاشلىنىپ 14 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىنغان چاشقانلاردەك

بىر روھى ھالەتكە چۆمگەن ئىدى. ئەمما بۇ تەجرىبىنى ئىشلىگەنلەرنىڭ 2000 ـ يىلىدىن 2010 ـ يىلىغىچە خىتاي بىلەن بولغان سودا تىجارەت سوممىسى بىر مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولغان بولسا، 2015 ـ يىلىغا كەلگەندە 30 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا چىقتى. پاھ... بۇ تەجرىبىنى سىياسىي ئويۇنلاردا ئويناش نېمە دېگەن ئىشقا يارىغان ـ ھە؟

تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر مەسىلىسى ۋە ئۇيغۇر داۋاسى خۇددى ئىستانبۇلدىكى داڭلىق تاكسىم مەيدانىغا ئېسىلغان، يوغان نورۇز ئېشى داشقازىنىغا ئوخشايدۇ. خالىغاندا داشقازاننىڭ ئوتى ئۆچۈرۈلۈپ تۇۋۇنقى كۆمتۈرۈلۈپ قويۇلىدۇ. خالىغاندا قازان سۇس، خالىغاندا ۋاتىراقلاپ قايناپ تۇرىدۇ. خالىغاندا بۇ قازانغا چامغۇر، پۇرچاق ۋەھاكازالار تاشلاپ قويۇلىدۇ، خالىمىغاندا ھېچنېمە يوق.

2017 ـ يىلى تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەۋلۇت چاۋۇش ئوغلى بېيجىڭدا خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭيى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا «جىنايەتچىلەرنى ئۆزئارا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمنامىسى» تۈزگەندىن باشقا، تۈركىيەدە خىتايغا قارشى ھەرقانداق تەشۋىقاتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا يول قويمايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. شۇندىن كېيىن بۇ داش قازاننىڭ ئوتى سەل تارتىپ قويۇلدى. ئەپسۇسكى، سۈرىيەدىن ـ ئىراققا، لىۋىيەدىن ـ مىسىرغا، يەمەندىن ـ قىبرىسقا قەدەر مۇسۇلمانلىق دۇنياسىنىڭ ئادالىتى ئۈچۈن كاناي يىرتىپ جار سالغانلار، «ھەق ـ ناھەق مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلغان تىلسىز شەيتاندۇر»، «قان ھىدى ئالغان لەھەڭدىنمۇ بەكرەك خەتەرلىك بولغىنى، نېفت ھىدى ئالغان جاھانگىرلاردۇر»، «پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى يولىدا ماڭىمەن» دەپ جار سالغۇچىلار، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلىپ

تۇرۇۋالدى. ئۇيغۇرلار ئۇلارغا جىددىي سوئال قويۇشى، «ئەجەبا سىنىڭ سۆزۈڭ ئەمەسمۇ؟» دېيىشى كېرەك ئىدى. سۇ قاچىلانغان تەجرىبە كومزىكىغا سېلىنىپ، 14 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىنغان تەجرىبە چاشقانلىرىدەك ياشاش ۋە پاناھلىنىش ھەلەكچىلىكىدە قالغان بىچارە ئۇيغۇرلار، بۇ سوئالنى سوراشقا قانداق جۈرئەت قىلالىسۇن؟ 2018-يىلى ئاپرېلغىچە بۇ داش قازاننىڭ ئوتى سەل كۆچلىنىپ، قازان ۋاتراقلاپ قايناشقا باشلىدى. ئاپرېلدىن كېيىن قازاننىڭ تۇۋىقى يېپىلىپ، ئوتى ئۆچۈرۈۋېتىلدى...

ھازىر ئىستانبۇلدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى، ئۆلىمالار بىرلىكى، ياشلار ۋە مەدەنىيەت جەمئىيىتى، سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەخپى، دارۇل ئىمان جەمئىيىتى، ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ۋەخپى، ئۇيغۇر ئىلىم ۋە مەرىپەت ۋەخپى، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى، شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋەخپى، مۇئەللىم ۋەخپى، نۇزۇگۇم يېتىم-يېسىرلار فوندى، شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتى، فارابى ۋەخپى، دۇنيا مەزلۇملار ۋە مۇھاجىرلار جەمئىيىتى قاتارلىق 15 تەشكىلات بار بولۇپ، بۇلارنىڭ تۈركىيەنى «شەرقىي تۈركىستان سىياسىتى» دەيدىغان بىر سىياسەت بەلگىلەشكە قىستاشقا كۈچى يەتمەيدۇ.

ئەلۋەتتە بىز ئۇيغۇرلار «تۈركىيەنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا» دەيدىغان ئىدېئولوگىيەدە ياشاپ كەلدۇق. شۇ ۋەجىدىن تۈركىيەنىڭ دۇنيادىكى ئورنىغا ئائىت مەسىلىلەرگىمۇ يېقىندىن دىققەت قىلىپ كەلدۇق.

دۇنيادىكى كۈچلەر ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنمەكتە. ئامېرىكا،

ئەنگلىيە، ئىسرائىلىيە ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى بىر قۇتۇپ، تۈركىيە، رۇسىيە، خىتاي ۋە ئىران بىر قۇتۇپ. تەبىئىيكى تۈركىيەنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىراقلىششى، ياۋروپا بىرلىكىنىڭ تۈركىيەگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىشى قاتارلىق ئامىللار، تۈركىيەنى خىتاينىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشقا مەجبۇر قىلماقتا.

شۇنداق، تۈركىيەنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلىرىدە تۈرغۇنلىغان مەسىلىلەر ساقلىنىپ تۇرماقتا. ئامېرىكا-تۈركىيە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ تۈركىيەنى ئەخمەق قىلىشى، رۇسىيە ئايروپىلانىنىڭ ئېتىپ چۈشۈرۈلۈشىدىن كېيىن، رۇسىيە-تۈركىيە مۇناسىۋەتلىرىدە يۈز بەرگەن كرىزىسلار، سۈرىيەلىك پاناھلانغۇچىلار مەسىلىسى، گۈلەن مەسىلىسى، 15-ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى، كۇرتلار مەسىلىسى، 80 مىليون تۈرك خەلقىنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسى قاتارلىقلار، يېقىنقى بىرقانچە يىللاردىن بۇيان تۈركىيەنى چىرمىۋالغان قىيىنچىلىقلاردىن ئىبارەت. ئەمما شۇنداق بولغىنىغا قارىماي پەلەستىن مەسىلىسىدە تۈركىيە ئىچكى-تاشقى سىياسىتىنى بەلگىلىگۈچىلەر، سۆزدە ۋە ھەرىكەتتە پەلەستىنلىكلەر ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتكە قىلماقتا. تۈركىيە ئۆز باش ئاغرىقىنىڭ جىق بولۇشىغا قارىماي، پەلەستىن مەسىلىسىدە ئىسرائىل ۋە ئامېرىكانى، شۇنداقلا ياۋروپا ئىتتىپاقىنى قارشى قۇتۇپىدا ئورۇن ئالماقتا. ئەلۋەتتە قەشقەر مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قۇددۇستەك مۇقەددەس بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما ئىنسانلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، خىتاي تەرىپىدىن يوشۇرۇن قىرغىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ، ئەلۋەتتە مەزلۇم پەلەستىن خەلقىگە ئوخشاشلا ئىنسانىيەتنىڭ بىر پارچىسى. نۆۋەتتە گىتلېرنىڭ جازا لاگېرلىرىغا ئوخشايدىغان خىتاي يېپىق تەربىيەلەش لاگېرلىرىغا سولانغان، يوشۇرۇن يوق قىلىش ئوبيېكتى قىلىنغان بىر مىليون

ئۇيغۇرنىڭ قىممىتى بىلەن، پەلەستىنندە يەھۇدىي ئەسكەرلىرىگە تاش ئېتىش جەريانىدا ئۆلگەن 50 نەپەر پەلەستىنلىكنىڭ قىممىتىنى سېلىشتۇرغىلى بولامدۇ؟ ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ قالغان بىر مىليون ئۇيغۇر بىلەن 50 نەپەر پەلەستىنلىكنىڭ قايسىسى دۇنيادا غۇلغۇلا قوزغايدۇ؟

قولۇمدا دۇنيا خەرىتىسى. تۆت ئەتراپىنى پۈتۈنلەي مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ئوراپ تۇرغان ئىسرائىل دۆلىتى، ئوتتۇرا شەرقتە خۇددى يوغان بىر قايماقلىق تورتنىڭ ئۈستىگە پاتۇرۇپ قويغان كىچىككىنە شاكىلاتتەك قىزىل دېڭىزنىڭ ئەتراپىدا پارقىراپ تۇرىدۇ.

ئىسرائىل شىمالدا قىبرىس ئارقىلىق تۈركىيە، شەرقتە سۇرىيە، ئىيوردانىيە، ئىراق، بەھرەيىن، سەئۇدى ئەرەبىستان، جەنۇبتا مىسىر، سۇدان قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلىرى بىلەن قورشىلىپ تۇرىدۇ. ئەمما ئىسرائىلنىڭ دۇنيادىكى يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنلىرىدىكى مۇشتۇمىنىڭ كۈچى، ئۇنى ئوراپ تۇرغان ئون نەچچە مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭكىدىن كۈچلۈك. ئىسرائىل ئۇزۇنلۇقى 470 كىلومېتىر، كەڭلىكى 135 كىلومېتىر، ئومۇمي كۆلىمى 27.817 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان تار ئۇزۇن ئۈچەيدەك يەر مەيدانى، 8 مىليوندىن ئازراق كۆپ نوپۇسى بىلەن ئوتتۇرا شەرقتىكى بارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە ھەيۋە قىلماقتا. نېمە ئۈچۈن؟ بۇ سوئالنى ئىسرائىلنىڭ ئەتراپىدىكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرى 50 يىلدىن بۇيان ئۆزلىرىدىن سوراپ باقمىدى. سورىغان بولسىمۇ ھەل قىلىش چارىلىرىنى تاپالمىدى.چۈنكى مەسىلە كۈچ ۋە روھقا بېرىپ تاقىلاتتى.

ھازىر تۈركىيەدىكى تەشكىلاتلار ئاستا-ئاستا سىياسىي ئورنىنى يوقىتىپ، ئاساسلىق كۈچىنى نامراتلار، تۇل خوتۇن-يېتىم

بالىلارغا ئۇن، گۆرۈچ، ماي دېگەندەك نەرسىلەر تارقىتىدىغان، خىتاينىڭ خەلق ئىشلار ئىدارىسىغا ئوخشاپ قىلىۋاتىدۇ. تۈركىيەدىكى دىنى ساھە ۋە تەشكىلاتلارنىڭ سەۋىيە ۋە ساپاسى خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن زۇلۇملارنى سىستېمىلىق ۋە پىلانلىق ئاڭلىتىشقا يەتمەيۋاتىدۇ. تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ رولىنى، تۈركىيەدە قانۇن، سىياسەت، جەمئىيەتشۇناسلىق، دىن قاتارلىق كەسىپلەرنى ئوقۇغان يېڭى بىر ئەۋلاد ياشلار ئۆتكۈزۈۋالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەتسىزلىنىش دەرىجىسى ئېشىپ بېرىشى مۇمكىن. تۈركىيەدە چوقۇم ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ كونا پەردىلىرى يېپىلىپ، يېڭى پەردىلەر ئېچىلىشى، جۇشقۇن، ياش، بىلىم ۋە قابىلىيەتلىك، ئالىي مەكتەپ بىلىم سەۋىيەسىگە ئىگە، دۇنيا ۋە تۈركىيەدە قانداق داۋا قىلىشنى بىلىدىغان بىر تۈركۈم ياش سىياسەتچىلەر ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ رولىنى قولىغا ئېلىپ، خۇددى ئەقىللىق تېلېفونلىرىمىز ھەرۋاقىت «up date» قىلىپ تۇرغىنىمىزدەك، ئۇيغۇر دەۋاسىنىمۇ خەلقئارا-لىق ئۆلچەملەرگە ماس ھالدا «up date»، يەنى يېڭىلاش كېرەك. بۈگۈن دائۇستا ئادالەت جارچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىسرائىلغا «one minut one minut» دېگەنلەر، ئەينى ۋەزىيەتتىن نەچچە ھەسسە بىچارە ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ياقا يىرتىپ، خىتايغا نېمىشقا «one minut one minut» دېيەلمەيدۇ؟ دۇنيادىكى كۈچلۈكلۈك تالىشىش كۈرەشلىرى خۇددى بىر قىمارغا ئوخشايدۇ. قىمار، نە مۇسۇلمانلىق نە ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق تونۇمايدۇ. تاكى سەن دۇنياغا لايىق ئۆلچەملەر بىلەن ئورنۇڭدىن دەس تۇرمىغۇچە ۋە چېچىڭنىڭ ئۇچىدىن تاپىنىڭغىچە ئۆزەڭنى يېڭىلىمىغىچە، سەندەك ئاجىز بىر مىللەتنى خالىسا قىمار تاۋكاللىرىغا تىزىپ قويىدۇ، خالىسا چاشقانلارنى تەجرىبە قىلىدىغان كومزەكلەرگە تاشلاپ قويىدۇ. مېنى ئەسلىدە

خورلاۋاتقىنى بىزنىڭ بۇ مۇقەددەس داۋا يولىدا تېخىچە ئاددىي ۋە سادda بولۇۋاتقانلىقىمىز. ئامېرىكىلىق مەشھۇر شەخس مارتىن لۇتېر كىڭنىڭ «ئاقىۋەتتە قەلبىمىزدە ساقلىنىپ قالىدىغىنى دۈشمىنىمىز ئەمەس، بەلكى دوستلىرىمىزنىڭ سۈكۈتى» دەيدىغان بىر سۆزى بار. يۈرۈكىمنى ئەڭ ئاغرىتىۋاتقىنىنى دوستلىرىمىز ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىزنىڭ سۈكۈت قىلىشىدۇر. تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك!

# تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك (4)

ئۆتكەن ئەسىردە ئاچارچىلىق ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئىنسانىيەتكە بالايى-ئاپەت ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئاچارچىلىق ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىك سەۋەبىدىن دۇنيا مىقياسىدا ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ سانىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئۇچۇر-ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئاچارچىلىق ۋە ۋابا، تۇبېركۇليوز قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ كۆشەندىسى بولۇش دەۋرىگە خاتىمە بېرىلدى. ھازىر دۇنيادا ھېچقانداق تەبىئىي ئاچارچىلىق قالمىدى. پەقەت سىياسىي سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان ئاچارچىلىقلار مەۋجۇت. ئەگەر سۇرىيە، ئىراق ۋە سومالىدا ئىنسانلار ئاچلىقتىن ئۆلۈۋاتقان بولسا، بۇنى پەقەت دۇنيا سىياسەتچىلىرى خالىغانلىقى سەۋەبىدىن شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدىكى بىر كىشى خىزمىتىنى ۋە بارلىق مال-دۇنياسىنى يوقۇتۇپ قويغان تەقدىردىمۇ ئاچ قالماسلىقى مۇمكىن. ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ئىنسانىي ياردەم پاراۋانلىق ئورگانلىرى ۋە سۇغۇرتا شىركەتلىرى، دەرھال بۇ ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن ئورۇندا پەيدا بولۇشى ۋە پەقەت بولمىغاندا شۇ كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا كاپالەتلىك قىلىشى مۇمكىن.

خىتاي، خۇاڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ يېقىنقى 80-يىللارغا قەدەر مىڭ يىل ئاچارچىلىقتا ياشىغان ۋە ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن ئۆلگەن ئادەم سانى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان،

ئاچارچىلىقتىن ئىبارەت بۇ قورقۇنچلۇق يوقۇتۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەي ئادەم گۆشى يېگەن بىر دۆلەت ئىدى. 1974-يىلى رۇمىنىيەدە ئېچىلغان دۇنيا يېمەك-ئىچمەك تەشكىلاتىنىڭ تۇنجى يىغىنىدا، خىتاينىڭ ئاچارچىلىق مەسىلىسىگە ئايىت نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر دوكلات قىلىنغان ئىدى. ئەينى چاغدا مىليارد نوپۇسلۇق خىتاي ئاھالىسىنى قانداق قىلىپ ئاچارچىلىق پالاكىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش مەسىلىسى، دۇنيا لىدىرلىرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتقان مەسىلە ئىدى.

بۈگۈن خىتتايدىكى مەسىلە ئاچارچىلىق مەسىلىسى ئەمەس. بۈگۈن قورسقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولغان خىتاي، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر خەلقىنى، ئەينى يىللاردىكى ئاچارچىلىقتىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولغان «سىياسىي ئاچارچىلىق»، «ھۆرلۈك-ئەركىنلىك ئاچارچىلىقى»دىن ئىبارەت تار يولغا قىستىماقتا.

ئۆتكەن ئەسىرلەرنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرى ئاچارچىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرمۇ ئىنسانىيەتنىڭ كۈشەندىسى بولۇپ كەلگەن ئىدى. سودىگەرلەر، مەمۇرلار ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېقىپ تۇرۇشى بىلەن، قەدىمى شەھەرلەر مەدەنىيەتلەر بۆشۈكى بولۇشقا قارىماي، رەھىمسىز يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئۇرۇپ-سوقۇشىغا دۇچار بولغان ئىدى. بۇ دەۋرلەردىكى ئىنسانلار، تۇيۇقسىز بىر يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ چاپلىششى بىلەن ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىبارەت ۋەھىمە ئىچىدە ياشايتتى. 1330-يىللىرى ئاسىيا قىتئەسىدە ۋابادىنمۇ دەھشەتلىك بولغان بىر يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىشقا باشلىغان ۋە ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئاسىيا، ياۋروپا ۋە جەنۇبى ئافرىقىغا، ئاندىن ئاتلانتىك ئوكياننىڭ گىرۋەكلىرىگىچە يامراپ

20 يىل ئىچىدە، ياۋرو-ئاسىيا نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىرىنىڭ يوق بولۇشىغا سەۋەب بولغان ئىدى. بۇ يۇقۇملۇق كېسەل 75 بىلەن 200 مىليون ئارىسىدىكى كىشىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان ئىدى. ئەنگلىيەدە ھەر 10 ئىشىدىن 4 تى ھاياتىدىن ئايرىلغان ۋە ۋابا تارقىلىشتىن بۇرۇن 3.7 مىليون بولغان ئەنگلىيە نوپۇسى 2.2 مىليونغا چۈشۈپ قالغان. دۆلەت ئەربابلىرى، پۇلدارلار ۋە سىياسەتچىلەر بۇنداق بىر رەھىمسىز رىياللىق ئالدىدا چارىسىز قالغان بولۇپ، خۇددى ھازىر ئۇيغۇرلار خىتايدىن ئىبارەت بۇ سىياسىي ۋابا ئالدىدا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تېپىرلاپ قالغىنىغا ئوخشاش، يۇقۇملۇق كېسەللىكنى توختۇتۇش ئۈچۈن كوللېكتىپ دۇئا قىلىشتىن باشقا نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان ئىدى. قارا ۋابا، تارىختىكى بىردىنبىر يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەمەس. ئەينى چاغدا ياۋروپالىقلارنىڭ ئاياق بېسىشى بىلەن ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق قىتئەلەرنى قارا ۋابادىنمۇ بەتتەر ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەللەر ئۇرغان ئىدى. خەلقئارا سەھىيە تەشكىلاتى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تەشكىلاتلار، دۇنيادىكى ئاچارچىلىق ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ سانىنى ئازىيىپلاشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئەمما 1949-يىلى شەرقىي تۈركىستانغا خىتايدىن ئىبارەت بۇ غەيرى ۋابانىڭ يامراپ كېلىشى بىلەن، چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر، پانتۈركىزمچى، پانئىسلامىزمچى، شۇجىڭجۇيىچى... قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق «ئۆلۈم قالپىقى» ئاستىدا ئۆلگەن ئۇيغۇرلار سانىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئازىيىپلاشتۇرغان ئادەم يوق. 21-ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار، ھازىرغا قەدەر خىتاينىڭ قانداقتۇر بىر قالپاقنى كىيگۈزۈپ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشىدىن ئىبارەت ۋەھىمە ئىچىدە ياشىماقتا. بۇ خۇددى 14-ئەسىردىكى ئىنسانلارنىڭ قارا ۋابا ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بىر يۇقۇملۇق

كېسەلنىڭ كېلىپ، ئۆزىنى ئۇرۇش ۋەھىمىسى ئىچىدە ياشىشىغا ئوخشايدۇ. خىتايدىكى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭ جازا لاگېرلىرىغا ئوخشايدىغان لاگېرلارغا سولىنىشى، «خىتاي ۋاباسى»نىڭ قانچىلىك دەرىجىدە رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ۋابادىن ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇش ھەققىدە دۇنيانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولمايۋاتىدۇ.

خەلقئارالىق يېمەك-ئىچمەك تەشكىلاتى، شۇنداقلا دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى قاتارلىق ئورگانلار، دۇنيادا كوكا-كولا ئىچكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۆلگەنلەر سانىنىڭ، ئەلقائىدىنىڭ تېررورلۇق ھۇجۇمى سەۋەبىدىن ئۆلگەنلەر ساندىن كۆپ ئىكەنلىكىنى، مەكدونالد قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ هامبۇرگەرلىرىنى يېيىش سەۋەبىدىن دۇنيادا قانچىلىك ئادەمنىڭ سېمىزلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى، 2002 ۋە 2003-يىللىرى سارس، 2005-يىلى قۇش زۇكمى، 2009-يىلدا چوشقا زۇكمى، 2014-يىلدا يۈز بەرگەن ئېبولا يۇقۇملۇق كېسىلى، ئەيدىز، تېررورلۇق ھۇجۇمى قاتارلىقلار سەۋەبىدىن قانچىلىك ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق سانلىق ئىستاتىستىكا قىلىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان مەقسەتلىك ھالدا يۈرگۈزگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياستى سەۋەبىدىن، قانچىلىك ئۇيغۇرنىڭ ئۆلگەنلىكى ھەققىدە ئىستاتىستىكا ئېلىپ بارىدىغان ئورگان يوق.

ئالدىنقى نەسىللەر دۇنيا تىنىچلىقىنى، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقلىرىنى ۋاقتىلىق توختىشى دەپ چۈشەنسە، بۈگۈنكى نەسىللەر مەنتىقسىز ئۇرۇشلارنى دۇنيا تىنىچلىقىنىڭ كۆشەندىسى دەپ چۈشەنمەكتە. ئەسلىدە ماھىيەت جەھەتتىن

ئېلىپ ئېيتقاندا، دۇنيا تىنچلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە خەتەرلىك كۈشەندىسى خىتايدۇر. بۇ ماھىيەتنى ھەر بىر ئىنچىكە نۇقتىلىرىغا قەدەر چوڭقۇر چۈشەنگەن مىللەت، ئۇيغۇر مىللىتىدۇر. گەرچە ئۇيغۇرلار بۇ ھەقتە چۇقان سېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئاجىز ئاۋازى تۆپەيلى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتالمىدى. ئەمما ترامپ باشچىلىقىدىكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى كېچىكىپ بولسىمۇ بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتتى ۋە خىتاينى ئامېرىكىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى دەپ ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە، خىتايغا قارىتا سودا ئۇرۇشى ئېلان قىلدى. دۇنيادىكى يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر دۇنيا تىنچلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان نەرسىنى يادرو قوراللىرى ۋە تېخنىكا دەپ قارايدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، دۇنيا تېينچلىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلىقىغا ئەڭ ئېغىر تەھدىت خىتاي ھۆكۈمىتىدۇر. خىتاينىڭ پارچىلىنىشى بىلەن ئەگەر دۇنيا خەرىتىسىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، «خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى» دېگەن بۇ دۆلەت نامى خەرىتىلەردىن چىقىرىۋېتىلىش ئۈچۈن يەنە قانچىلىق ۋاقىت كېتىدۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇ كۈن ھەقىقىي مەنىدىكى تىنچلىق كۈنى دەپ قارىلىدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئەلقائىدىنى ئۆزلىرىگە تەھدىت دەپ قارايدۇ. ئەمما يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر كوكا-كولانى ئەلقائىدىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك تەھدىت دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلار 60 يىلدىن بۇيان خىتاينى ئىنسانىيەتكە ۋە ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئەلقائىدە ۋە كوكا-كولادىن بەتتەر تەھدىت دەپ چۈشۈنۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما دۇنيانى ئىشەندۈرەلمەي كەلگەن ئىدى. 2017-ۋە 2018-يىللىرىغا كەلگەندە بۇ ھەقىقەت 100% ئىسپاتلىنىشقا باشلىدى. ھازىر بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر، يەنى ئومۇمىي ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ 10%ى ئاتالمىش يېپىق تەربىيەلەش

نامىدىكى تۈرمىلەردە. ئىز-دېرەكسىز غايىپ بولغانلار سانىنى ئېنىقلاش مۇشكۈل. خىتاي تەھدىتى ئاستىدا قالغان ئۇيغۇرلار، هازىر ئۆتكەن ئەسىردىكى دۇنياغا يامرىغان ۋابا، چېچەك ۋىرۇسى قاتارلىقلار ئېلىپ كەلگەن قىرغىنچىلىقلاردىنمۇ ئېغىر قىرغىنچىلىققا دۇچ كېلىپ، مىللەت سۈپىتىدە يوق بولۇشتىن ئىبارەت هايات-ماماتلىق مەسىلىسىدە جان تالاشماقتا.

ئۆتكەن ئەسىرلەردىكى نەسىللەر، «ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرساڭ، تۇيىقى سىرقىرايدۇ» دەيدىغان تەمسىلگە ئىشىنەتتى ۋە بۇنى بىر ھەقىقەت دەپ قارايتتى. هازىرقى نەسىللەر ئۈچۈن ئۇ بىر كۈلكىلىك گەپ. ئۆكۈزگە دوللار كۆرسىتىپ مۈڭگۈزىگە ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋەتسەڭمۇ، تۇيىغى مىت قىلىپ سىرقىراپ قويمايدۇ. ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزى ھېسابلانغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەتراپىنى، ئاتالمىش دىنى قېرىندىشى بولغان مۇسۇلمانلار ۋە ئاتا-بوۋىلىرى ئۇزاق ئوغۇز خاقانغا تۇتىشىدىغان تۈرك ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. ئەمما بۇ ئۇرۇق-تۇغقانلار شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ مۇستەھكەم ئۆكۈزنىڭ، ئۆز مۈڭگۈزى بىلەن بۇ چەكسىز كەتكەن بۈيۈك تۈركىستاننىڭ سەلتەنەتلىك تارىخىنى، قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان قىلچە زىبدە قىلماي كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدى. ئەگەر خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ غايەت زور ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋەتسە، بۇ بۈيۈك جۇغراپىيەدىكى بارلىق تۈركى مىللەتلىرىنىڭ تارىخىنىمۇ دەسسەپ-چەيلەپ ۋەيران قىلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدى. چۈنكى خىتاي «بىر يول بىر بەلباغ» دەپ ئاتىلىدىغان ناھايىتى يوغان سېغىن كالىنى تۈرك، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، ئەزەرى قاتارلىقلارنىڭ بوسۇغىسىغا ئاللىقاچان باغلاپ قويغان ئىدى.

ئۆتكەنــدە سەھەر تەخەللۇسىــدا ئەسەر يازىدىغان بىر ئاپتور، «دۇنيا كـۆرۈپ قويـدۇق ئادالىتىڭنـى» ناملىـق ماقالىسـىدا، ھازىـر خىتـاي يولغـا قويۇۋاتقـان بىـر يول بىـر بەلباغ ئىستراتېگىيەسـىنى، خىتاينىــڭ مەشــھۇر يازغۇچىســى لۇشــۈن ئەپەندىنىــڭ «قانغــا چىلانغــان جىڭمومــا» دېگــەن ھېكايىســىدىكى، ئــادەم قېنىغــا چىلانغـان جىڭمومىغـا ئوخشـىتىدۇ. ئەينـى ۋاقىتتا ئوتتـۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىمىزگە كىرگۈزۈلگەن داڭلىق ھېكايە «قانغا چىلانغان جىڭموما»دا، بىـر خىتـاي ئائىلىنىـڭ بالىسـى سىل كېسىلى بولۇپ قالىـدۇ. دوختـۇرلار ئۇنىـڭ بالىسىنىڭ ساقىيىشـى ئۈچـۈن ئـادەم قېنىغـا چىلانغـان جىڭمومىنـى يېيىشـى كېرەكلىكىنـى بۇيرۇيـدۇ. بىـر يـول بىـر بەلبـاغ، ھازىـر دەل ئۇيغۇرنىـڭ قېنىغـا چىلانغـان جىڭموما.

ئەممــا مۇســۇلمانلار، ئۇيغۇرلارنىــڭ تــۈرك قوۋمىگــە مەنســۇپ ئەتراپىدىكــى بارلىــق قېرىنداشــلىرى، بــۇ قانغــا چىلانغــان جىڭمومىنــى ئۆزلىرىنىــڭ كەمبەغەلچىلىكتىــن قۇتۇلــۇش دورىســى ئورنىــدا مــەزە قىلىــپ يېمەكتــە...

مـەن «تۈركىيەدىكـى ئۇيغـۇرلار ئەقىللىـق بولۇشـى كېـرەك» ناملىـق چاتما مۇلاھىزەمنىـڭ 3-قىسـمىدا، ئۇيغـۇر مەسىلىسـىنى ئىسـتانبۇلدىكى تاكسىم مەيدانىغا ئېسـىپ قويۇلغـان نـورۇز ئېشـى داش قازىنىغا ئوخشـاتقان ئىدىـم. بۇ قازاننىڭ بەزىدە ۋاتراقشـىپ قاينايدىغانلىقىنـى، بەزىـدە سـۇس، بەزىـدە ئوتـى ئۆچۈرۈلـۈپ تۇۋۇقـى يېپىـپ قويۇلىدىغانلىقى ھەققىـدە توختالغـان ئىدىـم. بـۇ يىـل روزا ھېيتتـا، بـۇ داش قـازان يەنـە قاينىتىلىشـقا باشـلىدى. تۈركىيــە تــەرەپ تۈركىيــەدە ياشــاۋاتقان ئالتــە مىــڭ ئۇيغۇرغــا ھېيتلىـق داسـتىخان سـېلىپ، ھېيـت زىياپىتـى ئۆتكـۈزۈپ بەردى. بـۇ زىياپەتكـە كەلگەنلەرنىـڭ كۆپىنچىسـى، بالىلىـرى مەكتەپسىـز،

ئۆزلىرى ئىقامەتسىز قالغان ئالتە مىڭ ئۇيغۇر ئىدى. تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۇلايمان سويلۇ زال ئىچىگە كىرىپ كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ سويلۇغا بولغان خۇشامەت كۆرۈنۈشلىرى، كىشىنىڭ يۈرۈگىنى ئېزەتتى. مەن «تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولۇشى كېرەك» ناملىق چاتما مۇلاھىزە ماقالەمنىڭ 3-قىسىمدا ئالىملارنىڭ چاشقانلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەجرىبىسى ھەققىدە توختالغىنىمدەك، شۇ كۈنى ئۇيغۇرلار سۇ كومزىكىگە چىلىنىپ، 14 مىنۇت ئۆتكەندە قۇتقۇزۇۋېلىنىش شەرىپىگە ئېرىشكەن تەجرىبە چاشقانلىرىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. بۇ يەردىكى شۇنچە خۇشامەت، سويلۇنى خۇددى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى سۈپىتىدە كۆرۈشتىكى بىردىن بىر مەقسەت، دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى خىتابنامىسىنىڭ ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ئەقەللى شەرتلىرىنىڭ بىرى بولغان، تۈركىيەدە تۇرۇش ۋە پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بېرىش رۇخسىتى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. ھەي بىچارە ئۇيغۇرلار!!!

ئەسلىدە ئۇيغۇرلار، تۈركىيە يەر مەيدانىنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىنمۇ چوڭ، ئاجايىپ باي ۋە مۇنبەت زېمىنى، سەلتەنەتلىك ئوغۇزخاندىن باشلانغان پەخىرلىك تارىخى، ئۆزىگە خاس غۇرۇرى ۋە ئىپتىخارى بار بىر مىللەت ئىدى. يۈزسىز تۈرك سىياسەتچىلىرى، سايلامغا ئاز قالغان كۈنلەردە تۈركىيەدىكى مىللەتچى ئۈلكىچىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن بۇ ھېيتلىق داستىخانىنى سالغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىغا كەمپۈت تاشلاپ بەرگەن ئىدى...

ئالتە مىڭ كىشىلىك بۇ ھېيتلىششىتىن ئانچە-مۇنچە بولسىمۇ يۈزى كۈلۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنى، يەنە بىر يۈزسىز تۈرك سىياسەتچىسىنىڭ زەھەر-زەمبىرەك سۆزلىرى كۈتۈپ

تۇرغان ئىدى. ئۇ، ئۇيغۇرلار بىزنىڭ قېرىنداشىمىز، لېكىن خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلىكى دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىماسلىق شەرتى ئاستىدا. ئەگەر ئۇيغۇرلار تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ قالسا يۈز خاتىرە قىلمايمىز. تۆۋە، تۆۋە... بۇ سىياسەتچى قاردەش بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ، ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ 30 ياكى 40 پىرسەنتىنىڭ خىتايدىكى تۈرمە ۋە يېپىق تەربىيەلەش نامىدىكى غەيرى تۈرمىلەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، ئار-نومۇسى بىرياقتا تۇرسۇن، ئۆز ئۆيىنىڭ قۇلۇپىغىمۇ ئىگە بولالمايۋاتقان، بۇنداق كوللېكتىپ تۈرمىگە تاشلىنىش سەۋەبىدىن قەشقەردەك ئاۋات قەدىمى شەھەر بازارلىرى ئادەمسىز چۆلدەرەپ قالغان بىر مىللەتتە تېررور نېمە ئىش قىلسۇن؟ يەنە، قايتا-قايتا تەكىتلەيمەنكى، بۇ خۇددى سۇ كومزىكىغە تاشلىنىپ 14 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان چاشقانلارنىڭ گېلىنى سىقىپ تۇرۇپ، «ئەگەر قايتا يەنە تاغىرىمنى تېشىپ بۇغدىيىمنى يەيدىغان بولساڭ، سۇ تولدۇرۇلغان كومزەككە ئۆزەم تاشلايمەن» دېگەندەك بىر گەپ ئىدى. ئەمما 14 مىنۇت سۇ كومزىكىدە تۇرۇپ ئۆلەر ھالەتكە كەلگەن بۇ چاشقانلاردا تاغارنى تەشكىدەك كۈچ نېمە قىلسۇن؟ ئەمما ئۇيغۇرلار يۈزسىز تۈرك سىياسەتچىلىرىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن قاتتىق دەرس ۋە تەجرىبە ساۋاق ئېلىشى، ۋەتەن مىللەت مەنپەئەتى دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆگىنىشى، ئەقىللىق ۋە تاكتىكىلىق بولۇشى، ئۇيغۇرنىڭ ئورنىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى، دۈشمىنىنى ۋە دۇنيا سىياسىتىنى ياخشى ئۆگىنىشى ۋە بىلىشى، بولۇپمۇ مەنپەئەتلەرنىڭ مۇسۇلمانلىق كىملىكى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق تونۇمايدىغان رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى، دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك كۈچنىڭ ئىقتىسادىي

كۈچ ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇيغۇرلار قايتا باش كۆتۈرۈش يولىدا ئىزدىنىدىكەن بۇ ئاچچىق تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەسىدە چىڭ ساقلىشى كېرەكلىكىنى بىلىشى كېرەك. ئەگەر تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولماقچى بولسا، «ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركلەردىن باشقا دوستى يوق» دەيدىغان تار، دوگما قاراشلىرىنى ئەخلەتكە تاشلىۋېتىشى كېرەك. ئەسلىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىر دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە دوستلىرى بار. شەرقىي تۈركىستاندىكى يېپىق تەربىيەلەش لاگېرلىرى ھەققىدە تەپسىلىي ۋە كەڭ كۆلەملىك دوكلات خاراكتېرلىق ماقالىلەرنى يېزىۋاتقان ئادرىئان زەنز، راچەل ھارىس قاتارلىق گېرمانىيەلىك، ئەنگلىيەلىك، ئىسرائىلىيەلىك ۋە ئامېرىكىلىق دوستلىرى بار. ھەق-ئادالەت يولىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان بۇ باشقا مىللەت ۋە باشقا دىندىن بولغان ئۇيغۇر دوستلىرى، ئىنسانلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەخسىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن سۈننەت ۋە قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى ئاللاھتىن قورقماي سېتىپ خەجلەۋاتقان ساختىپەز تۈرك سىياسەتچىلىرىدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق. ئەگەر تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولماقچى بولىدىكەن، ئىسلام دىنىنى ۋە قۇرئانى كەرىمنى قايتا ئۆگىنىشى كېرەك. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە كىيىم-كېچەكى مەسىلىسىدە. ئەگەر يەنە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولماقچى بولىدىكەن، قەيەردە ئاۋاز چىقىرىشنى، قەيەردە سۈكۈت قىلىشنى ياخشى بىلىشى كېرەك. پەلەستىنلىكلەر ئۈچۈن كوچىلارغا تۆكۈلگەن تۈرك نامايىشچىلار قوشۇنى ئارىسىدا كېتىۋاتقان تۈركىيەدىكى ھەر قانداق بىر ئۇيغۇر، پەلەستىنلىكلەرنىڭ مىللىي مەنپەئەتى ئۈچۈن خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىۋاتقانلىقى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق ئەپەندىنىڭ ئېيتقىنىدەك، «دۇنيادا مۇسۇلمانلار يوقالمايدۇ، ئەمما ئۇيغۇرلار

يوقۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن». بۇ ئىنتايىن چوڭقۇر مەناغا ئىگە بىر سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرلار مۇسۇلمانلىق كىملىكىدىن بۇرۇن، ئۇيغۇرلۇق كىملىكىگە مەھكەم ئېسىلىشى كېرەك. «ئۇيغۇر» دېگەن بىر كەلىمە لۇغەتلەردە مەۋجۇت بولىدىكەن، چوقۇم ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى دېگەن كەلىمىمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. ئەگەر تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئەقىللىق بولماقچى بولىدىكەن، ئۆزىنىڭ ئۇچىسىدا ئىشتان يوق تۇرۇپ، باشقىلارغا ئىشتان ئېلىپ بېرىش، بىر مېغىزنى تۆتكە بۆلۈش غېمىدە يۈرمەسلىكى كېرەك.

نۆۋەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى، قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن قۇدۇقتا تاشلىۋېتىلگەن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەقدىرىگە بەك ئوخشايدۇ. قۇدۇقتا تاشلىۋېتىلگەن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى قۇدۇقتىن تارتىپ چىقىرىپ مىسىرغا ۋالىي قىلغان ئاللاھنىڭ، ھەم مۇسۇلمان، ھەم تۈرك قېرىنداشلىرى بىلەن خىتاي ئۆزئارا بىرلىشىپ قۇدۇقتىنمۇ چوڭقۇر ھاڭغا تاشلىۋەتكەن ئۇيغۇرلارنى قۇتۇلدۇرۇپ، دۇنياغا ۋالىي قىلىشقا قۇدرىتى يەتمەسمۇ؟ ھەممىدە بىر تارىخچى: «دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ۋادىسىغا كۆمۈلگەن، قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ» دەپ ئېيتمىغانمۇ؟ تولستوي، «ئۇزاق ۋە ئىمكانسىز كۆرۈنگەن بىر نەرسە، بىردىنلا يېقىن ۋە مۇمكىن بولۇشى مۇقەررەر» دەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئازاتلىقى ۋە ھۆرلىكى نۆۋەتتە ئۇزاق ۋە ئىمكانسىز كۆرۈنۈۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ھامان بىر كۈنى مۇستەقىللىققا ئېرىشىدىغانلىقى مۇقەررەر. ئەنە شۇ كۈن يېتىپ كەلگەندە خۇددى ئەلى ئىززەتبېگوۋىچ ئېيتقاندەك، «ھەممە نەرسە تۈگىگەندە ئەسلەيدىغىنىمىز، دۈشمەنلىرىمىزنى سۆزلىرى ئەمەس، بەلكى دوستلىرىمىزنىڭ سۈكۈتى بولىدۇ».

نۆۋەتتىكى ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيا سىياسىتى، خىتاي-تۈركىيە مۇناسىۋەتلىرىنى تەھلىل قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ تۈركىيەدە ئىستىقبالى يوق ھالەتتە كۆرۈنۈۋاتىدۇ. شۇڭا سىياسىي ئويۇن ئوينىغۇچىلارنىڭ قىلتاق ۋە دامىغا چۈشۈپ، ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ تىزگىنىنى تۈركىيە تەرەپكە بۇراش، ئۇيغۇر داۋاسىنى خاراب قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چوقۇم ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ تىزگىنى ۋە يۆنىلىشى ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرى تەرەپتە بولۇشى كېرەك.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ ناھايىتى نۇرغۇن يەر-زېمىن، مال-مۈلۈك، 12 پەرزەنت بەرگەندىن باشقا يەنە، پەيغەمبەرلىك نېسىپ قىلغان ئىدى. ئەمما ئاللاھ زېمىننى بىر تەۋرىتىش بىلەن ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا نېسىپ قىلغان ھەممە نەرسىنى تارتىۋالدى. ئۇنى يەنە ناھايىتى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا قىلدى. ئاللاھنىڭ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى بۇنداق جانلاندۇرۇشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب نېمە ئىدى؟

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام زالىم پىرئەۋننىڭ ئالدىدا ئۆز مەنپەئەتىگە چوغ تارتىپ، ھەق-ئادالەتنى ياقلىيالمىغانلىقى، پىرئەۋنگە سېنىڭ بۇ قىلغىنىڭ خاتا دېيەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن بولغان ئىدى. بۈگۈنكى دەۋرنىڭ خىتايدىن ئىبارەت زالىم پىرئەۋنى ئالدىدا ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان، دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر مىللەت دۇچ كەلمىگەن ئادالەتسىزلىك ئالدىدا سۈكۈت يولىنى تاللىغان، ئۆزىنى ئىسلام دۇنياسىنىڭ خەلىپىسى دەپ يۈرۈۋاتقان ئىككى يۈزلىمچى تۈرك سىياسەتچىلىرى، مۇسۇلمان ئۆلىمالار، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك.

# تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل (1)

## خاتىرەمدىن تۆكۈلگەنلەر (1)

ئىستانبۇلدا جازا لاگېرلىرىنىڭ ب پىلانى ھازىرلانماقتا.

ئىستانبۇلدىكى ئەڭ ئېگىز تۆپىلىكلەردە بىرى بولغان چاملىجا تۆپىلىكىگە چىقىپ، ئىستانبۇلغا نەزەر تاشلىغان ۋاقتىڭىزدا چەكسىز كەتكەن گۈزەل ۋە رومانتىك ئىستانبۇل سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئىنسانلار 21-ئەسىردە ئەمدى گىتلېردەك ئەخمەقلەر ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ دەپ قاراپ، قانداق قىلغاندا بەختلىك بولغىلى بولىدۇ؟ دېگەن سوئال ئاستىدا، بەختنىڭ فورمۇلاسىنى تۈزۈۋاتقان، قانداق قىلغاندا ئۆلمەسلىك بىر ھاياتنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ ھېچ بولمىغاندا ئۆمۈرنى ھازىرقىدىن بىر قاتلىغىلى بولىدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلىشىۋاتقان بىر مەزگىلدە، 3 مىليوندىن ئارتۇق بەختسىز ئۇيغۇر گىتلېرنىڭكىگە ئوخشايدىغان، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر جازا لاگېرلىرىغا سولىنىپ خار-زارلىقتا ياشىماقتا. گەرچە دۇنيادا بۇ ھەقتە خېلى شاۋقۇن-سۈرەنلەر داۋام قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئىستانبۇل تىمتاس. نېمە ئۈچۈن؟ ئىستانبۇل، ئالقىنىدىكى خىتايدىن كېلىدىغان تاتلىق باكلاۋا (تاتلىق تۈرۈم)سىنى يوقۇتۇپ قويغۇسى يوق. ئەمما چاملىجا تۆپىلىكىدىن چۈشۈپ ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ياشايدىغان زەيتۇنبۇرنۇ، سافاكۆي دېگەندەك جايلارغا بېرىپ قارايدىغان بولسىڭىز، ئىستانبۇلنىڭ

تىمتاس ئەمەسلىكىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا تىمتاس ئەمەسلىكىنى كۆرەلەيسىز.

كەسكىن قىلىپ ئېيتالايمەنكى، ئىستانبۇلدا خىتاي جازا لاگېرلىرىغا تامامەن ئوخشايدىغان، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ قولى بىلەن ئەمەلىيلىشىۋاتقان ئىككىنچى بىر خىلدىكى جازا لاگېرى ياسىلىۋاتىدۇ.

بۇ، ئاياللارغا قارىتىلغان هارامىلار ۋە بۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جاهالەت دەۋرىنى ئەسلىتىدىغان، ئاياللار قۇللۇقى ئىدېئولوگىيەسىنى ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يىلتىز تارتقۇزۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتىدۇ. قىسقىسى، گىتلېر جازا لاگېرلىرى قايتىپ كەلگەندەك، كىملەردۇر بىرلىرى ئوتتۇرا ئەسىر جاهالەت دەۋرىنى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەپ قويۇش ئۈچۈن، خىتاي جازا لاگېرلىرى قۇرۇلۇشىنى ئىستانبۇلدا پاراللېل ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ ۋە بۇ جاهالەتنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋېتىپتۇ. بۇنداق مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، خۇپىيانە هالدا دىن تونىغا ئۇرۇنۇۋېلىپ ئىش قىلىۋاتقان خىتاينىڭ قارا قولى قانداق بىر شۇم غەرەزنى پىلانلاۋاتىدۇ؟ پاكىتلار كۆرسىتىلگەندىن كېيىن غەرەز ئۆزلۈكىدىن ئاشكارىلىنىپ چىقىدۇ.

بۇ ئەلۋەتتە «غەلىتە دىنى ساهە» پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتىدۇ.

ئىلاۋە: 1) بەزى قېرىنداشلىرىمىز چەتئەللەردىكى دىنىنىڭ ئەهكاملىرىدىن تاشقىرلاپ چىقىپ كەتكەنلەرگە، يەنىلا خىتاي تۈزۈپ چىققان «دىنى ئاشقۇن» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ. مەن بۇ سۆزنى ئانچە مۇۋاپىق كۆرمەيمەن. چۈنكى خىتاي ۋەتەنىدە ناماز ئوقۇشنى، هەتتا «مۇهەممەد»

دەپ ئىسىم قويۇشنىمۇ «دىنىي ئاشقۇنلۇق» دەپ ئاتاۋاتىدۇ. چەتئەللەردە بولسا قارا نىقاب تاقىغان، شۇنداقلا سۈرىيەگە ئىستىخىيلىك ھالدا كېتىۋاتقانلارغا قارىتىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي دەۋاتقان «دىنىي ئاشقۇنلۇق» بىلەن بىز ئەيىبلەۋاتقان قۇرئاندىن چەتنەپ كېتىشنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئىبارە تۈزۈپ چىقىشىمىز كېرەك. بۇ، ئەلۋەتتە ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ.

ئىلاۋە: 2) مەن خاتىرەمگە تۆكۈلگەنلەرنىڭ كېلەركى قىسمىدا قارا نىقاپ ئىچىدىكى خانىملىرىمىزغا بىر ئىنسان، بىر ئۇيغۇر، بىر ئاچا-سىڭىللىق نۇقتىسىدىن مۇئامىلىسى قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە توختىلىمەن. مېنىڭ نەزىرىمدە قارا نىقاب باشقا نەرسە، قارا نىقاب ئىچىدىكى ئۇ ئۇيغۇر خەلقىگە مەنسۇپ بولغان خانىم-قىزلىرىمىزنىڭ سەرگۈزەشتىسى باشقا نەرسە. ئۇنىڭدا تامامەن ئالدىنىش، خورلىنىش، قۇل قىلىنىش، ئەرلەر ھاكىم مۇتلەقلىقىنىڭ قۇربانى بولۇش، بالا تۇغىدىغان ماشىنىغا ئايلاندۇرۇلۇپ قويۇش، ناۋادا ئېرى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتسە، ئىككىنچى بىر ئەرگە دەرھال ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، خۇددى كۆچ ئۇلاپ يۈگرەش مۇسابىقىلىرىدىكى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان كالتەككە ئوخشاپ قېلىش ۋە بۇنى دىنىنىڭ ئەھكاملىرى دەپ قوبۇل قىلدۇرۇش، يەنى خىتاي مېڭە يۇيۇش ئوپېراتسىيەسىنىڭ 2-قىسمىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇ ئائىلىلارنىڭ كاللىسىغا ئۆزلىرى ياساپ چىققان غەلىتە ئىسلام دىنىنى سىڭدۈرۈش دېگەنلەر سىڭىپ كەتكەن.

شۇنداق، خىتاي ئىستانبۇلدا ئىنتايىن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان بىر «غەلىتە ئىسلام» دىنىنى، ئۆز ئادەملىرى بىلەن ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ياساپ چىقىش ئارقىلىق،

گەرچە خىتايدىكى جازا لاگېرلىرى تاقىلىپ كەتكەن ھالەتتىمۇ، بۇ قاراشقا ئۇ پاتقاقلىق ئورماندىن مەڭگۈ چىقالمايدىغان، ئاخىردا مۇستەقىللىق ئارزۇلىرىمۇ كۆلگە ئايلىنىدىغان بىر كېپەكنىڭ تەييارلىقىنى قىلماقتا.

خىتاي بۇ مەقسەتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك ھاراملار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتىدۇ.

## قارا نىقابسىز يۈرۈش ھارام

قارا نىقاپ تەشۋىقاتى، «ئاياللارنىڭ نىقابسىز يۈرۈشى ھارام» دېگەن ئىدىيەنى تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىغا سىڭدۈرۈۋاتقان تەشۋىقاتلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرۇن ئالىدۇ.

ئەمما قارا نىقابلىق ئاياللاردىن نېمە ئۈچۈن قارا نىقاپ تاقايدىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورالغاندا، ئۇلاردىن ئۈچ خىل جاۋاب ئېلىش مۇمكىن. يەنى، بەزىلەر قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر خانىملىرى يۈزلىرىڭلارنى يېپىپ يۈرۈڭلار دېيىلگەنلىكى، شۇڭا پەيغەمبەر خانىملىرىنىڭ قىلغانلىرى سۈننەت بولىدىغانلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر خانىملىرىنىڭ كېيىنكى كىيىملىرىنى قىيامەتكە قەدەر داۋاملاشتۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا ئاياللارنىڭ يۈزىنىڭ ئەۋرەت بولغانلىقتىن، ئوچۇق قويۇشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يەنە بەزىلىرى، ئاياللارنىڭ چېچىنىڭ ئوچۇق كۆرۈنۈپ قېلىشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتقا تاشلىغاندا ئاياللارنىڭ چېچى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆيۈشىنى ئۇلغايتىپ بەرگەنمىش.

ئىستانبۇلدا غەلىتە دىنچىلار ۋەتەن داۋاسى قىلمايدۇ. لېكىن پايپاق توقۇغاندەك، ئىككى چىغدا توختىماي ھارام توقۇيدۇ.

ئىستانبۇلدا ئۇيغۇر ئاياللىرىنى ئۆمۈچۈك تورىدەك چىرمىۋالغان هارامىلار ئىنتايىن كۆپ. ئىستانبۇلغا 2015-يىلىدىن كېيىن تۆكمە قىلىپ تاشلىنىۋېتىلگەن، ئاندىن بىر قىسمى ئىستانبۇلدا ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن، يەنە بىر قىسمى سۇرىيەگە تاللانغان 21-ئەسىر دۇنياسى بىلەن چىقىشالمايدىغان موللاملارنىڭ، خىتاي ئىدېئولوگىيەسىنى يىلتىز تارتقۇزىدىغان يەر ئاستى كۆرۈنمەس دۆلەتلىرى بار.

ئىستانبۇلدا ئومۇملىشىۋاتقان ئاياللارغا قارىتىلغان هارام ۋە ئاياللارنى ئىنسان ئورنىدا كۆرمەيدىغان پەتىۋالار تۆۋەندىكىچە:

1. ئاياللارنىڭ چېچىنى ئوچۇق قويۇشى هارام.
2. ئاياللارنىڭ ئىشلىشى هارام.
3. ئاياللارنىڭ ئاۋازى هارام.
4. ئاياللارنىڭ يۈزى ئەۋرەت، ئېچىپ يۈرۈشى هارام.
5. ئاياللار پىتنە.
6. ئىككى نەرسە ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كەتسە ناماز بۇزۇلىدۇ، بۇنىڭ بىرى ئىت، يەنە بىرى ئايال.
7. ئايال كىشى يولدىشىدىن رۇخسەت ئالماي ئۈچ كۈن يوقاپ كەتسە، قايتا نىكاھ ئوقۇشى كېرەك. چۈنكى بۇ ئايال ئېرىغا هارام.
8. ئاياللار لىدىر بولالمايدۇ.
9. ئاياللارنى مىراس ئورنىدا ئىككىنچى بىر ئەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش دۇرۇست.

بۇ يەردە مەن بۇ هارامىلارنىڭ هەممىسىگە رەددىيە بېرىپ

بولالمايمەن. ئەمما «ئايالـلار پىتنە» دېگەن كەمسىتىش ھەققىدە ئـازراق توختالماقچىمـەن. «ئەسـلى پىتنـە ئاياللارنـىڭ يۈزىـدە ئەمەس، بەلكى ئەرلەرنـىڭ شـەھۋەت قاپلىغان كۆزىـدە» دەيـدۇ تۈركىيەلـىك ئىسلام دىنى ئالىمى مۇستافا ئىسلامئوغلى. ئۇ يەنە مۇنـداق دەيـدۇ: « ئەرلـەر بىـر قېتىـم شـېھىت بولـىدۇ، ئەمما ئايالـلار بىـر يىلـدا 12 قېتىـم قـان بېرىـپ، 12 قېتىـم شـېھىت بولـىدۇ، بۇنـىڭ بەدىلىگـە ئىنسـانىيەت تۇغۇلـىدۇ. تولغاقتىكـى شـېھىتلىك مۇقامى باشقا. ئۇنداقتـا سىېنى پىتنە تۇغقانمـۇ؟ ئايال كىشى ھـەر ئايـدا شـېھىت بولىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنـىڭ 12 ئايدىكى بۇ ھالىنى خـۇددى ناماز قىلغانـدەك قوبـۇل قىلـىدۇ، قەدىـر بېرىـدۇ ۋە ئەزىزلەيدۇ. ئەمما سـەن ئۇنـى، يەنـى ئاناڭـنى پىتنە ئورنىـدا كۆرەمسـەن؟؟؟!». بۇنـداق ھارامـلار ئەر-ئايـال مۇناسـىۋىتىنى، كېسـەل بىـر مۇناسـىۋەتكە ئەكىرىپلا قالماي، ئۇيغـۇر جامائىتىنىمۇ كېسـەل بىـر جەمئىيەتكـە ئايلانـدۇرۇپ قويىۋاتـىدۇ.

ئـۇلار نەزىرىـدە، ئايالـلار توقۇنـاق بالا-قـازا دۇنيادىكـى بارلىق مەسـىلىلەرنىڭ سەۋەبچىسـىمىش. ئۇلارنـىڭ بىلدۈرۈشـىچە، ھازىرقى زاماندىكـى ھەمجىنسلارنىڭ پەيـدا بولۇشـى، ئاياللارنىڭ يالىڭاچ يۈرىشـى سـەۋەبىدىن كېلىـپ چىققانمـىش. ئەپسۇسـكى ھەمجىنسـلار مەسىلىسى، دۇنيانىڭ بۈگۈنكى مەسىلىسى ئەمەس. ئالـلاھ بۇنـدىن 1400 يىـل ئىلگـىرى ھەمجىنسـلار مەسىلىسـى تۈپەيلىدىـن لۇت قوۋمىنـى ھـالاك قىلغانلىقىنى قۇرئانـى كەرىمدە بايـان قىلغـان ئىـدى. ئـۇلار يەنـە يالىڭاچلارنـى كۆرگەنـدە ئەرلەرنـىڭ غىدىقلىنىـپ كېتىدىغانلىقىنـى، چۈنكـى ئاللاھنـىڭ ئەرلەرنـى ئەنـە ئاشـۇنداق غىدىقلىنىدىغـان قىلىـپ ياراتقانلىقىدىن ئىبـارەت بىـر سـاختا ھېكايىنى توقـۇپ چىقىـپ، قۇرئـان كەرىمنى ئەركەكلـەر مەنپەئەتـى ئۈچـۈن بۇرمـىلاپ كۆزنىڭىزنـىڭ ئالدىدىـلا يـوق قىلىۋېتىـدۇ. ئەگـەر بىـر ئـەر، يالـىڭاچ بىـر ئايالنى كۆرسە

غىدىقلىنىدىغان بولسا، ئۇنداق ئۇ ئەر، ئايالنى ئەمەس يوتقاننى كۆرسىمۇ غىدىقلىنىپ كېتىدۇ. بۇنداق كېسەل ۋە ئادىمى هايۋان ئەرلەر ئۇيغۇر جامائەتىنى كېسەل قىلىپلا قالماي، قۇرئان كەرىمنىمۇ ئەخلەتكە تاشلىۋېتىدۇ. كانادادىكى ئۇزۇن ئۆچرەتلەردە تۇرغان ئەرلەر قۇرئان كەرىمنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسىمۇ، ئەمما ئەينى قۇرئاننىڭ بۇيرۇغىنىنى قىلىدىغان ئەرلەردۇر. ئۇلار ئالدىدا ئۆچرەتتە تۇرغان يالىڭاچ ئاياللارغا قاراپمۇ قويمايدۇ. غىدىقلىنىش دېگەن ئەسلا خىيالىدىنمۇ كەچمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئادەمدەك ئادەم. هازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۇقىرىقىدەك ئادىمى هايۋان دىنى ساختىپەزلەر، «ئۇستۇمدە ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» دېگەننى ئىنكار قىلىدىغان يالغانچى كاززاپ دىنچىلار، ئاللىقاچان ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت ـ قاراشلىرى ۋە دىنى قاراشلىرىنى چەيلەپ پايمال قىلىپ بولدى.

يۇقىرىقىدەك ئاياللارغا قارىتىلغان قاتمۇ قات هارامىلار، ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن هالقىغان ئۆزى توقۇۋالغان سەپسەتىلەرنى دىن دەپ بازارغا سالىدىغان كاززاپ دىنچىلار، خۇددى خىتاينىڭ هەر 200 مېتىردا بىر تەكشۈرۈش ئاپپاراتى تۇرغۇزۇپ، چازا ۋە توساقلار پەيدا قىلغىنىدەك، جازا لاگېرلىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان، شەكلى ئۆزگەرگەن دىن جازا لاگېرلىرىنى ئىستانبۇلدا بەرپا قىلماقتا. ئەگەر خىتاينىڭ هازىرقى جازا لاگېرلىرى دۇنيانىڭ كۆچى بىلەن تاقىلىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا، خىتاي ئىستانبۇلدا بەرپا قىلغان بۇ غەيرى دىنى ئىدېئولوگىيەنى دەرهال ۋەتەنگە يۆتكەپ ئاپىرىدۇ ـ دە، بىزنى مەڭگۇ تۈگىمەيدىغان پىكىر ئىختىلاپىدا، يەنى تارىختىكى ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلار ئىچكى توقۇنۇشىغا ئوخشاش زىددىيەتلەرگە سۆرەپ كىرىدۇ. قىزلىرىمىز ۋە ئاياللىرىمىز تۈگىمەس هارام توساقلىرىدىن

قۇتۇلالماي ئوقۇشسىز، ئىشسىز قالدۇرۇلۇپ ئۆيلىرىگە سولىنىدۇ. بۇ ئىككىنچى تۈردىكى جازا لاگېرى بولماي نېمە؟

ئاڭلىسام ئىستانبۇلدا يېڭى تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپتۇ، ئۇلار ئەرلىرى سۇرىيەگە كەتكەن قارا نىقابلىق تۇل ئاياللارغا ياردەم قىلىدىكەن. ياردەمنىڭ شەرتى چوقۇم ئېرى سۇرىيەگە كەتكەن، ئايالى قارا نىقابلىق بولۇشى كېرەك ئىكەن.

ئەي خالايىق، ئىستانبۇلدا ھېچكىم يوقمۇ؟ ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمەنكى، بۇنداق قۇرئانغا ۋە ئىسلامغا قارمۇ قارشى ئويدۇرما دىننى، خىتاي ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ۋەتەنىدە ئۆزلىرى مەلۇم كىشىلەرنىڭ قولى بىلەن ياساپ چىققان، ئاندىن خىتاينىڭ قارا ئۇچ بۇرجەك رايونى، مالايشىيا، تۈركىيە يولى بىلەن تۈركىيە ۋە سۇرىيەگە ئېكسپورت قىلغان.

خىتاي بەرپا قىلغان جازا لاگېرلىرى چوقۇم تاقىلىدۇ، بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل. ئەمما خىتاي ئىستانبۇلدا دىن يولى بىلەن سىستېمىلىق، پىلانلىق قۇرۇۋاتقان ئىنسانلىقا تۈپتىن قارشى، ئۇيغۇرلارغا قۇرىدىغان كېلەچەكتىكى جازا لاگېرى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق. ئىستانبۇلنى تىمتاس دەپ ئويلاپ قالماڭ! بۇ يەردە خىتاينىڭ 2-تۈرلۈك جازا لاگېرى قۇرۇلۇشى، خىتاي ئۆزى تۈركىيەگە ئەۋەتكەن موللاملار قولى بىلەن تەييارلىنىۋاتىدۇ.

# تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل (2)

## خاتىرەمدىن تۆكۈلگەنلەر (2)

مېنىڭ «تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل» ناملىق بۇ چاتما مۇلاھىزەمنىڭ 1 ـ ، 2 ـ ۋە 3 ـ قىسىملىرىدا، ئىستانبۇلدىكى قۇرئان كەرىمدىن چەتنىگەن غەيرى بىر دىنىي ئىدېئولوگىيەنىڭ، يەنى ئىنسانلارنى ھارام بىلەن كىشەنلەپ قويىدىغان بىر ئىدېئولوگىيەنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىۋاتقانلىقى ۋە بۇنىڭ خىتاي ھازىر يولغا قويۇۋاتقان جازا لاگېرلىرى قۇرۇلۇشى بىلەن پاراللېل ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى؛ ئەگەر خىتاي جازا لاگېرلىرىنى تاقىغان ھالەتتىمۇ ئۇيدۇرۇلغان ساختا بىر دىنىي ئىدېئولوگىيە ۋەتىنىمىزگە كۆچۈرۈپ كىرىلىپ، ئىدېئولوگىيە توقۇنۇشى پەيدا قىلىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ، ئۇيغۇرلارنى ھازىرقى جازا لاگىرلىرىدىنمۇ بەتتەر بىر ئەھۋالغا دۇچار قىلىپ قويىدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەققىدە بولىدۇ. 4 ـ ، 5 ـ قىسىملىرى، ئۇيغۇرلار مۇنازىرە قىلىشقا بولمايدىغان قىزىل سىزىق دەپ قاراۋاتقان تۈركىيەنىڭ «ئۇيغۇر مەسىلىسى»دىكى بەزى ئادالەتسىز پوزىتسىيەسى ھەققىدە بولىدۇ.

ماقالەمنىڭ 1 ـ قىسمىدا ئوتتۇرىغا قويغان مەركىزىي ئىدىيەم ھەرگىز ئىستانبۇلدىكى قارا چۈمبەللىك ئاچا ـ سىڭىللىرىمىزغا ھۇجۇم قىلىش بولماستىن، بەلكى قۇرئاندا پەرز قىلىنمىغان، ئىسلامدىكى تۆت مەزھەپ ئالىملىرى بىردەك ئورتاق قاراشقا

كەلگەن، ھەدىسلەردىمۇ ئىنىق كۆرسىتىلگەن يۈز ۋە قولنىڭ ئاياللارنىڭ ئەۋرىتى ھېسابلانمايدىغانلىقى ھەققىدىكى پەتىۋالار تۇرغان يەردە، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىدىيەسىگە قانداق قىلىپ ئاياللارنىڭ يۈزى ھارام دېگەن پەتىۋا سىڭدۈرۈلگەنلىكى؛ ئىسلامدىكى ھەقىقىي سۆيۈنەتنىڭ پەيغەمبەر خانىملىرىنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرىنى قىيامەتكە قەدەر داۋاملاشتۇرۇش تۇرسا، بۇنىڭدىن 1400 يىللار ئاۋۋالقى كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىدىيەسىگە كىم تەرىپىدىن، قانداق قىلىپ سۆننەت دەپ سىڭدۈرۈلگەنلىكى؛ بىز ئۈچۈن ھەقىقىي سۆننەتنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ خانىملىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئىنسانىيەت ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرىنى قىيامەتكە قەدەر داۋاملاشتۇرۇش بولسا توغرا بولىدىغانلىقى؛ ئۇنداق بولمىغاندا ئوڭايلا خاتالىشىپ كېتىدىغانلىقىمىز ھەققىدە، شۇنداقلا قەلەم ئىگىلىرىنىڭ بۆسۈپ كىرىشى قىيىن بولغان «چەكلەنگەن رايون»دا نېمىلەر بولۇۋاتىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش ھەقىقىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئىدى. رەددىيە ۋە مەدھىيەلەر قەلەم ئىگىلىرى ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس. رەددىيە ۋە مەدھىيەگە كۆپ ئەھمىيەت بەرگەنلەر ئىدرىس ئەلەيھىسسالامدىن ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى مىراسلىرىغا مىراس قالغان بۇ قەلەمنى كۈچلۈك ۋە ئىرچىل تۇتالمايدۇ.

دىنسىزلاشتۇرۇش ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، خىتايغا ئوخشاش نامازنى ئوقۇغانلىرىمۇ، بالىسىغا مەمەت دەپ ئىسىم قويغانلىرىمۇ تۈرمىگە تاشلاش. يەنە بىرى، دەۋر بىلەن ماسلىشالمايدىغان غەلىتە پەتىۋاچىلىق. پەتىۋاچىلىقتىكى دىنىي ئەھكاملاردىن چەتنەپ كېتىش، دىندىن بىزار قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەن سىياسىي مەقسەتلەر ئۈچۈن سۆكۈت قىلىدىغان سىياسەتچى ئەمەس، دىنىي تەبلىغچىمۇ ئەمەسمەن.

شۇڭا دىنىي ئىبارىلىرىمىدە خاتالىق بولۇشى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن ئىستانبۇلغا كەلگەن ۋاقتىمدا بىر سورۇندا ئۇچرىشىپ قالغان بىر خانىم، مېنى چەتكە تارتتى ۋە ئەتىر چاچماسلىقىمنى تەۋسىيە قىلدى. مەن ئۇ خانىمدىن نېمە ئۈچۈنلىكىنى سورىغان ۋاقتىمدا ئۇ خانىم ماڭا: «ئەگەر سىز چاچقان ئەتىرنى يېنىڭىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئەر كىشى پۇراپ قالسا، سىز ئۇ ئەر كىشى بىلەن زىنا قىلغان ھېسابلىنىسىز» دېدى. مەن ئىنتايىن چۆچۈپ كەتتىم ۋە ھەيران قالدىم. بۇنداق ئەخلاقسىز بىر پەتىۋانىڭ مەنبەسى قەيەر؟ بۇنى ئىزدەشكە مۇۋەپپەق بولالماي قالغان ئىدىم. ياۋروپادىكى مەلۇم بىر دۆلەتكە بارغان ۋاقتىمدا مۇنداق بىر مۇنازىرىگە دۇچ كەلدىم: ئاياللارنىڭ سەھنىلەرگە چىقىپ لېكسىيە سۆزلەش ياكى ئۆز تەتقىقاتلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىششى توغرا ئەمەس ئىكەن. چۈنكى تۆۋەندە ئولتۇرغان ئەرلەرنىڭ بۇ ئايالغا قارىتا ئىچىدە نۇرغۇنلىغان شەھۋانىي نەرسىلەرنى ئويلاشقا سەۋەب بولۇپ قالىدىكەن. دىنىي تەشۋىقاتلارنىڭ يەنە بىرى، ئىشلەۋاتقان ئورۇنلىرىمىزدىن يېڭى يىل ۋە خىرىستىيانلارنىڭ دىنىي بايراملىرىدا بەرگەن سوۋغاتلىرىنى رەت قىلىش ئىدى. بىز دىندارلىقىمىزنى ئاللاھقا، ئىنسانلىقىمىزنى ئەتراپىمىزدىكى «بىز» بولمىغانلارغا كۆرسىتىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. بىزنى ئىنسان كۆرۈپ ھەدىيە بېرىۋاتقان بىر ئىنساننىڭ ھەدىيەسىنى قانداق رەت قىلغىلى بولسۇن؟؟؟ بۇ يەردە يەنە غەلىتە بىر ئىككى يۈزلىمچىلىك بار بولۇپ، گەرچە ئۇلار مۇشۇنداق تەبلىغلەرنى قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ دۆلەتلەرنىڭ پاراۋانلىق پۇلى ۋە ئانىلارغا بېرىدىغان سۈت پۇلىنى قىلچە رەت قىلماي ئالاتتى. مەن ئاڭلىغان دىنىي سۆھبەتلەردە يەنە، ئەگەر يولدىشى ئايالدىن بىر نەرسە

تەلەپ قىلسا، ئائىلە ئۆزنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى ۋە ئۇيغۇرغان بولسىمۇ ئۇنى بۇزۇشى كېرەك؛ ئەگەر ئائىلە كىشى يولدىشىدىن سورىماي سىرتقا چىقسا، ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ، دېگەندەك ۋەزلەر قىلىناتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەك مودا بولۇپ كەتكەن يېڭى يىل ھارام ۋە نەۋرۇز ھارام دېگەنلەر ۋە باشقىلار... گەرچە بۇلار بىرەردىن مەسىلىلەر بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسىنى توپلىغان ۋاقتىمىزدا ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردىكى بىرگە ياخشىلىق قىلغان مىللەتلەرگە بىزنى سەت كۆرسىتىدىغان، ئەر-ئائىل مۇناسىۋەتلىرىنى زىدلىيدىغان ۋە كېسەللەشتۈرىدىغان، شۇنداقلا پۈتۈن بىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ روھىيىتىنى كېسەللەشتۈرىدىغان مانا مۇشۇنداق دىنىي ۋەزىيەت مەۋجۇت ئىدى. بۇنداق غەلىتە تەبلىغلەرنىڭ مەنبەسى قەيەر؟ ئاپتور بۇ مەقسەتتە يولغا چىقتى.

مىسىردىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئىستانبۇلغا دەرھال يۆتكەش ئىشلىرى بولۇۋاتقان يىللاردا، مىسىردىكى ئوقۇشىنى يېرىم يولدا تاشلاپ قويۇپ، ئىستانبۇلغا كېلىشكە مەجبۇر بولغان بىر سىڭلىمىز ماڭا تېلېفون قىلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇر دىنىي ساھە كىشىلىرى بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياۋروپا ۋە باشقا دۆلەتلەرگە كېتىشىنى خالىمايدىكەن. چۈنكى ئۇلار ياۋروپاغا ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىگە كەتسە، دىنىنى يوقىتىپ قويىدىكەن. شۇنداقلا بۇلارنىڭ بىردىن بىر چىقىش يولى تۈركىيەدە قېلىپ ئۆزى خالىمايدىغان، ئۇلار تونۇشتۇرغان بىرسى بىلەن دەرھال توي قىلىپ بىر ئۆيگە كىرىۋېلىش ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، رىزقىنى ئاللاھ بېرىدىكەن. ھەيران قالارلىق ئىش - ھە!

بىرقانچە يىللار ئىلگىرى بىر ئائىلىلەر دىنىي سۆھبەتكە

قاتنىشىپ قالدىم. سۆھبەت ئېلىپ بارغۇچى ئايال مۇنداق سۆزلەۋاتاتتى: «مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىز مىراجدىن قايتقان مەزگىللەرگە توغرا كەلگەن بىر كۈنى يولدا بىر توپ ئاياللار بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئاياللار پەيغەمبىرىمىزدىن دوزاختا قانداق كىشىلەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا دوزاختا ئاياللارنىڭ كۆپلىكىنى كۆرگەنلىكىنى، ئاياللارنىڭ غەيۋەت-شىكايەتنى كۆپ قىلىپ، پىتنە تېرىپ تىلىدىن كېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن دوزاخقا تاشلانغانلىقىنى ئېيتىپتۇ». بۇ پۈتۈنلەي ئىسلام دىنى ۋە قۇرئاننىڭ ئەھكاملىرىغا چۈشەمەيدىغان بىر ئويدۇرۇلغان دىنىي تەبلىغدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنداقتا هازىر ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا غەيۋەت-شىكايەت قىلىۋاتقان، پىتنە تېرىۋاتقان، توختىماي هارام توقۇۋاتقان ئەرلەرگە دوزاخ يوقمىكەن؟!

خېلى ۋاقىتلار ئىلگىرى بىر دىندار مۆتىۋەر كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ۋەتەنىدە هەر خىل جىنايەتلەر بىلەن ياشلارنى تۇتقۇن قىلىش ئېغىر بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇر قىزلىرى پاھىشىخانىلارنىڭ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈۋېتىپتۇ. بۇنداق بىر ۋەزىيەتتە ئەرلەر ئۈچۈن ئۇ خانىم-قىزلارنى ئەمرىگە ئېلىش پەرز بولارمىش. شۇڭا خەقلەر قىزلىرىنى پاھىشىخانىلارغا كەتكەندىن كۆرە، ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ قولىدا تۇرسۇن دەپ، 2- ياكى 3-خوتۇنلۇققا ئەكېلىپ بېرىۋېتىپتۇ. توقال بولۇش، ئەرلەر تۇتقۇنغا ئۇچرىغان جايلاردىكى خانىم-قىزلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي چىقىش يولىمۇ؟ ۋەتەنىدە تۇتقۇن قىلىشنىڭ ئېغىرلىشىشى بىلەن موللاملارنىڭ نېمە دېگەن تەلىيى كەلگەن - ھە؟! 21-ئەسىردىكى ئاياللارنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى بىر كەسىپ ئۆگىنىش، جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى

بىلەن ئۆزى ئىگىلىك تىكلىيەلەيدىغان، ئۆزى بىر كەسىپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، ئىقتىسادىي كىرىم يارىتالايدىغان، ئۆزىگە ماس ئەرنى ئۆزى ئەركىن تاللىيالايدىغان، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار سەۋەبىدىن باشقىلارغا خوتۇن بولۇشقا ياكى توقال بولۇشقا مەجبۇرلانمايدىغان يول بولۇشى لازىم. بۇنداق ئەرلەر دەل مۇشۇ يەرلەرگە كەلگەندە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزىنىتىنى بەجا كەلتۈردۇق دەۋېلىپ، مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئوبرازىنى تولىمۇ خۇنۈكلەشتۈرىدۇ. نىسا ۋە مۇجادىلە قاتارلىق ئايالللارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغدايدىغان سۈرىلەرنى دەسسەپ چەيلەيدۇ. بۇنداق تەبلىغچىلەر «ئايالار يولدىشىنى ئۆيلەپ قويسا جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەندەك پەتىۋالار بىلەن جەننەت ئۈۋچىلىقى قىلىدۇ.

بۇ قېتىم ئىستانبۇلدا دىققىتىمنى تارتقان نۇقتىلارنىڭ بىرى، مەلۇم كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقتا قالغان تۇل ئاياللارنى باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن ئەرلەرگە بىر ھەپتە، ئىككى ھەپتە ياكى ئۈچ ھەپتىلىك ۋاقىتلىق خوتۇنلۇققا تونۇشتۇرۇش بولدى. بۇ، بىر پاجىئە، بۇ، بىر مىللەتنىڭ دۈشمىنىنىڭ قولىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قولىدا خاراب بولۇشىدۇر. بۇنىڭ خىتاي ياشلىرىغا مەجبۇرى تېگىشلىۋاتقان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەسىدىن نېمە پەرقى بار؟ ئېرى سۈرىيەدە ئۇرۇشتا ئۆلگەن ياكى خىتاي تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان ئىستانبۇلدىكى ئاياللارنىڭ چىقىش يولى، باشقىلارغا كۆڭۈل سوۋغىسى قىلىنىشمۇ؟!

مېنىڭ «تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل» ناملىق چاتما مۇلاھىزەمدە ھېچكىمگە ھۇجۇم قىلىش ياكى نىشانىنى باشقا ياققا بۇراشتەك مەقسەت يوق. ھېسلىرىم، ئىستانبۇلدا خىتاي جازا لاگېرلىرىغا پاراللېل ھالدا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان

ئىككىنچى بىر جازا لاگېرلىرىنىڭ قۇرۇلۇۋاتقانلىقى ياكى 90 ـ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بەرگەندىكىدەك سىياسىي كرىزىسىنىڭ، بۇ قېتىم ئىستانبۇلدا قايتا يۈز بېرىپ قېلىشىدەك بىر پاجىئەنى سەزمەكتە.

ئىستانبۇلدا يەنە بىر دىققىتىمنى تارتقان نۇقتا، كىچىك ـ كىچىك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈش ۋە چوڭ جامائەت، كىچىك جامائەت دېگەندەك ناملار بىلەن قاتتىق دىنىي تۈس ئالغان جامائەتچىلىكلەرنى بەرپا قىلىنىشى بولۇپ، ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، بۇلار ئىشنى خانىملىرىنىڭ يۈزىنى نىقابلاشتىن باشلايدىكەن. بۇ جامائەتنىڭ ۋەتەن داۋاسى يولىدىكى سىستېمىلىق، پىلانلىق يول خەرىتىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇلارنىڭ خانىملىرى نېمە ئۈچۈن قارا نىقاب تاقايدىغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، پەقەت بۇنى «ئاللاھنىڭ دىنىغا مەھكەم ئېسىلغانلىقى» دەپ قارايدۇ.

تولىمۇ كۈلكىلىك يېرى، ۋەتەن ئازادلىقى كۈرىشى ئاياللارنى نىقابلاشتىن باشلىنامدۇ؟ ئىستانبۇلدا نىقابلىق ئاياللار بىلەن كۆرۈشۈپ پاراڭلىششىمۇ شۇنچىلىك تەسكە توختايدىغان بولۇپ، سەللا ئېھتىيات قىلمىسىڭىز، «ئەرلەرگە قارشى ئاياللار ئىنقىلابىنى قوزغىماقچى» دېگەن تۆھمەتكە قالىسىز ياكى سىزگە كىشىلەر: «بۇ قارا نىقاب مەسىلىسى ئىستانبۇلدىكى قارا ئۆڭكۈرگە ئوخشايدۇ، دىققەت قىلىڭ. ئۇنىڭ بىر ئۇچى سۇرىيەگە، يەنە بىر ئۇچى چوڭ جامائەتلەرگە تۇتىشىدۇ. ئابلىكىم مەخسۇمخان ھاجىم ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالماي سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ.

ئىستانبۇلدا جازا لاگېرلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان روھىي جەھەتتىكى پاجىئەلەردىن باشقا، دىنىي جەھەتتىكى گۇرۇپپا ۋە

مەزھەپچىلىك، ئادەم بېدىكلىرىنىڭ سۇرىيەگە ئادەم يۆتكىشى، ئەرلىرىنىڭ خاتالىقلىرى سەۋەبىدىن ئاياللار ۋە باللارنىڭ خارلىنىشى، كەمبەغەلچىلىك، تۇل ئايال، يېتىم باللارنىڭ مەسلىسى، پىلانسىزلىق، چېچىلاڭغۇلۇق ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، بۇنىڭ كېلەچەكتە ئېغىر بىر سىياسىي كىرىزىسقا ئايلىنىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئىستانبۇلدا بەك چوڭ، كاتتا مەكتەپ-مەدرىسلەرنى سالالايدىغان پۇلدار بايلارمۇ، دىن تەشۋىقاتچىلىرىمۇ، ھەممە نېمە تولۇپ تۇرۇپتۇ. ئەمما ئەڭ مۇھىم بولغان Work Team، يەنى ھەمكارلىشىپ ئىشلەش روھى يوق ئىكەن. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى دىنىي مەسىلىلەر ۋە جامائەتچىلىك مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان مەشھۇر ئۆلىمالار بىرلىكى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى خۇلاسىلىگەندە، ئىستانبۇلدىكى بۇنداق مەسىلىلەرنى تۈپتىن ھەل قىلىشقا ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ كۈچى يەتمەپتۇ ياكى يەتمەيدىكەن.

ئىگىلەشلەرگە قارىغاندا، ھازىر شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىدە 70 كە يېقىن ئاتاقتا ئۆلىما ياكى داموللام بولسىمۇ، ئۇلارغا كەسپىي نۇقتىدىن قاتتىق تەلەپ قويغاندا 60 قا يېقىنى ئۆلىما دېگەن تەلەپكە يەتمەيدىكەن، ھەممە بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە ئىكەن. دۇنيادا بىر مىليوندىن ئارتۇق ئەگەشكۈچىسى بار دوكتور زاكىر نايىكمۇ داۋاملىق ھالدا ئۆزىنىڭ بىر تەبلىغچى ئىكەنلىكىنى، ئۆلىما دەرىجىسىگە يەتمىگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. فىزىكىنى ياخشى بىلگەنلىك فىزىكا ئالىمى بولغانلىق ھېسابلانمىغاندەك، دىنىنى ياخشى بىلگەنلىكمۇ دىنىي ئالىم بولغانلىق بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. دېمەك، ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ئىستانبۇلدىكى دىنىي تۇس ئالغان قالايمىقانچىلىقلارنى توسالمىغانلىقى؛ بولۇپمۇ قارا نىقاب مەسلىسىدە كەسكىن

بىر پەتىۋا بېرەلمەي ئىككىلىنىپ قېلىشى ياكى بەرگەن پەتىۋالىرىنىڭ قىممىتىنىڭ بولماسلىقى؛ ھەقىقىي مەنىدىكى دىنىي ۋە پەننىي زىيالىيلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، ھازىرقى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان پەن-تېخنىكا دەۋرىگە ماسلىشالمىغانلىقىدىن بولغان ۋە ياكى بۇنداق ۋەزىيەتنىڭ مۇشۇنداق ھالەتتە تۇرىۋېرىشىنى خالايدىغان كۆزگە كۆرۈنمەس بىر كۈچنىڭ بارلىقىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ كۈچ زادى قانداق كۈچ بولۇشى مۇمكىن؟

ئىستانبۇلدىكى دىنىي زاتلار مەرھۇم ئابلىكىمخان مەخسۇمنى، خۇددى ئابدۇقادىر داموللامنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەيدىكەن، يېتۈك ئالىم ۋە يولباشچى دەپ تەرىپلەيدىكەن. ئەمما ئابلىكىمخان مەخسۇم سۈرىيەگە ئۇيغۇرلارنىڭ بېرىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، ئاياللارنىڭمۇ نىقابلىنىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدە ئاۋازىنى يۇقىرىلىتىشقا باشلىشى بىلەنلا سۈيىقەستكە ئۇچۇرغان. ئىستانبۇلدىكى كۆپلىگەن ئۇيغۇلار ئابلىكىمخان مەخسۇمنىڭ ئۆلىمىنىڭ سۈيىقەست ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىكەن.

تارىخ تەكرارلىنىدۇ، تارىخنىڭ تەكرارلىنىدىغانلىقىغا ئەڭ بەك ئىشىنىدىغان مىللەتلەرنىڭ بىرى ئۇيغۇرلار بولۇشى مۇمكىن. گىتلېر جازا لاگېرلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلۈشى، تارىخنىڭ تەكرارلىنىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى بولسا، تارىختىكى ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن دۈشمەنلەر ئېلىپ بارغان نادان، خۇراپات ھالەتتە قالدۇرۇش ئويۇنىمۇ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئىستانبۇلدا ئوينالماقتا. مەن پەقەت ئۆز كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن. يۇقىرىقىلار مېنىڭ ئىستانبۇلنى مەركەز قىلغان دىنىي ساھەمىزدە ئاڭلىغانلىرىم، كۆرگەنلىرىم ۋە كۆزەتكەنلىرىم. بەلكىم ھەر بىر ھېكايىنى

يەككە-يەككە ئاڭلىغانــدا بىــر كارتىنا سىزىلماسلىقى مۇمكىــن. ئەمما ھەممە ھېكايىلەرنــى بىــر يەرگــە ئەكەلگــەن ۋاقتىمىــزدا، دىنىــي ساھەمىز يۆنىلىشــىنىڭ قاياققا قــاراپ كېتىۋاتقانلىقىنــى، 21-ئەســىردىكى ئىلىم-پــەن ۋە تېخنىــكا دەۋرى بىلــەن ماسلىشالمايدىغان بىــر تەتــۈر يۆنىلىشكە قــاراپ كېتىۋاتقانلىقىنــى كۆرەلەيمىــز. ئۇنداقتــا بۇنــداق تەتــۈر يۆنىلىشكە بۇراۋاتقــان كــۈچ خىتايمۇ ياكــى ئۆزىمىزنــىڭ ئىچىمىزدىكــى جاھىــل كۈچلەرمۇ؟ بــۇ ئۇيغــۇر جەمئىيىتىگــە تاشــلانغان بىــر سوئال.

ھېس-تۇيغۇلىرىمىــز يالغــۇز ھاياتىمىزغــا بىــر مەنــا قوشــۇپ شــەكىللەر ھاســىل قىلىپــلا قالمــاي، بەلكــى سىياســىي، ئىجتىمائىــي ۋە دىنىــي ۋەزىيەتكىمــۇ مەنــا بېرىــدۇ. دۆلەتنــى كىملەرنىــڭ باشــقۇرۇۋاتقانلىقى، دۇنيــادا قانــداق تاشقى سىياسەت قوللىنىلىۋاتقانلىقــى، قانــداق ئىقتىســادىي قەدەملــەر بېسىشــىمىز كېرەكلىكىنــى پىلانلىغــان ۋاقتىمىــزدا، دېموكراتىــك ســايلاملارغا ئېھتىياجىمىــز چۈشــىدۇ. ھېس-تۇيغۇلار خــۇددى دېڭىزغا تۆكۈلگەن دەريــالاردەك قەلەملىرىمىــز ئارقىلىــق خاتىرىلىرىمىزگــە تۆكۈلىــدۇ. ئاپتور شۇڭا ھېس-تۇيغۇ ۋە ئاڭلىغانلىرى، كۆرگەنلىرىگە ئەگىشىپ يولغــا چىقتــى. ئۇيغــۇر مىللىتــى بولــۇپ مەۋجــۇت بولۇشــتىكى مۇھىم ئاساسلىرىمىزنىڭ بىــرى بولغان دىنىي ساھەمىزدە قوينى قاسساپ سويالمايۋاتىدۇ. شــۇ ســەۋەبتىن زىيالىيلىرىمىزنىــڭ پىچاق تۇتۇشــى كېلىــپ چىقىۋاتىــدۇ. ئۇنــى ئــاز دەپ، قەلــەم تەۋرەتكۈچىلەرنىــڭ بــۇ ساھە ھەققىــدە قەلــەم تەۋرىتىشــىگە رۇخسەت قىلىنمايۋاتىــدۇ. خــۇددى خىتــاي تەشۋىقات مىنىستىرلىكىدىن بىــرلا بۇيــرۇق كېلىپ توختىتىلســۇن دېگەنــدەك ياكــى قايســى بىــر ئېتۇتىنكــى «بــۇ گىلــەم بــۇ تامغا ئېسىلمىسۇن» دېگەنــدەك بۇيرۇقلارنــى تاپشــۇرۇپ ئېلىۋاتىمىز. ھــەر بىــر قەلــەم بىــر مەشــئەل، ھــەر بىــر تېما بىنا ئۈچــۈن كېرەكلىــك بىــر تــال كېســەك. كېســەكلەر بىــر تــال بىــر

تالدىن سەۋر بىلەن قويۇلغاندا ئاندىن بىر بىنا بولۇپ پۈتۈپ چىقىدۇ. «تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل»نىڭ 1 ـ قىسمى ھەققىدە ۋاتسئاپ گۇرۇپپىلىرىدا ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئاۋازلىق سۆزلىگەن بىر قېرىندىشىمىز: «ئۇيغۇرلاردا ھازىر يۈرەك كېسىلى بار، شۇڭا قارا نىقابقا كىرىۋالدى، ئاۋۋال بۇلارنىڭ يۈرەك كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتساق، ئاندىن قارا نىقابنى ئېلىۋېتىدۇ» دېگەندەك مەنادا ئاۋازلىق ئۇچۇر تارقاتتى. مەنچە ئۇيغۇرلاردا يۈرەك كېسىلى يوق. ئۇيغۇرلار تارىخنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە بېشىغا كەلگەن ئەڭ ئېغىر كۈلپەتلەرنى «خانلەيلۇن» ، «گۈلمەرەم» ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، نورمال ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، دىنىي ئىبادەتلىرىنى ۋاقتىدا قىلىپ، ئېغىر زۇلۇملارنى يېڭىپ كەلگەن. ھەرگىزمۇ مۇساپىر شەھەر ۋە دۆلەتلىرىدە قارا نىقابلىنىپ، يۈرەك كېسىلىم بار دەپ يېتىۋالمىغان ئىدى. ئەسلىدە ئۇيغۇرلاردا كېسەل بار دەپ قارالسا، دىنىي ساھەمىزدە ھەزىم قىلالماسلىق كېسىلى بار دەپ قارايمەن. شۇڭا ئۇلار بۇ ساھە ھەققىدە يېزىلغان بىر پارچە ماقالىنىمۇ ھەزىم قىلالمايۋاتىدۇ. بۇنداق ھەزىم قىلالماسلىق چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي كۆز قاراش جەھەتتە بىر قانچىگە بۆلۈنگىنىنى ئاز دەپ، دىنىي جەھەتتىمۇ بىر قانچىگە بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ.

قىسقىسى، ئىستانبۇلنى مەركەز قىلغان دىنىي ساھەمىز بىر ئات ئېلىپ قاچقان ھارۋىغا ئوخشاپ قالدى، ھەر كىم ھەر تەرەپكە ئېلىپ قاچىدىغان. بۇ ئات ئېلىپ قاچقان ھارۋىلار بارغانچە ھازىرقى دەۋر يۆنىلىشىدىن تەتۈر بىر يۆنىلىشكە قاراپ قاچماقتا. بۇ خەتەرلىك ئات ئېلىپ قاچقان ھارۋىنى تۈر دەپ چۈلۋۈرىنى تۇتۇۋالىدىغان كىشى كەم بولۇۋاتىدۇ.

# تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل (3)

## ئۇيغۇرنىڭ قارا ئورتانجا گۈللىرى

سافاكۆي، 2019-يىلى ئاۋغۇست. سافاكۆيدە ئولتۇرىدىغان بىر دوستۇمنىڭ بىزنى جەم قىلىشى بىلەن، قارا نىقابلىق بەش نەپەر قېرىندىشىم بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۈم. ياپونىيەنىڭ بىر گۈلى بار Hydrangea (ھەيدىرانجا) دەيدىغان، بۇ گۈلنىڭ تۈركچە ئىسمى ئورتانجا. بۇ گۈل يەر قاتلاملىرىدىكى كىسلاتالىق تەركىبىنىڭ ئاز ۋە كۆپلۈكىگە قاراپ رەڭلىرىنى ئۆزگەرتىدۇ. مەن ۋە بۇ بەش نەپەر قېرىندىشىمىز ئەنە ئاشۇ ئورتانجا گۈلىگە ئوخشاپ قالغان ئىدۇق. يىلتىزىمىز بىر، نەسلىمىز بىر، ئەمما مۇھىت، شارائىت، ئالغان دىنىي ۋە باشقا تەربىيەلىرىمىزنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن ھەر خىل رەڭلەردە ئېچىلىشقا مەجبۇر بولغان ئورتانجىلار ئىدۇق. قانداق رەڭدە ئېچىلىۋېلىش بىزنىڭ تاللىشىمىز ئەمەس، ئورتانجا گۈلنىڭمۇ تاللىشى ئەمەس ئىدى. يەر قاتلاملىرىدىكى تۇپراق تەركىبىنىڭ قانداق بولۇشى بىزگە تەسىر كۆرسەتتى. ھال رەڭ ئېچىلغان ئورتانجا گۈلى، يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان مېھرى-مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى. سۆسۈن رەڭ ئورتانجا، بىرلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىغا سىمۋول قىلىناتتى.

مەن بۇ بەش نەپەر قارا نىقابلىق سىڭىللىرىمىز ئارىسىدا ئۆزۈمنى ھال رەڭ ۋە سۆسۈن رەڭ ئېچىلغان ئورتانجالاردەك ھېس

قىلدىم. بەش نەپەر قارا نىقاب ئاستىدا ئاجايىپ ئىچىنىشلىق بەش قىسمەت، بەش رومان يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، ئۇيغۇر مىللىتى نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان ئاجايىپ تىراگېدىيەلەرنىڭ سىمۋولى بولۇپ تۇراتتى. ئەمما بۇ خانىملار ناھايىتىمۇ يۇقىرى سەۋر-تاقەت ۋە چىدام-غەيرەتنى قوچاقلاپ تۇراتتى.

بىرلىرى ئۆزىنى مەن سىلەرنى قاراڭغۇ ئورماندىن، يەنى خىتاينىڭ ئۇستى ئوچۇق تۈرمىسىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان «دانكو»، «سىلەرنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىمەن»، دېدى. ئەركىنلىك ۋە ھۆرلۈككە سۇدەك چاڭقىغان بۇ ھەمشىرىلىرىمىز ناھايىتى چوڭ كارۋان بولۇپ، ئائىلىسى بىلەن ئۇششاق باللىرىنى ئېلىپ، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ھامىلە بولۇشىغا قارىماي بۇ قاراڭغۇ ئورمانلىقتا قاراپ يولغا چىقتى. قاراڭغۇ ئورمانلار، سازلىقلار... ئۇلار ئەركىنلىك ئىزدەپ ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇشەققەتلىك ۋە خەتەرلىك يوللىرىغا تەۋەككۇل قىلدى. ئۇنداقتا، بۇ مۇشەققەتلىك، خەتەرلىك مۇز داۋانلارغا باشلاپ ماڭغانلار، ھەقىقەتەن خەلقنى قاراڭغۇ ئورماندىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، قاراڭغۇ ئورمانلىقنى يورۇتۇپ ماڭغان ھەقىقىي دانكولارمىدى؟

بۇنىڭدىن بەش يىل ئاۋۋال ۋەتەنىدە تۇيۇقسىز دىنىي ئۆلىنى لىنتىلىرىنىڭ كەينىدىن باشلىنىپ كېتىشى، ئاندىن قارا نىقابنىڭ يامراپ كېتىشى، ئاندىن پاسپورت ئىشلەشنىڭ كەڭرى قويۇۋېتىلىشى، ئاندىن غەلىتە تۇس ئالغان سىرلىق ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك رايونىدىن تايلاند، مالايشىيا قاچاق يولىنىڭ ئېچىلىشى، بىرلىرىنىڭ بۇ يولدا ئۆزىنى «دانكو» دەپ ئېلان قىلىشى، تۈركىيەگە كېلىش ۋە سۇرىيەگە بېرىش، ئىستانبۇلدىكى جىھادچىلارنىڭ «ھۇجرا»لىرى، سۇرىيەدە شېھىت بولۇشنى

شەرەپ دەپ بىلىش قاتارلىقلار ھەققىدە توختالمايمەن. چۈنكى بۇ مېنىڭ يەلكەم ئۆچۈن خۇددى تۆگمەن تېشىدەك ئېغىر يۈك، كۈچۈم يەتمەيدۇ. پەقەتلا دۇنيادىكى بارلىق ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا كۈچلۈك گۇمانلىرىم ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىم بار.

مەن «تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل» ناملىق چاتما مۇلاھىزەمنىڭ 1- ۋە 2-قىسىملىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ساھەسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئەگەر ئۇ ئىككى پارچە ماقالىنى ئوخشىتىشقا توغرا كەلسە، بىر ئومۇمىي خەرىتە دېيىشكە بولىدۇ. قارا نىقاب ئاستىدىكى ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى بىلەن كۆرۈشۈش GPS كۆرسەتكەن ئەڭ ئاخىرقى نۇقتا ياكى تۈگۈنگە ئوخشايدۇ.

مەن ئالدىمدا ئولتۇرغان بۇ بەش نەپەر قارا نىقابلىق ھەمشىرىلىرىمىز ۋە ئۆزۈمنى، ئانام تۇغقان ئالتە قىز دەپ ئويلىدىم. ئۇلار كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان دانكولار ئەكىلىپ تاشلاپ قويغان سالچىلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلار ئۆزىگە تازا تونۇشلۇق بولمىغان بۇ دەريادا ئېقىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. مەن ئۇلاردىن سىلەر نېمىشقا قارا نىقاب ئىچىگە كىرىۋالدىڭلار؟ سىلەرگە كىم قارا نىقابنى مەجبۇرلىدى؟ دېگەندەك سوئاللارنى سوراشنى بىمەنىلىك دەپ قارايمەن. شۇنداقلا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئۇلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدىغانلىقى بىلەنمۇ كارىم يوق. مەن پەقەت ئۇلار مەندىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟ مېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟ دېگەنلەرنى بىلىپ باقماقچى. ئۇنىڭدىن باشقا، قارا نىقاب ئاستىغا يوشۇرۇنغان ئۇيغۇر مىللىتى نۆۋەتتە دۇچ كەلگەن، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرى دۇچ كەلگەن «ۋەتىنىنى تاشلاپ قېچىش

تىراگېدىيەسى»نى ئاڭلاپ باقماقچىمەن. ئۇلارنىڭ بوگۈن ۋە ئەتە ھەققىدىكى ئەندىشە ۋە غەملىرىنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان كۆزلىرى، ئۆزلىرىنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببەتكە، مېھرىبانلىققا موھتاج ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا ئىدى. مەن ئۇلارنى 5 دىن 7 گىچە باللىرىڭلار بىلەن ئۇيغۇرلارغا يات بولۇپ قالدىڭلار، سىلەر چوقۇم ئىشلىشىڭلار كېرەك، دېگەن گەپنى ھەرگىزمۇ ئاغزىمدىن چىقىرالمايمەن. چۈنكى مەن ياشايدىغان بۇ دۆلەتتە ئىشلەش ئىقتىدارى تۇرۇپمۇ ھۆكۈمەت پاراۋانلىقىنى ئېلىپ، 6 ـ7 بالىسىغا سوت پۇلى ئېلىپ ياشاۋاتقان ئەرلەرمۇ نۇرغۇن. بۇ تېشى قارا، ئىچىدە بىر ئوت يالقۇنجاپ تۇرغان ئاچا ـ سىڭىللىرىمىز پەقەت تۈركىيەدەك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، داۋالاش سىستېمىلىرى مۇكەممەل بولمىغان، ۋەتەنداشلىق ئېلىش، ئىشلەش رۇخسىتى ئېلىش تولىمۇ تەس بولغان بىر دۆلەتتە يۈكتەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن. ئەمما مەن ياشاۋاتقان دۆلەت ئۈچۈن ھېچنەرسە ئەمەس. دېمەك، مۇھىت ۋە شارائىت خۇددى ئورتانجا گۈللىرىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىشكە سەۋەب بولغاندەك، سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى بۇ ئاچا-سىڭىللىرىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىدا نۇرغۇنلىغان يېڭى ئۆزگىرىشلەر ھاسىل قىلىدىغانلىقىغا، ئۇلارغا مەڭگۈلۈك ئۈمىد شامى يېقىپ بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

بىر دوستۇم بار زەيتىنبۇرنۇدا ئولتۇرىدىغان. ئۇ نىقابىنىڭ رەڭگىنى قارىدىن باشقا رەڭگە ئۆزگەرتكىلى خېلى زامانلار بولدى. ئۇ يەنە نىقابىنى بارا-بارا بۇرۇننىڭ ئۈچىغا چۈشۈرگەن ئىدى. ئۇ ھازىر ئاغزىنىلا ئېچىۋەتسە نىقابتىن ئايرىلىدۇ دېگەن گەپ. ئۇنىڭ كەسكىن ۋە ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنچ قىلغان ھالەتتە نىقابتىن ئايرىلالماسلىقى، ئىستانبۇلنىڭ تىمتاس ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدىغان يەنە بىر مىسال. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇ

نىقابىنى ئېچىۋەتسە ئىستانبۇلدىكى مەلۇم تەرەپلەر تەرىپىدىن ئېغىر بېسىمغا ئۇچرايدۇ ياكى تاپا-تەنىگە قالىدۇ.

يۇقىرىقىلار قارا نىقابلىق ھەمشىرىلىرىمىز بىلەن مېنىڭ مۇناسىۋەتلىرىمنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان جۈملىلەر.

مەن يەنە ئۇيغۇر دىنىي ساھەمىزنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىغا قايتىپ كېلىمەن. كىيىمنى قانچە قات-قات كىيىۋېلىش ياكى نىقابلىنىش، دىنىنى شۇنچە مۇكەممەل بىلگەنلىكىمىزنى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. دىن، قۇرئانى كەرىمنى ئوقۇپ قويۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن قىممەتكە ئىگە بولىدۇ ۋە ئۆز مەنىسىنى تاپىدۇ.

يېقىندا ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا سافاكۆي قاتارلىق جايلاردىكى يالغۇز ئانىلارنىڭ ئائىلە تازىلىق ۋە شەخسىي تازىلىقىدا مەسىلە كۆرۈلۈپ، بۇ رايونلاردا ئولتۇرۇۋاتقان تۈرك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان رايونلۇق ھۆكۈمەتكە بۇ ئۇيغۇرلارنى كۆچۈرۈۋېتىش ھەققىدە شىكايەت قىلغانلىقى، شۇنداقلا ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ تازىلىقى ھەققىدە شىكايەتلەردە بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئاۋازلىق ئۇچۇر تارقالدى. بۇ تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان سەتچىلىك ئىدى. شۇنداقلا پەيغەمبەر دەۋرىدىكى ئانىلىرىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئىنسانىيەت ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرى، يىغىنچاقلىغاندا ئۇلارنىڭ تا قىيامەتكىچە ئۆلمەيدىغان روھىنى ئۆزىمىزنىڭ ھاياتلىق نىشانى قىلماي، ئۇلارنىڭ 1400 يىللار بۇرۇنقى دەۋر ۋە شارائىتىغا مۇناسىۋەتلىك كىيىم-كېچەكلىرىگە سادىق بولغان ۋاقتىمىزدا مانا مۇشۇنداق سەتچىلىكلەرنى سادىر قىلىپ قوياتتۇق. بىز ئۆزىمىزنى ئۇلارنىڭ بۇ دەۋردىكى ئوبرازى دەپ قارايمىز. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلارنىڭ

ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىمىز. بۇ، روھنىڭ چۈلدەرەپ قېلىشى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككىنچى بىر نۇقتا، ئىستانبۇلدىكى نۇرغۇنلىغان خانىملارنىڭ ئاللاھنىڭ 99 ئىسمىنى ئاتاپ تەسۋى سىرىپ ۋە ئۈنى يىغىپ بىر ئىشلار قىلىدىغانلىقىدىن ئاز-تولا خەۋىرىم بار. ئەمما ئاللاھنىڭ 99 ئىسمىنىڭ ئىچىدىكى «ئەل-غەفۇر» ئىسمى، ئەيىبلەرنى ۋە گۇناھلارنى ياپقۇچى، كەچۈرگۈچى، مەغپىرەت قىلغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بىز ئاللاھنىڭ 99 ئىسمىنى چىن دىلىمىزدىن ۋە قەلبىمىزدىن ئۆگەنگەن بولساق، يۇقىرىدىكى سەتچىلىكنى تامامەن يېپىپ كەتكەن بولاتتۇق.

تۆۋەندىكى ئابزاسلىرىم يەنىلا ئۇيغۇر جەمئىيىتى ياكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى بولغان دىنىي ساھەمىزنىڭ ئومۇمىيلىقىغا قارىتىلغان بولىدۇ. ئاياللار ۋە ئەرلەر بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان، شۇنداقلا ھەرگىزمۇ بىر-بىرىنىڭ ئورنىنى توشقۇزالمايدىغان ئىككى تال يېرىم پارچە. بۇ تولۇقلاش، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئەر ۋە ئايال ئۈچۈن ئورتاق ياراتقان بۇ كائىناتتا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەگەر ئاللاھنىڭ ھەممە نېمىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچ بولمىغان تەقدىردە، ئادەملەر ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالغان نىقابلار، تۆمۈر نىقاب بولغان تەقدىردىمۇ كار قىلمايدۇ. بۇ تولۇقلاش، خۇددى بىر جۈپ ئاياقنىڭ بىرسى سول پۇت ئۈچۈن، يەنە بىرى ئوڭ پۇت ئۈچۈن تىكىلگىنىگە ئوخشايدۇ. دېمەككى، بۇ بىر پۈتۈننى ھاسىل قىلغۇچى ئىككى پارچە ئۆزئارا باراۋەردۇر، ئەمما بىر-بىرىنىڭ ئوخشىشى ئەمەس. ئەگەر ئوڭ پۇتنىڭ ئايىغىنى سول پۇتقا ياكى سول پۇتنىڭ ئايىغىنى ئوڭ پۇتقا كىيمەكچى بولساق، دۇنيا قانۇنىيەتلىرىنى تەتۈرگە بۇرىغان بولىمىز. سول

پۇتنىڭ ئايىغى سول پۇتتا، ئوڭ پۇتنىڭ ئايىغى ئوڭ پۇتتا تۇرۇشى كېرەك. سول پۇتنىڭ ئايىغى بىلەن ئوڭ پۇتنىڭ ئايىغى ئوخشىمىغان رەڭدە كوچىغا چىققان ئەھۋالدا بۇ نورمالسىزلىقنى كىشىلەر كۆلگەنگە ئوخشاش، بۇ دۇنيادىكى ھاۋا، سۇ، قۇياش... ھەممە نەرسىدىن تەڭ بەھرىلىنىشكە تېگىشلىك بولغان ئائىلىنى، ھازىرقى دەۋرگە ماسلاشمىغان قارا نىقاب بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىش، دۇنيانىڭ تەبىئىي قانۇنىيەتلىرىنى بۇزىدۇ. ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەبىئىيلىكىنى زېدىلەيدۇ.

ماقالەمنىڭ باش قىسمىدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكىنىمدەك، ئورتانجا گۈللىرىنىڭ رەڭگىنى ئىنسانلار يەر قاتلاملىرىنىڭ كىسلاتالىق تەركىبىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغان سىمۋوللۇق رەڭلەرگە تامامەن ئايلاندۇرغىلى بولغىنىغا ئوخشاش، مەلۇم كۆچلەر ئۇيغۇر ئاياللىرىدىن ئىبارەت بۇ ئورتانجا گۈللىرىنىڭ رەڭگىنى قارىغا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، مەلۇم شۇم غەرەزلىرىگە يەتمەكچى بولۇۋاتقان بولۇشى تامامەن مۇمكىن. ھال رەڭ ئورتانجا گۈلى يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان ھېس-تۇيغۇ ۋە يېقىنچىلىققا سىمۋول قىلىنسا، ھاۋا رەڭ ئورتانجالار سوغۇققانلىق ۋە ئەپۇ سوراشقا، ئاق ئورتانجالار پەخىرلىنىشكە، سۆسۈن رەڭ ئورتانجالار بىرلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىغا سىمۋول قىلىنىدۇ. شۇنداق، مەن خۇددى سۆسۈن رەڭ ئېچىلغان ئورتانجا گۈلىدەك، قارا نىقابلىق ئاچا-سىڭىللىرىمىزنى چوڭقۇر چۈشىنىشنىڭ سىمۋولى بولۇپ ئېچىلىپ تۇرماقتىمەن. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، كىملەردۇر ئۇيغۇر ئاياللىرىنى قارا ئورتانجا گۈللىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، يەر قاتلاملىرىنىڭ كىسلاتالىق تەركىبلىرى بىلەن ئوينىشىۋاتامدۇ قانداق؟ دېگەن ئەندىشىلىرىمۇ يوق ئەمەس. چۈنكى قارا نىقابنى قارا ئورتانجا گۈلى دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق، قارا ئورتانجا گۈلى، ئەرەبلەرنىڭ

ۋە تېررورنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى خىيالىمغا كەلتۈرگەن ۋاقتىمدا تەنلىرىم شۈركىنىپ كېتىدۇ.

90 ـ يىللاردا زەھەرلىك چېكىملىك ياماراپ كەتكەندە، بىز ئۆز ئۆزىمىزنى «بىز مۇشۇنداق زەھەر چېكىدىغان مىللەت، ناچار ئىللەتلەرنى ئوڭاي يۇقتۇرۇۋالىدىغان مىللەت» دەپ ئەيىبلىدۇق. ئەمما زەھەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە ئىزدەنمىدۇق. بىز ئۇيغىنىپ زەھەرنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ئىزدەنگەن ۋاقتىمىزدا، زەھەرنىڭ باھاسى نېمانچە ئەرزان دېگەن ۋاقتىمىزدا، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ياشلىرى كوچىلاردا قېتىپ قالغان ئىدى. خىتايلار ئىچكىرىدىن كېلىپ پىلاستىك يوپۇقلۇق سەي ـ كۆكتات پارنىكلىرى قۇرۇپ، يەر ـ زېمىنلىرىمىزنى تارتىۋېلىپ تەرەققىيات رايونلىرى قۇرۇپ بېيىپ كەتكەندە، ئۆز ئۆزىمىزنى يەنە ئۇيغۇرلار ئەبگار مىللەت، ھۇرۇن مىللەت دەپ ئەيىبلىدۇق. بۇ قېتىم تۇيۇقسىز قارا نىقاپ، يەنى قارا ئورتانجا گۈللىرى ئۈنتۈرىغا چىققاندىمۇ، بىز يەنە قارا نىقابلىق ئاچا ـ سىڭىللىرىمىزنى ئەيىبلەۋاتىمىز. بۇنداق بىر مىللەت خانىم ـ قىزلىرىنى قارا نىقابقا ئۆزگەرتىشنىڭ ئارقىسىدا قانداق شۇم پىلانلار بار، بۇنى تەھلىل قىلالمايۋاتىمىز. خىتاي ھۆكۈمىتى، جازا لاگېرلىرى، ئۇيغۇرلار، دۇنيا ۋەزىيىتى، سۇرىيەدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئۇيغۇرلارغا ئارتىلماقچى بولغان ناھايىتى ئېغىر بىر تۆھمەتنىڭ كۆلەڭگىسىنى سەزگەندەك بولىمەن.

زالىمنىڭ زۇلۇمى، دۇنيانىڭ، ھەتتا قېرىنداش ۋە دىنداش مىللەتلەرنىڭمۇ بىز بىلەن كارى بولماسلىقى، ھەمدە بىرلا ئاللاھتىن ئۈمىد كۈتۈش يولىغا ماڭغان ۋاقتىمىزدا، ھازىرقى ئىلىم ـ پەن دەۋرى بىلەن ماسلاشتۇرۇلغان توغرا دىنىي

تەلىم-تەربىيەگە ئېرىشەلمەسلىكىمىز، ئوخشىمىغان تەقدىر-قىسمەتلىرىمىز بىزنى بىر يىلتىز، بىر غولدا رەڭگارەڭ ئېچىلغان ئورتانچا گۈللىرىگە ئوخشىتىپ قويىدى.

قارا نىقابلىق ئاچا-سىڭىللىرىمىزغا مۇئامىلە قىلغاندا نىقابىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق ھېكايىلىرىنى قەلبىدە يوشۇرۇپ ياتقان بىر ئىنسانغا ئادىمىگەرچىلىك مۇئامىلىسى، بىر ئۇيغۇرلۇق مۇئامىلىسى قىلايلى. ئۇلارغا يەتتە قىزلىرىم، نۇزۇگۇم ۋە رىزۋانگۈل مۇئامىلىسى قىلايلى.

# تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل (4)

## ئۇيغۇر ئاياللىرى قانچىلىك ئايال بولالايدۇ؟

ئىلاۋە: «تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل» ئەسلىدە بەش قىسىملىق مۇلاھىزە ماقالىسى ئىدى. ئۇيغۇر ئاياللىرى قانچىلىك ئايال بولالايدۇ؟ ناملىق بۇ چاتما ماۋزۇ يېڭىدىن قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر چاتما مۇلاھىزە ماقالىسى جەمئىي ئالتە قىسىمدىن تەركىب تاپقان مۇلاھىزە ماقالىسىغا ئۆزگەرتىلدى. بەشىنچى ۋە ئالتىنچى قىسىملىرى بەزى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن «كىرىش مەنئى قىلىنغان قىزىل سىزىقلىق رايون» دەپ قارىلىۋاتقان مەسىلىلەر، يەنى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇر سىياسىتىدىكى ئادالەتسىزلىكلىرى ھەققىدە بولىدۇ.

ئالىملىق بىلەن ھاپىزلىقنىڭ پەرقى، ئالدىنقىسى پەن بىلەن دىننى بىر جان ۋە بىر تەن دەپ قارايدۇ.ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن «ئوقۇ» ئايىتىنىڭ، نوقۇل ھالدىكى «ماڭا ئەگىشىپ ئوقۇ» ئەمەسلىكىنى، بەلكى «دۇنيانى، كائىناتنى، تاغۇ-تاشلارنى، دەرەخلەرنى، ئورمانلارنى، دېڭىز ئوكيانلارنى، جانلىقلارنى ئوقۇپ بىل!» دېگەندىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. شۇنداقلا رېئاللىقتىمۇ ئالىملارنىڭ غەلىتە ئىككى يۈزى يوق. ئالىملار پەننى بىلىمدە كامالەتكە يەتمەي تۇرۇپ، دىن تەبلىغى قىلىشنى شەرەپسىزلىك دەپ بىلىدۇ. ئۇدا بەش يىل تۇپراق

ئۈستىدە كۆرۈنمەي، ئىچكى قۇرۇلمىسى ۋە يىلتىز سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان بامبۇك، بىزگە قانداق قىلغاندا كۈچلۈك مىللەت بولالايدىغانلىقىمىز ھەققىدە دەرس بەرسە، تاغلار، تاشلار، قۇچاق يەتكۈسىز دەرەخلەر بىزگە بىر تارىخ كىتابىنى ئوقۇپ بېرىدۇ.

ھاپىزلار پەقەت مەدداھلىق قىلىدۇ يادلايدۇ. كىشى مەدداھلىق قىلغانسېرى رېئاللىقتىن، تەبىئىيلىكتىن، ئىنسانىيلىقتىن ۋە دۇنيا قانۇنىيەتلىرىدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار دۇنيانىڭ تەبىئىي قانۇنىيەتلىرىدىن ئۇزاقلاشقانسېرى دىنىنىمۇ باشقا بىر يۆنىلىشكە قاراپ سۆرەپ مېڭىپ، پەندىن، بۈگۈنكى رېئاللىقتىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. گەرچە ھاپىزلارنىڭ ئۆزى بۈگۈن بىلەن بىللە بولسىمۇ، روھى قەدىمكى دەۋرلەردە بولۇپ، ئۇلار بۈگۈننىڭ ئادەملىرىنى، قانچە مىڭ يىللار بۇرۇنقى تاش قوراللار دەۋرىگە قەدەر باشلاپ بارماقچى بولىدۇ.

ئەسلىدە تارىخىمىزدا يۈز بەرگەن بارلىق دىنى تۈس ئالغان كۈرەش ۋە ئىختىلاپلار، ئالىملار بىلەن ھاپىزلارنىڭ كۈرىشى بولغان ئىدى. مەسىلەن: ئابدۇقادىر داموللام بىر دىن ۋە پەن ئالىمى ئىدى. ھاپىزلار ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلدى. مەمەتئېلى ئەپەندى ئاتۇشتا پەننى مەكتەپ سالماقچى بولغان ئىدى. ھاپىزلار ئۇنىڭغا پۇتلا-كاشاڭ بولدى.

ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلار ئىچكى مالىمانچىلىقى، سوپى-ئىشان ۋە ھاپىزلارنىڭ دۇنيانىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئىلىم-پەن ئىنكارچىلىقى ۋە توختىماي ھارام توقۇشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئىدى.

بۈگۈن تارىخ ھەر جەھەتتە ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن تەكرارلىنىۋاتىدۇ.

كۈنىمىزدە كىشىلەرنى نەپەس ئالغىلى قويماي ھارام توقۇش، دىنىنى دەۋر بىلەن، ئىلىم-پەن، تېخنىكا، تەرەققىيات بىلەن ماسلاشتۇرالماسلىق، دەل بۈگۈنكى كۈندە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر 200 مېتىر ئارىلىقتا بىر تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇش ۋە بۇ تەكشۈرۈش جەريانىدا دىنغا ياقمىغانلارنى جازا لاگېرىغا تاشلىشىنىڭ سىياسىي شەكلىدە ئەمەس، بەلكى دىنىي شەكلىدە، ھەمدە ئۇيغۇر ھاپىزلارنىڭ قولى بىلەن ئەمەلگە ئېشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر ئىستانبۇلدىكى نۇرغۇنلىغان قارا نىقابلىق ئاچا-سىڭىللىرىمىز، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ قارا نىقابلىق ئاياللار نىقابىنى تاشلىۋەتسە بولىدىغانلىقى ھەققىدە پەتىۋا بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنداقلا، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا سۆزلىنىدىغان دىنىي لېكسىيەلەرنىڭ مەزمۇنىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بېكىتىشىنى، دىنىي لېكسىيە سۆزلىگۈچىلەرنىڭ سالاھىيىتىنى، دىنىنى ۋە پەننى مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى خەلقىمىزگە ئاشكارا بىلدۈرۈش پەيتى يېتىپ كەلدى، دەپ قارايمەن.

مەن يېڭى يىل ھارام، نەۋرۇز ھارام، ناخشا-مۇزىكا ھارام دېگەن پەتىۋالارنىڭ، چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزئارا جەم بولۇشىغا ۋە بىرلىك-ئىتتىپاقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا قارا كۆلەڭگە تاشلاپ قويۇۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا مەدەنىيەت سەنئىتىمىزنى ئىنكار قىلىش بىلەن، خۇددى خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئوخشاپ قېلىۋاتقان بىر ۋەزىيەتتىن ئەندىشە قىلىپ، بۇ نۇقتىدا جىددىي رەۋىشتە يېڭى بىر پەتىۋاغا ئېھتىياجىمىزنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلماقتىمەن.

ئىستانبۇلنى مەركەز قىلغان دىنىي ساھەمىزدە غەلىتە تۈس

ئالغان ئىككى يۈزلىمچىلىكنى ھېس قىلدىم. بەزى نوپۇزلۇق دىنى ساھە كىشىلىرى، ئىستانبۇلدا كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ كېتىۋاتقان قارا نىقاب ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان غەلىتە مەسىلىلەر ھەققىدە، گەرچە «بۇ مەسىلىلەرنىڭ يىلتىزى بەك چوڭقۇر، ھەل قىلىشقا كۈچىمىز يەتمەيۋاتىدۇ. بىزگە ۋاقىت كېرەك، بىزگە بېسىم قىلماي تۇرۇڭلار» دەۋاتقان بولسىمۇ، يەنە بىر يەرلەردە قارا نىقابنى ئاقلاپ، ئىسلام دىنى قارا نىقابنى چەكلەنمەيدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ يۈرمەكتە. بەزى دىنى ساھە كىشىلىرى، بىر يەرلەردە قارا نىقابنىڭ قۇرئاندا يوقلىقى ھەققىدە ۋەز ئېيتىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما پەتىۋا بېرىشكە كەلگەندە ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كېتىشتىن قورقۇپ، كەسكىن پەتىۋا بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرمەكتە. يەنە بەزىلەر بۇ بېسىملاردىن قورقۇپ، ھاپىلا-شاپىلا قارا نىقاب ھەققىدە بىر لېكسىيە سۆزلەپ قويۇپ، ئارقىدىن «ئايال ھەمشىرىلىرىمىز قارشى چىقتى» دېگەننى باھانە قىلىپ ئۆزىگە قۇتۇلۇش يولى ئىزدىمەكتە. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىملىق ئەمەس، بەلكى ھايىزلىقتۇر، مەجبۇرىيەتتىن قېچىشتۇر.

قۇرئاندىكى يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قىسسىسى، بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ دىنى مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىدىن قاچقان ھايىزلار ئۈچۈن ئۆرنەك قىسسىسىدۇر.

دىنى ۋە پەننى ئالىملىرى، ھەمدە مەنىۋى مىمارلىرى مەۋجۇت بىر جەمئىيەتتە «بىر ئايال بىر دۆلەت» دەپ قارىلىدۇ. يەنى، بىر ئوقۇمۇشلۇق ئايال، پەرزەنتلىرى ۋە يولدىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئائىلە ئەتراپىدىكى قوشنىلىرى ۋە جامائەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. قوشنىلار ۋە جامائەت جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر جەمئىيەت دۆلەتنىڭ ۋە بىر مىللەتنىڭ

ئومۇمىي ساپاسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە بىر ئايال، بىر دۆلەتكە باراۋەر بولىدۇ.

ھاپىزلىق ھۆكۈم سۈرگەن جەمئىيەتلەردە، «ئايال كىشى باش بولغان قوۋم نىجاتلىق تاپالمايدۇ» دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، بۇنى قەدىمكى زاماندىكى پارس ئىمپېراتورلىقلىرىدىكى بىر ئايالنىڭ زالىملىقىغا باغلاپ، ئاياللارنىڭ لىدىرلىقىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدۇ. ئەمما قۇرئاندىكى بەقەرە سۈرىسى، تەھرىم سۈرىسى، ئەھزاپ سۈرىسى، مۇجادىلە سۈرىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش سۈرىلەردە ئاياللارغا ناھايىتى ئىجابىي باھالار بېرىلىدۇ. شۇڭا، ھاپىزلارنىڭ ھاپىزلىقى كۆپىنچە ھاللاردا قۇرئانغا زىت كېلىپ قالىدۇ. ھاپىزلار ئەۋج ئالغان جەمئىيەتلەردە ھېچكىم دىن ھەققىدە گەپ قىلالمايدۇ. ئۇلار دىن ھەققىدە گەپ قىلىش پەقەت ھاپىزلارغا خاس ئىش دەپ قارايدۇ. دىن ساھەسىدە كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن كىشىلەر «دىن دۈشمەنلىرى» دەپ قارىلىدۇ. قەلەم ئىگىلىرى بۇ ھەقتە قەلەم تەۋرىتەلمەيدۇ. چۈنكى ھاپىزلاردا ھەزىم قىلالماسلىق كېسىلى بار. ئالىملىق بىلەن ھاپىزلىقنىڭ پەرقى دەل مۇشۇ يەردە. ساختىپەزلىكنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇقى «دىن ساختىپەزلىكى» بولۇپ، بۇنداق جەمئىيەتتە ئەڭ ئېغىر زەربىگە ئۇچرايدىغانلار، چەتكە قېقىلىدىغانلار ئاياللار ۋە قىزلار بولىدۇ. خۇددى ياۋروپا ئىتتىپاقى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى دېگەندەك ناھايىتى دەبدەبىلىك ئىسىملار قويۇۋالغان ئۆلىمالار بىرلىكى، نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن ئېغىر دىنى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاشتا ئۆزلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ۋەزىپە ۋە مەجبۇرىيەتتىن قېچىۋاتىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا زىممىسىگە چۈشكەن ۋەزىپىسىدىن، مەسئۇلىيىتىدىن قاچقان يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ئاڭلىتىدۇ. مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتتىن قاچقان يۇنۇس

ئەلەيھىسسالام بىلىقنىڭ قارنىدا تۇتۇلۇپ قالدۇ. ئەمەلىيەتتە، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بىلىقنىڭ قارنىدا ئەمەس، بەلكى ۋىجدان ئالدىدا تۇتۇلۇپ قالدۇ. ئادەم بولۇش باشقا، ئادىمىلىك باشقا؛ ئەر بولۇش باشقا، ئەركەكلىك باشقا؛ بەدەن باشقا، ۋىجدان باشقىدۇر. بۈگۈن ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن بۇنچە ھاراملارنى قوبۇل قىلىپ، ۋىجدانىنىڭ سورىقىدىن قېچىپ ياشاش مۇمكىنمۇ؟ ياكى يۇنۇسنىڭ تەۋبىسىنى ئۇنتۇپ قالدۇقمۇ؟ بۈگۈن بىز ھەممىمىز ۋەزىپىسىدىن، مەسئۇلىيىتىدىن قاچقان يۇنۇستۇرمىز. ھېچ بولمىغاندا بۇنى ئېتىراپ قىلايلى. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام تۆۋە قىلدى، ئەمما بىز تەۋبە قىلىپ يېڭىدىن باشلاشنىڭ ئورنىغا، يېڭى بانايى سەۋەبلەر ئىزدەشنىڭ كويىدا يۈرۈۋاتىمىز. ئۆزىمىزنى نىقابلاش ئۈچۈن «بۇ ئىشنى ئەسلىدە خىتاي قىلىۋاتىدۇ» دېگەن بانايى-سەۋەبلەرنى ئويدۇرۇپ چىقتۇق. ھەر دائىم خاتالىقلىرىمىزنى ئارتىپ قويىدىغان بانالار ئىزدىدۇق. ھالبۇكى، ئۆزىمىز خىتاينىڭ ئەتكەن چېيىغا خام قايماق سېلىپ بېرىدىغان ئىشلارنى قىلدۇق.

ئۆلىمالار، داموللامىلار سۈت ئاشتىن چىققان ئاپئاق قوشۇقلارمىدۇ؟ ئالدى بىلەن خىتاي، ئاندىن ئۆز قولىمىز بىلەن ئىشلىگەن خاتالىقلار سەۋەبىدىن بالايى-قازاغا دۇچار بولۇۋاتىمىز.

مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن ئۇھۇت مەغلۇبىيىتى ھەققىدە «بۇ نېمە سەۋەپتىن» دەپ سورىغۇچىلارغا، ئاللاھ: «ئۆز قولۇڭلار بىلەن ئىشلىگەن خاتالىقىڭلار سەۋەبىدىن» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. ئەمما بىز داۋاملىق ئوڭغا-سولغا، يۇقىرىغا-تۆۋەنگە قاتراپ بانايى-سەۋەبلەر ئىزدەپ، خاتالىقلىرىمىزنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىمىز. ئەگەر ھاپىزلار بۈگۈنكىدەك ۋەزىيەتتە ئادەم

بولمىسا، بۇ مىللەتنى ياقىسىدىن تۇتۇپ ئۇرىدىغانلار بەك جىق بولۇشى مۇمكىن. سىز يۇنۇسنىڭ «مەنمۇ گۇناھكارمەن، بۇ قوۋمۇ گۇناھكار» دەپ گۇناھنى قوۋمگە تارتقىنىنى كۆردىڭىزمۇ؟ يۇنۇس تەۋۋە قىلدى ۋە يېڭىدىن باشلىدى، ئەمما بىز نېمىشكە يېڭىدىن باشلىيالمايمىز؟ بىز دىنى ساھەمىزدە ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىمىزنى ھارام دەپ كىرلەتتۇق. ھەتتا، بۇنىڭ بىلەن قۇرئاندىنمۇ چاك-چاك ئايرىلدۇق. تەۋۋە قىلىپ، يېڭىدىن باشلىشىمىز ئۆگىنىشىمىز كېرەكتى. ئەمما ئۇنىمۇ قىلالمايۋاتىمىز. «خىتاينىڭ قولى بار، شۇڭا قىلالمايۋاتىمىز» دەيدىغان باھانىمىز بەك ئېسىل. بىز ھەممىمىز ئىنسانلىقنىڭ يۇنۇسلىرىمىز. بۇ سەۋەپتىن ۋەزىپە ۋە مەجبۇرىيەتلىرىمىزدىنمۇ قاچمايلى. تەۋۋە قىلىش ياكى يېڭىدىن باشلاش، مېڭىمىزنىڭ يوشۇرۇن قاتلاملىرىنى تازىلاشتىن باشلىنىدۇ. روھىيىتىمىزدىكى شەھۋەت ۋە شەھۋانىلىق كېسەللىرىنى ئاياللارنى جەمئىيەتتىن، سورۇنلاردىن كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان جايلارغا ئىتتىرىش ياكى قارا نىقاب تاقاتقۇزۇش بىلەن ساقايتماقچى بولۇۋاتىمىز. بۇ كېسەلنى ھاپىزلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى قۇرئان دەرياسىدا ئېقىش بىلەن داۋالاپ ساقايتالايمىز.

يۇقىرىدىكىلەر مېنىڭ سەلتەنەتلىك ئوسماني خاندانلىقىنىڭ تۇنجى پايتەختى بۇرسادىكى ئەمىر سۇلتان، يەنى ئەمىر بۇخارىنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن ئويلىغانلىرىم. ئەمىر سۇلتان، يەنى ئەمىر بۇخارى، ئوسماني خاندانلىقىنىڭ 4-سۇلتانى يىلدىرىم بەيازىتنىڭ، شۇنداقلا ئوسمانىيلارنىڭ مەنىۋى مىمارى، يەنى روھى مىمارى ئىدى. بىر مىللەت ئۆزىنىڭ بىلىم ئىگىلىرى، مەنىۋى مىمارلىرىنى يوقۇتۇپ، پەقەت دىنىنىلا ئالدىنقى ئورۇنغا چىقارغاندا قۇرئاندىن چەتنەپ كېتىش، باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ قۇلى بولۇش

كېلىپ چىقىدۇ. ھازىر مىللىتىمىز ئىچىدە كۆرۈلۈۋاتقان، بىز ئۆز قولىمىز بىلەن، بىلمەسكە سېلىپ تۇرۇپ ياساپ چىققان قارا نىقاب، دەل ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ قۇلى بولۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئوسمانىيلار غۇلىغان مەزگىللەردىكى ئالىملارنىڭ موللىقى، مەنىۋى مىمارلىرىنىڭ موللىقى كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە ئازلاپ كەتكەن ئىدى. قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان، ئاد، سەمۇد، لۇت، نۇھ قوۋمىنىڭ ھالاكىتى، ئۇھۇد ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ «ئۆزلىرىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئاقىۋەتنى كۆرگەن» دېگەنلىكى ياكى ئەمەس. ئالىملارنىڭ كىتاب چەلەبى، كوجى بەي، موللا لۇتفى دېگەنگە ئوخشاش ئوسمانىي خانىدانلىقىنىڭ ئىچكى ئاجىزلىقلىرىنى كۆرسەتكەن كىشىلەر قەدىرسىزلەندۈرۈلگەن ياكى دارغا ئېسىلغان ئىدى. تارىخ نېمە دېگەن جىق تەكرارلانغان ـ ھە؟ نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ساھەسى ھەققىدە ئېغىز ئاچقان كىشى، قەلەم تەۋرەتكەن قەلەمكەش، خۇددى دارغا ئېسىلىدىغاندەك ئىززەت ـ ئابروي جاللاتلىرىنىڭ قولىدا دۇمبالىنىشقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ.

دىن بىلىمدۇر، بىلىم دىندۇر. بىر دىنى ئۆلىما قۇرئان ئايەتلىرىنى تەپسىر قىلغاندا، ئېينىشتېين قۇرئاننى كائىناتنىڭ سىرلىرى بىلەن تەپسىر قىلىدۇ. پەرزەنتلىرىمىزنى بىلىم ئىگىلىگۈچىدىن بەكرەك قۇرئان يادلايدىغان ھاپىز قىلىشقا دەۋەت قىلغان ۋاقتىمىز، دەل چىرىگەن ۋاقتىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھاپىزلار قۇرئاننى يادلايدۇ، ئەمما سۈننەتلەرنىمۇ ئۆز مەنپەئەتلىرى، شۇنداقلا شەھۋانى ھەۋەسلىرىنىڭ پايدىسىغا توقۇيدۇ. ئىسلام دىنى كۆپ خوتۇنلۇقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن ئەمەس. كۆپ خوتۇنلۇققا قويىدىغان شەرتلەر ئىنتايىن ئېغىر. يەنى ئادالەت شەرت. ئەمما ھاپىزلار ئۆزلىرىنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشتەك شەھۋانى ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇش

ئۆچۈن قۇرئاندىن يوچۇقلار ئىزدەيدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆننىتىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ئەمما پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەھۋەت نىكاھى ئەمەس، شەپقەت نىكاھى قىلغانلىقىنى 4 ياكى 5 تىن بالىسى بار، بىر ياكى ئىككى ئەردىن چىققان ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتە خارلىنىپ قالماسلىقى ئۆچۈن، ئۇلارنى ئەمرىگە ئالغانلىق سۆننىتىنى بولسا قولنىڭ ئارقىسى بىلەن ئىتتىرىۋېتىدۇ.

ئۇنداقتا ئۇيغۇر ئاياللىرى قانچىلىك ئايال بولالايدۇ؟

بۇرۇنقى ئەقىل ـ پاراسەتنى قارا كۈچ بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدىغان دەۋرلەر ئاخىرلىشىپ، ئەقىل ـ پاراسەت، ئىلىم ـ پەن ۋە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتقان تېخنىكا ئۇچۇر بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدىغان بىر دەۋردە تۇرۇۋاتقان ئاياللارنىڭ، قانچىلىك ۋە قانداق ئايال بولىدىغانلىقىنى، بوسۇغىدىن قانداق ئاتلاپ قانداق قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ھاپىزلار بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ. بىر ئايالنىڭ قانچىلىك ۋە قانداق ئايال بولىدىغانلىقى، ئائىلە تەربىيەسى، مەكتەپ تەربىيەسى، جەمئىيەتنىكى قانۇن ـ تۈزۈم ۋە ئادالەت سىستېمىلىرىنىڭ مۇكەممەل بولۇپ ـ بولمىغانلىقى؛ شۇ جەمئىيەتنىكى ئەرلەرنىڭ ساپاسى، دىنى تەلى ـ تەربىيە ئورگانلىرىنى ئالىم باشقۇرۇۋاتامدۇ ياكى ھاپىزمۇ؟ ئاياللار ۋە باللارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان بىتەرەپ تەشكىلاتلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ ـ بولمىغانلىقى؛ ئاياللارنى ئىقتىسادى جەھەتتىن قوللايدىغان ئۇنىۋېرسىتېت ۋە بانكا مۇلازىمەت سىستېمىلىرىنىڭ مۇكەممەل بولغان ـ بولمىغانلىقى؛ بىلىم باغچىلىرى، ئىش ئىمكانلىرىنىڭ جىنسىيەتكە ئەمەس، بەلكى ئەقىل ۋە ئىدراكقا ئوچۇق بولۇپ ـ بولمىغانلىقى؛ بەختلىك بىر جەمئىيەتتە ياشاۋاتامدۇ ياكى زۇلۇم ئېغىرلاشقان جەمئىيەتتە ياشاۋاتامدۇ؟

قاتارلىق ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا باكالاۋۇرلۇق، دوكتورلۇق ۋە دوكتور ئاشتىلىق ئۇنۋانلىرى بويىچە ئوقۇۋاتقان نۇرغۇنلىغان زېھنى ئۆتكۈر قىزلىرىمىز بار. ئامېرىكا ئاق سارايى ۋە بەزى دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا رەسمىي ئىشقا چۈشكەن ئۇيغۇر قىزلىرىمۇ ھەم بار.

ئۇلارنىڭ كېلەچەكتە دۇنيانىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە لىدىر بولۇشىنى ئۇلارنىڭ جىنسىيىتى ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ئەقىل-ئىدراك رىقابىتى قارار بېرىدۇ. ھاپىزلار ئۇ چاغدا مەيدانغا چىقىپ: «ئايال لىدىر بولغان دۇنيا زاۋاللىققا مەھكۇم بولىدۇ» دېيەلمەيدۇ. چۈنكى دۇنيا ئاللىقاچان ئەرلەر ھاكىم مۇتلەقلىقى دەۋرىگە خاتىمە بېرىپ، ئەقىل-ئىدراك دەۋرىگە كىرىپ بولغان بولىدۇ. ئەسلىدە ئايالLارنىڭ تۇغما لىدىرلىقى، ئۇ ھامىلىدار بولغان كۈندىن ئېتىبارەن باشلانغان بولىدۇ. بىر بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇپ تاكى بويىغا يەتكىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇزۇن بىر جەريان ئايال لىدىرلىقىنىڭ ئەڭ كامالەتكە يەتكەن نۇقتىسى بولىدۇ. ئەمما ھاپىزلار ئۆزىنىڭمۇ بىر ئايال لىدىر تەرىپىدىن مۇشۇ ئورۇنغا ئېرىشتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئۇلارنىڭ لىدىرلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە تۈز كورلۇق قىلىدۇ. جاھاننى تىترەتكەن، ھەتتا ھىندىستانغا قەدەر جايلارنى ئۆز ئىستېلاسى ئاستىغا ئالغان بابۇر شاھنىڭ ئارقىسىدا ناھايىتى ئەقىللىق، سىياسىي تاكتىكىلارنى ناھايىتى ياخشى بىلگەن ئانىسى گۈلنىگار ئايىم بار ئىدى.

دۇنيادا بىر مىليوندىن ئارتۇق ئەگەشكۈچىسى بار دوكتور زاكىر نايىك، «ئىسلام ۋە 21-ئەسىر» ناملىق لېكسىيەسىدە،

غەربنىڭ 1870 ـ يىللاردىن باشلاپ، ئاياللارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان ۋاقىتلاردىلا ئامېرىكا ئاياللارغا سايلاملاردا ئاۋاز ھەققى بېرىشنى مۇزاكىرە قىلىشقا باشلىغان ئىدى. 1918 ـ يىلى ئامېرىكادا تۇنجى بولۇپ ئاياللارنىڭ سايلامغا قاتنىششى ۋە ئاۋاز بېرىشنى تەستىقلىغان پرېزىدېنت ۋۇدرۇ ۋېلسون ئىدى.

ئەمما قۇرئاندا بۇندىن 1400 يىل ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ئىزدىگەن ئاياللار ئۈچۈن نىسا ۋە مۇجادىلە دېگەندەك تەپسىلىي سۈرىلەر نازىل قىلىنىپ، ئاياللارنىڭ دۇنيادىكى ھەق ۋە ھوقۇقلىرىنى قوغدىغان ئىدى. ئەمما ھاپىزلار بۇ سۈرىلەرنى باسۇرۇپ قويدى. ئۇيغۇر ئاياللىرى نۆۋەتتە قانچىلىك ئايال بولالايدۇ؟ بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن دىنى ساھەنى ئالىملار باشقۇرۋاتامدۇ ياكى ھاپىزلارمۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب تېپىش كېرەك.

# تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل (5)

## سېنى رومانتىك تۈركىيەگە باشلاپ بارىمەن ئامرىقىم

سالام، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىم. ھەش-پەش دېگۈچە «تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل» ناملىق چاتما مۇلاھىزە ماقالەمنىڭ بەشىنچى قىسمىغا كېلىپ قالدۇق. ھەممىمىز كۈچ بىلەن قارشىلاشقان ۋاقتىمىزدا مەنالىرىمىزنى يوقۇتۇپ قويىدىغان بىر دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز. كۈچ ۋە مەنپەئەت ئالدىدا مەيلى مۇسۇلمانلىقىمىز بولسۇن، ياكى قۇرئان كەرىمىمىز، قان-قېرىنداشلىقىمىز بولسۇن، ھېچبىرىنىڭ قىممىتى بولمايۋاتىدۇ. ئىنسانلار تارىخلىرىدا يازغانلىرىغا ئىشەنسىمۇ، ئەمما ئۇنى كۆڭۈللىرىگە ئەمەس، خۇددى تاملارغا ئېسىلغان كۆرۈنۈشلەردەك كىتاب جازىلىرىغا تىزىپ قويىدۇ. ئېسىگە كەلگەندە قولىغا ئېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ-ئارمان ۋە خىياللىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ خۇددى چاچ ئۆرۈۋگەندەك ئۆرۈپ باقىدۇ. تارىختىن بۈگۈنگە قەدەر سورالغان مۇھىم سوئاللارغا قارايدىغان بولساق، تارىخ يۈزىدىكى خالىنىڭ بۈگۈنمۇ دەل جايىدا تۇرغانلىقىنى، ھېچكىمنىڭ ئۇنى مىدىرلىتىشقا ياكى ئېلىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقىنى كۆرىمىز. تارىخنىڭ سوئاللىرى مۇنداق:

بىر گېرمان بالىسى دادىسىدىن سورايدۇ:

ـ دادا بىز نېمىشكە يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرىمىز؟ دادىسى:

- سەن تېخى بەك كىچىك، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەيسەن. دۇنيانىڭ يۈزلىنىشى شۇ، ئەگەر يەھۇدىيلار دۇنيادىن يوقالمىسا، يەھۇدىيلار دۇنيانى يوقىتىۋېتىلىدۇ.

بىر يەھۇدىي بالا دادىسىدىن سورايدۇ:

- دادا نېمە ئۈچۈن ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسى بىزنى بەك قىزىقتۇرىدۇ؟. دادىسى:

- ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىگە ئەگەر بىز قىزىقمىساق، بىزدىن باشقا قىزىقىدىغانلار ھامان چىقىدۇ. دۇنيا مۇشۇنداق تالىشىش بىلەن تولغان، تالاشمىساڭ قىممىتىڭ بولمايدۇ.

بىر تۈرك بالا دادىسىن سورايدۇ:

- دادا نېمە ئۈچۈن بىز پەلەستىنگە ئىگە چىققاندەك ئۇيغۇرلارغا ئىگە چىقمايمىز؟ دادا:

- بىز ئۇرۇق-تۇغقان قېرىنداشلىقنى مەنپەئەتكە تېگىشىۋە تتۇ ق .

بىر ئۇيغۇر بالا دادىسىدىن سورايدۇ:

- دادا رەجەپ تاييىپ ئەردوغان داۋوستا دېگەن «بىر مىنۇت، بىر مىنۇت»نى نېمىشكە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دېيەلمەيدۇ؟ دادىسى كۆز ئەينىكىنى تۈزەشتۈرۈپ ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن بالىسىنى نوقۇپ تۇرۇپ:

- ھەرگىز بۇنداق گەپلەرنى قىلما، ھازىر تۈركىيە ئېغىر ئەھۋالدا. ئەردوغان بەي تۈركىيەنى گۈللەندۈرۈپ بولۇپ ئاندىن بىزنىڭ ھەققىمىزدە گەپ قىلىدۇ. ئوغلى:

- ئۇنداقتا تۈركىيە گۈللىنىپ بولغان ۋاقىت قاچان؟ دادىسى ئوغلىنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالدۇ ۋە قاپاقلىرىنى تۈرۈپ:

- بۇندىن كېيىن بۇنداق سوئاللارنى سورىغۇچى بولما!

مەن ئالدىنقى قىسىمدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكىنىمدەك، «تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل» ناملىق بۇ چاتما مۇلاھىزە ماقالەمنىڭ بەشىنچى ۋە ئالتىنچى قىسىملىرىدا تۈركىيەنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىدىكى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئادالەتسىز سىياسىتى ھەققىدە توختىلىمەن.

مەن سىياسەتچى ئەمەسمەن، سىياسىي مەقسەتلەر ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىدىغان. مەن 3 مىليون خەلقى جازا لاگېرلىرىدا ياشاۋاتقان بىر خەلقنىڭ قەلەمكەشى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، تۈركىيەدەك ھۆر بىر دۆلەت ئۈچۈن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشكە شەرتىم توشمايدۇ. مېنىڭ دۇئالىرىم پەقەت ۋە پەقەت ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان ئەزىز خەلقىم ئۈچۈن بولىدۇ. مېنىڭ ئېغىر ھەسرەتكە تولغان بۇ يۈرىكىمنى قاماللاپ ئولتۇرۇپ، بىردە كۆيۈپ، بىردە تولغۇنۇپ، بىردە كۆز ياشلىرىم بىلەن بوغۇلۇپ يازغان بۇ يازمىلىرىمنى رەجەپ تايىپ ئەردوغان بەي، يەنى سۆزدە ئىسلام دۇنياسىنىڭ خەلىپىسى نەزىرىگە قىلچە ئېلىپ قويمىغىنىغا ئوخشاش، مېنىڭ بىر ئۇچى ۋىجدان غۇرۇرۇمغا تۇتاشقان بۇ قەلىمىمنىڭمۇ ھۆرمەتلىك رەجەپ تايىپ ئەردوغان بەي ئەپەندىنى ماختاشقا تاۋى يوق. ھېچكىم مېنىڭ ئالدىمغا چىقىپ، بۇ يېزىشقا مۇناسىپ تېما ئەمەستى ۋەھاكازا دەپ ۋەز ئېيتمىسۇن. مەن ھەر بىر قۇرلىرىمغا، ھەر بىر جۈملىلىرىمگە بۈگۈننىڭ تارىخىنىڭ ياخشى يېزىلىشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەتىنىڭ تارىخىنىڭ ياخشى يېزىلىشى ئۈچۈن چۆكۈۋاتىمەن. قەلەملىرىمنى ئەركىن قويۇۋەتتىم، قەلب قايىنىمىدا نېمە بولسا شۇنى تارتىپ چىقىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئىچىدىن قانمۇ چىقىدۇ، بەزىدە بىليارت، بەزىدە ئەخلەت دېگەندەك.

ئەخلەتلەر ماڭا مەنسۇپ، بىلىيارت سىلەرگە. ماڭا نىسبەتەن بىر ئەسەر، بىر تولغاقتا ئوخشايدۇ. يازغانلىرىم بوۋاقۇن ۋە سىلەر ئۈچۈن ئەمەس. يازغانلىرىم ئەتە ۋە ئەتىنىڭ تارىخى ئۈچۈن. يازغانلىرىمنى مىنى ھىچ كۆرۈپ باقمىغان، مەن بىلەن ھەم سۆھبەتتە بولۇپ باقمىغان كېلەچەكنىڭ باھاسىغا تاپشۇرىمەن. يا قاينامدىن چىقىمەن يا سايرامدىن، خالاس.

بۇندىن بەش يىل بۇرۇن خىتايدا مودا بولغان «سېنى ساياھەتكە ئېلىپ بارىمەن ئامرىقىم» دېگەن ناخشىنى، ئۆتكەن يىلى خىتايلار تۈركىيەگە ئومۇمىيۈزلۈك يۇمشاق سىڭىپ كىرىشتىكى «ئەلچى» ناخشا قىلىش ئۈچۈن، «سېنى رومانتىك تۈركىيەگە ئېلىپ بارىمەن ئامرىقىم» دەپ ئۆزگەرتتى. ئەسلىدە بۇ ناخشىنىڭ تېكىستى بەكلا ئاددىي بولۇپ، تۈركلەر ئۈچۈن بەك خوش بولۇپ كەتكىدەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى. خىتاينىڭ ياش، كۆزگە كۆرۈلۈۋاتقان ناخشىچىسى شاۋ جياڭ ئېيتقان بۇ تۆت كۇپلېتلىق ناخشىدا، پەقەت «سېنى رومانتىك تۈركىيەگە باشلاپ بارىمەن ئامرىقىم» ۋە بۇ رومانتىك سۆزلەرنىڭ بىر نەچچە قېتىم قايتىلىنىشى بار، خالاس.

«سېنى رومانتىك تۈركىيەگە باشلاپ بارىمەن ئامرىقىم» ناملىق ناخشىنىڭ ئەۋجى، يەنى ئەڭ مەركىزى كىندىكىدە خىتاينىڭ دۇنياغا يۇمشاق سىڭىپ كىرىش ھىيلە-مىكرىنى ئىپادىلەيدىغان مۇنداق بىر مىسرا بار:

*سېنى رومانتىك تۈركىيەگە ئاپارغۇم بار،*
*ئاندىن بىرلىكتە توكيو ۋە پارىژغا ئۆتىمىز.*
*مەيئامىنى باشقىچە سۆيىمەن،*
*شۇنداقلا، قارا ئىنسانلار بولغان لوس ئانجىلىسنى.*

ناخشىنىڭ مەركىزى ئىدىيەسىنى ھاسىل قىلغان بۇ كۇپلېتتا،

تـوّت سـەكرەش بـار. يەنـى ئـاۋۋال تۈركىيـە، ئانـدىـن توكيـو، ئانـدىـن پارىـژ، ئانـدىـن مەيئامـى ۋە لـوس ئانجېلىـس.

بـۇ مىسـرالارغا ھازىرغـا قـەدەر خىتايىنـىڭ يۇمشـاق سـىڭىپ كىرىشـى تەسـكە توختىغـان دۇنيادىكـى ئاساسـلىق مەركـىزى دۆلـەت ۋە شـەھەرلەرگە، خىتايىنـىڭ كېلەچەكتـە قانـداق سـىڭىپ كىرىـش شـېرىن چۈشـى يۇغۇرۇلغـان بولۇشـى مۇمكىـن.

تۈركىيە 2008ـ يىلىدىن ئېتىبارەن بولسا كېرەك، موڭغۇلىيەنىڭ ئورخـۇن ۋادىسـىغا تـەۋە جايلاردىكـى ئورخـۇن يادىكارلىقلىرىنـى، يەنـى قەدىمكـى كـۆك تـۈرك خاندانلىقىغـا ئائىـت مەڭگـۈ تاشـلار تىكلەنگـەن بـۇ رايونغـا قارىتـا قوغـداش، رېمونـت قىلىـش، شـۇنداقلا مەڭگـۈ تـاش ئەدىبـى يادىكارلىقلىرىنـى ساياھەتچىلەرگە كەڭـرى ئېچىـش مەقسـتىدە 6 مىليـون دوللار سـەرپ قىلىـپ، 46 كىلومېتىرلىـق ئۈزۈنلۈقتـا بىـر ئورخـۇن يولـى بەرپـا قىلـدى. ئورخـۇن يولىغـا مەخسـۇس زىيارەتكـە بارغـان تۈركىيە تاشـقى ئىشلار مىنىسـتىرى مەۋلـۇت چـاۋۇش ئوغلـى، ئاخبـارات ساھەسـىگە بايانـات بېرىـپ: «ئورخـۇن ئابىدىلىرىدىكـى يازمىلارغـا دىققـەت بەرگـەن ۋاقتىمىـزدا، بـۇ يازمـىلار بىزگـە يولباشـچى بولـدۇ. ھـەم يولباشچى بولۇشـى كېـرەك. بـۇ مەڭگـۈ تاشـلار بۈگۈنمـۇ يولىمىزنـى يورۇتـۇپ تۇرىـدۇ» دېگـەن. ئۇنداقتـا بـۇ مەڭگـۈ تاشـلاردا نېمـە دېيىلگـەن ئىـدى؟

تۇنيۇقـۇق مەڭگـۈ تېشـى بىلـەن، بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشـىدا، تۈرك مىللىتىنى، خىتاينىڭ يۇمشـاق يىپەك ۋە يۇمشـاق سـۆزلىرىگە ئالدانماسـلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ: «خىتايلار ئاۋۋال يۇمشـاق، چىرايلىـق گەپلـەر ۋە يۇمشـاق يىپەكلـىرى بىلـەن كىرىـپ كېلىـدۇ. ئانـدىـن قولىڭىزدىكـى ھەممـە نەرسـىنى تارتىۋالـىدۇ. خىتايىنـىڭ بـۇ ھىيلە ـ نەيرەڭلـىرى سـەۋەبىدىن، تـۈرك خاندانلىقلـىرى ۋەيران

بولـدى. بـەگ بولىدىغـان ئەركەكلىرىمىـز قـۇل بولـدى، سـۇلتان بولىدىغـان قىزلىرىمىـز دېـدەك بولـدى» دەپ يازغـان ئىـدى.

بـۇ قىممەتلىـك ئابىدەلەردىــن شـۇنى ھېـس قىلالايمىزكــى، خىتاينىـڭ ئەتراپىدىكـى قوشـنىلىرىغا ۋە ئـۆزى ھـەۋەس قىلغـان دۆلەتلەرگـە قانـداق سـىڭىپ كىرىـش ھەققىدە «يۇمشاق سـىڭىپ كىرىـش» تاكتىكىسى قوللانغىنىغا 20 ياكـى 30 يىـل بولمىـدى. خىتـاي ناخشچىسـى شـاۋجياڭ ئېيتقـان «سـېنى رومانتىـك تۈركىيەگــە باشــلاپ بارىمــەن ئامرىقىــم» ناملىــق ناخشىســى خىتاينىـڭ مىـڭ يىلـلار بۇرۇنقـى كونـا مۇقامىغـا يېزىلغـان يېڭـى تېكىسـت ئىـدى. تۈركىيـە بـۇ ناخشـىدىن ئىنتايىـن ھاياجانلىنىـپ كەتتــى. دەرھــال ناخشــىچىنى تۈركىيەگــە تەكلىــپ قىلىــپ، ناخشـىنىڭ كۆرۈنۈشـلىرىنى تۈركىيـەدە تارتىـش تەكلىپىنـى بەردى ۋە تۈركىيەدىكـى رومانتىـك مەنزىرىلـەر بىلـەن خىتاينىـڭ يۇمشاق كەلىمىلــرى ئۆزئــارا قۇچاقلاشــتى. بــۇ، بۇنىڭدىــن 1000 يىلــلار بـۇرۇن خىتاينىـڭ يۇمشـاق سـۆزلىرى ۋە يۇمشـاق يىپەكلىـرى تـۈرك خاندانلىقلىرىنــى قانــداق ۋەيــران قىلىــپ، بــەگ بولىدىغــان ئەركەكلىرىنــى قــۇل، سـۇلتان بولىدىغــان قىزلىرىنــى دېــدەك قىلغــان بولسـا، بـۇ ئەھۋالنىـڭ تۈركىيـەدە قايتـا تەكرارلىنىشـقا باشـلىنىدىغانلىقىنىڭ بېشـارىتى ئىـدى.

چـاۋۇش ئوغلىنىـڭ يۇقىرىدىكـى سـۆزلىرى بىلـەن بـۇ رومانتىك ناخشـا پەيـدا قىلغـان، تۈركىيەنىـڭ ساددا باللارچە ھاياجىنىنـى قوشـقان ۋاقتىمىـزدا، چـاۋۇش ئوغلىنىـڭ ئـۇ دەبدەبىلىك سـۆزلىرى شـامالدا ئۇچقـان غازاڭلارغـا ئوخشـاپ قالغـان ئىدى.

شـۇنداق، تۈركىيـە خىتايدىــن ئالىدىغـان يوغـان تاۋاقتىكـى تاتلىـق باكلاۋاغـا تـۈرك مىللىتىنىــڭ ھەممـە قەدىر-قىممىتىنـى تېگىشـىۋەتتى. شـەكىلدە ئورخۇن يوللىرى ئېچىلىپ، تاشلاردىكى

يېزىقلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندەك قىلىنسىمۇ، ئەمما رېئاللىقتا ئاللىقاچان مەڭگۈ تاش ئەدىبىي يادىكارلىقلىرىنى، ئاشۇ خىتاي ناخشىچىنىڭ: «سېنى رومانتىك تۈركىيەگە ئېلىپ بارىمەن ئامرىقىم» دېگەن بىر جۈملە يۇمشاق گېپىگە ياكى بىر ناخشىغا تېگىشىشۋەتكەن ئىدى. تۈرك مىللىتى تارىخى، ھېچقاچان ۋىجدان تارازىسىدا بۇنداق يېنىك ئۆلچىنىپ باقمىغان ئىدى. بۇنىڭدىن مىڭ يىللار مۇقەددەم، خىتاي يۇمشاق يىپەكلىرى بىلەن تۈركىي مىللەتلىرىنى قانداق كولدۇرلاتقان بولسا، ھازىرمۇ «سېنى رومانتىك تۈركىيەگە ئېلىپ بارىمەن ئامرىقىم» دېگەندەك تاتلىق گەپلەر بىلەن تۈركىيەگە سىڭىپ كىرىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى خىتاي يۇمشاق يىپەكلىرى بىلەن سىڭىپ كىرگەندىن كېيىن، بەگ بولىدىغان ئەرلەرنى قۇل، سۇلتان بولىدىغان تۈرك قىزلىرىنى دېدەك قىلغان بولسا؛ «سېنى رومانتىك تۈركىيەگە باشلاپ بارىمەن ئامرىقىم» ناخشىسىنى ئېيتىپ تۇرۇپ، خۇددى سىرىلانكىنى قەرز پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويۇپ ئاندىن سىرىلانكىنىڭ مۇھىم خەلقئارالىق پورتلىرىنى قانداق تارتىۋالغاندەك، تۈركىيەدىكى تۈركلەرنىڭ سەلتەنەتلىك ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ نامىغا قويۇلغان، شۇنداقلا شېرىن چۈشىگە سىمۋول بولغان مارماراي، ياۋۇز سۇلتان سەلىم كۆۋرۈكى، ياۋرو-ئاسىيا تونىلى، ئىستانبۇل ئايرودۇرۇمى، چاناق قەلئە كۆۋرۈكى قاتارلىق جايلىرىنى شۇنداق ئۇسۇل بىلەن تارتىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق.

تۈركلەر بۇ يىل ئاۋغۇستتا خىتايدىن كەلگەن ساياھەتچى سانىنىڭ 500 مىڭغا يەتكەنلىكىنى، بۇ ناخشىنىڭ تەسىرىدىن بولغان دەپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئەمما بۇنداق زەھەر يالىتىلغان يۇمشاق سىڭىپ كىرىشنىڭ تۈركىيە تۇپراقلىرىنى، باغۇ-بوستانلىقلىرىنى، نازۇك چىمەنلىرىنى، قەدىر-قىممىتىنى،

ئار-نومۇسىنى، تۈرك ئەنئەنىلىرىنى قانداق دەسسەپ چەيلەيدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز. تېخىچە «سېنى رومانتىك تۈركىيەگە باشلاپ بارىمەن ئامرىقىم» دېگەن بۇ مىسرانىڭ ھاياجىنىدا، خىتايدىن كېلىدىغان ساياھەتچى سانىنى بىر مىليونغا چىقىرىشنىڭ شېرىن خىيالىنى سۈرمەكتە. شۇنداقلا بۇ ناخشىنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە ئىستانبۇل كوچىلىرىدىكى ئاپتۇۋۇز، تىرامۋاي يول بەلگىلىرىنى خىتايچە يېزىشقا باشلىدى.

2009-يىلىدا خىتاي بىلەن تۈركىيە ئارىسىدىكى قوش مەنپەئەتلىك تىجارەت مىقدارى 10 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولغان بولسا، 2017-يىلىغا كەلگەندە بۇ رەقەم 27 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يۈكسەلدى. 2017-يىلىدىن ئېتىبارەن خىتاي جازا لاگېرلىرىنىڭ يولغا قويۇپ، 3 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى دۇنيا «قايتا تەكرارلىنىشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ قارىغان جازا لاگېرىغا سولاپ، ئۇيغۇرلارنى تۈپتىن يوق قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ، تۈركىيە بىلەن خىتاي سودا مۇناسىۋىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشى، ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرىكىنى ئەڭ ئاغرىتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. مارتىن لۇتېر كىڭ: «ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا، بىزنى ئىنتايىن بىئارام قىلىدىغان نەرسە دۈشمەنلىرىمىزنىڭ نېمە قىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى دوستلىرىمىزنىڭ سۈكۈتتە تۇرغانلىقى بولىدۇ» دەيدۇ.

ئۇنداقتا ھازىر تۈركىيە نېمىگە ئوخشاپ قالدى؟ تۈركىيەنىڭ ھازىرقى ھالىتى ماڭا، خىتاي يازغۇچىسى لۇشۈن بۇندىن بىر ئەسىر ئىلگىرى يازغان «دورا» ناملىق ھېكايىنى ئەسلىتىدۇ. لۇشۈن بۇ ئەسىرىدە، ئوغلىنىڭ سىل كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان خىتاي قەھرىمانلىرىنىڭ قېنىغا مىلەنگەن جىڭمومىنى يېيىشنى تاللايدىغان خىتاي جەمئىيىتىنى

بۇ ئەسىرى ئارقىلىق قاتتىق قامچىلىغان. ھېكايىدە بىر خىتاي ئائىلىسىنىڭ پەرزەنتى سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. بىرسى ئۇنىڭغا: «ئوغلۇڭ ئادەم قېنىغا چىلانغان جىگمىما يېسە، سىل كېسىلىدىن قۇتۇلۇپ كېتىدۇ» دەيدۇ. نەتىجىدە بۇ كىشى ئوغلىنى سىل كېسىلىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن گوندىپايغا پارا بېرىپ، زىنداندا يېتىۋاتقان خىتاي قەھرىمانلىرى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندا ئىككى تال جىگمىمىنى شۇلارنىڭ قېنىغا مىلەپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ. گوندىپاي ئادەم قېنىغا چىلانغان ئىككى تال جىگمىمىنى بۇ كىشىگە ئەكېلىپ بېرىدۇ. لۇشۈن بۇ ئەسىرىدە، ئىنسانىيلىقتىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆز قەھرىمانلىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرى ۋە ئىنسانلىق قەدىر-قىممىتىنى يوق قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان خىتاي جەمئىيىتىنى قاتتىق قامچىلايدۇ.

نۆۋەتتە تۈركىيە ئىقتىسادى قىيىنچىلىق، ئامېرىكىدىن ئۇزاقلىشىش، ياۋروپا بىرلىكىدىنمۇ يىراقلىشىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، لۇشۈننىڭ ئەسىرىدىكى بالىسى سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان كىشىگە ئوخشاپ قالدى. تۈركىيە بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇيغۇرنىڭ قېنىغا چىلانغان جىگمىمىنى يېيىشكە باشلىدى. بىر يول بىر بەلباغ ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئۇيغۇرنىڭ قېنىغا مىلەنگەن جىگمىما ئەمەسلىكىنى كىم ئېيتالايدۇ؟ 2017-يىلىدا تۈركىيە-خىتاي سودا سوممىسىنىڭ يۇقىرىدا مەن ئېيتقان سەۋىيەگە كۆتۈرۈلۈشىنىڭ ئارقىسىغا، ئۇيغۇر قېنىغا چىلانغان «باكلاۋا» يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

ھازىر خىتاينىڭ، تۈركىيەگە سىڭىپ كىرگەن خۇاۋېي،

خىتاي مەركەز بانكىسى، خىتاي قۇرۇلۇش بانكىسى قاتارلىق مىڭ شىركىتى بار.

ئامېرىكا سوغۇق كۆزى بىلەن قاراۋاتقان خۇاۋېي، ھازىر ئىستانبۇلدا خىتاينىڭ 2-ئەڭ چوڭ تەكشۈرۈش مەركىزىنى قۇردى. بۇ مەركەزدە 500 نەپەر تېخنىك خادىم ئىشلەيدۇ. بۇلارنىڭ يۈزدە 80%تى تۈركلەر.

تۈركىيە بىلەن خىتاينىڭ نۆۋەتتە ئۈچ چوڭ شېرىن چۈشى بار. 1-خىتاي تۈركىيەگە مەبلەغ سېلىشنى ئىككى قات كۆپەيتىپ 6 مىليارد دوللارغا چىقىرىش. 2-تۈركىيەنىڭ خىتايغا بولغان ئېكسپورت ئومۇمىي مىقدارىنى 8 مىليارد دوللارغا چىقىرىش. 3-تۈركىيەگە كېلىدىغان خىتاي ساياھەتچىلەر سانىنى بىر مىليونغا يەتكۈزۈش. ئۇنىدىن باشقا تۈركىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى سودا-تىجارەتتە دوللار قوللانماستىن، يۈەن ۋە تۈرك لىراسى قوللىنىش. شۇنداقلا بۇنىڭدىنمۇ ھالقىپ، يادرو قورال-لار مەسىلىسىدىمۇ ھەمكارلىشىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ تۈركىيەگە ناھايىتى يوغان ئالتۇن تاۋاقلاردا سۇنۇۋاتقان ئۇيغۇر قېنىغا چىلانغان باكلاۋادىن باشقا نەرسە ئەمەس.

2017-يىلى پۈتكەن باكۇ-تىفلىس-كارس تۆمۈر يولى قۇرۇلۇشىدىكى تۈركىيە تەرەپ قىسمى، خىتاي بىلەن تۈركىيەنىڭ ھەمكارلىقى نەتىجىسىدە پۈتتى. ئەدىرنە-كارس تېز سۈرئەتلىك پويىز يولى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان يول قۇرۇلۇشلىرىدا تۈركىيە خىتاينىڭ «قانغا چىلانغان باكلاۋا»سىغا ھەسسىلەپ ئېرىشىۋاتىدۇ. 21-ئەسىر دېڭىز يىپەك يولىنى ئېچىشتا، زوڭگۇلداك-فىليوس، ئىزمىر چاندارلى ۋە مەرسىن پورتلىرى تۈركىيەنىڭ باكلاۋانى ئۇيغۇر قېنىغا تېخىمۇ چوڭقۇر

چىلاۋاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. كىم بىلىدۇ بىر كۈن خىتاي بۇ پورتلارنى، سىرىلانكىدىكى پورتلارنى قەرزگە سۈندۇرۇپ تارتىۋالغاندەك تارتىۋالامدۇ تېخى؟

يېقىندا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئامېرىكىغا بارغان تۈركىيە پىرېزدېنتى رەجەپ تايىيىپ ئەردوغاننى كۆتۈۋېلىش مۇراسىمىدا، بىر ئۇيغۇر يىگىتى سورىغان «ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن مەسىلىلەردە تۈركىيەنىڭ تۇتقان پوزىتسىيەسى» ھەققىدىكى سوئالغا جاۋاب بەرگەن رەجەپ تايىيىپ ئەردوغان: «سىز ھەر ھالدا تۈركىيەنىڭ مىڭلارچە ئۇيغۇرنى بېقىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان ئوخشايسىز» دەپ جاۋاب بەردى. ئەمەلىيەتتە كىم كىمنى بېقىۋاتىدۇ؟ بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا كۆز ئالدىمغا، سىل كېسىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆز قېرىندىشىنىڭ قېنىغا چىلانغان جىگمۇما يېيىش يولىنى تاللىغان، بۇندىن يۈز يىللار بۇرۇنقى خۇا لاۋشەن دېگەن خىتتاي ئائىلىسى بىلەن ھازىرقى «قانغا چىلانغان باكلاۋا»نى مەززە قىلىپ يەۋاتقان ئەردوغاننىڭ كارتىنىسى كېلىدۇ. ھازىرقى ئىسلام دۇنياسىنىڭ خەلىپىسى دېيىلىۋاتقان ئەردوغاننىڭ خۇا لاۋشەن بىلەن نېمە پەرقى بار؟

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالىمى جوسېفس 1990-يىلى خىتاينىڭ يۇمشاق كۈچ بىلەن دۇنياغا سىڭىپ كىرىش ھىيلىسىنى، «باشقىلار نېمە خىيال قىلىۋاتقان بولسا، ئۇلارنىڭ شۇ خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىش، يەنى، want what it wants ھىيلىسى» دەپ ئوبرازلىق تەسۋىرلىگەن ۋە بۇ ھەقتە كىتاب يازغان ئالىملارنىڭ بىرى. ئۇ يەنە خىتاينىڭ دۇنياغا يۇمشاق سىڭىپ كىرىش ئۈچۈن 10 مىليارد دوللار مەبلەغ سەرپ قىلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

جورجى ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى داۋىد شامبۇغمۇ

خىتاينىڭ يۇمشاق سىڭىپ كىرىش ھىيلىسىگە دىققەت بەرگەن يەنە بىر ئالىم بولۇپ، ئۇ ئۆزى يازغان «چاينا گلوبول گوس»، يەنى خىتاينىڭ يەر شارى خاراكتېرلىق مۇسابىقىلىشىشى ناملىق كىتابىدا، خىتاينىڭ دۇنيادىكى تەسىر دائىرىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، شۇنداقلا ھەر قايسى كەمبەغەل دۆلەتلەرگە سىڭىپ كىرىش ئۈچۈن، يۇمشاق كۈچكە مىلياردلارچە مەبلەغ سالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئۇنداقتا خىتاينىڭ يۇمشاق سىڭىپ كىرىشتە قوللىنىدىغان تاكتىكىلىرى قايسىلار؟ بۇلار بىر يول بىر بەلباغ قۇرۇلۇشى، كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرى، ئوقۇغۇچى ئالماشتۇرۇش پىروگراممىلىرى، ئاخبارات ـ تەشۋىقات (مېدىيا) ئارقىلىق سىڭىپ كىرىش، مۇشۇك ئېيىق سوغا قىلىش، خۇددى تارىختا شەرقىي تۈركىستانغا جاڭ چىيەننى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەندەك، فىلىم ئىشلىگۈچى جاڭ يىمۇ، كىنو ئارتىسى جېكى چەن... قاتارلىق ئەلچىلەرنى ئەۋەتىشتىن ئىبارەت.

«سېنى رومانتىك تۈركىيەگە ئېلىپ بارىمەن ئامرىقىم» دېگەن ناخشىسى بىلەن تۈركىيەنىڭ دەرۋازىسىنى تېخىمۇ قاتتىق چەككەن شاۋ جياڭ، خىتاينىڭ تۈركىيەگە يۇمشاق سىڭىپ كىرىشتىكى ئەلچىلىك رولىنى ئوينىماقتا.

بۇنىڭدىن كېيىن ئىستانبۇل چۆملىدەك بېسىپ كەلگەن خىتاي ساياھەتچىلىرى، قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى، شۇنداقلا تۈركىيە شەھەرلىرىدىكى تۈرك ئەنئەنىلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن خىتاي مەدەنىيىتى سەۋەبىدىن، تېخىمۇ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك بىر شەھەرگە ئايلىنىشى مۇمكىن. خىتاينىڭ بۇنداق سىڭىپ كىرىشى بىلەن گۈزەل ئىستانبۇل شەھىرى، خىتاينىڭ نىجاسەتلىرى بىلەن بۇلغىنىشى مۇمكىن. ئىستانبۇل يەنە فاتىھ سۇلتان مەھمەتنىڭ

ئىستانبۇلنى فەتھى قىلىشىدىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم خىتاينىڭ فەتھى قىلىشىغا دۇچار بولۇشى مۇمكىن. ئوسمان غازى كۆۋرۈكىنىڭ نامى شى جىنپىڭ كۆۋرۈكىگە ئۆزگىرىشى، مارمارا دېڭىزىنىڭ ئىسمى «خىتاي چۆلى» قىلىپ ئۆزگەرتىلىشى مۇمكىن. قېنى پاتماس قۇياش دېيىلگەن ئوسمانىيلار دۆلىتى؟ قېنى پاتماس قۇياش دېيىلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى؟ ئەگەر خىتاي غۇلاپ، خىتاي جازا لاگېرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەسى دۇنياغا ئاشكارا بولغاندا، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قېنىغا چىلانغان جىگمۇما ياكى باكلاۋانى يېيىش يولىنى تاللىغان ئاق پارتىيە ھاكىمىيىتى تارىخ بەتلىرىگە قانداق يېزىلار؟

تۈركىيە كىتابخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان تارىخ كىتابلىرىغا نۇرغۇنلىغان ھەر مىللەت تارىخچىلىرىنىڭ قان تەرى سىڭگەن. ئۇلار تارىخنىڭ، بولۇپمۇ تۈرك تارىخىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرى ھەققىدە ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تارىختىكى ئوخشاش خاتالىق، ئوخشاش ئەخمەقلىق ۋە ئوخشاش پالاكەتلەرنىڭ قايتا تەكرارلانماسلىقى ئۈچۈن ئىنسانىيەتكە قىممەتلىك بايلىقلارنى قالدۇرغان ئىدى. ئورخۇن يوللىرى ياكى ئورخۇن ۋادىسىدىكى مەڭگۈ تاشلارمۇ شۇنداق. «سېنى رومانتىك تۈركىيەگە ئېلىپ بارىمەن ئامرىقىم» دېگەن بۇ «يىپەكتەك يۇمشاق» مىسرا ئۈچۈن ئەقلى ھوشىنى يوقاتقان تۈركىيە، ماھىيەتتە مىڭ يىللىق تارىخنى ئۆز قولى بىلەن يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى دېگەن گەپ. سىياسىتىنى ۋە ئىقتىسادىنى لىبېراللاشتۇرغىنى بىلەن، دېموكراتىيە ۋە ياكى ئەركىن بازار ئىقتىسادى ئىگىلىگى بولمىغان خىتاي، 21-ئەسىردىكى دۇنيانىڭ دۈشمىنى بولۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا. ئەمما بۇ ئىقتىسادى دۈشمەننىڭ ئىدېئولوگىيە دائىرىسى بەكمۇ كەڭرى ئەمەس. ھېچكىم، ھەتتا خىتايلار ئۆزلىرىمۇ نېمىگە ئىشىنىدىغانلىقلىرىنى بىلمەيدۇ. قارىماققا ھازىرغىچە كوممۇنىست

بولغان خىتاي، ئەمەلىيەتتە ھېچ كوممۇنىست ئەمەس. بەزى خىتاي لىدىرلىرى كۆڭزى تەلىماتىغا قايتىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق.

ئۇنداقتا دۇنيا نەزىرىدە يىلتىزچى خىرىستىيانلىق، نەسەبچى يەھۇدىيلىك، رادىكالچى ئىسلام، ئويغاق ھىندۇئىزم، خۇداسىز كوممۇنىزم دەپ قارىلىدىغان بۇ دىنلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ لىدىرلىرى، نېمە ئۈچۈن پۈتۈن تارىخلارنى، دىنى ئېتىقاتلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، بىر يۇمىلاق ئۈستەلگە كېلەلەيدۇ؟ بۇنىڭ ئاساسى سەۋەبى، مەنپەئەت.

ئەردوغاننىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئىسلامچى لىدىرلىقىنى، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقىنى، قان-قېرىنداشلىقنى، ھەتتا قۇرئاندىكى ئادالەت پىرىنسىپلىرىنى، زالىم ئالدىدا ھەق سۆزلەش كېرەكلىكى ھەققىدىكى قۇرئان پەرزلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، شى جىنپىڭ بىلەن قول سىقىشىش، ئۆز قېرىندىشى ھېسابلانغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قېنىغا چىلانغان باكلاۋانى يېيىش يولىنى تاللىشى، ئەلۋەتتە مەنپەئەت ئالدىدا ئوسمانىيلار بەرپا قىلغان بارلىق ئىنسانلىق، مۇسۇلمانلىق ۋە تۈركلۈك قىممەت-قاراشلىرىنى ئاياق ئاستى قىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تارىخنىڭ مەسىلە ھەل قىلىش رولى يوق، ئەمما ساۋاق بېرىش رولى بار. شاۋجياڭ دېگەن بۇ خىتاينىڭ شېكەر يالىتىلغان تاتلىق سۆزلىرىنىڭ ئەكس ساداسىدىن، تەگرىنىڭ قامچىسى دەپ نام ئالغان ئاتىللانىڭ، بىلگە قاغان ۋە تونيۇقۇقلارنىڭ روھى قانچىلىك قورۇنۇۋاتقاندۇ - ھە؟

# تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل (6)

## ئادالەتنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى

2019-يىلى ئاۋغۇست. ئىستانبۇلنىڭ داڭلىق تۆپىلىكلىرىدىن بىرى بولغان چاملىجا تۆپىلىكىدە تۇرماقتىمەن. تۇن نىسبەتەن چاملىجا، مارمارا، تۇن، يۇلتۇزلار، شۇنداقلا مېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەشلىك يۇمىلاق ئۈستەل ئۇچرىشىشىم بار. يازغۇچىلار، شائىرلار، رەسساملارغا تۈگىمەس ئىلھام بۇلىقى بولغان چاملىجا تۆپىلىكىنىڭ ساھىبخانلىقىدا، بۇ تەبىئەت سەرخىللىرى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، قۇرۇقدىلىپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان ئىلھام ۋە ئەقىل ئامبارلىرىمنى تولۇقلىماقچى، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىنىڭ ئەلچىسى بولغان قەلىمىمنى بىلىمەكچىمەن. قەلەم گويا ھەسەل ھەرىسىدۇركى، رېئاللىقتىن ئالغانىنى قەغەز ئۈستىگە قۇسىدىغان. قەلەم قەلبىنىڭ ئەلچىسى بولۇپ، بۈگۈنىنىڭ شاھىتىدۇر. خۇددى خىتاي ناھايىتى نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ، قەشقەر شەھرىنى ھىندى ئوكيان ساھىلىدىكى گىۋادا پورتىغا تۇتاشتۇرۇۋاتقىنىدەك، خۇددى رەجەپ تاييىپ ئەردوغان بەي ئەپەندى خىتايدىن ئالغان قەرز پۇللار بىلەن، ئىستانبۇلدا ياۋروـئاسىيا تۇنىللىرى ياساپ قىتئەلەرنى قىتئەلەرگە تۇتاشتۇرۇۋاتقىنىدەك، قەلەممۇ تارىخنى بۈگۈنگە، بۈگۈننى كېلەچەككە تۇتاشتۇرىدىغان روھنىڭ تۇنىلىدۇر. بۇ تونىل شۇنداق تۇنىلكى، شى جىنپىڭدەك

دۇنيانىڭ كۆزى ئالدىدا قۇرئاننى كۆيدۈرۈۋاتقاندا، كۆرۈنۈشتە ئاجايىپ سەلتەنەتلىك مەسچىت-جامەلەر سىلىپ، ئەمەلىيەتتە قۇرئاننىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئادالەتنى ئاياق ئاستى قىلىپ، ھازىرنىڭ پىرئەۋنلىرى بىلەن ئىبنىز-بۇرۇن يالىشىۋاتقانلارنىمۇ قىلچە رەھىم قىلماي كىلەچەكنىڭ باھاسىغا تاپشۇرۇپ بىرىدۇ.

چاملىجا ئىتەكلىرىدە ئائىلەمنىڭ ھايات خاتىرىلىرى بار. بىر چاغلاردا مەن ئۈسكۈدار ۋە ئۈمرانىيەلەردە، زىغىرزارلىقلاردا تاسادىپ ئىچىلىپ قالغان لەيلىقازاق گۈللىرىدەك ئىدىم. كادىكوي، بوستانچى، ئەرەنكۆي، ئۈسكۈدار، ئۈمرانىيە، ئۆرنەك مەھەللىسى قاتارلىق مەھەللە بازارلىرىدا، ئائىلەمنىڭ ھاياتنى قانداق قىلىپ يىگىدىن ۋە ئاددىيلىقتىن باشلاش ھىكايىلىرى بار.

بۇ قىتىم چاملىجا تۆپىلىكىگە 60 مىڭ كىشى بىرلا قىتىمدا ناماز ئوقۇيالايدىغان سەلتەنەتلىك رەجەپ تايىيىپ ئەردوغان جامەسى سىلىنىپتۇ. ئىنىق بىلىنىپ تۇرۇپتۇكى، رەجەپ تايىيىپ ئەردوغان بەي ئەپەندى بۇ جامى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ 21-ئەسىردىكى ئىسلامچى لىدىر ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىز قالدۇرماقچى. چاملىجا جامەسىنىڭ يەنە بىر يۈزىنى مارمارا بوغۇزى ساياھىتىگە چىققاندا ھىس قىلىسىز. مارمارا بوغۇزىدىن نەزەر تاشلىغاندا، چاملىجا تۆپىلىكىدىكى رەجەپ تايىيىپ ئەردوغان بەي جامەسى، سۇلايمانىيە ۋە سۇلتان ئەخمەت جامائەلىرىدىن ئىبارەت ئوسمانىيلار سۇلتانلىرى سالدۇرغان سەلتەنەتلىك جامەلەر قاتارىغا تىزىلىپ تۇرىدۇ. بىلىنىپ تۇرۇپتۇكى، رەجەپ تايىيىپ ئەردوغان بەي ئەپەندى، مارمارا بوغۇزىدا «مەن ئوسمانىيلار خانىدانلىقىنىڭ داۋامىمەن» دىگەن ئىزنى قالدۇرماقچى.

بەزىلەر ساختا كۆزيېشىلەر ئارقىلىق تارىختا ئىز قالدۇرماقچى بولىدۇ. بەزىلەر ھەقىقىي ئىنسانلىقنىڭ ۋىجدانى بىلەن تارىخقا چوڭقۇر ۋە تەسىرلىك ئىزلار قالدۇرىدۇ. ئالدىنقىسى قۇمغا بېسىلغان مۆھۈرگە ئوخشايدۇ، كېيىنكىسى بولسا ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئالتۇن بەتلىرىدە مەڭگۈ چاقنايدۇ.

1940 ـ يىلى باھاردا گىتلېر ئارمىيەسى جەنۇبتىن فرانسىيەگە كىرگەن ۋاقىتتا، فرانسىيەنىڭ شىمالىدىن ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيەگە قاچقان يەھۇدىيلارنىڭ ۋىزىغا ئېھتىياجى بار ئىدى. ھاياتىنى قۇتقۇزىدىغان بىر پارچە قەغەزگە، يەنى ۋىزىغا ئېھتىياجلىق بولغان 10 مىڭلىغان يەھۇدىي بوردا كەنتىدىكى پورتۇگالىيە كونسۇلخانىسىدا توپلاشقان ئىدى. باش كونسۇل سوسا مەندەز پورتۇگالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋىزا قانۇنلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق يەھۇدىيغا پورتۇگالىيەگە كىرىش ۋىزىسى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان ئىدى. ئەمما سوسا مەندەز بۇ ئادالەتلىك ئىشى سەۋەبىدىن خىزمەتتىن ھەيدىلىپ، بىر ئۆمۈر غۇربەتچىلىكتە ھاياتىنى ئۆتكۈزگەن ئىدى.

3 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر، گىتلېر جازا لاگېرلىرىغا ئوخشايدىغان خىتاي جازا لاگېرلىرىغا سولانغانلىقىنى كۆزى كۆرمەس كور، قۇلىقى ئاڭلىماس گاس، تىلى سۆزلىيەلمەس كېكەچ بولۇۋالغان، «ئىسلامنىڭ ھامىيسى» رەجەپ تاييىپ ئەردوغان بەي ئەپەندى بىلەن سوسا مەندەزنىڭ قايسىسى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىز قالدۇرغان شەخس سانىلار؟

ئۇيغۇرلارنىڭ خاتىرىسىدە، رەجەپ تاييىپ ئەردوغان بەي ئەپەندىنىڭ ئىسلام لىدىرى سۈپىتىدە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم زالىم بىلەن مەزلۇم ئوتتۇرىسىدا قىلغان سۆزى، 5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنى «ئىرقى قىرغىنچىلىق» دەپ ئىپادىلىشى بولۇپ

ھېسابلىناتتى.

«ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دېگەن بۇ سۆزنىڭ قىممىتى تۈركىيە ئۈچۈن بەك يۇقىرى بولدى. 2009-يىلى خىتاي بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى سودا-تىجارەت سوممىسى بىر مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولغان بولسا، «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» كەلىمىسىدىن كېيىن ۋە ھازىر خىتاي-تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى سودا سوممىسى 27 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

گەرچە ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ قايناۋاتقان قازىنىغا سوغۇق سۇ قۇيۇلۇپ تىمتاسلىقتا چۆمگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەردوغان بەي ئەپەندى بىلەن شى جىنپىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توختىماي قول سىقىششلار سەۋەبىدىن ئەنقەرە تىمتاس ئەمەس ئىدى.

سۇرىيەدىن ئىراققا، لىۋىيەدىن مىسىرغا، يەمەندىن قىبرىسقا قەدەر مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ئادالىتى ئۈچۈن نۇتۇقلار سۆزلەپ، «ھەق-ناھەق مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلغان دىنسىز شەيتاندۇر. ئاللاھنىڭ ئالدىدا سەجدىگە ئېگىلگەندىن باشقا ھېچقانداق كۈچ ئالدىدا ئېگىلمەيمىز. بىرلىرىنىڭ خوشاللىقى ئۈچۈن قېرىنداشلىق مېھرىمىزنىڭ زېدىلىنىشىگە ھەرگىز يول قويمايمىز. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىزگە نېمە دەيدۇ؟ مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلمايدۇ. مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتتە ئۇنى تەرك قىلمايدۇ. مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا ياردەم قىلسا، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ. بىر تامچە نېفىتنى بىر تامچە قاندىن ئەۋزەل كۆرگەن بىچارىلەر، بايلىق مەنبەلىرىمىزنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ئۈچۈن بىزنى بىر بىرىمىزگە دۈشمەن قىلىپ قويدى. قان ھىدى ئالغان لەھەڭدىن بەتتەر بولغىنى، نېفىت ھىدى ئالغان

جاھانگىرلىكتۇر. كېلەچەك ئافرىقا قىتئەسىنىڭ بولغۇسى، مەزلۇمنىڭ ئاھى ھەرگىز يەردە قالمايدۇ. ھەر پىرئەۋنگە قارشى بىر مۇسا ھامان چىقىدۇ» دېگەن رەجەپ تايىپ ئەردوغان بەي ئەپەندى، ئاخىرىدا ۋىجدانىنى شى جىنپىڭنىڭ 5 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى قەرزگە تېگىشىۋەتتى. ۋىجدان سېتىلغان يەردە ئادالەت نېمە ئىش قىلسۇن؟ ئادالەت سېتىلغان يەردە جامە نېمە ئىش قىلسۇن؟ مەن رەجەپ تايىپ ئەردوغان بەي ئەپەندىنىڭ سۆزىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەرمەكچىمەن. شۇنداق، ھەر پىرئەۋنگە قارشى ئۇيغۇر ئۇچۇنمۇ بىر مۇسا ھامان چىقىدۇ. قۇرئاندىكى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام قىسسىسى، سەۋر قىسسىسى بولۇپلا قالماي، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە پىرئەۋن ئالدىدا ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئادالەتنى ياقلىيالمىغان بىر پەيغەمبەرگە بېرىلگەن ئاللاھنىڭ جازا قىسسىسىدىن ئىبارەت.

بىر كۈنى خىتاي پەيلاسوپ كۇڭزى تاغلارنى كېزىپ تەپەككۇر قىلىپ يۈرسە، ئالدىغا بىر موماي چىقىپ قاپتۇ. موماي تاش ئۈستىدە يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. كۇڭزى مومايدىن نېمىگە يىغلاۋاتقانلىقىنى سورىغان ئىكەن، موماي ئىككى بالىسىنى يولۋاس يەپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. كۇڭزى مومايغا، ئۇنداقتا شەھەرگە كىرىپ كەتسەڭ بولمامدۇ؟ دەپ سورىغان ئىكەن، موماي ئۇنىڭغا جاۋابەن: «شەھەردە دۆلەت بار، ئۇ تېخىمۇ خەتەرلىك» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ھازىر خىتاي بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدا قىسىلىپ قالغان، دۆلەت تەۋەلىكى يوق بالىلار، پاسپورتىنىڭ ۋاقتى توشقان ئۇيغۇرلار، ئىشلەش رۇخسىتى يوق، ھىلى خىتايغا تۇتۇپ ئۆتكۈزۈپ بېرەرمۇ؟ دېگەن ئەندىشە ئىچىدە ياشاۋاتقان، رەڭگى-رويى سامانىدەك سارغايغان ئۇيغۇرلار، دەل تاغدىكى بالىسىنى يولۋاس يەپ كەتكەن خىتاي مومايغا بەك ئوخشايدۇ. يېقىندا ئامېرىكىدا بىر

ئۇيغۇر يىگىتى سورىغان ئۇيغۇر مەسلىسى ھەققىدىكى سوئالغا جاۋاب بەرگەن ھۆرمەتلىك رەجەپ تايىپ ئەردوغان بەي ئەپەندىنىڭ تەنە ئارىلاش ئېيتقان «سىز تۈركىيەنىڭ مىڭلارچە ئۇيغۇرغا ئىگە چىققانلىقىدىن خەۋەرسىز ئوخشايسىز» دېگەن سۆزلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرىكىنى ئاغرىتىدىغان سۆزلەرنىڭ بىرى. تۈلكىلەر ھەر يىلى توشقان نوپۇسىنىڭ ھەممىسىنى يەۋەتمەيدىكەن. ئۇلار توشقان نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى قالدۇرۇپ قويىدىكەن. بۇنداق بولغاندا، توشقان نەسلى قۇرۇپ كەتمەيدىكەن، ھەمدە تۈلكىلەرمۇ كېلەر يىلى ئاچ قالمايدىكەن. نۆۋەتتە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار، ئەنە شۇ تۈلكىلەر كېلەر يىلى ئۈچۈن ئاشۇرۇپ قويغان قالدۇق توشقانلارغا ئوخشايدۇ.

تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار تېپىرلاپ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغا كەلگەندە، تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۇلايمان سويلۇنىڭ كۆلۈمسىرىگەن چىرايى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پەيدا بولىدۇ ۋە ئازراق ھاياتلىق يەمچۈكى تاشلاپ بېرىدۇ.

گەرچە تارىخنىڭ داش قازىنىدا ئاجىزلارنىڭمۇ نېسىۋىسى بولسىمۇ، ئاجىزلىق بىلەن كۈچلۈكلۈك ئالمىشىشى تارىخنىڭ خۇي-پەيلى بولغانلىقى سەۋەبىدىن، تارىخنى ھامان كۈچلۈك بولغان تەرەپنىڭ كىشىلىرى يېزىپ كەلدى. بۈگۈنكى ئاجىز، تۈنۈگۈن قانچىلىك سەلتەنەتلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۈگۈنگە بۈگۈن ھۆكۈمدار بولغانلىقى ئۈچۈن، بۈگۈن ئۇلار خۇددى مۆلدۈر سوققان گۈل بەرگىلىرىدەك شۈمشىيىپ قالدى. گەرچە تۈرك تارىخنىڭ سەددىچىن سېپىلىدىن ئادرىئاتىك دېڭىزىغا قەدەر سوزۇلغان بۇ كەڭرى جۇغراپىيەدە ئات چاپتۇرۇپ، قامچا پۇلاڭلاتقانلار قانچىلىغان سەلتەنەت قۇياشلىرىنى تۇغدۇرۇپ، قانچىلىغان سەلتەنەت قۇياشلىرىنى

پاتۇرغانلار ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بەلگىلىك ئورنى بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تارىخنىڭ ھەقدار ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلاردىن 3 مىليون كىشىنىڭ جازا لاگېرلىرىدا جان تالىشىۋاتقانلىقى، خىتاي-تۈركىيە زامانىۋى كېلىشىمنامىلىرى كۆلەڭگىسى ئاستىدا ئايىغى چىقمايدىغان زورىيىشلا، ئايىغى چىقمايدىغان قانائەتسىزلىكلەر كوزۇرى بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ ھەققىدە گەپ قىلغۇدەك مادارى يوق. ئەمما تۈركىيە، نۆۋەتتە ئوسمانىيلارنىڭ تارىختا ياراتقان قىممەت-قاراشلىرىنى خىتايغا ئۈزلۈكسىز سېتىۋاتقانلىقىغا قارىماي، يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىي غۇرۇرنى ئۇرغۇتۇش مەقسىتىدە تارىخى فىلىملەرنى ئىشلەشكە ناھايىتى نۇرغۇن مەبلەغ سالماقتا. بۇلار «دىرىلىش ئەرتۇغرۇل»، «قۇرۇلۇش ئوسمان»، «پايتەخت ئابدۇلھەمىت» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. گەرچە ئەرتۇغرۇلنىڭ قەدەمدە بىر قىلىچىنى پۇلاڭلىتىپ: «سۇلايمان شاھ ئوغلى ئەرتۇغرۇل» دېگىنىچە مەزلۇم ۋە ئاجىز يېنىدا سەپ تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈن ئەرتۇغرۇللارنى تۈركىيە تۈپراقلىرىدا ئۇچرىتىش بەك قىيىن. خىتاي جازا لاگېرلىرىنى زىيارەت قىلىشقا بىللە بارغان ئولسى بىلەن تۈركىيەلىك مۇخبىرنىڭ، خىتاي جازا لاگېرلىرىدا ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان رېئاللىقنى دۇنياغا ئاشكارىلاشتا تۇتقان پوزىتسىيەسى بۇنىڭ ئەڭ يارقىن مىسالى. تۈرك مۇخبىرلىرى جىددىي بىر سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

ھېس-تۇيغۇ باشقا، ھېسسىيات باشقا. ھېس-تۇيغۇلىرىمىزنى بىزنى سەگەكلەشتۈرىدۇ، ھوشيار قىلىدۇ. ئەمما ھېسسىيات بىلەن تاشلانغان قەدەملەر بىزنى مۇستەھكەملىكتىن ئۇزاقلاشتۇرىدۇ. ھېس - تۇيغۇلىرىم يەنىلا، ئۈرۈمچى، خىتاينىڭ ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك رايونى، مالايشىيا تايلاند، تۈركىيە، سۇرىيە... قاتارلىق

مۇشۇ قىزىق نۇقتا رايونلىرىدا. يەنى، ئۇيغۇرلار ئەڭ ئالدام خالتىغا چۈشۈۋاتقان نۇقتىلاردا چۆرگۈلەيدىغان بولۇپ قالدى.

شۇنداق، تۈن نىسبەتەن چاملىجا تۆپىلىكىنىڭ ساھىبخانلىقىدا مارمارا بوغۇزى، تۈن، يۇلتۇزلار بىلەن خۇددى ئالتۇن تاۋاققا سېلىنغان باكلاۋا ئۈستىگە پاتۇرۇپ قويۇلغان يالغۇز ياڭاق مېغىزىدەك، تەبىئەت بىلەن يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىغا قاتنىشىپ، ھېس-تۇيغۇلىرىمنى تاۋلىماقتىمەن.

ئۆرۈمچىدىن باشلىنىپ ئاخىرى سۇرىيەگە تۇتىشىدىغان بۇ جۇغراپىيەدە توختىغان ۋاقتىمدا ئىچىمنى بىر ئەنسىزچىلىك قاپلايدۇ. گەرچە تۈركىيە تېررورىزم بىلەن بولغان كۈرەشتە شېھىتلىرىمىزنىڭ قېنى بىكارغا ئاقمىدى دەۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما سۇرىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ رايونلاردا ئېغىر بەدەللەر تۆلىدى. چۈنكى تېررورنىڭ كۆزى ئەلۋەتتە كور. ئۇنداقتا تۈركىيەنىڭ خىتاي بىلەن قانچىلىك ئاپاق-چاپاق بولۇۋاتقىنىغا قارىماي، دۇنيانىڭ ئادالەت دۇنياسى ئەمەس، بەلكى مەنپەئەت دۇنياسى ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئالماي، «تۈركىيە ئۈچۈن جېنىم پىدا» دەۋاتقان، «تۈركىيە ئۈچۈن شېھىت بولۇشنى شەرەپ» دەپ بىلىدىغان ئۇيغۇرلارنى، تۈركىيە نېمە ئۈچۈن سۇرىيەدە پايدىلانمىسۇن؟ تۈرك ئەسكىرىنىڭ شېھىت بولۇشىنىڭ ئورنىغا نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرنى دەسسەتمىسۇن؟

شى جىنپىڭنىڭ قۇرئاننى كۆيدۈرۈشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. چۈنكى ئۇ قۇرئان دۈشمىنى كوممۇنىست. ئەسلى ھەيران قېلىشقا تېگىشلىك ئىش، كۆرۈنۈشتە جامەلەر تىكلەپ تۇرۇپ، يەڭ ئىچىدە قۇرئان كەرىمنىڭ ئادالەت ئەھكاملىرىنى سېتىپ خەجلەۋاتقانلاردۇر.

ئامېرىكىلىق داڭلىق سېنارىست ۋە ئارتىست ئالپاچىنو

«كۆزنى ئالداتماق ئوڭاي، ئەمما قەلبنى ئالداتماق قىيىن» دەيدۇ.

خىتاي بىلەن تۈركىيە بارغانچە ناھايىتى يۇقىرى رەقەملەر ئاستىدا كېلىشىملەر تۈزۈۋاتىدۇ. رەقەملەر قانچە ئاشقانسېرى، ئۇيغۇرلارنىڭ يەر يۈزىدىن يوق بولۇپ كېتىش خەتىرىگە شۇنچە ھەسسە قوشۇۋاتىدۇ. كوممۇنىست شى جىنپىڭ بىلەن ئىسلامچى لىدىر رەجەپ تايىپ ئەردوغاننىڭ قول سىقىشىپ شېرىك بولۇشى، ماھىيەتتە ئوت بىلەن مۇزنىڭ قۇچاقلىشىشىغا ئوخشايدۇ. بۇنداق بىنورماللىق ئادەتتە، نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلەشكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق قۇچاقلىشىشلار كۆلەڭگىسىدە ئەڭ ئېغىر زىيان تارتىدىغانلار يەنىلا ئۇيغۇرلار بولىدۇ. بۇ كۈچكە قارشى ھەقىقەتتىن ۋاز كېچىشكە باشلاپ بارىدۇ. ئىنسانلىق مەنىسىدىن ۋازكېچىش، دۇنيانى گۈزەللىك، ئەخلاق ۋە مېھرىبانلىقتىن مەھرۇم قاراڭغۇ ئورمانغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇ قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئورمانلاردىن رەجەپ تايىپ ئەردوغان بەيىنىڭ ئىسمىنى «شى دوغان» دەپ چاقىرىدىغان ئەكس سادالارمۇ ئاڭلىنىۋاتىدۇ.

# «تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل» ناملىق چاتما مۇلاھىزىلەر قوزغىغان مۇنازىرىلەرگە ئىككى كەلىمە سۆز

(ئوبزور)

**مەمەت ئىمىن**

ئىچىدە ئۇيغۇر ھەممىيلەنگە مەلۇم بولغانىدەك، ۋەتەندىكى لاگېر مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ۋەتەن بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ توسالغۇغا نەتىجىسىدە، بىزنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىمىزدا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭىلىقلار دۇنياغا كەلدى. خەلقىمىز ئىچىدە يۈزلۈك (فېيسبۇك)، تۋىتتېر قاتارلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنى ئىشلىتىدىغانلار ھەسسىلەپ كۆپەيدى. كۆپلىگەن ۋاتساپ گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. خەلقىمىز بۇ ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئارقىلىق ۋەتەندىكى ۋەزىيەتلەرنى ۋە خەلقىمىزنىڭ ئەھۋالىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش بىلەن بىرگە، ئۆز كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئەركىن ئىزھار قىلىدىغان بولدى. خەلقىمىزگە، ئۆزئارا تونۇشىدىغان، ئۆزئارا چۈشىنىشىدىغان، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرىدىغان، ھەتتا بىر بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان، ھاقارەتلەيدىغان ئىمكانىيەتلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ماڭا نىسبەتەن خەلقىمىزنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ۋە پسىخىكا-روھىي ھالىتىنى ئەتراپلىق كۆرسىتىدىغان بىر پۇرسەت

ۋە سورۇن ھازىرلاندى. مەن بوگۇن ئۇزۇندىن بىرى كۆزىتىپ كېلىۋاتقان خەلقىمىز ئىچىدىكى ئىنكار قىلىش پىسخىكىسى توغرىسىدا ئازراق توختالماقچىمەن.

ئىنكار قىلىش (Denial) دېگىنىمىز ئىقرار قىلىش، قوبۇل قىلىش بىلەن قارشى مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن قېچىشىنىڭ ئەڭ ئاسان ئۇسۇلى. ئىنكار قىلىش گەرچە ھەرقانداق ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدە ئازدۇر-كۆپتۇر مەۋجۇت بولغان خاھىش بولسىمۇ، بىراق ئۇ نورمالدىن ئاشسا بىر خىل روھىي كېسەللىك ھېسابلىنىدۇ. مەن كۆزەتكەن ئەھۋالغا ئاساسلانغاندا، بىزدىكى بۇ ئىنكار قىلىش خاھىشى باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندا ھەم ئېغىر، ھەم دائىرەسى كەڭ بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ كۈندىلىك ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتكۈدەك دەرىجىدە بىر خىل روھىي كېسەللىك باسقۇچىغا يەتكەندەك تۇرىدۇ. بەلكىم مەن خاتالاشقان، ئۇنى مۇبالىغە قىلىۋەتكەندىمەن. مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، مەن ئۆزۈم كۆزەتكەن خەلقىمىز ئىچىدىكى ئىنكار قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەرنى ۋە ئۆزۈمنىڭ ئۇ مەسىلىلەرگە بولغان كۆز قاراشلىرىمنى يېزىپ، ۋەتەنداشلار بىلەن ئورتاقلىشىش قارارىغا كەلدىم. بۇ پەقەت ئۆزۈمنىڭ كۆزىتىشىگە ئاساسەن يېزىپ چىققان شەخسى كۆز قاراش بولۇپ، توغرا بولغان تەرەپلەر بولسا توغرا بويىچە، ناتوغرا تەرەپلەر بولسا، ئۇنى توغرىلاپ چۈشىنىشىڭلار ئۈمىد قىلىمەن.

بىزدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئىنكار قىلىشلار:

1. پىكىر ۋە كۆز قاراشتا ئوخشاش بولمىغانلارنى ئىنكار قىلىش.

2. پەننى زىيالىيلار بىلەن دىننى ئۆلىمالار ئارىسىدىكى

ئۆزئارا ئىنكار قىلىش.

3. ئىسلام دىنى ئاساسي ئورۇندا تۇرغان دۆلەتلەردە ياشاۋاتقانلار بىلەن غەرب دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان ۋەتەنداشلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئىنكار قىلىش.

4. ئىسلام دۆلەتلىرىدە تەربىيە ئالغان قېرىنداشلارنىڭ غەرب قىممەت ـ قارىشىنى ۋە غەربنىڭ كىشىلىك ھەق ـ ھوقۇق تەشەببۇسىنى ئىنكار قىلىش.

5. غەرب دۆلەتلىرىدە تەربىيە ئالغان قېرىنداشلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىكى ئەنئەنىۋى ئادەت ۋە كۆز قاراشلارنى ئىنكار قىلىش.

6. ئەڭ مۇھىمى كۆڭلىمىزگە ۋە سۇبيېكتىپ ئارزۇيىمىزغا ياقمىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىش.

بىلىشىمىز كېرەككى، ھەرقانداق شەيئىنىڭ مىكرو ۋە ماكرو قۇرۇلمىسى بولىدۇ. شەيئىلەرنىڭ مىكرو قۇرۇلمىسىنى كۆزىتىش ئۈچۈن، ئۇنى يېقىندىن كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. شەيئىلەرنىڭ ماكرو قۇرۇلمىسىنى توغرا ۋە ئەتراپلىق كۆزىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سىرتتىن قاراشقا توغرا كېلىدۇ. چەمبىرەكنىڭ ئىچىدە تۇرغان ئادەم، چەمبىرەك ئىچىدىكى بەزى ئىنچىكە نۇقتىلارنى ياخشى ۋە توغرا كۆزىتەلىگەن بىلەن، ئەڭ كۆپ بولغاندا چەمبىرەكنىڭ پەقەت 145 گىرادۇس دائىرىسىنى كۆرەلەيدۇ. چەمبىرەكنىڭ 360 گىرادۇس دائىرىسىنى تولۇق كۆرۈش ئۈچۈن، چەمبىرەكنىڭ سىرتىغا چىقىپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا چەمبىرەكنىڭ ئىچىدىكىلەر چەمبىرەك سىرتىدىكىلەرنى، چەمبىرەك تېشىدىكىلەر چەمبىرەك ئىچىدىكىلەرنى ئىنكار قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئۇلار بىر بىرىنى تولۇقلاش رولىنى ئۆتەيدۇ. شەيئىلەرگە توغرا ۋە ئەتراپلىق باھا بېرىپ، توغرا يەكۈن چىقىرىش ئۈچۈن، ئىككى تەرەپنى بىرلەشتۈرۈش، يەنى چەمبىرەكنى

ھەم ئىچىدىن، ھەم سىرتىدىن كۆزىتىش كېرەك. باشقىلار پىكىر قىلغاندا، ۋاقتىمىز بولسا ئاڭلاپ تەپەككۇر قىلىپ، ئاندىن پىكىر قىلايلى. ئەگەر ئاڭلىمىغۇدەك ۋاقتىمىز بولمىسا، نېمە دەۋاتقانلىقى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ھېسسىياتىمىزغا تايىنىپ يەكۈن چىقىرىپ، باشقىلارنى ئىنكار قىلمايلى.

2015-يىلى گېرمانىيەدە ياشايدىغان رۇنە، يەنى ئۇيغۇرچە ئىسمى يۈسۈپجان دېگەن دوستىمىز مەن خىزمەت قىلىۋاتقان مەكتەپتە «ئۇيغۇرلارنىڭ توي ئادىتى» توغرىسىدا ئىككى سائەتلىك ئىلمىي دوكلاتلار بەرگەن ئىدى. مەن ئۇنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ، بىر چەتئەللىكنىڭ بىزنىڭ توي ئادەتلىرىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان ئىنچىكە نۇقتىلارنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نېمە مەنىسى بارلىقىنى بىر-بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدىن ھەيران بولغان ئىدىم. كېيىن مەن نۇرغۇن ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق، ئۇنىڭ «ئىنسانلار ئادەتلەنگەن مۇھىتتىكى ئادەتلەنگەن شەيئىلەرنىڭ كىشىلەردە ئالاھىدە دىققەت قوزغىمايدىغانلىقى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. دېمەكچى بولغىنىم بەزى ئادەتلەر، بەزى ھادىسىلەر، بەزى شەيئىلەر، مەيلى ئۇ توغرا بولسۇن ياكى خاتا بولسۇن، ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، ئۇ بىزنىڭ نورمال ھاياتىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكىنى ئۈچۈن، ئۇ بىزگە ئالاھىدە تۇيۇلمايدۇ، بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغىمايدۇ، بىزمۇ ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پەرق ئەتمەيمىز. مەسىلەن: بىز كۈندە ياشىغان مۇھىتتا، بىز تۇغۇلغاندىن بىرى مەۋجۇت بولغان مەلۇم شەيئى بىزنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمىزنى قوزغىمىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن ئۇ شەيئى كۈندە كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇرسىمۇ، بىز ئۇنى كۆرمەيمىز. ئەمما كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ شەيئى ئۇشتۇمتۇت كۆزىمىزدىن غايىپ

بولسا، ئۇ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى دەرھال تارتىدۇ. شۇڭا ئىنسان مەلۇم شەيئىنى ئەتراپلىق كۆزەتمەكچى بولسا، بىرى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، سىرتتىن قارىشى لازىم، يەنە بىر باشقىلارنىڭ كۆزىدە نەزەر تاشلىشى لازىم. نورمالدا بىرەر ئىنسان مەلۇم كۆز قاراش ياكى ئۆزگىچە ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭغا پەقەت ئۇ كۆز قاراش ۋە ئىدىيەنىڭ ئۆزى بىلەن ئوخشاش ياكى ئوخشىماسلىقىغا، ياكى ئۇ كۆز قاراش ياكى ئىدىيەنى ياخشى كۆرىدىغان ياكى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىغا قاراپ باھا بېرىدۇ. ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراش ۋە ئىدىيەلەر، ئۆزى بىلەن ئوخشاش بولسا، ئۇنى ياخشى كۆرسە، ئۇنى قوللايدۇ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن دېيىشىپ، ئۇنى مەدھىيەلەيدۇ. ئەگەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراش ۋە ئىدىيەلەر ئۆز بىلەن پۈتۈنلەي پەرقلىق بولسا، ۋە ياكى ئۇنى پەقەت ياخشى كۆرمىسە، ئۇ كۆز قاراش ۋە ئىدىيەنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ كۆز قاراش ۋە ئىدىيەلەر ئۇ ئىنسانلار بىلەن ئوخشاش بولغاچقا، ئۇنىڭدا ھېچقانداق پەرق ۋە يېڭىلىق بولمىغاچقا، ئۇ ئىنسانلار ئۇ كۆز قاراش ۋە ئىدىيەلەردىن ئۆزى بىلمىگەن يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنەلمەيدۇ. ئەكسىنچە، ئىنسانلار دەل شۇ ئۆزىدىن پەرقلىق بولغان كۆز قاراش ۋە ئىدىيەلەردىن ئۆزلىرى بىلمىگەن يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيدۇ. مەن يېقىندا يازغان «مۇنازىرە ئەخلاقى ۋە بىزدىكى رېئاللىق» دېگەن ماقالىدا بۇ جەھەتتە تەپسىلىي توختالغان ئىدىم. يېقىندا ئۆزگە «كاسىسىنى» دەپ تەخەللۇس قويغان بىر قېرىندىشىمىز ئېلان قىلغان «تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل» دېگەن بىر ماقالە، ھەر خىل ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كەڭ تارقىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەر خىل ئىنكاسلار چۈشكەن. بەزىلەر ئۇنى ئۆزگىچە

يېزىلغان ماقالە دېيىشكەن بولسا، يەنە بەزىلەر ئۇنى ئىسلام دىنىغا قىلىنغان تۆھمەت دەپ ئىنكار قىلىشقان. بەزىلەر ئۇنى خەلقىمىز ئىچىدە مەۋجۇت بولغان يامان ئىللەتلەرنى ياخشى يورۇتۇپ بەرگەن دېسە، يەنە بەزىلەر ئارىمىزدىكى ئايرىم مەسىلىلەرنى چوڭايتىپ، خەلقىنىڭ دىققىتىنى خاتا يۆنىلىشكە بۇراشقا ئۇرۇنغان دەپ ئىنكار قىلىشقان. بەزىلەرنى ئۇنى ھەتتا يامان نىيەت بىلەن يازغان، خەلق ئىچىدە ئىچكى زىددىيەت پەيدا قىلىش ئۈچۈن يازغان دەپ، ئۇنى ئىنكار قىلىشىۋاتىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا، ئۇ ماقالىدا ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان مۇھىم مەسىلە ئەمەس، ئالدىمىزدىكى جىددىي مەسىلە لاگېرنى تاقاش، ئالدىمىزدىكى مۇھىم مەسىلە خەلقىمىزنى ھۆرلۈككە چىقىرىش؛ ئەگەر بىزدىكى مۇھىم مەسىلە ھەل بولسا، يەنى خەلقىمىز دۇچ كەلگەن دۈشمەنىنىڭ مۇستەملىكىسىدىن ئىبارەت يۈرەك كېسەلى ساقايسا، قالغان ئىشلار ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كېتىدۇ، دەۋاتىدۇ. توغرا، لاگېرنى تاقاش ھازىرقى جىددىي مەسىلە؛ ئالدى بىلەن لاگېرنى تاقاپ، خەلقىمىزنى ئازاراق بولسا ئەركىن نەپەس ئالدۇرۇشىمىز كېرەك؛ بىراق شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، خەلقىمىز يۈزلىنىۋاتقان تەھدىت يالغۇز لاگېر ئىچىدە ئەمەس؛ لاگېر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەقسىتىگە يېتىشتىكى بىر ۋاستە؛ لاگېر ھەرگىزمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئەمەس؛ شۇڭا لاگېرنىڭ تاقىلىشى بىلەن خەلقىمىز يۈزلەنگەن تۈپ مەسىلە ھەل بولماي. توغرا، بىز مۇستەملىكىدىن قۇتۇلساق، نۇرغۇن ئىشلىرىمىزدا ئۆزگىرىش بولىدۇ، بىراق ھەممە ئىشىمىز ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ.

يۈرەك كېسەلى، ھازىر خەلقئارادا بىرىنچى نومۇرلۇق قاتىل دەپ ئاتالغان كېسەللىك بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەن ئالدىن

داۋالاش كېرەك بولغان هايات ـ مامات بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئېغىر كېسەللىك. بىراق هازىرقى زامان تېبابەت ئىلمىنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسى، پەقەت كېسەلنى داۋالاشلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر. كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تارىختىن بۇيان كېسەل داۋالاشتا نەزەردىن ساقىت قىلىپ كېلىنگەن مەسىلە بولۇپ، هازىر تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە ئۇنىڭ مۇهىملىقى تېببىي ئالىملارنىڭ ئالاهىدە دىققىتىنى تارتماقتا. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن كۆپلەپ مەبلەغ سېلىنماقتا. بىزچە، كېسەل بولۇپ ئامال بولمىغاندا، ئاندىن داۋالاشنىڭ كويىدا بولىمىز. كېسەل بولۇپ سالامەتلىكىمىزنى يوقاتقاندا، ئاندىن سالامەتلىكنىڭ نەقەدەر مۇهىملىقىنى تونۇپ يېتىمىز. لېكىن ئۇ «كېسەل قانداق پەيدا بولغان، نېمە سەۋەبتىن پەيدا بولغان؟» دېگەننى بەك ئويلاپ كەتمەيمىز. شۇ سەۋەبتىن بىر يەكەن خانلىقى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، هەتتا ئۇ مەغلۇپ بولۇشتىن بۇرۇنقى دەۋردىن باشلاپ يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشقا باشلىدۇق ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بىز بۇ يۈرەك كېسىلىگە قايتا ـ قايتا گىرىپتار بولۇپ كەلدۇق. گەرچە ئارىلىقتا ئۇ يۈرەك كېسىلىمىزنى داۋالاشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساقمۇ، هەم قىسقا مۇددەتلىك ئازراق ياخشىلىنىش بولغان بولسىمۇ، بىراق داۋالاش يەنىلا ئۈنۈم بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىزنىڭ يۈرەك كېسىلىمىز يىلدىن يىلغا ئېغىرلىشىپ كەتتى. چۈنكى بىز ئۇنىڭ سەۋەبلىرى جەھەتتە بەك كۆپ ئويلاشمىدۇق. بىرسى قوپۇپ «بىز نېمە ئۈچۈن يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولىۋېرىمىز؟ ئۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟» دەپ ئويلاپ، بەزى سەۋەبلەرنى ئوتتۇرىغا قويسا؛ بەزىلىرىمىز قوپۇپ «سەن نېمە ئۈچۈننى قويۇپ، ئاۋۋال يۈرەك كېسىلىنى داۋالاشنى ئويلاشقىن،

يۈرەك كېسەللىمىز ساقايسا ئۇ ئۆزلۈكىدىن ھەل بولىدۇ ياكى ئۇنى كېيىن ئويلىشىۋالىمىز» دەپ، پىكىر قىلغان كىشىنى ئىنكار قىلساق؛ يەنە بەزىلىرىمىز «ئۇ دېگەن كىچىك مەسىلە، بىزنىڭ يۈرەك كېسەللىمىز بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟» دەپ ئۇ پىكىرلەرنى ئىنكار قىلىشتۇق. شۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ يۈرەك كېسەللىمىزنىڭ سەۋەبنى ئويلاشقا پۇرسىتىمىز بولمىدى. چۈنكى بىز يۈرەك كېسەللىنىڭ پەقەت بىرلا سەۋەبتىن ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن چوڭ-كىچىك سەۋەبلەرنىڭ ئورتاق تەسىرىدىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئۇنچە بىلىپ كەتمەيتتۇق. چۈنكى بىز يۈرەك كېسىلىدىن قۇتۇلۇپ بولالماي، پەقەت ئۇنى داۋالىتىشنىڭلا كويىدا ئىدۇق. كېسەلنىڭ سەۋەبى ھەل بولمىسا، ئۇ كېسەلنى داۋالاپ ساقايتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەنە قايتا گىرىپتار بولىدىغانلىقىنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمەيتتۇق. شۇڭا قېرىنداشلار يۈرەك كېسىلىنى داۋالاشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەندە، بەزىلەر ئۇنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ئىزدەنسە ۋە ئۇ توغرىسىدا پىكىر قىلسا، ئۇنى ئالدىراپ ئىنكار قىلمايلى. چۈنكى يۈرەك كېسىلى بىر قېتىم داۋالاپ ساقايتقان بىلەن، تەل تۆكۈس ساقىيىپ كېتىدىغان كېسەل ئەمەس. ئۇ يەنە قايتا-قايتا قوزغىلىدۇ. پىكىر ۋە كۆز قاراشتىكى پەرق تۈپەيلىدىن بىر بىرىمىزنى ئىنكار قىلمايلى. چۈنكى بىز بىنانىڭ ئالدى تەرىپىدىن بىنا كۆزەتكەن ۋاقتىمىزدا، بىنانىڭ كەينىدە ۋە بىنانىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى كۆزىتىدىغان ئادەم لازىم.

بىز يۈزىمىزدىكى قارىنى پەقەت ئەينەك ياكى باشقىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بايقايمىز. ئالدىراپ غەربنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئورنىغا غەربتىكى تەرەققىياتقا كۆز يۈگۈرتۈپ باقايلى ۋە ئۇلارنىڭ يېقىنقى 100-200 يىلدىن بۇيانقى تەرەققىياتىنىڭ، مۇسۇلمانلار

ۋە ئۆزىمىزنىڭ بۇرۇنقى قۇدرەتلىك دەۋرلىرىمىزنى يوقۇتۇپ، هازىرقى ئەھۋالغا چۈشۈپ قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ باقايلى؛ سەۋەنلىكنى يالغۇز باشقىلاردىن ئىزدىمەي، ئۆزىمىز نەدە كەتكۈزۈپ قويدۇق دەپ ئويلاپ باقايلى. بىزدىكى ھەممە يامان ئىللەتلەرنى، يالغۇز ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىمىز بولمىغانلىقىدىنلا ئىزدىمەي، مۇستەقىل دۆلەتلەردىكى، بولۇپمۇ مۇسۇلمان دۆلەتلەردىكى ھەر خىل مەسىلىلەرگىمۇ كۆز يۈگۈرتۈپ باقايلى. ئەگەر باشقىلارنىڭ پىكىر ۋە كۆز قارىشىغا قوشۇلمىساق، ئۆزىمىزنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مىللىتىمىزنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقى توغرىسىدا بىر تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماي تۇرۇپ، ئۆزىمىزنى ئالدىراپ پۈتۈن مىللەتنىڭ ۋەكىلى قاتارىغا قويۇپ، خەلقىمىز ئۇنداق قارايدۇ، مىللىتىمىز مۇنداق ئويلايدۇ دېمەيلى. باشقىلارغا دىكتاتور تەلەپپۇزدا بۇيرۇق بېرىدىغان ئىشنى تېخىمۇ قىلمايلى. ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراش ۋە ئىدىيەلەرگە، ئوخشىمىغان كۆز قارىشىمىز بولسا، ئۇنى شەخسكە قارىتىپ ئەمەس، ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراش ۋە پىكىرگە قارىتىپ ئوتتۇرىغا قويايلى. چۈنكى ھېچكىم ئەۋلىيا ئەمەس؛ ھېچكىم ھەممىنى بىلگۈچى ئەمەس. شەخسلەرنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شەخسكە چوقۇنۇش قىلمايلى، چۈنكى خاتالاشمايدىغان ئىنسان يوق.

2019 ـ يىلى 22 ـ سېنتەبىر

# جەنۋە يىغىنى ۋە ميۇنخېن ئۇچرىشىشىدا دىققىتىمنى تارتقان نۇقتىلار (1)

## ئۆمەر قاناتنىڭ تارىخي تۈزىتىشى

(ئىلاۋە: 1 ـ نۆۋەتلىك شەرقي تۈركستان مىللي كېڭىشىنى ميۇنخېن ئۇچرىشىشى دەپ ئىشلەتتىم)

2018 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بىز 3 ـ قېتىملىق تارىخى يىغىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، جەنۋەدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئالدىدىكى بىر پۇتى يوق يوغان ئورۇندۇقنىڭ ھەيكىلى ئاستىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك يىغىلدۇق.

بۇ كۈنى خۇددى شىمالى ئامېرىكادىكى 10 مىڭلىغان كىرال كېپىنەكلەرنىڭ قىشنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر بۇيرۇق بىلەن مېكسىكادىكى بىر ئورمانلىققا قاراپ ئۇچقىنىغا ئوخشاش، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى ئۇيغۇرلار «جەنۋەدە كۆرۈشەيلى!» دېگەن بىر بۇيرۇق بىلەن پۇتى يوق ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا كېلىپ توپلاندۇق. ئەلۋەتتە مەقسىتىمىز، نىشانىمىز، غايىمىز كىرال كېپىنەكلەرنىڭ توپلىنىشى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. كىرال كېپىنەكلەر رەھىمسىز قىشتىن ساق ـ سالامەت چىقىپ باھارغا يېتىش ئۈچۈن ھەر يىلى «مېكسىكادىكى كونا جايدا ئۇچرىشايلى» دەيدۇ بىر ـ بىرىگە، خۇددى يەھۇدىيلار «يېرۇسالېمدا كۆرۈشەيلى» دېگەندەك.

گەرچە ئۇيغۇرلار بىر ۋاقىتتا كۆرۈنۈش، بىر نىشانغا قاراپ يۈرۈش دېگەنلەرنى كىرال كېيىنكىلەردەك ياخشى بىلمىسىمۇ، ئەمما ئەمدىلىكتىن ئۆگىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭغىمۇ ئاللاھقا شۈكرى دېيىش كېرەك. ئەسلىدە كىرال كېيىنكىلەر بىلەن بەزى ئوخشاشلىقىمىز بارمۇ قانداق؟ ئۇلار ئىنسانلارغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىتىۋاتقاندەك.

ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يۈرۈش مېڭىش ئەمەس، ئورۇۋقلاش ئۈچۈن كەچلىك تاماقتىن كېيىنكى كوچا ئارىلاش ئەمەس. بىر ۋاقىتتىن ئىككىنچى بىر ۋاقىتقا كېلىش ئەمەس. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يۈرۈش كېلەچەك تەقدىرى ھەققىدە، مەۋجۇت بولۇش بىلەن يوق بولۇشتىن ئىبارەت بۇ پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈشكە چارە ئىزدەش، ئۈمىد نۇرى ئىزدەش.

يەنە بىر قېتىم ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يۈرۈش بىر قۇتۇپتىن ئىككىنچى بىر قۇتۇپقا سەكرەش ئەمەس. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يۈرۈشنىڭ مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە ئەھمىيەتلىك. ئۇ بولسىمۇ يېپ-يېڭى بىر نەرسە يارىتىش. مەسىلەن، قانچە يۈز يىللار چوڭقۇر تاغ قاتلاملىرى ئاستىدا ئىچى سىقىلغان ماگمىلارنىڭ ئاۋۋال پارتلىشى، ئاندىن قىپ-قىزىل چوغقا، لاۋاغا ئايلىنىپ ئاستا ئېقىشى، ئاندىن دېڭىز-ئوكيانلارغا قۇيۇلۇپ چەكسىز كەتكەن تىنىچ، شاۋقۇن-سۈرەنسىز ئوكيان ۋە دېڭىزلاردا ئارال دەپ ئاتىلىدىغان يېڭى بىر نەرسە پەيدا قىلىشىغا ئوخشاش. گەپ ئۇيغۇرلار لاۋا بولۇپ ئۇزۇن مەزگىل، ئۇزۇن مۇساپىلەردە سەبىر بىلەن ئاقالامدۇ؟ دېڭىزلارغا قۇيۇلۇپ دۇنيا خەرىتىسىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر ھاسىل قىلالامدۇ يوق؟

ناسا 1977-يىلى سەپەرچى1 ۋە سەپەرچى2 ناملىق بىر ئۇچار جىسىمنى دۇنيادىكى 55 تىلدا سالاملاشقان ئاۋاز ئېلىنغان

ئالتۇن پىلاستىنكا بىلەن ئالەم بوشلۇقىغا قويۇۋەتتى. بۇ سەپەرچىلەر ئالەم بوشلۇقى ۋە سامان يولى سىستېمىسىدا يەر شارىدىكى 55 مىللەتنىڭ تىلىدا سالام قىلىپ، تاشقى پىلانېت ئادىمى ئىزدەپ، يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا «ئادەم بارمۇ؟» دەپ يۈرۈۋاتقىنىغا 41 يىل بولدى. ناسا سەپەرچى1 ۋە 2 ناملىق بۇ ئۇچار جىسىم بىلەن بىللە يەنە يەر شارىدىكى ئىنسانلارغا ئالاقىدار نۇرغۇنلىغان رەسىملەر، مۇزىكىلار، بوۋاقلارنىڭ يىغلىغان ئاۋازلىرى قاتارلىقلارنىمۇ ئەۋەتتى. ئەمما 41 يىلدىن بۇيان پۈتۈن كائىنات سۈكۈتتە. ھېچكىم تېخى «كائىناتتا مەنمۇ بار سېنىڭ قېشىڭدا» دېگەن جاۋابنى بەرمىدى. ناسا قويۇپ بەرگەن سەپەرچى1 ۋە سەپەرچى2 ناملىق ئۇچار جىسىملارنىڭ كائىناتقا، شۇنداقلا سامانيولى سىستېمىسىغا قىلغان يۈرۈشى، ئەلۋەتتە كائىناتنى ئايلىنىپ قويۇپ قايتىپ كېلىش ئەمەس، بەلكى يېڭى بىر نەرسە يارىتىش. ئۇيغۇرلار تەقدىر جەھەتتە يالغۇز قالغان سەپەرچى1 ۋە سەپەرچى2 لەرگە بەك ئوخشاپ قېلىۋاتىمىز. گەرچە ئاۋازلىرىمىز، چوڭايتىلغان رەسىملىرىمىز، بايراقلىرىمىز، چۇقانلىرىمىز، يىغا-زارلىرىمىز بىلەن دۇنياغا «ئادەم بارمۇ؟ ياردەم كېرەك!» دەپ ۋارقىرىساقمۇ، بىزگە ھېچ سادا كەلمەيۋاتىدۇ. قوشماق سەپەرچىلەرنىڭ يۈرۈش قىلىشتىكى مەقسىتى كائىناتنىڭ سىرىنى بىلىش، بىر نەرسىلەر يارىتىش بولسا، بىزنىڭ دۇنيادا يۈرۈش قىلىشىمىزدىكى مەقسىتىمىز، يەر شارىدا بىر ۋەتەن بەرپا قىلىش. ئەمما ھەر ئىككىمىز ئوخشاشلا يالغۇز ۋە تەنھا قېلىۋاتىمىز.

شۇنداق قىلىپ 2018-يىلى 6-نويابىر كۈنى ئەتىگەندە، جەنۋەدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىناسىنىڭ ئالدىدىكى بۇ مەيدانغا ۋە بۇ مەيدانغا سىمۋوللۇق ھالەتتە تىكلەنگەن بىر پۇتى يوق ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا توپلاندۇق. يەنى

بىز دېڭىز-ئوكيانلاردا مەلۇم گۈزەل ئاراللارنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئېقىۋاتقان لاۋا، كائىناتقا يۈرۈشكە چىققان ناسانىڭ سەپەرچىسى بولۇشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قەدەملىرىنى باستۇق.

ئۇيغۇرلار، تىبەتلەر، قازاقلار، موڭغۇللار... توۋلىنىۋاتقان شوئارلار، سۆزلىنىۋاتقان نۇتۇقلار...

بۇ ئارىدا نۇتۇق سۆزلەشكە چىققان ئامېرىكادىكى «كوممۇنىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچۇرغانلارنى خاتىرىلەش ۋەخپى»نىڭ باشلىقى كىرىستىنا ئولنەي خانىم، ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنى شىنجاڭ دەپ ئاتاشقا باشلىدى. خانىمنىڭ يېنىدا تۇرغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئۆمەر قانات نەق مەيداندا دەرھال تۈزىتىش بېرىپ، شىنجاڭ دېمەي شەرقىي تۈركىستان دېيىش كېرەكلىكىنى ئەسكەرتتى. بۇ ئەسكەرتىشتىن كېيىن، كىرىستىنا خانىم سۆزنى شەرقىي تۈركىستان دەپ داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى. جەنۇۋەدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەركىزى بىناسى ئالدىدا، دۇنيا ئالدىدا بېرىلگەن بۇ ئەھمىيەتلىك تۈزىتىش دىققىتىمنى تارتتى.

يەنە بىر قېتىملىق تۈزىتىش مىيۇنخېندىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي كېڭىشى ئېچىلىۋاتقان مەزگىلدە، ۋەتىنىمىزگە بېرىپ مۇخبىرلىق قىلغان ۋە خىتايلار تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ئورسۇلا خانىمغا قارىتا بولدى. ئورسۇلا خانىم سۆز قىلغاندا شىنجاڭ دېگەن بۇ سۆزنى ئىشلىتىپ قالدى. كەچتە مېھمانخانا زالىدا مەن ئورسۇلا خانىمنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئازراق پاراڭلاشقاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا «ئەگەر مۇمكىن بولسا شىنجاڭ دېگەن ئىسمىنىڭ ئورنىغا، شەرقىي تۈركىستان دېگەن ئىسمنى ئىشلەتسە بەك ياخشى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، شىنجاڭ دېگەن بۇ ئىسىمنى ئاڭلىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرىكى

ئاغرىيدىغانلىقى» ھەققىدە تەكلىپ بەردىم. ئورسۇلا خانىم ماڭا، بۇ ھەقتە ئۆمەر قاناتىنىڭمۇ تۈزىتىش بەرگەنلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ ئورنىغا شەرقىي تۈركىستان ئىسمىنى قوللىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ۋەتىنىمىزنىڭ نامى ھەققىدىكى مۇستەملىكىچى ئىسىم بىلەن خەلق قەلبىدىكى ئىسىم ئوتتۇرىسىدىكى تاللاشتا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرىنىڭ تۇتقان پوزىتسىيەسىدىن مەمنۇن بولدۇم.

ئويلىنىپ قالدىم. ھە دېسە شىنجاڭچىلار، ئاپتونومىيەچىلەر، يەنە بىرنەرسىلەر دەپ كومپيۇتېرى ئارقىسىغا مۆكۈنۈۋالىدىغان «دونكىخوت» قەھرىمانلارنى جەنۇۋە يۈرۈشىدە ۋە مىيۇنخېن ئۇچرىشىشىدا ئۇچرىتالمىدىم. مۇھىم خەلقئارا سەھنىلەردىمۇ بۇنداق بىر تۈزىتىش بەرگىنىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. ئۇلار پەقەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا مەركىزى ئىدىيەنى باشقا ياققا بۇراش كۈرىشى قىلىۋاتىدۇ.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، ۋەتەنىنىڭ تولغاق يەپ تۇغقان ھەقىقى باللىرى ئاپتونومىيەچىلەر ئوخشىمامدۇ؟

2018-يىلى 5-دېكابىر

# جەنۋە يۈرۈشى ۋە مىيۇنخېن ئۇچرىششىدا دىققىتىمنى تارتقان نۇقتىلار (2)

## تالۇت ۋە جالۇت قىسسىسىدىن دولقۇن ئەيسانىڭ جەنۋە نۇتۇقىغىچە سىياسەت ۋە سەۋىيە

بەقەرە سۈرىسىنىڭ 249 ـ ئايىتىدە ئاللاھ بىزگە بىر قىسسىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. يەنى، تالۇت ۋە جالۇت قىسسىسى. بۇ قىسسىدە ھەيران قالارلىق بىر سىيلىشتۇرما بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئادەم سانى جەھەتتە ئىنتايىن ئاز قوۋمنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان قوۋم ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكى ھەققىدە. ئاللاھ بىزگە بۇ يەردە سىياسەت ۋە سەۋىيەنىڭ، شۇنداقلا ھەق ـ ئادالەتنىڭ ساندىن ئۈستۈن كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئۆزىنىڭ قانۇنىنى ئېلان قىلىدۇ. شۇنداق، ئاللاھنىڭ قانۇنىدا سىياسەت، سەۋىيە ۋە ھەققانىيەت ساندىن غالىبتۇر. ئاللاھنىڭ بۇ قانۇنىنىڭ تارىختا ئۆتكەن بىر ئىمتىھان بىلەن مەيدانغا كەلگەنلىكى ئېنىق. يەنى، تالۇت ۋە جالۇتقا بېرىلگەن ئىمتىھان بىلەن. تالۇت قوشۇنى ھەرىكەتكە ئۆتكەندە، ئاللاھ: سىلەرنى بىر دەريا بىلەن سىنايمەن، كىمكى بۇ دەريانىڭ سۈيىدىن ئىچسە ئۇ مەندىن ئەمەس، كىمكى بۇ دەريا سۈيىدىن ئىچمىسە مەندىندۇر، پەقەت بىر ئوچۇم ئىچكەندىن باشقا، دېدى. ئەمما تالۇت قوشۇنىدىكى نۇرغۇن ئەسكەرلەر: بۈگۈن بىزنىڭ جالۇت بىلەن ئۇرۇشقىدەك

ئەھۋالىمىز قالمىدى. بىز ئۇسسىزلىقتىن چاڭقاپ، ھالسىزلىنىپ ئاجىزلاپ كەتتۇق، دېدى ۋە دەريا سۈيىدىن قانغىچە ئىچتى. دەريا سۈيىنى ئىچمىگەن ۋە ياكى پەقەتلا بىر ئۇچۇم ئىچكەنلەر بولسا ئادەم سانى ئاز، ئەمما سۈپەتلىك بولغان قوۋم چوقۇم ئادەم سانى كۆپ بولغان قوۋم ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ، دېدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشەنگەن ئىدى. ئاللاھ نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىمۇ خۇددى تالۇت بىلەن جالۇتنىڭ قىسسىسىغا ئوخشايدىغان بىر ئىمتىھان بىلەن سىناۋاتىدۇ. بىر قۇتۇپتا ئۆزىنىڭ چاڭقاپ كەتكەن دۇنياغا خوجا بولۇش، دېڭىز-ئوكيانلارغا خوجا بولۇش، دۇنيادىكى مۇھىم پورتلارغا خوجا بولۇشتىن ئىبارەت ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش كويىدا يۈرۈۋاتقان بىر مىليارد 400 مىليون نوپۇسلۇق خىتاي؛ يەنە بىر قۇتۇپتا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ نەدىلىكىنىمۇ بىلەلمەي، ئاۋازىنىمۇ چىقىرالماي، سۇسىزلىقتا، قۇرغاقچىلىقتا چاك-چاك يېرىلىپ كەتكەن بىر چۆل پارچىسىغا ئوخشايدىغان ئۇيغۇرلار تۇرماقتا.

ئەلۋەتتە بىر مىليارد 400 مىليون نوپۇسلۇق خىتاي بىلەن 20 مىليون نوپۇسلۇق ئۇيغۇر، سان جەھەتتىن سېلىشتۇرۇشقا بولمايدىغان ناھايىتى كىچىك سان. ئەمما ئاللاھ بۇ قىسسىدە ئاللاھنىڭ قانۇنىنى غالىب كېلىشنىڭ سان بىلەن ئەمەس، بەلكى سۈپەت بىلەن، سەۋىيە بىلەن بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ قىسسە ئۇيغۇرلارغا ئۈمىد نۇرى بېغىشلايدۇ.

گەرچە مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىنتايىن تۆۋەن سەۋىيەدىكى پىكىر ئىختىلاپلىرى لەيلەپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما قانداق قىلغاندا خىتايدىن ئىبارەت بۇ

تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان زور كۆچكە سۈپەت ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشنىڭ دەسلەپكى بىخلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

2018-يىلى 11-ئاينىڭ 6-كۈنى مۇھاجىرەتتىكى ئون نەچچە دۆلەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار، مۇھاجىرەت تارىخىدىكى 3-قېتىملىق يۈرۈشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىپ، بىر مەركەزگە، يەنى جەنۋەدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خىزمەت بىناسىنىڭ ئالدىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا توپلىنالىدى. مانا بۇ سۈپەت. مانا بۇ ئاللاھنى تەسىرلەندۈرىدىغان سۈپەت. ئۇيغۇرلار ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتلەردە سان جەھەتتە ئىنتايىن ئاز ۋە كىچىك بىر مىللەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بۇ ئاز ساندىكى مىللەت خىتايدىن ئىبارەت بۇ غايەت زور مىللەتكە قارشى بىر يۈرەك، بىر مۇشت بولۇپ ئۇيۇشالىغان ۋە ئىككى مىڭدىن ئۇچ مىڭغىچە ئۇيغۇر بۇ مەيدان ئالدىغا توپلىنىپ، بىر ئاۋاز بولالىغان ئىدى. ئۇيغۇرلار ئايروپىلان بېلەتلىرىنى ئۆزى ئېلىپ، ماشىنىلىرىغا ئۆزلىرى ماي قاچىلاپ، ئاي-يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقلىرى، ئىز-دېرەكسىز غايىب بولغان، جازا لاگېرلىرىغا قامالغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ رەسىملىرىنى دۈمبىسىگە ئارتىپ، سىمۋوللۇق كىيىم-كېچەكلىرى ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى كىيىپ، دۇنياغا جاكارلىماقچى بولغان پىلاكات ۋە تەشۋىقات ۋاراقچىلىرىنى ئېلىپ، ئاللاھ خالىسا جەنۋەدە كۆرۈشەيلى دېگەن ئۈمىد-ئارزۇلىرى بىلەن دەل شۇ كۈن، دەل شۇ ۋاقىتتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋەدىكى ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا توپلىنالىدى. بۇ مەيداندىكى بىر پۈتى يوق ئورۇندۇقنىڭ ھەيكىلى ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلىشىش بەلگىسى بولدى. مانا بۇ يەنە بىر قېتىم ئۇيغۇردىن ئىبارەت ئاز سانلىق قوۋمنىڭ ئاللاھنى تەسىرلەندۈرىدىغان بىر سۈپەتنى ھازىرلاشقا باشلىغانلىقىنىڭ مىسالى.

جەنۋە يۈرۈشى ۋە ياكى جەنۋە ئۇچرىشىشىنىڭ يەنە بىر سۈپەتلىك يېرى، بۇ يۈرۈشىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان بىر ۋاقىتقا توغرا كېلىشى ئىدى. يەنى، ئىچىدە خىتاي سوراققا تارتىلىۋاتىدۇ، تېشىدا خىتايغا قارشى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن، يەنى كېلەلىگەن ئۇيغۇر، تىبەت، قازاق... قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ نامايىشى بولۇۋاتقانىدى. بۇنداق ئىستراتېگىيەلىك تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر نامايىشنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلگە ئېشىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ غالىب بولۇش يولىدا ئاللاھنىڭ قانۇنىغا ئۇيغۇن بىر سۈپەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى. مۇخبىرلارنىڭ كۆپلىكى، سەھنىدىكى ئاۋاز سىستېمىلىرىنىڭ بۈرۈكسەل يۈرۈشىدىكىدىن بىر قەدەر ياخشى بولۇشى، دەردىمىزگە مۇناسىۋەتلىك رەسىملىك پىلاكات، شوئارلار، لەپىلدەۋاتقان ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىز، نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭغان تاقىرباش يىگىتنىڭ كىشىلەرنى جەلپ قىلارلىق ھەجۋىي قىياپىتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاللاھ ۋە دۇنيا تەلەپ قىلىۋاتقان بىر سۈپەت ئۆلچىمىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئەلۋەتتە سۈپەت يولىدا ئۇيغۇرلار بېسىۋاتقان بۇ قەدەملەردىن، ئاللاھ تەسىرلەنمەي قالمايدۇ. ئاللاھ ئۆز قانۇنى بويىچە ئىنتايىن ئاز نوپۇسقا ئىگە قوۋملارنىڭ، مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردەك نوپۇس ۋە ھەربىي كۈچ جەھەتتە ناھايىتى ئاجىز مىللەتنىڭ خىتايدەك ھەر جەھەتتىن ئۈستۈن كۈچلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، ئىنشائاللاھ.

سۈپەت جەھەتتە دولقۇن ئەيسانىڭ شۇ كۈنى سۆزلىگەن نۇتۇقمۇ خېلى سەۋىيەلىك نۇتۇقلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ

نۇتۇقنى تارىختىكى ئىنسانىيەت دۇنياسىغا تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر نۇتۇقچىلاردىن ئابراھام لىنكولىن، جون كېننېدى، پاترىك ھېنرى، ماھاتما گەندى، مارتېن لۇتېر كىڭلارنىڭكىدەك كۈچلۈك بىر نۇتۇق دېيەلمىسەممۇ، ئەمما بۇ يولغا قاراپ قەدەم باسقانلىقىنى جەزملەشتۈرەلەيمەن.

دولقۇن ئەيسانىڭ جەنۇبىي يۈرۈشى مەزگىلىدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خىزمەت بىناسىنىڭ ئالدىدا قىلغان نۇتقى، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ مۇھىم ئابزاستىن تەركىب تاپىدۇ.

1. بۈگۈن بىزنىڭ بايرىقىمىز بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىناسى ئالدىدا لەپىلدەۋاتىدۇ. ئەمما كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر ئارقىمىزدا ئىككى يۈزدىن ئارتۇق دۆلەتنىڭ بايرىقى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خىزمەت بىناسى ئىچىدە لەپىلدەۋاتىدۇ. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بىزدىكى مۇشۇ ئىرادە بولىدىغان بولسا، قەلبىمىزدىكى مۇشۇ تىرىشچانلىق بولىدىغان بولسا، بۈگۈن بۇ بايراق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سىرتىدا لەپىلدىگەن بولسا، چوقۇم بىر كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىچىدە ئاشۇ بايراقلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ، بۇ بىزنىڭ ھەققىمىز.

2. خىتاينىڭ دېگىنىدەك بىز بۆلگۈنچى ئەمەس، بىز تېرورچى ئەمەس. چۈنكى بىز شاڭخەينى، بېيجىڭنى خىتاينىڭ قوينىدىن ئايرىپ چىقمىز، دېمىدۇق. ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل ۋەتىنىمىزدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىمىزنى قولىمىزغا ئالىمىز دەۋاتىمىز. بۇ تېرورچىلىق ئەمەس. بۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەقەللىي ھەق-ھوقۇقى.

3. مۇسۇلمان دۇنياسىدا بىر مالايشىيادىن باشقا مۇسۇلمان دۆلىتى ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى. بۇ

ئىنتايىن نومۇس قىلىدىغان بىر ھادىسە. بىز بۇ يەرگە پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىغا، مۇسۇلمان رەھبەرلەرگە، غەرب دۇنياسىغا، دېموكراتىك دۆلەتلەرگە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى رەھبەرلىرىگە ۋە دۇنياغا بىزنىڭ ئەركىن ياشاش ھوقۇقىمىزغا ھۆرمەت قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم قىلىش ئارقىلىق، بۇ زۇلۇمنىڭ توختىتىلىشى ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان ئەڭ جىددىي ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا چاقىرىق قىلغىلى ۋە تەلەپ قىلغىلى كەلدۇق.

دولقۇن ئەيسانىڭ جەنۋە نۇتۇقىنىڭ تولۇق تېكىستىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرەلەيسىلەر:

https://youtu.be/4oldvHROPZk

ئەتىسى سەھەردە، يەنى 7-نويابىر كۈنى فېيسبۇكتا مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان مۇھىم ئابزاسلار ئىچىدىكى ئىككىنچى ئابزاسىنىڭ، دولقۇن ئەيسانىڭ رەسمى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايرىقى بىلەن كىرىشتۈرۈلگەن ھالەتتە ئېلان قىلىنغانلىقىنى ۋە ئاستىغا دولقۇن ئەيسا نۇتۇقلىرىدىن، دەپ يېزىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم.

دېمەك، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرىنىڭ خەلقئارا سەھنىلەردىكى سۆزلىگەن سۆزلىرى نۇتۇق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمەكتە. يۇقىرىدا مەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مەشھۇر نۇتۇقچىلارمۇ نۇتۇقلىرىنىڭ سەۋىيە جەھەتتىكى يۇقۇرلىقى بىلەن ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالىغان ۋە كۈچلۈكلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۆز مۇستەقىل ۋەتەنلىرىنى قۇرۇپ چىقالىغان. بۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاللاھ ۋە دۇنيا كۈتكەن سايا ۋە سەۋىيە جەھەتتىن مۇكەممەللىشىشكە قاراپ ماڭغانلىقىنىڭ بەلگىسى.

ئۇنداقتا ئاللاھ بىزنى قايسى دەريا بىلەن سىناۋاتىدۇ؟ مىلادىدىن بۇرۇنقى 1200 ـ يىللار ئەتراپىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە ئىسپاتلانغان، نۇرغۇنلىغان كىچىك قوۋملارنىڭ پەقەت سۆپەت ۋە سەۋىيە جەھەتتىن يۈكسەلگەندىلا، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولغان زالىم كۈچ ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ، دېگەن بۇ ئاللاھنىڭ قانۇنى ھازىرمۇ كۈچكە ئىگىمۇ؟ ئەلۋەتتە، كۈچكە ئىگە. سىنا ئارىلىنى توغرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن، ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ كەتكەن تالۇت قوشۇنىنىڭ ئالدىدا كەڭرى كەتكەن، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان بىر دەريا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئەمما ئاللاھ دەريا بىلەن سىناش ئىمتىھانىنى باشلاپ، سۇدىن پەقەت بىر ئۇچۇم ئىچىشكە رۇخسەت قىلىدۇ. بۈگۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىدىمۇ يۇقىرى تېخنىكىلىق بىر ئۇچۇر دەۋرى سوزۇلۇپ ياتماقتا. ئەمما ئۇيغۇرلاردىن باشقا ھېچقانداق بىر مىللەت ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا تېلېفون قىلىپ كۆرۈشەلمەيدىغان، ئۇلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمايدىغان ۋەزىيەتتە ئەمەس. دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مىللەت بۈگۈنكى دەۋردە جازا لاگېرى دەيدىغان بىر نەرسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن غەلىتىلىك ھېس قىلماقتا. ئەمما بۇ خىتايدىن ئىبارەت زالىم كۈچ تەرىپىدىن ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈلۈۋاتىدۇ. ھەر كىمنىڭ ئالدىدا ئاللاھنىڭ ئىمتىھانى بولغان بىر دەريا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئۇيغۇرلار بۈگۈن دۇچ كېلىۋاتقان جازا لاگېرى مەسىلىسى، خۇددى تالۇت بىلەن جالۇت قىسسىسىدىكى دەريا ئىمتىھانىغا ئوخشايدۇ.

يەنە بىر قېتىم تەكىتلىسەم، ئاللاھنىڭ قانۇنى بويىچە دۇنيا تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان كىچىك، ئاجىز قوۋملار، ناھايىتى كۈچلۈك زالىملار ئۈستىدىن غالىب كەلگەن بولۇپ، بۇ پەقەت سۆپەت ۋە سەۋىيە جەھەتتىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشقان.

دولقۇن ئەيسانىڭ جەنۋە يۈرۈشىدىكى بۇ نۇتقى، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر زالىم كۈچنى يېڭىش ئۈچۈن سۈپەت ۋە سەۋىيە ئىمتىھانىغا ھازىر بولۇۋاتقانلىقىنىڭ مىسالى، ئەلۋەتتە.

سەبىر، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇخلاپ يېتىش دەپ قارىلىدۇ. ئەمما سەبىر، كۈرەش دېمەكتۇر. سەبىر قەدەممۇ-قەدەم مۇكەممەللىشىش، تەپەككۇر بىلەن ئىش قىلىش دېمەكتۇر.

ئاللاھ يەنە ئەنئام سۈرىسى 135-ئايەتتە: «ئەي قوۋمىم، كۈچۈڭنىڭ يېتىشىچە بىر ئىشلار قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىل، مەنمۇ ھەرىكەت قىلىمەن. يېقىندا دۇنيانىڭ كىمنىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرىسىلەر. زالىملار چوقۇم مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ» دەيدۇ.

شۇنداق دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار قولىدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. يېقىن كەلگۈسىدە بۇ تىرىشچانلىقنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن مۇكاپاتلىنىدىغانلىقىنى چوقۇم كۆرىمىز. ئۈمىدسىزلەنمەيلى.

2018-يىلى 9-دېكابىر

# جەنۇبىي يۇرۇشى ۋە مىيۇنخېن ئۇچرىشىشىدا دىققىتىمنى تارتقان نۇقتىلار (3)

## دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزام ۋە ۋاقىت قارىشىدا ئىلگىرىلەش بار

شۇنداق، مەن جەنۇبىي يۇرۇشى ۋە مىيۇنخېن ئۇچرىشىشىدا دىققىتىمنى تارتقان نۇقتىلار ناملىق ماقالەمنىڭ 2 ـ قىسمىدا تالۇت ۋە جالۇت قىسسىسىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، تارىختا ئۆتكەن نى ـ نى ئاز سانلىق قوۋملارنىڭ سىياسەت ۋە سەۋىيە جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇكى بىلەن، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان ناھايىتى زور ۋە كۈچلۈك قوۋملار ئۇستىدىن غالىب كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. ھەمدە بۇنىڭ قۇرئاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاللاھنىڭ قانۇنى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان ئىدىم. شۇنداقلا، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ سىياسەت ۋە سەۋىيە جەھەتتە ئۆز ـ ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرغان ئەھۋال ئاستىدا، ھېلىغۇ بىر مىليارد 400 مىليون خىتايكەن، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ نوپۇسلۇق دۈشمەن ئۇستىدىنمۇ غالىب كېلەلەيدىغانلىقى ئىبارەت ئۈمىد نۇرىنى سۇنغان ئىدىم. ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ بۇ قانۇنىنى ھازىرقى دەۋردىمۇ كۆرەلەمدۇق؟ شۇنداق كۆرەلەيمىز.

بۇ ئۆرنەك قوۋم ھازىرقى يەھۇدىيلار بولۇپ، 2018 ـ يىلى ئاپرېلدا ئېلىپ بېرىلغان نوپۇس ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن دۇنيادىكى يەھۇدىي نوپۇسى 14 مىليون

511 مىڭ. بۇنىڭ ئىچىدە 6.5 مىليون يەھۇدىي ئىسرائىلىيەدە، 5.7 ـ 6.8 مىليون ئارىسىدىكى يەھۇدىي ئامېرىكادا ياشايدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، پۈتۈن دۇنيادىكى يەھۇدىي نوپۇسى، خىتاي 2015 ـ يىلى ئۆزى ئېلان قىلغان 11 مىليون ئۇيغۇر نوپۇسىدىن پەقەت 3.5 مىليون ئارتۇق. چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان 25 مىليون ئۇيغۇر نوپۇسىدىن 10.5 مىليون ئەتراپىدا ئاز. ئۇنداقتا دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى قانچىلىك؟ ئىستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا ھازىر دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى بىر مىليارد 800 مىليون بولۇپ، دۇنيا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 42.1% تىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنداقتا شۇنچە زور نوپۇسقا ئىگە مۇسۇلمانلار بىلەن شۇنچە ئاز نوپۇسلۇق يەھۇدىيلارنى سېلىشتۇرغاندا قايسىسى سىياسەت ۋە سەنئەت جەھەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ؟ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنلىرىدا قايسىسىنىڭ مۇشتۇمى كۈچلۈكرەك ئۇرۇلىدۇ؟ دۇنيا سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ چوڭ بايلار قايسىسىدا كۆپ؟ ئەڭ كۆپ نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى بولغان قايسىسى؟ قايسىسىدا دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ھەسسە قوشقان ئالىملار كۆپ؟ ئەلۋەتتە بۇ سوئالنىڭ جاۋابى، يەھۇدىيلاردا. ساپا، سىياسەت ۋە سەنئەت دېمەك كۈچ دېمەكتۇر. نېمە ئۈچۈن بىر مىليارد 800 مىليونلۇق نوپۇسقا ئىگە مۇسۇلمانلار، ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زۇلۇملارغا قارشى سۈكۈتتە تۇرىدۇ؟ چۈنكى مۇسۇلمانلاردىكى ساپا، سىياسەت ۋە سەنئەت ئانچە يۇقىرى ئەمەس. ساپاسىزلىق، سىياسەتسىزلىك ۋە سەنئەتسىزلىك دېمەك، ئاجىزلىق دېمەكتۇر.

بۇ قېتىمقى جەنۇبىي ۋە مىيۇنخېن ئۇچرىشىشىدا دىققىتىمنى تارتقان نۇقتىلارنىڭ بىرى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدا

تەشكىللى ئىنتىزام ۋە ۋاقىت قارىشى جەھەتتە بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئىلگىرىلەش بولغانلىقى. گەرچە دۇنيا مىقياسىدا كۆندىن-كۈنگە زورىيىۋاتقان دەۋايىمىزغا نىسبەتەن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ هازىرقى تەشكىللى ئاپپاراتى سەل كىچىك كېلىپ قېلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنى كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا «قالپاققا چۇشلۇق قىرغىز يوق» بولسىمۇ، ئەمما بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋاقىت قارىشى ۋە تەشكىللى ئىنتىزام جەھەتتىكى سۈپەت ۋە ساپاسىغا قاراپ، ۋىللىدە چاقنىغان بىر ئۈمىد يۇلتۇزىنى كۆرگەندەك بولدۇم. شۇنداق دەۋايىمىز ئىنتايىن چوڭ بىر دەۋا، خەلقئارالىشىۋاتقان بىر دەۋا. بۇ دەۋانىڭ ئىچىدە يۈزلەرچە كىشى مائاشلىق بولۇپ ئىشلىسىمۇ يېتىشمەي قالىدىغان دەۋا. ئەمما يېتەركى قالپاققا چۇشلۇق بولمىغان بۇ قىرغىزنىڭ ساپاسى ۋە سەۋىيەسى، بۇ ساپا ۋە سەۋىيەنى ئىپادىلەيدىغان ۋاقىت قارىشى ئىنتايىن يۇقىرى بولسۇن. چۈنكى هازىر بىزنىڭ ۋاقىت ئىسراپ قىلىدىغان، قۇرۇق گەپ قىلىدىغان ۋاقتىمىز ئەمەس، بەلكى ئىش قىلىدىغان ۋاقتىمىز. مەن بۇ قېتىم دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدىن مەن ئىزدەۋاتقان بىر نەرسىلەرنى كۆردۈم. ئۇ بولسىمۇ يىغىن جەريانىدا هېچقانداق ۋاقىتنىڭ ئىسراپ قىلىنمىغانلىقى.

بەلكىم 2010-يىلى بولسا كېرەك. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى-نىڭ مىيۇنخېندا ئېچىلغان بىر يىغىنىغا داخىل بولغان ئىدىم. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، بۇ يىغىنغا قاتنىشىپ كۆڭلۈم ئىنتايىن غەش هالەتتە قايتقان ئىدىم. يىغىن زالىدىن چىققاندىن كېيىنكى كارىدورنىڭ تار بولغىنىغا قارىماي، ئارىلىقتىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا يىغىن قاتناشقۇچىلىرى بۇ كارىدورغا قاپسىلىۋېلىپ تاماكا چېكىشىپ تۇراتتى. تاماكا ئىسى ماگا رېئاكسىيە قىلىدىغان بولغاچقا ئىنتايىن بىئارام بولغان

ئىدىم. بىر ئاز غۇدۇڭشىغان بولسامۇ كار قىلمىغان ئىدى. تار كارىدور ئىچىگە ھەممە ئەر كىشىلەر قاپسىلىپ تۇرۇۋالغان بولغاچقا ئايالالارنىڭ كىرىپ چىقىشىمۇ ئىنتايىن قولايسىز ئىدى. يىغىن جەريانىدا يەنە ئۇياق ـ بۇياقتا ئۆتكەن بەزى كىشىلەردىن ئاچچىق ھاراق ھىدى بۇرۇنۇمغا پۇراپ قالاتتى. دېمەككى، ئۇلار يىغىن ئاخىرلاشقاندا كېچىچە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشىدىغان ئوخشايدۇ. يىغىن مەزگىلىدە ھاراق ـ شاراپ ئىچىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە يىغىن ساھىبخانلارنىڭ بىرىگە ئېيتقان ۋاقتىمدا، ئۇيغۇر دەۋاسى قىلىۋاتقانلارنىڭمۇ شەخسى ھاياتى بولىدىغانلىقى ھەققىدە جاۋابقا ئېرىشكەن ئىدىم. يىغىن جەريانىدا بەزى كىشىلەرنىڭ سوغۇق قاراشلىرىدىن مېنى جىق غەلىۋە قىلىدىغان بىرسى ئىكەن دەۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

بۇ ھەقتە يەنە بىر دوستۇممۇ جەنۇەدىكى يەنە بىر يىغىندا ماڭا ئوخشاش ئىشقا داخىل بولغانلىقنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامىغا مۇناسىۋەتلىك بۇنداق ئەھۋاللار مېنى ئىنتايىن بىئارام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەھۋاللار ئىدى.

ئارىدىن 8 يىل ۋاقىت ئۆتكەن بۈگۈن، تامامەن ئوخشىماي ـ دىغان بىر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى كۆردۈم.

بۇ قېتىم، يەنى 2018 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى باشلىنىپ 10 ـ كۈنى ئاخىرلاشقان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي كېڭىشى ئىدى. مەن تۆۋەندە بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىنىڭ كۈنتەرتىپىنى دوستلارغا سۇنۇش ئارقىلىق يىغىننىڭ قانچىلىك دەرىجىدە جىددىي ئېچىلغان بىر يىغىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچىمەن.

ۋاقتى 2018 ـ يىلى 8 ـ نويابىر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت

2 دىن 4 كىچە

سۆز قىلغۇچىلار ۋە كۈنتەرتىپ تۆۋەندىكىچە:

خەلقئارا سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى ۋە ب د ت نىڭ تېررورىزم مەسلىسى بويىچە سابىق ئالاھىدە ئەمەلدارى بەن ئېممىرسون.

ئەنگلىيەنىڭ سابىق ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى باكېر نورمان.

فىرانسىيەلىك ژۇرنالىستلىرى ئورسۇلا گاۋدەر.

تۈركىيە ھاجىتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى دوتسېنتى، ئىستراتېگىيە مۇتەخەسسىسى ئەركىن ئەكرەم.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئۆمەر قانات.

يېرىم سائەت سوئال-جاۋابلار.

سائەت 4 تىن 4 تىن 15 مىنۇت ئۆتكىچە تەنەپپۇس.

سائەت تۆتتىن 15 مىنۇت ئۆتكەندىن سائەت 6 دىن 15 مىنۇت ئۆتكىچە تەشكىلات رەھبەرلىرى ۋە مىللىي كېڭەش ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپ پىكىرلىرى.

كەچلىك تاماق سائەت 7 دىن 9 غىچە.

ئەلۋەتتە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش ۋە ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلىش سەۋىيە ۋە ساپا جەھەتتە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشنىڭ ئاساسى. دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنىڭ ساپاسى بولغىنىدەك سىياسەتنىڭمۇ، سىياسەت قىلغۇچىلارنىڭمۇ، تەشكىلاتلارنىڭمۇ ھەممىدە تەشكىلاتچىلارنىڭمۇ سۈپەت ۋە ساپاسى بولىدۇ. بۇ سۈپەتنى ئىپادىلەيدىغان ئالدىنقى شەرت ۋاقىت قارىشى. نېمشكە مەن سۈپەت مەسىلىسىنى كۆپ تەكىتلەيمەن. چۈنكى

ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئاساسلىق كىرىزىس سىياسىي كىرىزىسى. بۇ ئادەمنىڭ سىياسىي تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ سىياسىي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۈگۈن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مۇستەقىللىق دەپ جار سېلىۋاتقانلارنىڭ ئاۋازىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى چىقىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ سابا ۋە سەۋىيەسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە قارايدىغان كۆن. ھالاكەت ۋە تىرىلىش، دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، دۇنيا سياسىي سەھنىسىدە پارلىغان يۇلتۇز بولۇش ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسى سىياسەت ۋە سەۋىيەگە ئېھتىياجلىق.

ئەگەر سىياسەت ۋە سەۋىيە جەھەتتىن يۇقىرى كۆتۈرۈلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى دېگەن بۇ شوئار خۇددى ئاق تاماكىدەك كاللىمىزنى ئەسىر قىلىۋالىدۇ. ئولتۇرغاندا، ماڭغاندا، ھەتتا ئۇخلىغاندىمۇ بىر-بىرىمىز بىلەن «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى» دەپ ئۇرۇشىدىغان بولۇپ قالىمىز. توپىمىز ئىچىدىن بىر قېرىندىشىمىز چىقىپ، «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دېسە ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىمىز مۇمكىن. بۇ خۇددى ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىپ، مېڭىپ ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ بولالمىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئۇيغۇرلاردا بىر گەپ بار بوسۇغا داۋان دەيدىغان. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن سەۋىيەسىزلىك ۋە ساپاسىزلىق دەل ئەنە شۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىيالمايدىغان بوسۇغا داۋان شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھالاكىتى بولۇپ، ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستان، مۇستەقىللىق دەپ قانچە ۋارقىرىغانچە ھاڭغا شۇنچە يېقىنلىشىدۇ. شوئارلار، ۋارقىراش-جارقىراشلار بىزنى مەقسەت، نىشان ۋە غايىلىرىمىزگە يېقىنلاشتۇرمايدۇ. مەسىلەن، ئۇيۇشۇش، بىرلىشىش سىياسەت ۋە سەۋىيە تەلەپ قىلىدىغان مەسىلە. ئۇيۇشالماسلىق،

بىرلىشەلمەسلىك سۈپەتسىزلىك ۋە سەۋىيەسىزلىك دېمەكتۇر. بۇ سەۋىيەسىزلىك ئاقىۋەتتە بىر مىللەتنىڭ روھىنى، نىشانىنى، غايىسىنى ئاق تاماكىدەك ئەسىر قىلىۋالىدۇ. قۇم دانلىرى ھەرگىز بىر-بىرى بىلەن ھەم بولالمايدۇ. شۇڭا بۇنداق چېچىلىپ تۇرىدىغان، بىر-بىرى بىلەن يۇغۇرلالمايدىغان قۇمدانچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان زېمىننى چۆل دەپ ئاتايمىز، چۆلدە ياشايدىغانلارنى بولسا بەدەۋى. مەن چۆل ۋە بەدەۋى بولۇپ قېلىشتىن ئىنتايىن قورقىمەن. ئەمما مېنىڭ بۇ قورقۇشۇم دەل بىزنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىمىزدا كۆرۈلۈۋاتىدۇ. ئاللاھ رەئىد سۈرىسى 11-ئايەتتە «بىر قوۋم ئۆز-ئۆزىنى ئىسلاھ قىلمىغىچە، ئاللاھ ئۇلارنى ئىسلاھ قىلمايدۇ» دەيدۇ. مەنچە ۋاقتىنى قەدىرلەش بۇ ئىسلاھاتنىڭ تۇنجى قەدىمى. جەنۋە يۈرۈشى ۋە مىيۇنخېن ئۇچرىشىشىدا ۋاقتىنى قەدىرلەشنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەسىنى كۆرسەتكەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا مۇبارەك بولسۇن. سۈپەت ۋە سەۋىيە دەل مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. ئاز سانلىق قوۋملارنىڭ كۆپ سانلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىمۇ دەل مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. مەن بۇ چاتما مۇلاھىزەمنىڭ 1-قىسمىدا، شىمالى ئامېرىكادىكى چوڭ قاناتلىق كېپىنەكلەرنىڭ قىشتا مېكسىكانىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئورمانلىققا ئۇچۇپ بېرىپ، دەرەخ گەۋدىسى ئۈستىدە بىر-بىرىگە ئېسىلغان، قۇچاقلاشقان ھالەتتە قىشنى چىقىرىدىغانلىقىنى مىسال قىلىپ ئۆتكەن ئىدىم.

بۇ يازمامدا، قۇم دانچىلىرىنىڭ قانچە بىر-بىرىگە يېپىشاي ۋە قۇچاقلىشاي دېسىمۇ، بىر جان-بىر تەن بولالمايدىغانلىقى ھەققىدە توختالدىم. دېمەك، تەبىئەتتە ئاللاھ بىزگە نۇرغۇنلىغان تەجرىبە-ساۋاق ئۆرنەكلىرى بەرگەن. دېمەككى، جىپسىلىشىش، بىرلىشىش، قۇچاقلىشىش، بىر-بىرىگە ئېسىلىش، بىر تەن-

بىر بەدەن بولۇش سەۋىيە تەلەپ قىلىدۇ. خۇددى شىمالى ئامېرىكادىكى يوغان قاناتلىق كېپىنەكلەردەك. چېچىلىش، تارىلىش، بىرلىشەلمەسلىك سەۋىيەسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، خۇددى بەدەۋىلەرنىڭ چۆللۈكدەك. ئىچىمىز سىقىلغاندا تەبىئەتكە، خەرىتىلەرگە، دېڭىز ئوكيانلارغا، تاغلارغا ياخشى قارايلى، ئۇلار بىزگە ئادەملەر ئۆگىنىپ بولالمىغان ئەڭ ياخشى ھېكمەتلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

2018 ـ يىلى 23 ـ دېكابىر

# جەنۇۋە يىغىنى ۋە مىيۇنخېن ئۇچرىشىشىدا دىققىتىمنى تارتقان نۇقتىلار (4)

## دولقۇن ئەيسانىڭ بىر ئايدا ئۈچ كۈن ئۆيدە تۇرغان چاغلىرى بار ئىكەن

شۇنداق، مەن بۇ چاتما مۇلاھىزەمدە سىياسەت ۋە سەۋىيەنىڭ بىر مىللەتنىڭ تىرىلىشى ۋە ھالاك بولۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى شەرھلەش بىلەن يولغا چىققان ئىدىم. بۇ مۇلاھىزەمنىڭ داۋامىدا بۇ جەھەتتە تېخىمۇ كەڭ توختىلىمەن. بۇ كەڭلىككە ئۆتۈشتىن بۇرۇن مەن شۇنداق بىر نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن. ئۇ بولسىمۇ دۈشمەننىڭ قانچىلىك دەرىجىدە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، تارىختىكى ئىنسانىيەتكە خىلاپ جىنايەتلەرنىڭ تەكرارلىنىدىغانلىقىنى، ئۆزىمىزنىڭ قانچىلىك ئاجىز ئىكەنلىكىمىزنى، نېمە ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىمىز ياكى قىلالمايدىغانلىقىمىزنى، مۇستەقىللىقىمىزنىڭ ھازىرچە بىزدىن ئۇزاق ئىكەنلىكىنى، ئالدىمىزدىكى مۇھىم مەسىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاپ قېلىش مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئېتىراپ قىلىشىمۇ سىياسەت ۋە سەۋىيە مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مۇستەقىللىقىمىز ھەققىدە ئوخشىمىغان نۇقتىلارنى چىقىش قىلىپ مۇلاھىزە قىلىش، «چەكلەنگەن رايون» ياكى «كىرگىلى بولمايدىغان نۇقتا» بولۇپ

تۇرماقتا. بۇ نۇقتىدا ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر ياكى پىكىر بايان قىلغۇچىلار «ئاپتونومىيەچى» قالپىقى كىيىپ قالماقتا. خۇددى خىتاينىڭ بىزگە كىيگۈزگەن قالپاقلىرى ئازدەك. مانا بۇ دەل ئۇيغۇرلاردىكى سىياسەت، ساپا ۋە سەۋىيەنىڭ تىپىك ئاللاھ ۋە دۇنيا تەلەپ قىلىۋاتقان سىياسەت، ساپا ۋە سەۋىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەنلىكىنىڭ بەلگىسى.

قۇرئاندا نى-نى ئاز سانلىق قوۋملارنىڭ سىياسەت، ساپا ۋە سەۋىيە جەھەتتە كامالەتكە يېتىش ئارقىلىقلا، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ قوۋملار ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكىگە ئائىت قىسسە-رىۋايەتلەر، تالۇت ۋە جالۇت قىسسىسى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. قۇرئاندا بەدىر ۋە ئوھۇد ئۇرۇشىدىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ سىياسەت ۋە سەۋىيە جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا رەئد سۈرىسىدىمۇ ئاللاھ: «بىر قوۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە ھەرىكەت قىلمىغىچە، مەن ئۇ قوۋمنىڭ تەقدىرىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلمايمەن» دېيىش ئارقىلىق، «ئاۋۋال ساپالىق ئادەم بول، ئاۋۋال ئىنسان بول» دېگەن سىگنالنى بېرىدۇ بىزگە. قۇرئاندا بىر مىللەتنىڭ سانىغا ئەمەس، بەلكى سىياسەتكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەكلىكى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان قىسسە ۋە ئايەتلەر بار.

ئۇنداقتا نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ كۈچى، توغرىسىنى ئېيتقاندا ساپا ۋە سەۋىيەسى قانچىلىك؟ نۆۋەتتە ئۇيغۇر دەۋاسى قىلىۋاتقان تۈركىيەدىكى بىر توقاي تەشكىلاتلار، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ چەتئەللەردىكى سىمۋول ھۆكۈمىتى، يېڭى قۇرۇلغان بىر قانچە تەشكىلاتلار ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى قوشقاندىمۇ بۇلارنىڭ كۈچى ھازىرقى

مەۋجۇت ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ ئىلگىرلىشىنى كۈتۈۋاتقان ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىدىغان تەشكىلاتلارنىڭ كۆرۈلۈپ ماڭغىنىدەك كۆچكە ئىگە ئەمەس. بەزى ۋاقىتلاردا سۈرئەت ۋە ساپا بىر ئاز گەۋدىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما كۈندىن-كۈنگە ئىلگىرلىشىپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭغىدەك هالدا ئەمەس. شۇنداق بولغىنىغا قارىماي، يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلىرىمىز ئىچى بوش، پىلانسىز، تەشكىلسىز، ئالتۇن هەل بېرىلگەن تەشكىلاتلارنى قۇرۇشقا كۆچەۋاتىدۇ. هەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇپ ئېچىۋاتقان يىغىنلىرىنىڭ ئۆزىگىلا نۇرغۇن پۇل خەجلىنىۋاتىدۇ. ئېچىلغان يىغىنلارنىڭ هېچقانداق ئۈنۈمى كۆرۈلمەيۋاتىدۇ. مەن تەشكىلاتلارنىڭ كۆپ بولۇشىنى ئانچە تەشەببۇس قىلمايمەن. چۈنكى كۈچ چېچىلىدۇ، ئىقتىساد چېچىلىدۇ، ئەقىل چېچىلىدۇ. چېچىلىش دېمەك ساپاسىزلىق دېمەك، ئۇيۇشۇش دېمەك ساپا دېمەك، كۈچ دېمەكتۇر.

ئاللاھ ئەنفال سۈرىسى 65-ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئىچىڭلاردا سەبىر-تاقەتلىك 20 كىشى بولسا، بۇنداق كىشىلەر دۈشمەندىن 200 كىشىنى يېڭەلەيدۇ. ئەگەر ئىچىڭلاردا سەبىر-تاقەتلىك يۈز كىشى بولسا، مىڭ كىشى ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ». دېمەك، سەبىر-تاقەت، ساپا-سەۋىيە، چىدام-غەيرەت، بىرلىك-ئىتتىپاقلىق ۋە كۈرەش دېمەكتۇر.

ئەلۋەتتە ئۆزىمىزنى باشقىلارغا ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن باشقىلارنىڭ ئەمگىكى ۋە خىزمىتىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئۆگىنەيلى، مانا بۇ ساپا ۋە سەۋىيە دېمەكتۇر. بەدەل تۆلەيلى، ئەمما بەدەل تۆلىگەنلىكىمىزنى شېپى كەلتۈرۈپ سەپداشلىرىمىزنىڭ باشلىرىغا، چوڭ يوللارغا، ئۇيغۇر دەۋاسىغا تاھارەت قىلىپ قويمايلى.

ئۇنداقتا چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر دەۋاسىنى كۆچسىز قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئامىللار نېمىلەردىن ئىبارەت؟

مەنمەنچىلىك، ئابرۇي ۋە شۆھرەتپەرەسلىك، ئىچى تارلىق، ھەسەتخورلۇق، باشقىلارنى ئېتىراپ قىلماسلىق، كۆرەلمەسلىك، بىلەرمەنلىك، بۇ ئىش چوقۇم مەن باشلىغان ۋە مەن ئاخىرلاشتۇرغان ئىش بولۇشى كېرەك دەيدىغان شەخسىيەتچىلىك، بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى سانى كۆپ، ئەمما خەلقىمىز، دۇنيا ۋە ئاللاھ كۈتكەن سەۋىيە ۋە ساپاغا يەتمەيۋاتقان تەشكىلاتلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقان سەۋەبلەردۇر. ئوتنى سۇ بىلەن ئۆچۈرگىلى بولىدۇ، ئەمما ھەسەت ئوتى سۇ چاچقانچە يالقۇنلايدۇ ۋە ئىگىسىنىڭ يۈزىنى يەرگە ئۇرىدۇ، دەيدۇ مەۋلانە. شۆھرەت ئۇزاقتىن قارىغاندا قۇياشتەك پارلاق ۋە ئىللىقتۇر، ئەمما يېقىنلاشقاندا تاغ چوققىسىدەك سوغۇقتۇر، دەيدۇ بالزاك.

شۇنداق، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىمۇ ئىش تەقسىماتى باراۋەر بولمىغان، پاراۋۇزنىڭ باش تەرىپى، يەنى خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا قارىتىلغان يۈنىلىشى بىر قەدەر كۈچلۈك ئەمما، ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرى بوش بىر تەشكىلات. ئەمما بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىچىدە بىر ئاي ئوتتۇز كۈنىنىڭ 3 كۈنىنى ئۆيىدە ئۆزى ئۈچۈن ئىشلىتىپ، قالغان 27 كۈنىنى ۋەتەن دەۋاسى ئۈچۈن پالاقلاش بىلەن، ئايىغىنىڭ چەمى چۈشۈپ قالغىدەك قاتراش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان دولقۇن ئەيسامۇ بار. جەنۇۋە يۈرۈشى ۋە مىيۇنخېن ئۇچرىششىدا دىققىتىمنى تارتقان مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى دەل مۇشۇ. بۇنى تۈركلەر «كالىتە»، ئىنگلىزلار «ئىستاندارت» دەپ ئاتايدۇ. يەنە بىر قېتىم ئۇيغۇر دەۋاسىدا كالىتە ۋە ئىستاندارت بار دەپ جار سېلىشقا توغرا

كەلسە، بۇنداق ئاجىز ۋە كۈچسىز تەشكىلاتلار ئىچىدە، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىقلارنى رەت قىلغان هالدا، خۇددى بۆركۈت ئۆز پېيىدە ياسالغان ئوقيادا ئۇرۇلغىنىدەك ئۇرۇلىسىمۇ پەرۋا قىلماي، تىل ئاهانەت ۋە تۆهمەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇر دەۋاسىدىن ئىبارەت بۇ چەكسىز دېڭىزدا، مەنزىلگە قاراپ بۇ مۇقەددەس دەۋانى يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان بىر دەۋاگەر بار، ئۇ بولسىمۇ دولقۇن ئەيسا. بېلىق ئالغۇچنىڭ نىجاستى چەكسىز كەتكەن دېڭىزنى كىرلىتەلمىگىنىدەك، ئېيتىلىۋاتقان تىل-ئاهانەت ۋە تۆهمەتلەر بۇ دەۋاگەرنى كىرلىتىپ قويالامدۇ؟ ئۆز مەنزىلىگە قاراپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئېقىن سۇنىڭ يولىنى ئۇنىڭ ئالدىغا چىققان تاشلار توسۇپ قالارمۇ؟ ئوكيانۇسنىڭ شاهزادىسى دەپ تەرىپلەنگەن تىتانىكنى دېڭىز ئاستىدىكى خادا تاشلار، مۇز تاغلىرى پاچاقلاپ تاشلىۋەتكەندە سۇ پەرۋاسىز ئەگىپ ئۆتۈپ، مەنزىلگە قاراپ كېتىۋەرمىدىمۇ؟ گۆرۈچنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ خەتەرلىكى قارا تاش ئەمەس، بەلكى ئاق تاشتۇر. ئەمما دولقۇن ئەيسا بۇنداق ئاق تاشلاردىن قانچىسىنى چىشلەپ سالدى-هە؟ يەر يۈزىدە تاشلار بەك نۇرغۇن. ئەمما بويۇنغا ئاسىدىغان تاشلار بەك ئاز. ئۇيغۇر دەۋاسىدا بۇنداق قىممەتلىك تاشلاردىن قانچىسى بار؟ تاغ يوللىرىنى توسۇپ تۇرغان يوغان يارىماس تاشلار بەك كۆپ، قولغا چىققۇدەك كىچىك تاش، هېچبولمىغاندا، دۈشمەننىڭ بېشىنى يارىدىغان بىر تاش بولماق بەك قىيىن. پەلەستىنلىكلەرنىڭ قولىغا چىققان تاش 60 يىلدىن بۇيان دۈشمىنىنىڭ بېشىغا ئېتىلىۋاتقان بولسا، ئۇيغۇرنىڭ قولىغا چىققان تاش ئۇيغۇرنىڭ بېشىغا جىقراق ئېتىلىۋاتىدۇ. بوران-چاپقۇننىڭ قانچىلىك شىددەتلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بېلىق ئالغۇچ ئۆزى سۆيگەن دېڭىزنى

تـەرك ئېتەرمـۇ؟ ئىبراھىمـلار نەمرۇتلاردىــن قورقارمـۇ؟ نەمرۇتنىــڭ ئـۇچ ئـاي توپلىغـان ئوتۇن-چاۋالـىرى ئىبراھىمنـى كۆيـدۈرۈپ كۈل قىلىشقا يەتتىمـۇ؟ پۇراقلىـق ئوت ياغىچىنىڭ سـاپلىقى ئۇنىڭ ئوتتا قانچىلـىك كۆيگەنلىكـى بىلـەن ئۆلچىنىـدۇ. سۈپەتلىك دەرەخلـەر ئـوۋاي يېتىشـمەيدۇ. بوران-چاپقۇن قانچە كۈچلۈك بولغانسېرى، تــاغ چوققىســىدىكى قارىغــاي شــۇنچە مۇســتەھكەم يېتىشــىدۇ. ھەركىـم ھـەر مۇستەھكەم تۈۋرۈكنـى قارىغاي ياغىچىدىن قىلىشنى ئـارزۇ قىلىـدۇ. ئۇيغۇر دەۋاسـىنىڭ بوران-چاپقۇنـلاردا تاۋلىنىۋاتقان ئېســىل قارىغايلىــرى، ســۈپەتلىك ئادەملــەر ھــەر گەپكــە جــاۋاب قايتۇرمايـدۇ. ئۆرۈپ-چۆرۈپ قارايـدۇ بـۇ گەپمـۇ دەپ، يەنـە بـىرى گەپنـى قىلغۇچىغـا قارايـدۇ بـۇ ئادەممـۇ؟ دەپ. سـۇ بىلـەن تولـۇپ تاشـقان دېڭىزنـىڭ شـىددەتلىك بوران-چاپقۇنـلار ئىچىـدە، ئـۆز ئۈسـتىگە تۆكۈلۈۋاتقـان يامغـۇر سـۈيى بىلـەن نېمـە كارى؟

بەقــەرە سۈرىســىنىڭ دەســلەپكى كىرىــش ســەھىپىلىرىدە، ئۇيغۇرلارنـىڭ نۆۋەتتىكـى بىچـارە ھالىتـى ئېنىـق ئىپادىلەنگـەن ئايەتلـەر تولـۇپ تۇرۇپتـۇ. مـەن بـۇ ئايەتلەرنـى ھـەر قېتىـم ئوقۇغىنىمــدا، ئاللاھنىــڭ چەتئەلدىكــى ئۇيغــۇرلار ئارىســىدا يــۈز بېرىۋاتقــان يالغانچىلىــق، ئىككــى يۈزلىمچىلىــك، ھەقنــى كۆرەلمەســلىك، گۇمانخورلــۇق، ھەســەت ھالىتىنــى كــۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنــى ســەزگەندەك بىــر ھېسســىياتتا بولىمــەن.

بەقــەرە سۈرىســىدە ئالــلاھ مۇنــداق دەيــدۇ: «شۈبھىســىزكى، كاپىرلارنـى ئاگاھلاندۇرامسـەن ئاگاھلاندۇرمامسـەن بەرىبىـر، ئـۇلار ئىمـان ئېيتمايـدۇ. ئالـلاھ ئۇلارنـىڭ دىللىرىنـى ۋە قۇلاقلىرىنـى پېچەتلىۋەتكـەن (ئىمانىنـىڭ نـۇرى كىرمەيـدۇ). ئۇلارنـىڭ كۆزلـىرى پەردىلەنگـەن ھەقىقەتنـى كۆرمەيدۇ. ئـۇلار ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچـار بولىـدۇ. كىشـىلەر ئارىسـىدا ئاللاھقـا ۋە ئاخىـرەت كۈنىگـە

ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار. ئەمما ئەمەلىيەتتە ئىشەنمەيدۇ. يەنى ئاغزىدا ئىشەندۇق دېگەن بىلەن، كۆڭلىدە ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار ئاللاھنى ۋە مۇئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ. ھەقىقەتتە ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل، يەنى مۇناپىقلىق ۋە گۇمانلىنىش كېسىلى بار. ئاللاھ ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۈچەيتىۋەتتى. يالغان سۆزلىگەنلىكلىرى، يەنى يالغاندىن ئىماننى دەۋا قىلغانلىقلىرى ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلارغا يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار دېيىلسە، بىز ئىسلاھ قىلغۇچىلاردۇرمىز، دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردۇر. لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ. ئۇلارغا، يەنى مۇناپىقلارغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەردەك، يەنى ساھابىلەردەك، چىن كۆڭلۈڭلار بىلەن ئىمان ئېيتىڭلار دېيىلسە، بىز ئىمان ئېيتقان ئەخمەقلەردەك ئىمان ئېيتامدۇق؟ دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا ئەخمەقلەردۇر. لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ. ئۇلار مۇئمىنلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، بىز ئىمان ئېيتتۇق دەپ يالغان گەپ قىلىشىدۇ. شاياتۇنلىرى، يەنى مۇناپىق كاتتىباشلىرى بىلەن يالغۇز يەردە ئۇچراشقاندا بولسا، بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللىمىز، پەقەت تىلىمىزنىڭ ئۇچىدىلا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىمىز دەيدۇ. مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى جازالايدۇ. ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىغا قويۇپ بېرىدۇكى، ئۇلار تېڭىرقىغان ھالەتتە يۈرۈشىدۇ. ئەنە شۇلار ھىدايەتنى بېرىپ گۇمراھلىقنى ئالدى، شۇڭا سودىسى پايدا كەلتۈرمىدى».

ئاللاھ بەقەرە سۈرىسىنىڭ 18ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار گاستۇر، يەنى گاس ئاڭلىمىغاندەك ياخشىلىقنى ئاڭلىمايدۇ. گاچىدۇر، يەنى گاچا سۆزلىيەلمىگەندەك ياخشى

ئىشنى سۆزلىيەلمەيدۇ. كوردۇر، يەنى كور بولۇپ قالغاندەك توغرا يولنى كۆرمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار گۇمراھلىقتىن قايتمايدۇ».

مارتىن لۇتېر كىڭ مۇنداق دەيدۇ: يا بىرلىكتە قېرىنداشلارچە ياشاشنى ئۆگىنىمىز، ياكى ھاماقەتلەرچە ھالاك بولىمىز.

ئەي ئەركەك!! ئالدىڭدا ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ ئىككى تامغىسى تۇرۇپتۇ. يا دولقۇن ئەيسادەك ئوتتۇز كۈنىڭنىڭ 27 سىنى ئۇيغۇر دەۋاسىغا ئىشلىتىپ ئادەمدەك ياشا، ياكى دونكىخوتتەك چاقپىلەكلەر، قوي پادىلىرى، ھاراق تۇڭلىرىنى دۈشمەن دەپ ئېلىشىپ، كوچىدىكى قەلەندەر چىڭگەن ئايالنى ئېسىلزادە دەپ ئاشىق بولۇپ، ھالاك بولۇپ تۈگە.

شۇنداق، بىز مىيۇنخېن ئۇچرىشىشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىسسىق ئۆيىمىزگە قايتىپ كەلدۇق. ئەمما دولقۇن ئەيسا ئەتىسى سەھەردە ياپونىيەگە قاراپ ئۇچۇپ، بۇ ئىگە-چاقىسىز مەزلۇم مىللەتنىڭ دەۋاسىنى ياپون خەلقىگە ئاڭلىتىپ، ئاندىن ئاۋستىرالىيەنىڭ سىدنېي، ئادىلەيد شەھەرلىرىگە ئۇچۇپ، ئاندىن يەنە ئامېرىكاغا قاراپ ئۇچۇپ يۈرمەكتە ئىدى.

مەن ئۇنىڭ ھازىرغىچە نەلەردە ئۇچۇپ، نەلەردە چۈشۈپ، قايسى ئىشىكلەرنى قېقىپ، قايسى ئۈستەللەرنى مۇشتلاپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما بۇ يەردە ساپ ۋە سۈپەتلىك بىر پىداكارلىقنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن. ئاللاھقا مىڭ شۈكۈر، بىزدىنمۇ كالتە، ئىستاندارت چىقىدىكەن-ھە؟! ئەگەر ئاللاھ بىزنى ھازىرغىچە ھالاك قىلمىغان بولسا، مانا مۇشۇنداق كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك ياشلىرىمىزنىڭ يۈزىدىن ھالاك قىلمايۋاتىدۇ.

2019-يىلى 2-يانۋار

# جەنۋە يۇرۇشى ۋە مىيۇنخېن ئۇچرىششىدا دىققىتىمنى تارتقان نۇقتىلار (5)

## ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ كۆپلىكى مېنى ئۈمىدلەندۈردى

شۇنداق، ھەممىمىز بىر قىزىل چىراغقا كېلىپ توختاپ قالدۇق. ئىلگىرى مەشرەپ ۋە ئۇيغۇر ئامېرىكا بىرلەشمىسىنىڭ تورىدا ئۆزئارا تىللاشقانلارمۇ، ۋەتەنگە قوغۇنلۇقنىڭ يولىدەك بېرىپ كېلىدىغان، كەلمەيدىغانلارمۇ، نامايىشقا چىقىدىغان-چىقمايدىغانلارمۇ، ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى كۆتۈرىدىغان ۋە كۆتۈرمەيدىغانلار، سىياسىيغا ئارىلاشقان ۋە ئارىلاشمىغانلارمۇ، ھەتتا نۇر بەكرى بىلەن رابىيە قادىرمۇ ئوخشاشلا بىر قىزىل چىراغقا گۈررىدە كېلىپ توختاپ قالدۇق. خۇددى بۇ دۇنياغا يالىڭاچ كېلىپ يالىڭاچ كەتكەندەك،خۇددى قەبرە ئالدىدا باراۋەر بولغاندەك.

بىزگە يەنە بىر قېتىم يېشىل چىراغ يانامدۇ؟ يا يانامدۇ؟ ياكى بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر قىزىل چىراغلارغا كېلىپ چارىسىز توختاپ قالامدۇق؟ بۇنى بىلمەيمىز. كېلەچەكىمىز ئىنتايىن قاراڭغۇ. قىزىل چىراغتا تۇرۇپمۇ بىر-بىرىمىزنى چارپۇتلاپ، بىر-بىرىمىزنىڭ بېقىنلىرىغا مۇشتلاپ، تىللىرىمىز بىلەن زەھەر چېچىپ يۈرۈۋاتىمىز.

كېلەچەك ھەققىدىكى نىشانلىرىمىز چېچىلاڭغۇ، پىكىرلىرىمىز

چېچىلاڭغۇ، ئەقىل ـ ئىدراكلىرىمىز چېچىلاڭغۇ. مىللىتىمىزنىڭ ئىسمىنى ئۇيۇشۇش پېئىلىنىڭ تومۇرى بولغان «ئۇي» بىلەن باشلاپ، «ئۇيغۇر» دەپ قويغان بولساقمۇ، ئەمما ئۇيۇشالمايۋاتىمىز. سۆتلەرنىڭ ئۇيۇشى بىلەن دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان سۈت مەھسۇلاتلىرى مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇنىڭغا سۇ قۇيۇلۇشى بىلەن دەرھال ئۇيۇشۇشقا تەسلىم بولۇپ، نۇرغۇنلىغان يېمەكلىكلەرنىڭ ياسىلىشىغا ۋە ھاياتلىقنىڭ قوغداپ قېلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. تارىلىشىنىڭ سىمۋولى بولغان قوم دانچىلىرىغىمۇ سۇ قۇيۇلۇشى بىلەن ئۇيۇشۇشقا تەسلىم بولىدۇ. توپىغا سۇ قۇيۇلۇشى بىلەن دەرھال ئۇيۇشۇپ لايغا ئايلىنىدۇ. چېچىلىپ يۈرگەن گۈرۈچلەرمۇ ئۇيۇشۇش ئىقتىدارىغا ئىگە. ھەتتاكى نۇرمۇ ئۇيۇشۇپ لازېر نۇرىغا، يەنى تېخىمۇ كۈچلۈك نۇرغا ئايلىنىدۇ. ئەمما ھەيران قالارلىقى، ئۇيغۇرلارنى مۇشۇ كۈلپەتلىك كۈنلەرمۇ ئۇيۇشتۇرالمايۋاتىدۇ. يېقىندا ئاق سارايغا كىرىدىغان بىر مۇراجىئەتنامىنى خام تالان قىلىپ ھاڭغا ئىتتىرىۋەتكەندەك كېيىن، يەنە بىر مۇراجىئەتنى ئۇيغۇرچە كۆڭلىمىز بىلەن بېزەپ ئاق سارايغا كىرگۈزۈۋەتكەن ئىدۇق. ھەجەپ جاۋابى چىقمايدۇيا؟ مەنچە ئۇيۇشمىغان مىللەتنىڭ سۆزگۈچكە پېتمۇ چىقمايدۇ. بەلكىم بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر كۈتۈشلەرگە مۇپتىلا قىلىدىغان بىر تەقدىرنىڭ قىزىل چىرىغى ئالدىمىزدا ساقلاپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. بىز ھازىر قىلىۋاتقان ئۇرۇش ـ تالاشلىرىمىزنىڭ ئاساسى تېمىسىنىڭ نەقەدەر ئاددىي ۋە پۈچەك ئىكەنلىكىنى ئەنە شۇ چاغدا ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن. ئۇيۇشۇش ھەققىدە كىچىككىنە بولسىمۇ بىر ئۈمىدىم بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ نامايىش ئىدى. ھەر ھالدا كۆك بايراق ئالدىدا، خىتاي كونسۇلى ئالدىدا، خىتايغا قارشى توۋلانغان شوئارلار ئالدىدا ئۇيۇشقان ئىدۇق.

ئەمما بۇ ئۈمىدىمىز يوققا چىقتى. يەنى ئاق سارايى نامايىشچىلىرى بۆرۈكسەل ۋە جەنۋە نامايىشچىلىرى دەيدىغان ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلىپ قالدۇق.

بۈگۈنكى بۇ ئىچىنىشلىق قىزىل چىراغدا تۇرۇپمۇ خىلى بىر ئىشلارنى قىلالىغان بولاتتۇق. ئەمما قىلالىغان ئىشىمىز ئۇيغۇر كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوتۇن تاشلاش بولۇۋاتىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ قاراڭغۇ، ئەڭ ئۈمىدسىز دەۋرلەر ئىچىدىمۇ بىر ئۈمىد نۇرى چاقناپ تۇرغان ئىدى. مەسىلەن، پىرئەۋنىنىڭ بارلىق بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈش ئەمرىنىڭ بولغىنىغا قارىماي، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن ئوردىسىغا كىرىپ كېلىشى قاتارلىقلار.

جەنۋە يۈرۈشى ۋە ميۇنخېن ئۇچرىشىشىدا دىققىتىمنى تارتقان ئەڭ مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى، نامايىشچىلار قوشۇنى ئىچىدە ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىزنى كۆتۈرۈپ نامايىشقا چىققان ۋە يىغىنغا قاتناشقان ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم ۋە زىيالىيلار كۆپ بولۇشى. مانا بۇنى بىر ئۈمىد نۇرى دېسەم خاتالاشقان بولمايمەن.

زىيالىي دېمەك پىلان دېمەك، زىيالىي دېمەك ساپا ۋە سەۋىيە دېمەك، زىيالىي ۋە ئالىم بار يەردە بۇرۇننىڭ ئۇچىنى ئەمەس، ئۇزاقنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ كۆزى بىلەن ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن، دۇنيانىڭ كۆزى بىلەن كۆرگىلى بولىدۇ. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئەجدادلىرىمىز قۇرۇپ بەرگەن خاندانلىقلاردىن پەخىرلىنىپ ياشىساق، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى قۇدۇقتىن چىقارغان ئاللاھ، بىزنى قۇدۇق ئاستىغا مەڭگۈلۈك مەھكۇم قىلىشى مۇمكىن. بىر قىزىل چىراغ قانچىلىك يانسا

يانسۇنكى، هامان يېشىل چىراغقا ئۆزگىرىدۇ. ئەڭ مۇھىم مەسىلە قىزىل چىراغتا قىسىلىپ قېلىش ئەمەس، بەلكى قىزىل چىراغ يېشىل چىراغقا ئۆزگەرگەندە نېمە قىلىشىمىز ۋە قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ دېگەن مەسىلە. مەن هازىرغا كەلگىچە ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ ئىچىدە يۈرۈۋاتقان بىر ئاكتىپ بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۇيغۇر زىيالىي-ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇر دەۋاسىدىن ئىبارەت بۇ چوڭقۇر دېڭىزنىڭ ئاستىغا بۆگۈنكىدەك چوڭقۇر چۆككەنلىكىنى ۋە ئۇيغۇر دەۋاسى بىلەن خۇددى ئۇن، سۇ، تۇزدەك بىرىكىپ، يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىگەن ئىدىم. بىر مىللەت دەۋاسىنىڭ بېشىدا شۇ مىللەتنىڭ ئالىم ۋە زىيالىيلىرى قانچە كۆپ بولسا، ئۇ مىللەتنىڭ ئاللاھ تەلەپ قىلغان ئۆز-ئۆزىنى ئۆزگەرتىش يولىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئاللاھ رەئىد سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانىنى ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىدىن كۆزىتىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر بار. شۈبهىسىزكى، بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەهۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەهۋالىدا ئۆزگىرىش هاسىل قىلمايدۇ. ئاللاھ بىر قەۋمگە يامانلىق تىلىسە، هېچكىم ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ». مەن جەنۇۋە يۈرۈشى ۋە مىيۇنخېن ئۇچرىشىشىغا كەلگەن زىيالىي ۋە ئالىملىرىمىزنىڭ كۆپلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، خۇددى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىدىكى پەرىشتىلەرنىڭ ئۇيغۇرلار هەققىدە ئاكتىپ بىر هەرىكەتكە ئۆتۈۋاتقانلىقىدەك بىر ئۈمىد-ئىشەنچ ئىچكى دۇنيايىمنى ۋە هېسلىرىمنى قاپلىۋالدى. ئاللاھ رەئىد سۈرىسىنى ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئاكتىپلاشتۇرۇۋاتقاندەك هېس قىلدىم. زىيالىي ۋە ئالىملىرىمىزنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى چاقىرغان يىغىنلارغا بۆگۈنكىدەك كۆپ كېلىشى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە تەمشىلىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

ھەدىس ۋە رىۋايەتلىرىمىزدە «ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى» دېيىلىدۇ. مەن كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئالىم ۋە زىيالىيلىرى بىلەن بىر سەپتە ئولتۇرۇپ كېلەچىكىمىزنى كۆرۈۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولدۇم. مەشھۇر ھەدىس ھافىزى تەبەرانى پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇڭ، بىللە ئولتۇرۇڭ. چۈنكى ئاللاھ يامغۇر بىلەن ئۆلۈك تۇپراقنى تىرىلدۈرگەندەك، ئالىملار ئارقىلىق ئۆلۈك قەلبلەرنى ئىلىم نۇرى بىلەن تىرىلدۈرىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. يەنە پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ئالىملارغا ئەگىشىڭ، ئۇلار بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نۇرلىرىدۇر» دېگەنلىكىمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ. مەشھۇر ھەدىس ئالىمى بەيھەقى پەيغەمبىرىمىزنىڭ «يا ئالىم، يا ئوقۇغۇچى، يا ئاڭلىغۇچى، ياكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سۆيگەن كىشى بولۇڭ. ئەگەر بۇنداق قىلمىغاندا ھالاك بولىسىز» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە ئالىملار ۋە بىلىم ھەققىدە كۆپلىگەن ئايەتلەر بار. نەھل سۈرىسى 43-ئايەتتە ئاللاھ «ئەگەر بىلمىسەڭ ئەھلى زىكرىدىن، يەنى ئالىملاردىن سورا» دەيدۇ. ئەنكەبۇت سۈرىسى 43-ئايەت، رۇم سۈرىسى 22-ئايەت ۋە زۇمەر سۈرىسى 9-ئايەتلەردە ئالىملار ھەققىدە توختىلىدۇ. فاتىر سۈرىسى 28-ئايەتتە «ئاللاھدىن ئەڭ قورقىدىغان كىشىلەر ئالىملاردۇر» دەيدۇ. يىراقنى كۆرەرلىك ۋە كېلەچەكنى ئىنشا قىلىش بىر مىللەتنىڭ ئالىم ۋە زىيالىيلىرى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ ئورتاق يۇغۇرۇلۇشى ۋە ئۇيۇشۇشى، ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى تەڭ كۆتۈرۈپ، دۆلەت گېمىنىنى تەڭ ئېيتىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. يىراقنى كۆرەرلىك كېلەچەكنى ئىنشا قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، چوڭقۇر تەپەككۇر ۋە مۇھاكىمە قىلىشنى، كاللا ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا يىراقنى

كۆرۈش ۋە كېلەچەكنى ئىنشا قىلىش قىيىنلىق دەرىجىسى زور بىر ئىش.

يىراقنى كۆرەلمەيدىغانلارنىڭ كېلەچەكنى قانداق قۇرۇمىز، قىزىل چىراغنى يېشىل چىراغقا قانداق ئايلاندۇرىمىز؟ دېگەن باش قاتۇرۇشى يوق بولۇپ، مىللەتكە ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنى شۇكى، داۋاملىق ئورتاق دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئورنىغا ئۆز مىللىي قېرىنداشلىرىغا، ئۆز تەشكىلاتلىرىغا زەربە بېرىدۇ. ئۆمۈر بويى قۇرۇق گەپ ساتىدۇكى، بىر ئەمەلىي قەدەم باسمايدۇ.

بىر چاغلار مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر دەۋاسىدا ئاساسەن دېگۈدەك ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئۇيغۇر ئالىم ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئۇچرىتىش قىيىن بولۇپ قالغان ئىدى. ئەگەر سىياسىي دەۋارىمىزدا بوشلۇقلار مەۋجۇت بولغان بولسا، سۈپەت ۋە ساپا جەھەتتە ئاللاھ ۋە دۇنيا كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمىگەن بولساق، دىنىي ساھەلىرىمىزدە ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىمىزنى مايمۇن پادىشاھلار ئىگىلىۋالغان بولسا، بۇ ئەلۋەتتە ئەھلى زىيالىيلىرىمىز روھى دۇنياسىنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىن ئۇزاق بولغانلىقىدىن بولغان.

بىر ئىلىم ئەھلىنىڭ ساداسىنىڭ كۈچلۈكلۈك نىسبىتى بىر جامى ئىمامىنىڭ خۇتبىدىكى ساداسىدىن ئاجىز بولماسلىقى مۇمكىن.

ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىزنىڭ سانسىزلىغان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قولىدا لەپىلدىشى، مەيدانلاردا ئىلىم ئەھلىلىرى گەۋدىسىنىڭ كۆپلەپ كۆرۈلۈشى ۋە ئاۋازىنىڭ يۈكسەك چىقىشى ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ ئامىتى. مانا بۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ دەۋرلىرىدىمۇ بىر ئۈمىد نۇرىنىڭ چاقناپ تۇرغانلىقىنىڭ بەلگىسى. مانا بۇ پىرئەۋندەك بىر زالىمنىڭ ئوردىسىدا

مۇسالارنىڭ هامان چىقىدىغانلىقىنىڭ بىشارىتى. كېلەچەكىمىز زىيالىي ۋە ئالىملىرىمىزسىز قۇرۇلمايدۇ، يېشىل چىراغلىرىمىز زىيالىي ۋە ئالىملىرىمىزسىز يانمايدۇ. مەن جەنۇبىي كورىيە ۋە مىيۇنخېن ئۇچرىشىشىدا ئۇيغۇر ئالىم ۋە زىيالىيلىرىمىزنى كۆپ ئۇچراتقانلىقىمدىن پەخىرلىنىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇيغۇر دەۋاسىغا كىرەلمەيۋاتقان زىيالىي ۋە ئالىملىرىمىزنىڭ سەمىگە «ئىنسان هاياتىنىڭ قەدىر-قىممىتى ئېرىشكەن نەرسىلەر ۋە دىپلوملار بىلەن ئەمەس، بەلكى تۆلىگەن بەدەللەر بىلەن پەخىرلىك بولىدىغانلىقى»نى سالماقچىمەن.

جەنۇبىي كورىيە ۋە مىيۇنخېن ئۇچرىشىشىدا دىققىتىمنى تارتقان نۇقتىلار نامىلىق چاتما مۇلاھىزە شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى.

2019-يىلى 11-يانۋار

# بىر ئاۋاز، بىر قەدەم، بىر ھېكمەت

## ئەدەبىي خاتىرە

(«15 مارت بىر ئاۋاز، بىر قەدەم» دۇنيا ئاياللار نامايىشىنىڭ نيۇيوركتىكى نامايىش مەيدانىدىن ئالغان تەسىراتىم)

ۋولقانلار ۋە يانار تاغلار يەرنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنىڭ ماگمىلارغا ئېلىپ كەلگەن زۇلۇمىنىڭ مەھسۇلى. يەر قاتلاملىرىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى قىستىشى بىلەن دەھشەتلىك پارتلاشلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، يەر شارىدا خۇددى دوزاخنى ئەسلىتىدىغان يانار تاغلاردىن پەيدا چىققان ئاتەش سەللىرىدىن ھاسىل بولۇپ، خۇددى تۈرۈلۈپ-تۈرۈلۈپ ھالۋىدەك ئاقىدىغان ئوت دەرياسى بىلەن، زىمىستان قىش سوغۇقلىرىدا توڭلىغان ئېگىز تاغلارنىڭ چوققىلىرىدا پەيدا بولغان قار-مۇزلارنىڭ باھار كېلىشى بىلەن ئېرىپ سەللەرنى ھاسىل قىلىشى، ئوخشاشلا تەبىئەتنىڭ بىر ھېكمىتى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا ئوتتىن تەركىب تاپقان بىر سەل بىلەن سۇدىن تەركىب تاپقان بىر سەل پۈتۈنلەي بىر-بىرىگە قارمۇقارشى ئىككى ئۇقۇم.

سۇدىن تەركىب تاپقان سەل قەھرى-غەزەپ جەھەتتىن يانار تاغلار ئاپىرىدە قىلغان ئوتتىن تەركىب تاپقان سەللەرگە قارىغاندا، يەر شارىدا يېڭى بىر ھاياتلىق ئاپىرىدە قىلىش نۇقتىسىدىن ۋولقانلاردىن ئاجىز ئورۇندا تۇرىدۇ. گەرچە سۇ سەللىرى نۇرغۇنلىغان جانلىقلارنى ئېقىتىپ يەر شارىدا يېڭى

بىر زىلزىلە پەيدا قىلسىمۇ، ئەمما يەنىلا دەريا دېڭىزلارغا ياۋاشلىق بىلەن قويۇلۇپ ئاخىرىدا تىنچىپ قالىدۇ. ئەمما ئەڭ قاتتىق تاغۇ-تاشلار قويىنىنى يېرىپ چىققان ۋولقانلار ئۇنداق ئەمەس. يانار تاغلاردىن دەھشەتلىك پارتلاپ چىققان ۋولقانلار يەر شارىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلالايدۇ. مەسىلەن يەر تەۋرەش، دېڭىز تاشقىنى قاتارلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. قىپقىزىل ئاتەش دەريالىرى تۆرۈلۈپ-تۆرۈلۈپ ئېقىپ، چەكسىز كەتكەن دېڭىزلارغا قويۇلۇش نەتىجىسىدە ياپونىيەدەك چوڭلۇقتىكى ئارال دۆلەتلىرىنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ. يەر شارىدا بۇنداق يېڭى ھاياتى مۆجىزىلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە، يەر قاتلاملىرىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا سۆكۈنات ئىچىدە قانچىلىغان ئەسىرلەرنى ئۆتكۈزگەن ماگمىلارنىڭ پارتلىشى سەۋەبچى بولغان.

مەن 2018-يىلى 15-مارت كۈنى دۇنيادىكى 14 دۆلەت، 18 شەھەردە بىرلا ۋاقىتتا ئىنتايىن سىستېمىلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بىر ئاۋاز، بىر قەدەم نامايىشىنى ئەنە شۇ دۇنيا جۇغراپىيەسىدە، دۇنيا خەرىتىسىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ھاسىل قىلالايدىغان يانار تاغ ۋولقانلىرىنىڭ پارتلىشىغا ۋە پارتلىغاندىن كېيىنكى قىپقىزىل چوغ دەرياسىنىڭ ئۆز يولى ۋە نىشانىنى بويلاپ بىر مەنزىلگە قاراپ ئېقىشىغا ئوخشىتىمەن. شۇنداقلا يۈرىكى ئاشۇ يانار تاغلاردىن ئېتىلىپ چىققان ۋولقانلاردەك قىزىل چوغ، قوللىرىدا كۆتۈرگىنى ھاۋانىڭ رەڭگىدىكى بايراق بولغان ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ دۇنيا خەرىتىسىدە، دۇنيا جۇغراپىيەسىدە بىر ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنىمەن. 2018-يىلى 15-مارتتىن ئىلگىرى بۇ قارارىمغا بىر ئاز شەك بىلەن قارايدىغان بولسامۇ، ئەمما 15-مارتتىكى دۇنيانى قاپلىغان بىر ئاۋاز ۋە بىر

قەدەمدىن كېيىن، مەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ دۇنيادا ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشەندىم ۋە بۇ ئاۋاز بۇ قەدەملەردە بىر ئالاھىدە ھېكمەتنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى ھېس قىلماقتىمەن. شۇڭلاشقا ماقالەمنىڭ ماۋزۇسىنى «بىر ئاۋاز بىر قەدەم، بىر ھېكمەت» دەپ قويدۇم. مەنمۇ بۇ ۋولقان دەرياسىغا قوشۇلۇش مەقسىتىدە ئۆزۈم تۇرۇشلۇق دۆلەتتىن ئايروپىلان بىلەن ئاۋۋال ۋاشىنگتونغا، ئاندىن نيۇيوركقا بېرىپ بۇ نامايىشقا قاتناشتىم.

## ھەيران قالارلىق «ھەمكارلىشىپ ئىشلەش» روھى، يەنى «Team Work»

ئىلگىرى يازغان بىر ماقالەمدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمدەك، شىمالى ئامېرىكا قىتئەسىدە سىز ئادەتتىكى بىر ئىش ئورۇنلىرىغا كىرىپ ئىشلىمەكچى بولسىڭىز ئۇلار سىزدىن، «سىزدە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىيەلەيدىغان تەجرىبە بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ.

تىم ۋورك «team work»، يەنى ئۇيغۇرچە ئىپادىلىسەك، باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىيەلەش ياكى ئىشلىيەلمەسلىك، غەربتىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات سىرلىرىنىڭ بىرى.

ئەپسۇس ئۇيغۇرلاردا، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىدا بۇنداق ھەمكارلىشىپ ئىشلەش، بىر-بىرىگە يول قويۇپ ئىشلەش تولىمۇ كەمچىل. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھاجىرەت تارىخىدا تۇنجى بولۇپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى، «team work»، يەنى ھەمكارلىشىپ ئىشلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوخشاش بىر كۈن بىر

ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە 14 دۆلەت ۋە 18 شەھەردىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىشخانىسى، ياۋروپا ئىتتىپاقى ئىشخانىسى ۋە خىتاي كونسۇلخانىلىرى ئالدىدا ئوخشاش بايراق، ئوخشاش شوئار، ئوخشاش غەزەپ-نەپرەت چۇقانلىرى بىلەن، ھەق-ئادالەت نامايىشى قىلىپ تەق بولدى. ئۇلاردا نە شۆھرەت نام-ئابروي تالىشىش، نە ئاپپارات ۋە سىنئالغۇلارنى قولتۇقىغا قىسىپ توختىماي ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان ئىللەتلەر يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ سىرتى ئاسمان كەبى زەڭگەر بولغىنى بىلەن، ئىچى بىر پارچە ئوت، بىر يالقۇن، بىر يانار تاغ ئىدى. بۇ ئوت، بۇ چۇقان قېرىنداشلىرىنىڭ خىتاي تۈرمىسىدە ئىڭراۋاتقان نالىسى، ئۇلارنى بىر دوقمۇشتا ئۇچراشتۇردى. بۇ ئۇيغۇر ئائىللىرىنىڭ خەلقئارالىق ئۆلچەملەر بويىچە دەۋا قىلىش يولىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقى ۋە بۇ دەۋا يولىدا قانداق مۈشكۈلاتلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ ھەمكارلىشىپ ئىشلىيەلەيدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن ۋاتسئاپ توپلىرىنى قۇرۇپ، بىر مەركىزى ئالاقىلىشىش سىستېمىسى بەرپا قىلدى. ئارقىدىن ھەرقايسى دۆلەتلەردە تارماق گۇرۇپپىلارنى قۇردى.

## ھەمكارلىشىپ ئىشلەش (گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلەش) نىڭ 7 خىل مۇھىم ئەھمىيتى

ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش مەزلۇم مىللەتلەر ئالدى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنى ئۆگىنىشى كېرەك. يالغۇز ئىشلىگەندە ئۈنۈم ۋە نەتىجە ئاستا بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ھە دېسە تەشكىلات قۇرۇشقا ئامراق مىللەت. ئەمما تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ قۇرۇق-لاغايلاپ يۈرگەنلىكىنى، قالپاققا چۇشلۇق قىرغىزنىڭ يوقلىغىنى كۆرىمىز. بۇ شۇ تەشكىلاتتا ھەمكارلىشىپ ئىشلەش، يەنى گۇرۇپپا بولۇپ

ئىشلەش روھىنىڭ كەملىكىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان مەسىلە. ھەمكارلىشىپ گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلەشكە تۈركلەرمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. تۈركلەر ھەمكارلىشىپ گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلەشنى «ئەكىپ چالىشماسى (Ekip Çalışması)» دەپ ئاتايدۇ. ھەمكارلىشىپ ئىشلەشتە مۇھىمى قانداق ئىشلەشنى ۋە قانداق ئىشلىتىشنى بىلىش كېرەك. ئوخشىمىغان ئادەملەرنىڭ ئوخشىمىغان ئىقتىدارى، ئوخشىمىغان پىسخىك خاراكتېرى بار. ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنىڭ تۆۋەندىكىدەك 7 چوڭ ئەھمىيىتى بار.

1. تېزلىك. ھەمكارلىشىپ گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلىگەندە ۋاقىتنى تېجەپ قالغىلى، نىشانغا تېز يەتكىلى بولىدۇ.

2. ئىشەنچ. ئۇزۇن مەزگىللىك ھەمكارلىشىپ ئىشلەش بىر تەرەپتىن كىشىلەرگە بولغان ئىشەنچنى ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ گۇرۇپپا قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ئىشەنچلىك بولۇش قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. چۈنكى كىشىلەر بىر ئادەم قىلغان ئىشقا قارىغاندا كۆپلىگەن كىشىلەر قىلغان ئىشقا بەكرەك ئىشىنىدۇ.

3. قوللاش. باشقىلارنى قوللاش ئىشقا ئاشقان ۋاقىتتا، شەخسىيەتچىلىك، مەنمەنچىلىك ئازايغان بولىدۇ. گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلەشنىڭ باشلىنىشى قوللاشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، باشقىلارنىڭ، يەنى گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشى ۋە قوللىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئىش نەتىجىلىك بولىدۇ. قوللاش ئاساسەن پىكىردە قوللاش ۋە ئىش قىلىشتا قوللاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4. ئىلھاملاندۇرۇش. ئىلھاملاندۇرۇش، گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلەشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. پەقەت كەڭ قورساق، سەمىمي ئادەملەرلا باشقىلارنى ئىلھاملاندۇرالايدۇ. ئىلھاملاندۇرۇشقا

ئەسلىدە بەك چوڭ كۈچ كەتمەيدۇ. پەقەت «سەن بۇ ئىشنى چوقۇم قىلالايسەن» دېگەن بىر جۈملە سۆزلا كېتىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بۇ جۈملىنى ئېغىزدىن چىقىرالايدىغانلار بەك ئاز.

5. يېڭىلىق. دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىش، سىناش ۋە تەتبىقلاش. گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلىگەندە، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ كۆپلىگەن يېڭى پىكىر، يېڭى كۆز قاراشلىرى بىلەن ئورتاقلاشقىلى، يېڭى يول، يېڭى پىكىر ۋە يېڭى ئىدىيەلەرنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ.

6. بىرلىشىش. ھەمكارلىشىپ ئىشلىگۈچىلەر بىر مەقسەت ۋە بىر نىيەتتە ئۆزئارا بىرلەشكەنلىكى ئۈچۈن نەتىجە ۋە ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بىلىدۇ.

7. ئىجادچانلىق. گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلىگەندە ئىجادچانلىقنى، يېڭىلىق يارىتىشنى تېز ئەمەلگە ئاشۇرغىلى ۋە باشقىلارنى قايىل قىلغىلى بولىدۇ. مەن ھازىرغىچە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كۆرگەن ھەمكارلىشىپ، گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلەشنىڭ مېغىزىنى چاققان ئىككى گۇرۇپپىنى بىلىمەن. ئۇلارنىڭ بىرى «مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى»، يەنە بىرى «بىر ئاۋاز بىر قەدەم ھەرىكىتى گۇرۇپپىسى». «مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى»مۇ change. org تور بېتىدە ھازىرغا قەدەر 6 مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلدى. ئۇلار بۇ مۇراجىئەتنامىلەرنى ھەم مۇراجىئەت، ھەم دۇنياغا سۇنۇلغان دوكلات تەرىقىسىدە تەييارلىغان بولۇپ، بەزىلىرى 9 خىل خەلقئارا تىلغا تەرجىمە قىلىنغان. مانا بۇ گۇرۇپپا بولۇپ ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنىڭ مەھسۇلى.

بىر ئاۋاز بىر قەدەم ئاياللار ھەرىكىتى، يۇقىرىدىكى ھەمكارلىشىپ گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلەشنى ناھايىتى

مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشۇردى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ نامايىش ھەرىكىتىنى دۇنيا مىقياسىدىكى تۆۋەندىكى ئەللىك نەچچە ئاخبارات ئورگىنى خەۋەر قىلدى. سىلەرگە ئاپىرىن ئۇيغۇر ئاياللىرى.

1. Time
2. New York Times
3. Washington POst
4. Fox News
5. US News
6. Kansas city News
7. Merced sun star
8. China digital times
9. Associated Press
10. MSN News
11. Orlando TV (WFTV_ABC Orlando)
12. Chicago Tribune
13. MSN World news
14. NBC News
15. On Focus Hong Kong
16. Asahi Shimbun
17. South China Morning Post

18. El Debate (Espanche)
19. The Muslim Vibe
20. Pittsburgh news (WPXI)
21. The Muslim Times
22. Start ATT News
23. KPVI NBC News
24. The Brownsville Herald
25. RT Hong Kong
26. French Marianne
27. Las Vegas Sun
28. Enid News & Eagle
29. Union Bulletin
30. Hastings Tribune
31. Voice of Alexandria
32. Medicine News
33. Fredericksburg News
34. VIDS Press
35. Business Standard
36. WDEF World News
37. Times Daily
38. Feed Publish

39. Courier Express

40. Gazette

41. Bulgarian News Agency

42. Central Asia Program

43. KHIO TV

44. Missourian News

45. ABC News

زىيارەتچىلەرنى قوبۇل قىلغان «بىر ئاۋاز بىر قەدەم نامايىشى»نى تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ بىرى روشەن ئابباس خانىم مۇنداق دەيدۇ: «بىز دۇنيانىڭ ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان جىددىي ۋەزىيەتكە نىسبەتەن سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا قارىتا، بۇ سۈكۈناتنى بۇزۇش مەقسىتىدە يولغا چىقتۇق. بۇ ۋەتەندە يۈز بېرىۋاتقان زۇلۇملارغا سېلىشتۇرغاندا بۇ ھېچقانچە نەتىجە ئەمەس، ئەمما تىرىشچانلىقىمىزنىڭ ئازراق بولسىمۇ رولى بولغاندەك تۇرىدۇ. «بىر ئاۋاز بىر قەدەم» دېگەن بۇ بىر ھەرىكەت، بۇ پەقەت بىر قېتىملىق نامايىش بىلەنلا تۈگەپ قالمايدۇ. بىز بۇندىن كېيىن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن بىر ئاۋازدا بولۇپ، ئوخشاش قەدەم ئېلىپ، تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ بوشلۇقلىرىنى تولۇقلاپ، ئىشلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ ماڭىمىز».

**ۋاشىنگتوندىكى ئۇيغۇرلارغا ئىككى كەلىمە ئاچچىق - چۈچۈك سۆز**

«بىر ئاۋاز بىر قەدەم ئۇيغۇر ئاياللار نامايىشى»نىڭ باش ئىشتابى ھېسابلانغان نيۇيوركتىكى نامايىش مەيدانىدا، ئىككى ئايالنىڭ ئۆزئارا قىلىشىۋاتقان تۆۋەندىكىدەك سۆزلىرى قۇلىقىمغا

كىرىپ قالدى:

- دۇنيانىڭ سىياسىي مەركىزى ھېسابلانغان ئامېرىكادەك بىر دۆلەتتە، ۋەتىنىمىز مۇشۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتتە تۇرۇۋاتسىمۇ، مىڭدەك ئۇيغۇر بۇ نامايىشقا كەلمىسە، مۇستەقىللىقىمىزدىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن، - دېدى بىر خانىم يېنىدىكى يەنە بىر خانىمغا.

- شۇنى دېگىنە ئاداش، ھەتتا ئاشۇ كانادانىڭ بىرقانچە شەھەرلىرىدىن دۆلەت ئاتلاپ بۇ نامايىشقا كەلگەن يەردە، ۋاشىنگتون DC دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنچىلىك ئاز كەلگىنى مېنى بىئارام قىلىۋاتىدۇ، - دېدى يەنە بىر خانىم جاۋابەن.

- قانچىلىك چىقار بۈگۈنكى نامايىشتىكى ئادەم؟ دەپ سورىدى يەنە بىر خانىم يېنىدىكى دوستىدىن. ئۇ خانىم ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن:

- 200 ياكى 250 تەك چىقامدىكىن، دېدى جاۋابەن.

- DC دىكى بىرەر تويغىمۇ بۇنىڭدىن جىق ئادەم كېلىدۇ ئادەتتە، دېدى ئۇ خانىم مەمنۇن بولمىغان بىر قىياپەتتە.

- كۆپىنچىسى ئۆزىنى زىيالىي دەپ ئاتىۋالغان، ئۇ سورۇن بۇ سورۇندا ۋەتەننى ھېلىلا ئازاد قىلىۋېتىدىغاندەك سۆزلىگىنى بىلەن، مۇشۇنداق ھەقىقىي ۋىجدانىنى تارازىغا سالىدىغان چاغدا بىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ ئۇ نېمىلەرنىڭ، دەپ غۇدۇرىدى يەنە بىر ئايال نارازىلىق بىلەن.

مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ۋاشىنگتون DC دا 4 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر بار. ئەمما نامايىش مەيدانلىرىغا كېلىدىغانلار 200، ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ ئاز. ئۇيغۇر ئالمى ئەركىن سىدىق ئەپەندى بىر لېكسىيەسىدە، مېھماندارچىلىقتىن باشقا ئىشلارغا

كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئۇيغۇرلارغا قارىتىپ، «سورۇن ئۇيغۇرلىرى» دىگەن ئىبارىنى ئىشلەتكەن. مەن ئويلايمەن ۋە قىياس قىلىمەنكى، بۇ سورۇن ئۇيغۇرلىرى ۋاشىنگتون DC دا بىر قەدەر كۆپ ئىكەن. نۆۋەتتە «سورۇن ئۇيغۇرلىرى»نى نامايىش ئۇيغۇرلىرىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ۋاقتى سائىتى يىتىپ كەلدى، ھەتتا ئۆتۈپ كەتتى دەپ قارىساق بولىدۇ. دۇنيانىڭ سىياسىي سەھنىسى ھېسابلانغان، بىر ئاۋاز بىر قەدەم نامايىشىنىڭ باش ئىشتابى بولغان ئامېرىكىدىكى نامايىش مەيدانىدا ئادەم سانىنىڭ بۇنداق ئاز بولۇشى كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

**بىر ئاۋاز، بىر قەدەمگە يوشۇرۇنغان بىر ھېكمەت**

كىچىك چاغلىرىمدا مومامنىڭ ئۆلۈم-يىتىم بولغاندا: «ھەممە تۇغقانلارنى بىر يەرگە ئەكىلىپ بەرگەن قېرىندىشىم» دەپ يىغلىغىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئەمما بۇ سۆزنىڭ تېگىگە تازا يېتەلمىگەن ئىكەنمەن. ئەمدى بىلدىمكى، ئۆلۈم-يىتىم، ئايرىلىش ۋە زۇلۇملار بىر ئائىلىنى، بىر قوۋمنى، شۇنداقلا بىر مىللەتنى بىر يەرگە، بىر ئورتاقلىققا، بىر نىشانغا ئېلىپ كېلەلەيدىغان ھېكمەت ھېسابلىنىدىكەن. شۇڭا قۇرئاندا ھەر يامانلىقتا بىر ھېكمەتنىڭ بارلىقىنى، ھەر مۇشكۈلاتتىن كېيىن بىر قۇلايلىقنىڭ بولىدىغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ.

مەن بىر ئاۋاز بىر قەدەم ئاياللار نامايىشىنىڭ نيۇيوركتىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىناسىنىڭ ئالدىدىكى نامايىشقا قاتنىشىش ۋە دۇنيادىكى 14 دۆلەت، 18 شەھەردىكى نامايىش ئەھۋالىنى كۆزىتىش جەريانىدا شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىمكى، خىتاي زۇلۇمى بىزنى ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ئاستىغا بىرلەشتۈردى. بۇ ئۇنداق ياكى بۇنداق ئاددىي بىرلىشىش ئەمەس، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھاجىرەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان

بىر بىرلىشىش. ئەلۋەتتە بۇنىڭ بىر ھېكمىتى بار. بۇ ھېكمەت شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىغا نىسبەتەن بىر ئۇچقۇننىڭ جىلۋە قىلىشىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى سىياسىتىنى كەڭرى قىلىپ، بىرىپ-كېلىشنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، مائاشىنى ئۆستۈرۈپ، ھوقۇق بېرىپ... ۋەھاكازالارنى قىلغان بولسا ئىدى، بىز غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان ۋە بۇ ئۇيقۇدىن مەڭگۈ ئويغىنالمىغان بولاتتۇق.

مەن ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىن ئىلگىرى بىزنىڭ نامايىشقا قاتنىشىش ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىمىزدىن ئىنتايىن راھەتسىز بولغان، سىياسەتكە ئارىلاشمايمىز دەپ كەسكىن گەپ قىلىدىغان، ئاتا-ئانىلىرى ۋەتەندە باشلىق بولغان نۇرغۇنلىغان ئاياللارنىڭ قوللىرىغا ئاي يۇلتۇزلۇق ھاۋا رەڭ بايراقنى ئالغانلىقىنى، باشلىرىغا ھاۋا رەڭ ياغلىقلارنى چەككەنلىكىنى ۋە توختىماي شوئار توۋلاپ نامايىش مەيدانلىرىنى لەرزىگە سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى. چۈنكى مەن يۈز يىل تەشۋىق قىلساقمۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان كۆرۈنۈشلەرنى بىر ئاۋاز، بىر قەدەمدە كۆرۈۋاتاتتىم. بۇ ئەلۋەتتە بىر ھېكمەت.

ئۇيغۇر ئاياللىرىدىكى بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن ئويغىنىش، مىللەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىشنىڭ باشلىنىشى، شۇنداقلا بىر ھېكمەت. ئاياللار مۇرىنى-مۈرىگە تىرەشكە باشلىغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھېچقانداق دۈشمەن ئۆتەلمەس دەيدۇ.

### ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سىياسەتكە ئارىلىشىشى

مەن ۋاشىنگتوندىكى بىر ھەپتىلىك زىيارىتىم (12-مارتتىن 18-مارتقا قەدەر) جەريانىدا كۆپلىگەن ئاياللار ئۇلتۇرۇشلىرىغا

قاتناشتىم. مېنى ھاياجانغا سالغىنى ئاياللارنىڭ سىياسىي تېمىلار ھەققىدە سۆزلەش، مۇنازىرە قىلىشقا ئۆتكەنلىكى بولدى. بۇ ئەلۋەتتە خۇشاللىنارلىق بىر ئىش ئىدى. ئىلگىرى ئاياللار كۆپىنچە كىيىم-كېچەك، زىبۇ-زىننەت ۋە ماركىلىق نەرسىلەر ھەققىدە گەپ قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا سىياسىي گەپ-سۆزلەرنى قىلغان ئاياللار، خۇددى ماروژنىنىڭ ئۈستىگە پاتۇرۇپ قويۇلغان بىر تال گىلاستەك يالغۇز قالاتتى. مەن، ئاياللار ئائىلە ئىشلىرى ۋە شەخسىي گۈزەللىككە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىن ھالقىپ، بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك سىياسىي تېمىلارغا كىرگەن ۋاقتى، بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىدە تۈپتىن ئۆزگىرىشنىڭ بىخ سۈرۈشكە باشلىغان ۋاقتى دەپ قارايمەن.

مەن «بىر ئاۋاز بىر قەدەم»دىن ئىبارەت بۇ مۇكەممە «team work»نى روياپقا چىقارغان ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى لىدىر خانىم-قىزلارغا، مەكتەپداشلىرىمغا، دوستلىرىم ۋە دەۋرداشلىرىمغا ئالاھىدە ھۆرمىتىمنى بىلدۈرىمەن. ئۇلارنىڭ نام- ئابرۇي ۋە شۆھرەت قوغلاشماستىن ۋەتەن-مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بۇ روھىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكىمنى بىلدۈرمەكچىمەن.

**بىر ئاۋاز، بىر قەدەم ھەرىكىتىگە تەكلىپ پىكىرلەر**

قاقىرلار ئاسماندا ئۇچقاندا ئالدىدىكى قاقىرنىڭ قانات قېقىشى، ئارقىدىكى قاقىرنىڭ قانات قېقىشى ئۈچۈن بەلگىلىك ھاۋا ھازىرلاپ بېرىدىكەن. شۇڭا قاقىرلار ئۇچقاندا V شەكىللىك ئۇچىدىكەن. مانا مۇشۇنداق ھەمكارلىشىپ گۇرۇپپا بولۇپ ئۇچۇش ئارقىلىق قاقىرلار قىتئەلەر ئاتلاپ ئۇچۇش جەھەتتە، يالغۇز بىر قاقىر ئۇچقاندىكىدىن 70% تېزلىك بىلەن ئېگىزلىكتە ئۇچۇش نىشانىغا يېتەلەيدىكەن. ئەگەر بىر قاقىر يارىلانغان

بولسا، يەرگە قونىدىغان چاغدا ئىككى قاقىر ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يەرگە قونۇشۇپ بېرىدىكەن. مەن دۇنيا مىقياسىدا ئويغانغان ۋە ۋەتىنى-مىللىتىنىڭ بېشىغا كەلگەن زۇلۇملارنى دۇنياغا ئاڭلىتىش ۋە دۇنيا سوۋكوۋاتىنى بۇزۇش مەقسىتىدە يولغا چىققان بارلىق ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ مانا مۇشۇ قاقىرلاردەك مەنزىلگە قاراپ ئىگىز ئۇچۇشىنى تىلەش بىلەن بىرگە، يەنە تۆۋەندىكىدەك تەكلىپ پىكىرلەرنى بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم:

1. بايراقنىڭ رەڭگى مەسىلىسى. ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايرىقىنىڭ رەڭگى ھاۋا رەڭ. بايراق بىر مىللەتنىڭ مىللىي كىملىكىنىڭ سىمۋولى. شۇڭا بايراقنىڭ رەڭگى مەسىلىسىدە چوقۇم ۋە جىددىي ھالەتتە بىرلىككە كېلىش لازىم. بۇ قېتىم بەزى نامايىش نۇقتىلىرىدا ھاۋا رەڭدىن سەل قېنىق ۋە كۆككە مايىل بىر رەڭدىكى بايراقلارمۇ كۆزگە چېلىقىپ قالدى.

2. پلاكات ۋە لوزۇنكىلارغا يېزىلىدىغان خەت ۋە قويۇلىدىغان رەسىملەر دۇنيا بويىچە بىرلىككە كېلىشى، بۇ ئىشلارغا مەخسۇس ئادەملەر ئاجرىتىلىشى كېرەك، دەپ قارايمەن.

3. شوئارلار بىرلىككە كېلىشى كېرەك.

ئاخىرىدا، بىز بىر ئىشقا ئۆزىمىزنى ئاتىغان ۋاقتىمىزدا ئالاھنىڭمۇ ھەرىكەتكە ئۆتىدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

2018-يىلى 31-مارت.

## 15 دۆلەت 33 شەھەردىكى لىدىر ئۇيغۇر ئاياللىرى

مەن ئۆتكەن يىلى 4-ئاينىڭ 2-كۈنى ۋەتىنىم، ئۇيغۇر نېت تور بەتلىرى ۋە فېيسبۇك سەھىپەمدە «بىر ئاۋاز، بىر قەدەم، بىر ھېكمەت» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىپ، ۋەتىنى ۋە مىللىتىنىڭ ھايات-مامات مەسىلىسىنى نازۇك يەلكىسىگە ئېلىپ، بىر ئاۋاز بىر قەدەم بولۇپ ئۇيۇشۇپ، دۇنيادىكى 14 دۆلەت 18 شەھەرگە ئادەم ئېقىنى بولۇپ تۆكۈلگەن جەڭگىۋار ئۇيغۇر ئاياللىرىنى، يەر قاتلاملىرىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى قىستىشى بىلەن دەھشەتلىك پارتلاپ لاۋا بولۇپ ئېقىپ، ئاندىن دېڭىز-ئوكيانلارغا قۇيۇلۇپ يېڭى زېمىن، يېڭى-يېڭى ئاراللارنى پەيدا قىلىدىغان ئوت لاۋىلىرىغا ئوخشاتقان ئىدىم.

بۇ يىل «بىر ئاۋاز بىر قەدەم خەلقئارا ئۇيغۇر ئاياللار ھەرىكىتى» دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، دۇنيادىكى 15 دۆلەت 33 شەھەردىكى بۇ ئوت لاۋىلىرى، ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان رەھىمسىز رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىم كۆرگەزمىسىگە لىدىرلىق قىلدى.

ئۇلار ئۆتكەن يىلى ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقلىرى ۋە لوزۇنكا بىلەن زۇلۇمغا قارشى ياڭراق شوئارلىرىنى ياڭرىتىپ، دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدە مۇھىم رول ئويناۋاتقان 14 دۆلەتتىكى 18 شەھەردە بىرلا ۋاقىتتا نامايىش قىلىپ، نيۇيورك، سىدنېيدىن تاكى پارىژ، ئىستانبۇلغىچە سوزۇلغان دۇنيا خەرىتىسىدە «ئۇيغۇر» دېگەن بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئىسيانىنى،

چۇقاننىي نامايان قىلغان؛ ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ، ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ لىدىرلىقنى قىلغان ئىدى.

بۇ يىل ئۇلار «ئۇيغۇرلار كىم؟» دېگەن سوئالغا ئۇيغۇرلار خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنتايىن جىددىي ھالەتتە قۇتقۇزۇش ۋە ياردەمگە موھتاج ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان 70 پارچە رەسىم بىلەن يەنە بىر قېتىم دۇنياغا زۇلۇمنى ئاڭلىتىشتا لىدىرلىق قىلدى.

مەن بۇرۇن يازغان ماقالىلىرىمدا تېم ۋورك (work team)، يەنى ئۇيۇشۇپ ئىشلەش ھەققىدە كۆپ توختالغان ئىدىم. ئۇيغۇر ئاياللىرىدىكى بۇ لىدىرلىقنىڭ سېھرى كۈچى بىر-بىرى بىلەن ئۇيۇشالىغانلىقىدا. مۇستەقىللىق يولىمىز ئەلۋەتتە ئۇيۇشۇشتىن ئىبارەت بۇ سۆزگۈچتىن ئۆتمەي ئۆز يولىغا چۈشەلمەيدۇ. زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يولى قايسى؟ دەپ سورالسا، بۇ ئەلۋەتتە ئۇيۇشۇش. ئۇيۇشۇش ۋە بىر نىشان، بىر مەقسەت ئاستىدا كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش نېمە دېگەن گۈزەل ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك ئىش ـ ھە؟

ئەي سۆيۈملۈك لىدىر ئۇيغۇر ئاياللىرى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا، قاراڭغۇلۇقتا قالغان مىللىتىڭلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ياققان شام-چىراغلىرىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن! دۇنيادىكى شەھەرلەر ئارا كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرگەن قەدەملىرىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن! سىلەرنىڭ ئىنسانكار روھىڭلارغا، ئەقىل-پاراسىتىڭلارغا، ۋىجدان-غۇرۇرۇڭلارغا، تۆلەۋاتقان بەدەللىرىڭلارغا ئالىي ئېھتىراملار بولسۇن! دۇنيانىڭ كېلىپ-كېتىش تارىخىدا ھەر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىر ئۈمىد نۇرى چاقناپ تۇردى. سىلەر قاراڭغۇلۇقتا، چارىسىزلىقتا قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈمىد نۇرىسىلەر. ئاللاھ كۈرەش بىلەن يۇغۇرۇلغان ئۈمىدنى ھېچقاچان

كۆپۈككە ئايلاندۇرمىدى. سىلەر مىللەتكە بولغان چەكسىز مەسئۇلىيەتچانلىق روھىڭلار بىلەن ئەتراپىڭلارغا ئۈمىد نۇرى چېچىۋاتىسىلەر. سىلەردەك لىدىر ئۇيغۇر ئاياللىرى مەۋجۇتلا بولىدىكەن، زالىم پىرئەۋن ئوردىسىدىن كۆكرەك كېرىپ چىققان سىلەردەك ئاسىيەلەر مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇيغۇرلار ھامان بىر كۈنى دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ.

خىتايىنىڭ شىېرىن چۈشىنى بۇزىدىغان 70 پارچە رەسىم، 70 ئىسپات، 70 تامغا بىر ئۈمىد نۇرى گوللاندىيەنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، قاناللىرى، مۇنارلىرى، مۇزېيلىرى، ھەر خىل دىنلىرى بىلەن تارىخىي شەھەرلىك رولىنى ئوينىاپ كېلىۋاتقان ئۇترىخ شەھىرىنىڭمۇ دەرۋازىسىنى چەكتى. ئۇترىخ شەھرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ساناقلىقلا. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ سەرخىل ئالتۇن گۈللىرى بۇ شەھەرگىمۇ چېچىلغان. مانا بۇ ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن ئۈمىد نۇرى. بۇ ئالتۇن گۈللەر ئۇترىخ خەلقىگە پەقەت 07 پارچە رەسىم بىلەن ئۇيغۇر دېگەن بىر مىللەتنىڭ ھېكايىسىنى ناھايىتى ياخشى ئېيتىپ بەردى.

ۋاقىت 2019-يىلى 15-مارت. بۈگۈن لالە دۆلىتى گوللاندىيەنىڭ ھەممە شەھەرلىرى سىم-سىم يامغۇر بىلەن ئەسىر بولغان ئىدى. بىز، يەنى گوللاندىيەنىڭ روتېردام شەھرىدە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ئۇيغۇر رادىيو تېلېۋىزىيەسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىۋاتقان بىر قىسىم خادىملار، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا بىلەن بىرلىكتە، ئۇترىخ شەھرىدە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان رەسىم كۆرگەزمىسىنى زىيارەت قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق.

70 پارچە رەسىم، 70 ئۇيغۇر قىسمىتىنى سۆزلەپ، ئەستايىدىللىق، سۈپەت ۋە جاسارەت قوشۇلۇپ، ئۇترىخ

شەھىرىنى ئانا ۋەتەنگە تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى.

شۇنداق گوللاندىيە ئاياللىرىنىڭمۇ گىتلېر گېرمانىيەسى ۋەتىنىگە بېسىپ كىرگەندە كۆرسەتكەن ئاجايىپ قەھرىمانلىق ھېكايىلىرى بار. ھېكايىلەر ھېكايىلەرگە، قىسمەتلەر قىسمەتلەرگە قوشۇلۇپ ئىنسانىيەتنىڭ زۇلۇمغا قارشى قالقانلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. خۇددى باھاردا ئېرىگەن مۇز تامچىلىرىنىڭ غايەت زور ئېقىنلارنى ھاسىل قىلغانلىقىدەك. ھېچكىم تونۇمايدىغان «ئۇيغۇر» دېگەن بىر مىللەتنىڭ ئازابلىق ھېكايىسى گوللاندىيەنىڭ تارىخى ھېكايىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. تارىخ بۇ كۈنلەرنى شەرەپ بىلەن دەپتىرىگە يازىدۇ دەپ ئويلايمەن.

چاناقلىرىم لىق ياش. ئۇتىرىخ شەھىرىدە ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن بۇ زۇلۇمنى گوللاندىيە تىلىدا توختىماي ئاڭلىتىۋاتقان بۇ سۆيۈملۈك خانىملارنىڭ قولىنى چىڭ سىقتىم. بۇ شەھەردىكى رەسىم كۆرگەزمىسىگە ساھىبخانىلىق قىلغان بۇ ئۈمىد نۇرلىرى بۇ ئالتۇن گۈللەر ئاسىيە ئۇيغۇر، سانىيە، گۈلەندەن، چىمەنگۈل، گۈلچېھرە، نائىلە، گۈلىستان قاتارلىق خانىملار ئىدى.

ئوخشاش كۈن. ئەمما ئاۋستىرالىيەنىڭ سىدنېي، مىلبورنى، ئادەلەيد، كامبىرا شەھەرلىرىدە گۈللەر ئېچىلغان، قۇياشلىق ياز. بۇ يەردىمۇ لىدىر ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 70 پارچە رەسىم 70 ئۇيغۇر قىسمىتىنى ئىنگلىزچە سۆزلەپ، پۈتۈن ئاۋستىرالىيە خەلقىگە ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن ئېغىر قىسمەتلەرنى ئاڭلاتماقتا. ئاۋستىرالىيەنىڭ بۇ تۆت چوڭ شەھىرىدىكى لىدىر ئاياللار يۇلتۇز تېيىپجان، رۇقىيە مەمەت، خەلىمە ۋالىيىف، زۇلپىيە ئابدۇللا، ئەلدانە ئابباس، راملە، پەرىزات غەيرەتلەردىن ئىبارەت.

ئوخشاش كۆن. ئەمما كانادانىڭ ئەدمىنتون شەھىرى تېخىچە قىش بىلەن خوشلىشىپ بولالمىدى. ئاچچىق سوغۇق ۋە ئاپئاق قار ھەر يەرنى قاپلاپ تۇرىدۇ. بىر ئۇيغۇر ئانا ۋە قىزى 70 پارچە رەسىم بىلەن 70 ئۇيغۇر قىسمىتىنى كانادا خەلقىگە قانداق ئاڭلىتىش ئۈچۈن پايپېتەك بولماقتا. بۇ ئالتۇن گۈلنىڭ ئىسمى مۇكەررەم ۋە 14 ياشلىق قىزى مەھلىيا. بۇنداق جەڭگىۋار ئۈمىد نۇرلىرىنى دۇنيانىڭ ھەر يېرىگە چاچقان ئاللاھقا مىڭ شۈكۈرلەر بولسۇن.

ئېنگلىزلاردا بىر ئەقلىلىق ۋە جەڭگىۋار ئايال ئۆز ئائىلىسىگە، يولدىشى ۋە پەرزەنتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئائىلە گۈزەللىكى بىلەن قوشنىلىرىغا، قوشنىلىرى پۈتۈن بىر جامائەتكە، جامائەت دۆلەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە بىر ئايال بىر دۆلەتكە باراۋەر بولىدۇ، دەيدىغان بىر سۆز بار. تۆلگەن بەدەللىرى، بېسىۋاتقان قەدەملىرى بىلەن ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان بۇ زۇلۇملارنى دۇنيا خەلقىگە ئاڭلىتىپ، دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئەي سۆيۈملۈك بىر ئاۋاز، بىر قەدەم خانىملىرى سىلەر بىر دۆلەتكە باراۋەرسىلەر.

ئۇنداقتا ئاياللار لىدىر بولالامدۇ؟ ئەلۋەتتە. بۇنداق بىر سوئالنىڭ سورىلىشى ئەسلىدە مەنتىقىغە تازا ئۇيغۇن ئەمەس. ئەمما «ئاياللار لىدىر بولالمايدۇ» دەيدىغان بەزى شەپلەرمۇ يوق ئەمەس. بۇ سوئال ئۇ ۋەجىدىن.

ئاياللار تۇغۇلغانىدا ئايال بولۇپ تۇغۇلىدۇ. ئۇ ھاملىدار بولغان كۈندىن ئېتىبارەن لىدىر بولۇپ قايتا تۇغۇلىدۇ. ئۈممەت دېمەك ئىنسانلىقنىڭ ئانا قوۋمى دېمەكتۇر. ئۈممەت «ئۇم» سۆز تومۇرىدىن كەلگەن بولۇپ، «ئۇم» دېمەك ئەرەبچىدە «ئانا» دېمەكتۇر. ئۈممەت دېمەك ئانا دېمەكتۇر. ئىمام سۆزىمۇ

ئەسلىدە ئۇم سۆزىدىن ياسالغان بولۇپ، ئىمام دېمەك ئەسلىدە ئانا دېمەكتۇر. ئەمما ئاياللار لىدىرلىقنى ھەر ۋاقىت سەھنىنىڭ ئالدىدا ئەمەس، بەلكى سەھنىنىڭ ئارقىسىدا ئىجرا قىلىپ كەلدى. ئۇيغۇر ئاياللىرىمۇ ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان لىدىر ئاياللار بولۇپ، بۈگۈن ئۇلار دۇنياغا ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن بۇ زۇلۇمنى ئاڭلىتىشتا خەلقئارالىق ئۆلچەملەرگە ئىنتايىن ماس ھالەتتە ئىنتايىن سۈپەتلىك ھالدا لىدىرلىق قىلماقتا.

تارىختا ئۆتكەن لىدىر ئايالار نۇرغۇن. مەسىلەن، ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز.

ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز ئەينى چاغدا، يەنى بۇنىدىن 1400 يىل ئىلگىرى، ئۆز دۆلىتىنىڭ ماللىرىنى باشقا قوشنا دۆلەتلەرگە ئاپىرىپ ساتىدىغان، ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ماللىرى ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ كېلىدىغان، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىمپورت ئېكسپورت سودىگىرى ئىدى. سېلىشتۇرۇش توغرا كەلسە، ھازىرقى ئامېرىكانىڭ ئەڭ چوڭ تاشقى سودا ئىمپورت-ئېكسپورت شىركەتلىرىنىڭ لىدىرلىرى بىلەن باراۋەر بولۇشى مۇمكىن. يەنە كېلىپ مۇھەممەت پەيغەمبىرىمىزنى ئىشقا ئالغان بىر لىدىر ئايال ئىدى.

# دۇنيانى قاپلىغان لىدىر ئۇيغۇر ئاياللىرى

مەن يېقىندا «15 دۆلەت، 33 شەھەردىكى لىدىر ئۇيغۇر ئاياللىرى» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، «بىر ئاۋاز بىر قەدەم كۆنلىكى» ئاستىدا دۇنيادىكى مەركىزى شەھەرلەردە رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، ناتسىست گېرمانىيەسى يولغا قويغان «جازا لاگېرلىرى قايتىپ كەلدى» دەپ دۇنياغا چۇقان سالغان لىدىر ئۇيغۇر ئاياللىرىغا مەدھىيە ئوقۇغان ئىدىم.

2016-يىلدىن بۇيان دۇنيا مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇراجىئەتنامىلەرگە قول قويۇش، پارلامېنت ئەزالىرىغا خەت يېزىش، گۇۋاھلىق بېرىش، دۇنياۋى يۈرۈشلەر، مىتىڭ (مەنمۇ) ئۇيغۇر ھەرىكىتى، ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردە لېكسىيە سۆزلەش پائالىيەتلىرى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش قاتارلىقلاردا دۇنيانىڭ ھەرقايسى دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئاياللىرى ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زۇلۇمنى دۇنياغا ئاڭلىتىشتا لىدىرلىق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۈگۈن مەن بۇ ماقالەم ئارقىلىق خۇددى كۆل ئۈستىدە ئېچىلغان نىلۇپەر گۈلىدەك دۇنياغا تارالغان، خىتاي زۇلۇمنى ئاڭلىتىشقا لىدىرلىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئاياللىرىغا يەنە بىر قېتىم مەدھىيە ئوقۇش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

ئەي لىدىر ئۇيغۇر ئاياللىرى، بۇ دۇنيا ھەقسىزلىق بىلەن تولغان دۇنيا، زۇلۇم بىلەن تولغان دۇنيا، ئۇيغۇر خەلقى چۈمپەردىسىنى قايرىۋەتكەن ھەقسىزلىق ۋە زۇلۇم بىلەن

قارشىلاشقان ۋاقتىدا، ۋەتەنسىزلىك، ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن مەجبۇرى ئايرىلىپ قېلىشقا دۇچ كەلگەن ۋاقتىدا، چارىسىزلىق ئىچىدە قوللىرى نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تىترەپ تۇرغان چاغلىرىدا، سىلەر بۇ مىللەتنىڭ چەتئەللەردىكى ئۈمىد نۇرى بولۇپ چاقنىدىڭلار. خۇددى زالىم پىرئەۋننىڭ زۇلمى ھەر يەرنى زاۋاللىققا مەھكۇم قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بىر ئانىنىڭ رەھمىدە بىر مۇسا پەيدا بولغاندەك، خۇددى زالىم پىرئەۋننىڭ تۆشىكىدە ئاللاھ بۇ زالىمنىڭ تەختىنى بېشىغا غۇلات دەپ دۇئا قىلىدىغان ئاسىيە بولغاندەك، خۇددى زالىم پىرئەۋن يېڭى تۇغۇلغان بارلىق بوۋاقلارنى قەتلى قىلىش بۇيرۇقى بەرگىنىگە قارىماي، نىل دەرياسىدىن ئېقىپ كەلگەن ساندۇقتىكى بىر بوۋاقنىڭ، زالىمنىڭ قولى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلگىنىدەك ۋە بۇ سەلتەنەتنى گۇمران قىلغىنىدەك، قاراڭغۇ ئورمانلىققا قاپسىلىپ قالغان مىللەتنى يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئورمانلىقنى يورۇتقان دانكودەك. يەر يۈزىنى نەمرۇتتەك زالىملار قاپلاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ھامان بىر ئىبراھىملارنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىدەك، ئۇمەييە ئوغۇللىرى، ئەبۇ جەھىللەر، ئەبۇ لەھەب قاتارلىق ھەق-ئادالەت دۈشمەنلىرى قاپلاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بىر يەرلەردە ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئوغلى پارلىغاندەك، قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن قۇدۇق ئاستىغا تاشلىۋېتىلگەن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى قۇتۇلدۇرىدىغان بىر قولنىڭ چىققىنىغا ئوخشاش سىلەرمۇ كۆڭۈللەرگە تەسەللى بولدۇڭلار. ئۈمىد بوستانلىقىمىزنىڭ چۆللىشىپ قالماسلىقى، ئۈمىد چىراغلىرىمىزنىڭ ئۆچۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كەلگەننى قىلدىڭلار. زۇلۇم قانچە ئېغىر بولسا بولسۇن، ئۈمىدسىزلىك بولمىسۇن. ئۈمىدسىزلىك جەھەننەمدۇر. سىلەردەك ئۈمىد نۇرلىرى لىدىر ئاياللار دۇنيادا مەۋجۇتلا بولىدىكەن،

ئۆمىدسىزلىكلەرنىڭ ئۆمىدكە ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. دۇنيادا ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆمىدى بولماقتىنمۇ ئارتۇق لەززەت بولمىسا كېرەك.

بۈيۈك ئوكيانۇسقا جايلاشقان ئاۋستىرالىيەنىڭ سىدنېي، ئادالەيد، گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدىن تاكى شىمالى ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ۋاشىنگتون، تورونتو ۋە ياۋروپاغا سوزۇلغان 4 قىتئەدە ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنى ئېچىۋاتقان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇۋاتقان، نامايىشلاردا ئالدىنقى سەپتە مېڭىۋاتقان، زۇلۇمنىڭ تامغىسى بولغان رەسىم كۆرگەزمىلىرىنى، لېكسىيەلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان ئەي سۆيۈملۈك ئۇيغۇر ئاياللىرى، سىلەرنىڭ بۇ ئاكتىپ پائالىيەتلىرىڭلار خۇددى ئىنقىلابتىكى ئالدىنقى سەپ فرونتىغا ئوخشايدۇ.

ئەنە گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدىكى مېھرىبان ئانىلار گۇرۇپپىسى، لايىھەلىگەن ۋە تەشكىللىگەن ئۇيغۇر كىيىم-كېچەك مودېللىرى جۇلالىق ئەتلەسلىرىمىزدىن تىكىلگەن تون، كۆينەك ۋە ھەر خىل ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى كىيىشىپ، مەغرۇر قەدەملەر بىلەن سەھنىدە نامايان بولدى. بۇ خىتايغا قارىتا «ئەي خىتاي سەن بۇنداق بىر گۈزەل كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى بار بىر مىللەتنى يوقىتالمايسەن!» دېگەن جەڭ ئېلانىدىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھېيتلىق داستىخانلىرىنىڭ كۆركى بولغان ساڭزىلىرىمىز، ئادەلەيد شەھىرىدىكى قولى چېۋەر ئۇيغۇر خانىملىرى تەرىپىدىن شەھەردىكى ئاساسلىق ئورۇنلاردا نەق مەيداندا ئېشىلىپ، نەق مەيداندا پۇشۇرۇلۇپ، ئاۋستىرالىيە خەلقىگە تونۇشتۇرۇلماقتا.

سىدنېي شەھىرىنى لەرزىگە سالغان «شاھ نازىلەر»

ناخشىسى بۇنىڭغا تەگكەش نەپىس ئۇيغۇر ئۇسسۇلى، قاتار-قاتار سىپلىنغان يېكەنىدازلار، ساماۋەرلەر، بوشۇكلەر...

ئەي دۇنيانىڭ 4 قىتئەسىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشقا لىدىرلىق قىلىشقان ئۇيغۇر ئاياللىرى، سىلەر خىتاي ئەخلەت دەپ تاشلىۋەتكەن بىرگە ئائىت ھەر بىر نەرسىلەرنى، كۆز قارچۇغۇڭلاردەك قەدىرلەپ، ئۆزۈڭلار تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردە جۇلالاندۇرۇۋاتىسىلەر.

ئاياللارنىڭ ئىچكى دۇنياسى خۇددى دېڭىزدەك چوڭقۇر. ئۇنىڭغا كۆز ياشلىرىمۇ، ۋەتەن سۆيگۈسىمۇ، مۇھەببەت ۋە نەپرەتمۇ سىغىپ كېتىدۇ. سىلەر بۇ چوڭقۇر ئىچكى دۇنيايىڭلار بىلەن ۋەتەن ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلىۋاتىسىلەر. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەر كۆچىنى سىرتقى دۇنيادىن ئەمەس، بەلكى ئىچكى دۇنياسىدىن ئالىدۇ ۋە تاۋلايدۇ. سىلەر تاۋلىنىۋاتىسىلەر. سىلەر خۇددى ئىسسىق بەلباغ بوران چاپقۇنلىرى تاۋلىغان دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك پالمىيە دەرىخىگە ئوخشاش تاۋلىنىۋاتىسىلەر. سىلەر چەتئەللەردە ۋەتەننى ۋە مىللەتنى قۇتقۇزۇشتا نۆۋەتتە تۇرۇۋاتىسىلەر. سىلەرنىڭ روھىڭلارغا، سىلەرنىڭ ۋىجدانىڭلارغا، سىلەرنىڭ ئىرادەڭلارغا، سىلەرنىڭ ۋەتەننى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويىدىغان ئەخلاقىڭلارغا ئاپىرىن.

ئۇنداقتا ئاياللار لىدىر بولالامدۇ؟ ئەلۋەتتە. بۇنداق بىر سوئالنىڭ سورىلىشىمۇ مەنتىقىگە تازا ئۇيغۇن ئەمەس. ئەمما لىدىرلىقنى ئەقىل-ئىقتىدار، پاراسەت بىلەن ئەمەس، جىنسىيەت بىلەن ئۆلچەيدىغان، ئاياللار باسقان ھەر بىر خەيرلىك قەدەمگە بىر پەتىۋا پىچىپ كىشەنلەپ قويۇشقا تىرىشىدىغان «دىنىي ئۆلىمالار»مۇ يوق ئەمەس.

تارىخقا نەزەر سالغان ۋاقتىمىزدا، باشقا ساھەلەرنى قويۇپ

تۇرغاندىمۇ ئىسلام دىنىدا ئۆتكەن، پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان كۆپلىگەن لىدىر ئاياللارنى، قوماندانلارنى ئۇچرىتالايمىز.

مەسىلەن، ھەزرىتى ئايىشە ئانىمىز. ھەزرىتى ئايىشە ئانىمىز مۇھەممەت پەيغەمبىرىمىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن جەمەل ئىچكى ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ساھابىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتكەن ئىدى. ئەگەر بۇ ئۇرۇشتا ھەزرىتى ئايىشە ئانىمىز يەڭگەن بولسا ئىدى، ئەينى دەۋرنىڭ خەلىپىسى ھەزرىتى ئايىشە ئانىمىز بولغان بولاتتى. بۈندىن 1400 يىل ئىلگىرىكى بۇ ئۇرۇشنى ھازىرقى ئۇرۇشلارغا سېلىشتۇرغان ۋاقتىمىزدا، ئامېرىكا-ئىراق ئۇرۇشىغا باراۋەر بولۇشى مۇمكىن.

سەبە مەلىكىسى بەلقىس. بەلقىس سۇلايمان پەيغەمبىرىمىز دەۋرىدىكى سەبە خەلقىنىڭ پادىشاھى ئىدى. سۇلايمان پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا سەن ئايال كىشى بولغانلىقىڭ ئۈچۈن پادىشاھ بولالمايسەن، يەنى خەلقىڭنىڭ قوماندانى بولالمايسەن دېمىدى. بەلكى ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە شۇ دەۋرنىڭ قۇدرەت ساھىبى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر ئارقىلىق، يەنى بەلقىسنىڭ تەختىنى شامالنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز ئوردىسىغا يۆتكەپ كېلىپ، بەلقىسنى ئۆز تەختىنى تونۇۋېلىش شەرتى بىلەن تەسلىم قىلغان ئىدى.

ئۆزبېكىستاندىن تاكى ھىندىستانغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بابۇر شاھنىڭ ئارقىسىدىمۇ، بابۇر شاھنىڭ ئەقلىگە ئەقىل قاتىدىغان قوماندان ئانىسى گۈلنىگار ئايىم بار ئىدى. دۇنيانىڭ كېلىپ كېتىش تارىخىدا ئۆزىنىڭ قىممەتلىك بەدەللىرى

بىلەن، دۇنيا تارىخىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىگە مۆھۈر باسقان ئايال لىدىرلار ناھايىتى كۆپ.

بىر مىللەتنىڭ قۇدرىتى، نوپۇسىنىڭ كۆپلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقىللىق ۋە پەزىلەتلىك كىشىلىرىنىڭ سايىسىدە مەيدانغا چىقىدۇ، دەيدۇ ۋىكتور ھۇگو. ئەي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چەتئەللەردىكى ۋەكىلى، ئوبرازى، ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ چۇقانلىرىغا لىدىرلىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئاياللىرى، سىلەر ۋەتەنىنىڭ قۇدرىتىسىلەر، سىلەرنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقىڭلارنىڭ ئاللاھنى تەسىرلەندۈرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

2019 ـ يىلى 18 ـ ئاپرېل

# تورونتو سەنئەت كېچىلىكى ھەققىدە ئەبجەش ئويلىنىشلار (1)

يېقىندا خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىپ، ئەر-ئايال سەپ بولۇپ قىممەتلىك مەدەنىيەت-سەنئەت بايلىقىمىز بولغان نازاكەتلىك ئۇيغۇر ئۇسۇلىنى ئويناپ چىققان ۋىدىئوسىنى كۆرۈپ يۈرگۈم ئاغرىدى. بۇ ماڭا قەدىمكى مۇنداق بىر رىۋايەتنى ئەسلەتتى. قەدىمكى زاماندا گۈزەللەر تەگرىسى بىلەن سەتلەر تەگرىسى بار ئىكەن. بىر كۈنى سەھەردە گۈزەللەر تەگرىسى ئۇخلاۋاتسا، سەتلەر تەگرىسى ئاستا ئۇنىڭ سارىيىغا كىرىپ، گۈزەللەر تەگرىسىنىڭ كىيىمىنى ئوغرىلاپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن سەتلەر تەگرىسى گۈزەللەر تەگرىسىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ غادىيىپ يۈرىدىغان، گۈزەللەر تەگرىسى سەتنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان ھالەتتە پەگاھلاردا ئولتۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئەمەلىيەتتە دۇنياغا «ئۇيغۇرلارنى ئادەم قىلىش ئۈچۈن تەربىيەلەش لاگېرلىرىنى ئاچتۇق» دەپ جار سېلىۋاتقان خىتاينىڭ، خىتاي ئەر-ئاياللىرىدىن سەپ تۈزگەن ھالدا نازاكەتلىك ئۇيغۇر ئۇسۇلىنى كوللېكتىپ ئويناپ چىقىشى، سەتلەر تەگرىسىنىڭ گۈزەللەر تەگرىسىنىڭ كىيىمىنى ئوغرىلاپ كىيىۋالغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتكە ئوخشايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر ئۇسۇلىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاخىرقى ئۈمىد-ئۇچقۇنلىرىنىمۇ يوققا چىقىرىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى

ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا ئىتتىرىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر ئۇسۇللىرىنى ئاسارە-ئەتىقىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەن نازاكەتلىك ئۇيغۇر ئۇسۇلىنىڭ خىتاي ئەر-خوتۇنلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ، خۇددى ئانام ماڭا مىراس قىلىپ قالدۇرغان پوكىۋاي ياغلىقىنى ئانامنىڭ دۈشمىنىنىڭ بېشىدا كۆرگەندەك بىئارام بولدۇم. ئويلىنىپ قالدىم. ئىلگىرى بەك سىياسىي بولۇپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئەسلىدە مەدەنىيەت-سەنئەتىمىزنى تەشۋىق قىلىش، داۋاملىق دۇنياغا تونۇتۇشتىكى كەم بولسا بولمايدىغان نۇقتا ئىكەن. تورونتودا گۈزەللىك تەڭرىسىنىڭ چىرايلىق كىيىمىنى ئوغرىلىۋالغان سەتلەر تەڭرىسىنىڭ قولىدىن پەقەت گۈزەللەرگىلا يارىشىدىغان بۇ قىممەتلىك گۆھەرنى تارتىپ ئېلىپ بېرىشكە ياردەملىشىدىغان نۇر مەدەنىيەت مەركىزىدەك ئادالەتنى ياقلايدىغان مەركەزلەرمۇ بار. ئۈمىدسىزلەنمەيلى. شۇنداقلا سەتلەر تەڭرىسىنىڭ قولىمىزدىن ئۈمىد شاملىرىمىزنى تارتىۋېلىشىغىمۇ رۇخسەت قىلمايلى. دۇنيادا تېخى ئادالەت ئۆلمىدى. بىز 8-ئىيۇن كۈنى «سەتلەر تەڭرىسى» تارتىۋېلىشقا تىرىشۋاتقان گۈزەل كىيىملىرىمىزنى كىيىپ، بىزنىڭ ناخشىمىزنى، بىزنىڭ ئۇسۇلىمىزنى ھېچكىمگە تارتقۇزۇپ قويمايدىغانلىقىمىزنى دۇنياغا جاكارلىماقچى. بۇ پەقەتلا بىر سەنئەت كېچىلىكىلا ئەمەس، بۇ نامايىش، بۇ ھەتتاكى يۈرۈش. سەنئەت كېچىلىكىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىڭ. ناخشا-ساز، ئۇسۇللىرىمىزنىڭ ساداسى تەڭرى تاغلىرىدىن ھالقىپ خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىغىچە بۆسۈپ كىرىپ خەلقىمىزگە ئۈمىد بەرسۇن. نامايىشلىرىمىزنى ناخشا-ئۇسۇللىرىمىز بىلەن يۇغۇرۇۋېتەيلى. ماتەملىرىمىز، چېھرىمىزدە ئۈمىد نۇرى بولۇپ پارلىسۇن.

2019-يىلى 11-ئىيۇن

# تورونتو سەنئەت كېچىلىكى ھەققىدە ئەبجەش ئويلىنىشلار (2)

بىزدە «كۆزىدىن ئايرىسىمۇ ھاسسىدىن ئايرىماپتۇ» دېگەن بىر ھېكمەتلىك سۆز بار. 8-ئىيۇن كۈنى تورونتو ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۇيغۇر خەير-ساخاۋەت سەنئەت كېچىلىكى ئۈچۈن ھەقسىز ساھىبخانلىق قىلىۋاتقان، سەھنە ۋە زاللىرىنى ئايىماي سېخىيلىق بىلەن بېرىۋاتقان، ئۇيغۇرلاردەك قاياققا مېڭىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالغان بىر مىللەتكە ھاسا تاياق بولۇپ بېرىۋاتقان تورونتودىكى نۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ تور بېتىگە كىرىپ، بۇ مەركەزنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسىگە كۆز ئاتقىنىمدا، قۇرئان سۈرىلىرىدىن 49-سۈرە ھۇجۇراتنىڭ 13-ئايىتىنى ئۆزلىرىنىڭ نىشانى قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم.

سۈرە ھۇجۇراتنىڭ 13-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەي ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت بىر ئاتا، بىر ئانىدىن) ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، بەلكى تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر». دېمەككى، نۇر مەدەنىيەت مەركىزى دۇنياغا، ئىنسانىيەتنىڭ بىر ئانا،

بىر دادىدىن يارالغان بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى، شۇ ۋەجىدىن ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئېزىلگەن مەزلۇم مىللەتلەرگە قۇچاق ئېچىشتىن ئىبارەت بۇ ئىنسانىي ياردىمىنىڭ قۇرئاننىڭ ھۆكمى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىتىۋېتىپتۇ. كېلەچەكتە بۇ خەيرلىك سىگنال بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قەلب ئىشىكلىرىنى ئېچىشىمىزدا مۇھىم رول ئوينىغۇسى. سۆكۈناتقا چۆمگەن ئادالەت دۇنياسى ئىچىدە بۇنداق ئۈمىد بەخش ئەتكۈچى غايىلەر بىلەن تولغان بۇ تور بېتىدىن كۆڭلۈمسىرەش ئىچىدە ئايرىلدىم، جاسارەتلەندىم ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ يوقاپ كەتمەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل بولدى.

8-ئىيۇن تورونتودا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۇيغۇر خەير-ساخاۋەت سەنئەت كېچىلىكىدە سېتىلغان بېلەتنىڭ كىرىمى، خىتاينىڭ ئۇچۇر-ئالاقىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈش جىنايىتى سەۋەبىدىن چەتئەللەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشتا ئىقتىسادى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. سەنئەت كېچىلىكىنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى تورونتو ئەتراپىدا ياشايدىغان بىر ئائىلە كىشىلىرى بولۇپ، بۇ ئائىلىنىڭ ئىنچىل تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، نۇر مەدەنىيەت مەركىزىدە ئىلگىرى بىر قانچە قېتىم ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە لېكسىيە بېرىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغان ئىدى.

ئىككى ھەپتە ئىلگىرى نۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ زالىنى كۆرۈش ئۈچۈن بارغان ۋاقتىمىزدا، بۇ مەركەزدىكى بىر خانىمنىڭ بىزنىڭ بەزى نومۇرلارنى رېپېتىتسىيە قىلىشىمىزنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىمىزنى ماختاپ ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزى چۈشكۈنلۈك گىردابىغا بېرىپ قالغان قەلبىمنى پاللىدە يورۇتتى.

نۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ خىزمەتچىسى بىزگە مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلارنى دۇنياغا نامايان قىلغۇدەك بەك چىرايلىق ۋە ئېسىل مەدەنىيەت-سەنئەتڭلار بار ئىكەن، بۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلىڭلار، بىز زۇلۇم چېكىۋاتقان سىلەردىن باشقا مىللەتلەرگىمۇ ياردەم قولىمىزنى سۇنۇپ سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولساقمۇ، ئەمما ئۇلار بۇنچىلىك بىر نومۇرلارنى مەيدانغا ئېلىپ چىقالمىدى» دېدى. بەلكىم كىشىگە ئىلھام بەرگۈچى بىر سۆز شۇ كىشىنىڭ ھاياتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشكە ياردەم قىلغىنىغا ئوخشاش، نۇر مەدەنىيەت مەركىزى ئېيتقان بۇ ھەقىقىي باھا، بىزنىڭ ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇشىمىزغا يېتىپ ئېشىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئاللاھنىڭ 99 ئىسمىنىڭ ئىچىدىكى «ئەلخەللاق» ئىسمى «قايتا ياراتقۇچى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، ئىنسانلار بولدى تۈگەشتۇق دېگەن ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلاردا يېڭى مۆجىزىلەرنىڭ پەيدا بولۇپ، يېڭى ھاياتلىقنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ھەزرىتى مەريەم ئانىمىز قىسسىسى. يېشىنىڭ ئەمدىلا 14 ياش بولغىنىغا قارىماي، كىچىككىنە زىلۋا بەدىنى كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدىكى ئېغىر يۈك بىلەن سىنىلىدۇ. يەنى، ئەركەك قولى تەگمىگەن تۇرۇقلۇق ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا ھامىلىدار ئىدى. ئۇنى قوۋمىنىڭ ئىپپەتسىز ئايال دەپ چۈشىنىپ قېلىشى ۋە چۆللەردە يالغۇز قېلىشى سەۋەبىدىن، ئۇ بۇ دۇنياغا يارالمىغان بولسامچۇ دەپ نالە قىلغان، ئاخىرقى مىنۇتلاردا ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا يېڭى ھاياتلىق بەرگەنلىكى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان قۇرئان قىسسىلىرى، بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ يېڭى ھاياتلىق يولىنىڭ ھامان تۇغۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

مەن ئۆتكەندە يازغان بىرقانچە ماقالىلىرىمدە ئۆستەڭگە تاش ئېتىش بىلەن كۆلگە تاش ئېتىشنىڭ تولىمۇ ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل نەتىجە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. شۇنداق، بىر تال كىچىككىنە تاشنىڭ ئۆستەڭگە ئېتىلىشى بىلەن كۆلگە ئېتىلىشى تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل نەتىجە بېرىدۇ. ئەگەر سىز بىر تال كىچىككىنە تاشنى ئۆستەڭ ۋە دەرياغا ئاتقان ۋاقتىڭىزدا ئۆستەڭ ۋە دەريا، تاشنىڭ ئۆزىگە ئېتىلغىنىدىن پەرۋايى پەلەك ھالەتتە ئۇزاقلارغا قاراپ مەغرۇر ئېقىپ كېتىۋېرىدۇ. ئەگەر بۇ بىر تال كىچىككىنە تاشنى كۆلگە ئاتقان ۋاقتىڭىزدا كۆل تېگى-تېگىدىن قوچۇلۇپ، كۆل يۈزىدە نۇرغۇنلىغان ئەگەشمە چەمبەرلەر ھاسىل بولىدۇ. تاشلىرىمىزنى توغرا يەرگە ۋە دەل جايىغا ئاتايلى، دۇنيادىن ئىبارەت بۇ سايرام كۆلى ئىچ-ئىچىدىن قوزغۇلۇپ كەتسۇن. بەلكىم دۇنياغا ناتونۇش بولغان بۇ گۈزەل مەدەنىيەت-سەنئىتىمىز، يەنە كېلىپ بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلارمۇ ۋە مەدەنىيەت-سەنئىتىمۇ خارلىنىۋاتقان بىر پەيتتە، چاۋاك ئالقىشلىرى بىلەن دۇنيا خەلقىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋېتىشى مۇمكىن، نېمىشكە مۇمكىن بولمىسۇن؟!

ئويلىنىپ قالدىم. مەدەنىيەت ۋە سەنئەت بىر دەستە گۈلگە ئوخشايدىكەن، خۇددى باشقىلارنىڭ ئىشىكىنى چەككەندە ھەدىيە قىلىدىغان. ۋەتەندە مەدەنىيەت-سەنئىتىمىز خارلىنىۋاتىدۇ، شۇنداقلا سەنئەتچىلىرىمىزمۇ خارلىنىۋاتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، خىتايلار بۇ مەدەنىيەت-سەنئىتىمىزنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. بۇ خارلىنىۋاتقان مەدەنىيەت-سەنئىتىمىزنىڭ قەددىنى كۆتۈرگۈچىلەر ۋە دۇنيا مەدەنىيەت-سەنئەت باغچىسىدىكى بىر تورىماس گۈلگە ئايلاندۇرغۇچىلار ئەلۋەتتە چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار. نۆۋەتتە بۇ مەدەنىيەت-

سەنئەتىمىزنى قوغداپ قېلىشتەك ئېغىر ۋەزىپە چەتئەللەردىكى خەلقىمىزنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنمەكتە.

بىر تەرەپتىن دۈشمىنىمىز خىتاي مەدەنىيەت-سەنئىتىمىزنى خارلاۋاتىدۇ، مەدەنىيەت-سەنئەتچىلىرىمىزنى تۇتقۇن قىلىۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىمىزدىن بولغان مەلۇم كىشىلەر «ناخشا-مۇزىكا، ئۇسسۇل هارام» دەپ ئۆزىمىزنىڭ قولى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقلىرىمىزغا پالتا چېپىۋاتىدۇ. مەنچە ئۇيغۇرنىڭ هېچنەرسىسى هارام ئەمەس، بەلكى يۈز پىرسەنت هالال. يەنى نورۇزىمۇ، يېڭى يىلىمۇ، سەنئەت كېچىلىكلىرىمۇ... ئەلۋەتتە مەدەنىيەت-سەنئەت «كۈرەش» دېگەن ئالتە هەرپلىك بۇ سۆزنىڭ بىر هەرپى. بۇ هەرپلەرنىڭ بىر تېلى ئېلىپ تاشلانغاندا ئۇ كۈرەش بولماي قالىدۇ.

تۆۋەندىكى ۋىدېئودىن خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ مەنىسىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاغزى بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە خۇنۈكلەشتۈرۈپ ۋە ئاددىيلاشتۇرۇپ خىتاي خەلقىگە چۈشەندۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

https: //www. facebook. com/gulshen. abdukadir. 3/ videos/1275701702597148

چەتئەللەردە مەدەنىيەت-سەنئىتىمىزگە ئىگە چىقايلى. تورونتو ئۆتكۈزۈلىدىغان 8-ئىيۇن سەنئەت كېچىلىكى، قىممەتلىك مەدەنىيەت-سەنئىتىمىزنىڭ شىمالى ئامېرىكا قىتئەسىدە پارلىشى ئۈچۈن بېسىلغان تۈنجى قەدەم.

# ھايات داۋام ئەتمەكتە (1)

## ھەيدە شوپۇر ماشىناڭنى...

رۇسىيەنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى تولستوي دۇنياغا مەشھۇر ئاننا كارىننا ناملىق رومانىنى ھەممە بەختلىك ئائىلىلەر بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ، ئەمما ھەممە بەختسىز ئائىلىلەرنىڭ ئوخشىمىغان ھېكايىلىرى بار، دەپ باشلايدۇ. ئۇيغۇر مەسىلىسى تولستوينىڭ بۇ چۈشەنچىلىرىنى رەت قىلىۋەتتى. ھازىر ھەممە بەختسىز ئۇيغۇرنىڭ ھېكايىسى ئوخشاش. ئۇ ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئالالماسلىق. دۇنيا ئەمدى مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دېگەن گىتلېر جازا لاگېرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا مەۋجۇت بولۇشى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان پاجىئە. دېمەككى، ئۇيغۇرلار ھازىرقى بۇ پاجىئە ۋە بۇنىڭدىن كېيىن يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان پاجىئەلەر ئالدىدا بەپ -باراۋەر. ئەمما ھەممە ئۇيغۇر بەختلىك دېگەن ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس.

خۇددى دۈشمەنگە قارشى ھۇجۇملىرى بىلەن شىددەتلىك ئىلگىرىلەۋاتقان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ، قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەكلا ماناس دەرياسى بويىدا توختاپ قالغىنىغا ئوخشايدىغان بىر قىزىل چىراغ ئالدىدا توختاپ قېلىش. دۇنيا نورمال، يوللار ئوچۇق، بۇ قىزىل چىراغ پەقەت ۋە پەقەت ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يېقىلغان. ئەمما ھايات داۋام ئەتمەكتە...

ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ بىزگە يەتكۈزۈۋاتقان ئۇچۇرلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، روھى دۇنيايىمدا پەيدا بولغان چۆكۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمايمەن. گەرچە ئەركىن سىدىق ئاكىمىزغا ئازراق كۆتۈرەڭگۈ قىياپەتتە بولۇشنى تەۋسىيە قىلغان بولسامۇ، ئەمما ئەقلىم چارىسىز روھىمغا تەسلىم بولۇش ئېھتىماللىقىدىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى. بەزىلەر مەندىن ئەركىن سىدىق ئاكىمىز بۇ ئۇچۇرلارنى قانداق ئالالىغاندۇ؟ مۇمكىن ئەمەس دېيىشتى. ئۇلارنىڭ كاللىسىغا قاتتىق ئۇچۇر كونتروللۇقى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئۇچۇرلارنى پەقەت ب ب س ۋە قەھرىتان قاتارلىقلارلا ئالالايدىغاندەك بىر تۇيغۇ سىڭىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. دۇنيادا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوق. ئۇ ۋەتەننىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى شۇنداقلا بۇ ئېچىنىشلىق پاجىئە ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى بىز ئۇيغۇرلار. قەھرىتان ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان داڭلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى قانداق قىلىپ ئۇچۇر ئېلىۋاتقان بولسا بىزمۇ ئەلۋەتتە ئۇچۇر ئالالايمىز. يېتەركى جاسارىتىمىز، ئىزدىنىشىمىز كەم بولمىسۇن. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا بۈگۈنكىدەك پاجىئە كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما غەرب مەتبۇئاتلىرى مەنبە كۆرسىتىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، يەنى غەرب ئاخبارات ئەندىزىسى ۋە قىممەت قارىشىنى خىتايدىنمۇ كۈتۈۋاتىدۇ. بۇ ۋەجىدىن ئۇيغۇرلار مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئېرىشىۋاتقان يىغىننىڭ تۆشۈكچىلىك ئۇچۇرنىمۇ سۈزگۈچلەردىن ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ غەرب ئاخباراتىدا ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان يەنە بىر ئادالەتسىزلىك. شۇڭا نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر پاجىئەسىنى ئاڭلىتىدىغان ۋە مەنبەلىك رولنى ئوينىيالايدىغان كىشىلىرىمىز ۋە كۆپ تىللىق ئاخبارات ئۇچۇر مەركەزلىرىمىزنىڭ بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھۆرمەتلىك ئەركىن

سىدىق ئاكىمىز بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇۋاتىدۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارغا ئائىت سەۋىيەلىك كۆپ تىللىق ئاخبارات ئۇچۇر تەشۋىقات مەركەزلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاللىقاچان قەدەم بېسىپ بولغاندەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

شۇنداق، ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئېچىنىشلىق پاجىئەلەر يۈز بېرىۋاتقىنىغا گەرچە ئىككى يىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھېچقانداق يېڭى ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيۋاتىدۇ. چارىسىزلىق ئىچىدە ھەممىمىز تىپىرلاۋاتىمىز، ئەمما ھايات داۋام ئېتىۋاتىدۇ.

بۈگۈن بىز چەكسىز كەتكەن ئىلى ۋادىسىدا، 1997-يىلدىن 1998-يىلى 26-ئىيۇن كۈنىگە قەدەر خىتاي تۈرمىسىنىڭ ئەڭ رەھىمسىز قىيناشلىرىغا شاھىت بولغان، ئاندىن خىتتاي ئالدىغا تاشلىغان ئىككى شەرت، يەنى يا ئىبراھىم ئىسمايىلنى تۇتۇپ بېرىپ ھايات قالسەن، ياكى ھاياتىڭدىن ئايرىلىسەن دېگەن ئىككى شەرت ئالدىدا، خىتاي قورالىق قىسىملىرى بىلەن ئېتىشىپ ئۆلۈشتىن ئىبارەت مەردلەرچە ئۆلۈم يولىنى تاللىغان، ئىلى خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى، شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرىنىڭ شەرەپلىك قەھرىمانى شېھىت تۇرسۇن سەلەيىنىڭ، تورونتو ئەتراپىدىكى بىر كىچىك شەھەردە ياشايدىغان سىڭلىسى بۇسارەم سەلەيىنىڭ تۇنجى ئوغلى ئىبراھىمنىڭ نىكاھ ۋە توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تورونتوغا قوشنا بولغان لوندون شەھىرىگە توي تارتىپ كېتىۋاتىمىز.

قەھرىمان تۇرسۇن سەلەي 1998-يىلى 6-ئاينىڭ 26-كۈنى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ئۇچۇن يېزىسىدا يۈز بەرگەن، خىتاينىڭ 8660-قىسىمى، ئىلى ئوبلاستلىق زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش قىسىمى، ئىلى ئوبلاستلىق قوراللىق قىسىمى، شۇنداقلا ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن قىسىمى قاتارلىق مۇنتىزىم قوراللىق قىسىملىرى

بىلەن بولغان توقۇنۇشتا سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە بىر كىچە دەھشەتلىك ئىتىشىپ، خىتاينىڭ لوك فېي، نۇرلان قاتارلىق ئالاھىدە تەربىيەلىگەن ئەسكەرلىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، خىتاي ئەسكەرلىرىگە يول باشلىغان ئابدۇراخماننى ئېغىر يارىلاندۇرۇپ، سەپداشلىرىنىڭ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ تاكى قازاقىستان تۇپرىقىغا قەدەر يېتىۋېلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ مەرد ۋە مەردانىلارچە شېھىت بولغاندا، ئىبراھىم تېخى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىكى بوۋاق ئىدى. مانا كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە بۇ تارىخقا 22 يىل بوپتۇ. ئەمما گاھى كۆز ياشلىرىمىز، گاھى ناخشا ئۇسسۇللىرىمىز، گاھى نامايىشلىرىمىز، گاھى نەزىر-چىراغلىرىمىز، گاھى توي-تۆكۈنلىرىمىز بىلەن بۇ ئاچچىق ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇرمىز.

تورونتو شەھىرىنى كىچىككىنە خىلۋەت شەھەر لوندونغا تۇتاشتۇرىدىغان 401- نومۇرلۇق يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا كېتىۋاتىمىز. شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئاۋازىمنىڭ بۇزۇق كانايدەك بولغىنىغا قارىماي ئۆزۈمچە جىر-جىرلاپ باقماقچى بولدۇم.

*ھەيدە شوپۇر ماشىناڭنى،*
*ۋاڭ قادىرنىڭ بېغىغا.*
*ئەقلىڭ بولسا ئويلاپ قارا،*
*بۇ دۇنيادا كىم قالار...*

*(قايتۇرما)*

*ئەقلىڭ بولسا ئويلاپ قارا،*
*بۇ دۇنيادا كىم قالار.*

شۇنداق، ئەمما شوپۇر ماشىنىسىنى ۋاڭ قادىرنىڭ بېغىغا ئەمەس، بەلكى كانادانىڭ لوندون شەھىرىگە قاراپ

ھەيدىمەكتە ئىدى.

ئىنسان بىر نەرسىلەرنى يوقۇتۇپ قويغاندا ئۇنىڭ قىممىتىنى ھەسسىلەپ بىلىشكە باشلايدىكەن. مەن بۇ جىرلارنىڭ تېكستى ۋە مۇزىكىسىنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ياخشى بىلگەندەك بولدۇم. ئىچىمنى تەرپىلگۈسىز بىر ئاچچىق چىرمىۋالدى. يۈرگۈم شەبنەم سوققان ياپراقتەك تىترەپ، ئىچكى دۇنيايىم خۇددى دەھشەتلىك دېڭىز بورىنىدىن كېيىن دېڭىز ساھىلىغا يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلۇپ تاشلاپ قويۇلغان پالما دەرەخلىرىدەك پەرىشان ئىدى. كۆز چاناقلىرىم لىق ياشقا تولۇپ، بوغۇزۇمغا قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان، ئىسمىنىمۇ قويغىلى بولمايدىغان بىر نەرسە قاپسىلىۋالدى.

ئىچكى دۇنيايىمدا ئېيتىلىۋاتقان بۇ جىر بىلەن تەڭ، بوستانلىق شەھەر غۇلجىنىڭ تۇن كېچىلىرىنى يېرىپ، ئاكاردىيونغا تەڭكەش قىلىنغان سۆيگەنۇشكا ناخشىلىرى بىلەن بولىدىغان قىز كۆچۈرۈشلەر، ئۇيغۇر مەشرەپلىرى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر ئەنئەنىلىرىنى ئەسىرلەر بويى چىڭ قۇچاقلاپ ياتقان سانجاق-سانجاق ئۇيغۇر مەھەللىلىرى، ھاۋا رەڭ بايرىقىمىز رەڭگىدە ئاقارتىلغان ئۆزۈم باراڭلىق، ئالما ۋە تاش ئالمىلىق، پېشايۋانلىق قورۇلىرى، دەرد-ئەلەملىرىگە كۆلكە-چاقچاقلىرى بىلەن روھى ساغلاملىق كوملاچلىرى ياساپ، ھازىرغىچە خىتتايىنىڭ ھېچنېمىسىنى قوبۇل قىلماي مۇستەھكەم تۇرالىغان غۇلجا سورۇنلىرى كەچكەندەك بولدى. شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۇلىرىدىن تارتىپ، ئۇيغۇر قورۇلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئوسما-خېنىلارمۇ، ھەتتا خىتاي بازىرىنىڭ ئەسلىدىكى قارا پاتقاقلىرىمۇ سېغىنىش پىغانلىرىمغا چوغ بولۇپ تاشلىناتتى.

سىنتەبىر ئايلىرىدا مەھەللە تۆنلىرىنى يېرىپ، ئاكاردىيون بىلەن جىر-جىرلاپ قىز يۈتكەشلەر داۋام قىلىدىغان يىللاردا گەرچە ۋەتىنىمىز دۈشمەن قولىدا بولسىمۇ، ئەمما ناخشا-جىرلىرىمىز، دۇتار-تەمبۇرلىرىمىز، ئۇسسۇللىرىمىز، مەھەللىلىرىمىز، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلىرىمىز، باغۇ بوستانلىقلىرىمىز، قورۇلىرىمىز، تۆرگە سېلىنغان يېكەنداز كۆرپىلىرىمىز ئۆز ئىگىدارچىلىقىمىزدا ئىدى.

ھازىر بۇ قىممەتلىك نەرسىلىرىمىز دەسسەپ-چەيلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ ئىسسىق جانلىرىمۇ ئېلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. جازا لاگېرلىرىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ ھەقىقەتەن ئىچىدىكى كىشىلىرىمىز قويۇپ بېرىلىپ تاقىلامدۇ؟ ياكى تارىختىكى ياۋاغ تۆرمىسىگە ئوت قويۇپ بېرىلگەندەك، گىتلېر جازا لاگېرلىرىدىكى مۇنچىغا چۈشۈرۈش بانىسىدا كۆيدۈرۈلۈپ تاشلانغاندەك بىر پاجىئە بىلەن ئاخىرلىشامدۇ؟ مەنچە ئالدىنقىسىغا قارىغاندا كېيىنكىسى ئېھتىماللىقى بەك يېقىندەك، بىزنى تېخىمۇ ئېغىر سىناقلار كۈتۈۋاتقاندەك بىلىنىدۇ ماڭا.

شۇنداق ھايات داۋام قىلىۋاتىدۇ. 1997-يىلىدىكى غۇلجا 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ قەھرىمان شېھىت چوڭ دادىسى تۇرسۇن سەلەي ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئىلى ۋادىسىدا پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، ئاتلىرىنىڭ ئورۇق بولغىنىغا قارىماي ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققان يىللىرى تۇغۇلغان ئىبراھىمنىڭ نىكاھى، قەھرىمان چوڭ دادىسىنىڭ قەبرىلىرىدىن ناھايىتىمۇ ئۇزاقتا بولغان كانادانىڭ ئونتارىئو ئۆلكىسىنىڭ لوندون شەھرىدە ئوقۇلدى. ئەمما يىراق ۋەتەندىكى ئۇ يىلتىزنى ئىزدەپ تاپىدىغانغا قادىر بىر يېڭى ئائىلىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا، شۇنداقلا بىلىدىغانلىرىمىزدىن بىلمەيدىغانلىرىمىز كۆپ بولغان

5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ئارخىپلىرىنىڭ يېڭى ۋاراقلىرىنى سەپلەيدىغان يېڭى بىر ئائىلىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىگە ئىشەنچىم ۋە ئىمانىم كامىل.

مەن ئۇيغۇر ئۇسسۇلىغا بۇرۇنقىدىنمۇ بەك ئامراق بولۇپ كەتتىم. چۈنكى نىمە ئەڭ خورلانسا شىنىڭ ئادالىتىڭ، سىنىڭ ئىنسانلىقىڭ خورلانغاننىڭ قىممىتىنى پارلىتىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتىدىكەن. خىتاي ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى سۈپۈرۈپ ئەخلەت ئورنىدا تاشلاش ئالدىدا تۇرماقتا. يېقىندا خىتاي ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئۇيغۇر ئۇسسۇلىدىكى ھەرىكەتلەرنى كەمسىتىدىغان، خىرەلەشتۈرىدىغان بىر ۋىدىيو تارقاتتى. ئۇ ۋىدىيودا بىر ئۇيغۇر يىگىتى ئىچكىردىن كەلگەن خىتاي ساياھەتچىلەرگە، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىدىكى ھەرىكەتلەرنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، ماۋۇ ھەرىكەت پۇلۇم بار دېگەننى بىلدۈرىدۇ، ماۋۇ ھەرىكەت تىرەكتۇرۇم بار دېگەننى، ماۋۇ ھەرىكەت ئاپام ئۇنىمايدۇ، ماۋۇ ھەرىكەت داداممۇ ئۇنىمايدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ ۋەھاكازا دەپ يۈرەتتى ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلاپ... خىتاي ساياھەتچىلەر بولسا پاراقلىشىپ كۈلۈشمەكتە ئىدى.

سەلتەنەتلىك، نەپىس ۋە گۈزەل ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ھەقدار ئىگىلىرى ئۇيغۇرلار، ئۇسسۇلچى تۇرسۇنئاي ئىبراھىمنىڭ ئۇسسۇل ئۈچۈن كۆتۈرگەن ھەر بىر قول ھەرىكىتىگە ئاقكۆڭۈل مەدەنىيەتلىك ئانا ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيىدىغان، گۈزەللىكنى سۆيىدىغان ۋە قوغدايدىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەممە نىمىسى سىڭىپ كەتكەن. ئۇيغۇر ئۇسسۇلى خۇددى ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس قىممەتلىك نەرسىلىرى بولغىنىدەك ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ قىممەتلىك نەرسىسى، ئىپتىخارى، پەخرى، ۋىجدانى ۋە ئار ـ نومۇسى.

ئۆتكەن يىلى سېنتەبىردە ئۇيغۇر قىزى مۇقەددەس مىجىت، 6 مېتىر ئەتلەس ناملىق ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى نيۇيورك شەھىرىدىكى داڭلىق بروكلىن كۆۋرۈكىدە ئۆزى يالغۇز ئوينىدى. ئۇسسۇلدا ھېچقانداق مۇزىكا يوق ئىدى. دېمەككى، مۇزىكىسىز ئۇيغۇر ئۇسسۇلى تۇنجى قېتىم دۇنيادىكى مەشھۇر بروكلىن كۆۋرۈكىدە ئوينالماقتا. تاماشىبىنى يولدىن ئۆتۈۋاتقان ئادەملەر ئىدى. مۇقەددەس بۇ ئۇسسۇل ئارقىلىق دۇنياغا قانداق بىر سىگنال بەرمەكچىدۇ؟ ئەلۋەتتە، مۇقەددەس ئويناۋاتقان بۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتى تەشۋىق قىلىۋاتقان لايىق ئىزدەۋاتىمەن، تىرەكتۇرۇم بار، ئۆيۈم بار... ۋەھاكازا دېگەن مەنە بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. خىتاي تەشۋىقاتچىسىنىڭ ئېيتىۋاتقىنى سەنئەت دەپسەندىچىلىكى. مۇقەددەس مىجىتنىڭ بولسا ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ نامايىشقا چىقىشى، ئۆزگىچە خاسلىقى بىلەن تارىخلارنى تارىخلارغا ئۇلاپ كەلگەن ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭمۇ نامايىشىنىڭ بىر ۋارىيانتى بولالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بولسا كېرەك. مۇقەددەس مىجىت بۇ ئۇسۇلغا 6 مېتىر ئەتلەس دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

مەن بولسام سۆكۈتنىڭ چۇقان سېلىشى، چارىسىزلىكنىڭ تېپىرلىشى، بىر روھنىڭ خۇددى يەر قاتلاملىرىنى يىرتىپ جانلانغان مايسىدەك قايتا تىرىلىشى، دۇنيا، تەكلىماكان ۋە ئۇيغۇر دېگەندەك ئىسىملارنى قوشۇمچە قىلماقچى بولدۇم. ئۇسسۇلچى ئاخىرىدا 6 مېتىر قارا رەڭلىك خان ئەتلەستە كېپەنلەندى. قارا كېپەننىڭ تېشىدا قالغان ئۇنىڭ بارماقلىرى بېشىنىڭ ئۈستىدە قۇتۇلدۇرۇڭلار دەپ جار سالماقتا ئىدى. ئەمما مۇقەددەسنىڭ ئەتراپىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر بۇ چۇقانلارغا پەرۋاسىز. ئۇسسۇلچى بۇ يەردە دۇنيا ئادالىتىنىمۇ تارازىدا تارتىۋاتقان بولسا كېرەك.

دىمەككى، ئۇيغۇرنىڭ دۇتتىرىمۇ، تەمبۇرىمۇ، ئۇسسۇلىمۇ، ناخشىسىمۇ، مەشرىپىمۇ كۆرەش.

شۇنداق ھايات داۋام ئەتمەكتە. تورونتودىن 2 سائەتلىك يىراقلىقتىكى لوندون شەھرىدىكى بۇ ئۇيغۇر تويىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان ھەر خىل پاجىئەلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ داۋام ئەتمەكتە. قەلب تۆرىمدىكى ئەڭ نازاكەتلىك ئۇيغۇر ئۇسسۇل مۇزىكىسى چېلىندى. قىزنىڭ دادىسى بىلەن ئوغۇلنىڭ دادىسى غۇلاچ تاشلاپ كىرىپ كەلدى مەيدانغا. قىزنىڭ دادىسى دىنى جەھەتتە ئىنتايىن قاتتىق بىر كىشى دېگەن تەسىراتنى بېرەتتى ھەممىمىزگە. ئەمما رېئاللىق ئۇنداق بولمىدى. بىر پەدە ئۇسسۇل ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قىز دادىسى بولغان بۇ ئۇسسۇلچى ئادەمگە سوئال تاشلىدىم ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ھەققىدىكى ھېس-تۇيغۇلىرىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ. ئەسلىدە كۆملىپ قالغان سەنئەتكار ئىكەنسىز، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى بەك چىرايلىق ئوينىدىڭىز، دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

مەن يەتتە بالامنىڭ تويىدا يەتتە قېتىم ئۇسسۇل ئويناپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى ئۇلارغا سوغا قىلىپ بېرەلىسەم ئىكەن، دېگەن بىر ئارزۇيۇم بار. بۇنىڭدىن باشقا يەردە ئوينىغۇم يوق. دادىنىڭ بۇ جاۋابىدىن ئۇيغۇر ئۇسسۇلى، ئۇيغۇر كىملىكىمىز ۋە شۇنداقلا ئۇيغۇر ئۇسسۇلىغا باغلانغان قەلب رىشتىمىزنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئۇزاق يەرلەرگە يىراق جايلارغا بېرىشنى ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى چوڭقۇر خىياللار سۈرۈپ، خىياللىرىمنى ئۆزەم ياخشى كۆرىدىغان رەڭلەردە بوياپ، يەنە ئۇلارنى قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا دەپنە قىلىپ، گېزى كەلگەندە ئۇلارنى جانلاندۇرۇپ، ئۇلار بىلەن پىچىرلىشىپ،

گاھى قوشۇمىلىرىمنى تۈرۈپ، گاھى مىيىقىمدا كۈلۈپ، گاھى لەۋلىرىمنى چىڭ چىشلەپ، گاھى مۇشتۇملىرىمنى چىڭ تۈگۈپ، گاھى ياپراق ئۈستىدىكى يامغۇر تامچىسىدەك پارلاپ، گاھ شەبنەم سوققان گۈل بەرگىدەك تىترەپ روھلىرىمنى تاۋلىماقچى بولىمەن. بەزەن چەكسىز دېڭىزلاردىكى مەنزىلگاھىغا قاراپ كېتىۋاتقان يالغۇز يەلكەندەك، ياكى يالغۇز قىيا تاشتەك يالغۇزلۇق ۋە تەنھالىق خىياللىرىنى سۈرۈشنى ياخشى كۆرىمەن. بۇنداق چاغلاردا خۇددى قېتىقتەك ئۇيۇپ قالغان ھېس-تۇيغۇلىرىم مۇز قېتىلغان دوغاپتەك جانلىنىشقا باشلايدۇ.

2019-يىلى 18-ئىيۇل

# هايات داۋام ئەتمەكتە (2)

## كانادا لوندون شەھەرلىك ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ باياناتى

قولۇمدا كانادادىكى ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ بولغان ئىككى باياناتى تۇرۇپتۇ. بۇ ئىككى باياناتقا قاراپ، چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ كۆچى قانچىلىك؟ دېگەن سوئال ئۈستىدە ئويلانماقتىمەن.

بىرىنچى بايانات، ئۆزۈندىن بۇيان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى بىئارام قىلىپ ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا قاۋاۋاتقان، ئۇنى-بۇنى چىشلەۋاتقان بىر ئادىمى ھايۋانغا بېرىلگەن خەلقنىڭ غەزىپى ئىدى. باياناتتىن كېيىن، خۇددى ئات ئەپقاچقان بىر ھارۋىنىڭ چۇلۋۇرى تۇتۇۋېلىنغاندەك، ھەددىنى بىلمەي قايناپ تاشقىنلاۋاتقان بىر خەتەرلىك قازاننىڭ تۈۋقى يېپىلغاندەك ئىجتىمائىي مۇھىتىمىز خېلى جىمجىتلىققا چۆمدى.

يەنچۇ؟ كانادا شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى، كانادا ئۇيغۇر مەسچىتى، كانادا ئانا تىل مەكتىپى قاتارلىق بۇ ئۈچ تەشكىلات بىرلىشىپ بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىشنىڭ ئالدى-كەينىدە نېمىلەرگە شاھىت بولدۇق ۋە كۆردۇق؟

بۇ بىرلەشمە باياناتقا مۇناسىۋەتلىك شەخس كانادا قانۇن ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتە كۆپ توختالمايمەن. ئەگەر «بىر ئۇيغۇر سوتقا

بىرىلەمدۇ؟» دېگۈچىلەر بولسا، بىر ئۇيغۇرنى بولسىمۇ ئادەم قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ قويماقچىمەن.

ھەر بىر دەۋردە شۇ دەۋرنىڭ مەرد-مەردانىلىرى، ئادالەتپەرۋەرلىرى، ۋىجدان ئىگىلىرى شۇ دەۋرنىڭ سۆپىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ رەزىللىكلەرگە قارشى تۇرۇپ، شۇ دەۋرنى پەيدا قىلىپ ۋە ساقلاپ، قوغداپ-قوروپ كەلگىنىدەك، يامغۇردىن كېيىن لۆمۈلدەپ چىققان سازاڭدەك تاماشا كۆرىدىغان مەيدانىسىزلىرى؛ ئورمانلىقلارغا ئۆزى ئوت قويۇۋېتىپ يەنە ئۆزى ئوتنى ئۆچۈرگەن بولۇۋالىدىغان ساختا قەھرىمانلىرى؛ چېچىنىڭ ئۇچىدىن تارتىپ تاپىنىغىچە، ھەتتا يۈرىكىنىڭ ھەر بىر سوقۇشىغىچە يىمىرىلىپ كەتكەن ئۇيغۇر جامائىتىنى بىر پۈتۈن جامائەت قىلىش ئۈچۈن نەچچە ئايغىنىڭ چەمى تېشىلىپ كەتكەن سەرخىللىرىمىزنى، خۇددى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىزنى ھەر قىل قالپاقلار بىلەن دۇمبالاش مەيدانىغا سۆرەپ چىقماقچى بولغان «خوڭ ۋېيبىڭ»لاردەك، ئۇيغۇر جامائىتىدىن ئەپۇ سوراتماقچى بولغان چەتئەللەردىكى «خوڭۋېيبىڭ»لارمۇ كەم بولمىدى. پېقىر «سەھەر» گاھى چۇقانلىرى، گاھى ئىسيانلىرى، گاھى سۆيۈشلىرى، گاھى غەزەپ-نەپرىتى، گاھى كۈلۈشلىرى، گاھى ھۇررا دېگەن شوئارلىرى، گاھى قەلەملىرى بىلەن ئەنە شۇ جامائەتنىڭ دەل قەلبى ۋە يۈرىكىدۇر. ئەي ئاللاھ، يەر يۈزىدە تۇنجى قەلەم تەۋرەتكەن ئىدرىس ئەلەيھىسسالامدىن مىراس بۇ قەلەمنى چىڭ ۋە توغرا تەۋرىتىشكە نېسىپ قىل. دېمەككى، بۇ بايانات ئىبلان قىلىنىشىنىڭ ئالدى-كەينىدە يۇقىرىدىكىلەرگە شاھىت بىلدۇق.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن، ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىمىز ۋە تورپلىرىمىزنى بۇلغايدىغان رەزىللەرنى ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تىل ـ ھاقارەتكە قېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ياقىسىدىن قاماللىغىنىچە خۇددى ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلانىنىڭ دېرىزىسىدىن يەرگە تاشلىۋەتكەندەك تاشلىۋېتەلەيدىغان ۋىجدان ئىگىلىرىمىزنى، بۇ باياناتقا ئىمزا قويۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ كۆچىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن كانادا شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنى، كانادا ئۇيغۇر مەسچىتىنى، كانادا ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپىنى ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنىڭ سەرخىللىرى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىمەن.

شۇنداق، كانادادا سەرخىل ئۇيغۇرلار بار. تېخى كاناداغا ئاياق باسا ـ باسمايلا تىل ئۆتكىلى، تۇرمۇش ئۆتكىلى دېگەن قىيىنچىلىقلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، يۈز دوللار ـ يۈز دوللاردىن تاشلاپ ئاخىرىدا ئاللاھنى تەسىرلەندۈرۈپ تورونتو ئۇيغۇر مەسچىتى، يەنى ئۇيغۇر ئۆيىنى 300 مىڭ دوللارغا يېقىن نەق پۇل بىلەن سېتىۋالىغان ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشى ۋە ئۇيغۇر ئانا تىلى مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سالغان، ئامېرىكا ۋاشىنگتون ئەركىنلىك مەيدانىدىكى نامايىشقا 250 كە يېقىن كىشى بىلەن قوشۇن تارتىپ بارغان، تېخى يېقىندىلا خىتاي تەرىپىدىن يوقۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى قوغداپ قېلىش ۋە چەتئەللىكلەرگە تونۇتۇش مەقسىتىدە «ئۇيغۇر خەيرى ـ ساخاۋەت سەنئەت كېچىلىكى» ئۆتكۈزگەن، ئۈچ تەشكىلات بىرلىشىپ بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلالىغان سەرخىل ئۇيغۇرلار، كانادا دېگەن مۇشۇ دۆلەتتە ياشايدۇ.

قولۇمدا تۇرغان يەنە بىر باياناتى، كانادانىڭ تورونتو

شەھىرىدىن ئىككى سائەتچە يىراقلىقتىكى لوندون شەھىرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز قۇرغان «لوندون ئۇيغۇر جەمئىيىتى»نىڭ، نامايىشقا قاتناشمىغان ئۇيغۇرلارنى ۋىجدان سوتىغا تارتىش، توغرىسى يېتىم قالدۇرۇش ھەققىدىكى باياناتى.

باياناتى مېنى ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ تۆنۈگۈنى، بۈگۈنى ۋە ئەتىسى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشلارغا مۇپتىلا قىلدى.

خىتاي زۇلۇمى 2017-يىلى جازا لاگېرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن پەيدا بولدىمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس. 1949-يىلى خىتاي ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن «ئوڭچى يەرلىك مىللەتچى»، «چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر»، «باي پومېشچىك»... دېگەن نۇرغۇنلىغان ناملار بىلەن، شۇنداقلا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى جەريانىدا نۇرغۇنلىغان بىلىم ئەھلىلىرىمىزنى، بايلىرىمىزنى يوق قىلدى. بۇ تارىخقا خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ئالتۇن كەش» ناملىق رومانى گۇۋاھ بولالايدۇ. 1990-يىلى بارىن ئىنقىلابىدا ئاتۇشقا چېگرىداش ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسىدىكى پۈتۈن خەلقنىڭ، ھەتتا بۆشۈكتىكى بوۋاقنىڭمۇ خىتاي ئۆچۈن ئوققا تۇتۇش نىشانى قىلىنغانلىقى؛ 1997-يىلى غۇلجىدا يۈز بەرگەن 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدا مۇشۇ دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر دەۋر ياشلىرىنىڭ تۈرمىلەرگە تاشلاش، ئۆلۈم جازاسى بېرىش، ئېغىر قىيىن-قىستاق سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىش، روھى كېسەل بولۇپ قېلىش قاتارلىق يوللار بىلەن يوق قىلىنغانلىقى؛ 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىدە يەنە نېمىلەرنىڭ بولغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان ھەقىقەت. دېمەك، خىتاي زۇلمى خىتاي ئۇلار قۇرغان جازا لاگېرلىرىدىن بۇرۇنمۇ ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت ئىدى.

ئەمما 2017-يىلىدىن ئېتىبارەن خىتاي زۇلۇمىنىڭ دائىرەسى ھەسسىلەپ كېڭىيىپ مەنپەئەتلىرىمىزگە بىۋاستە تاقىشىپ قالدى.

لوندون شەھەرلىك ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئېلان قىلغان «نامايىشقا قاتناشمىغانلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش؟» ھەققىدىكى باياناتى بىزگە، خىتاي زۇلۇمىغا قارشى نامايىشلىرىمىزنىڭ تونۇلۇشى، بىلىنىشى ۋە ئەتىسى ھەققىدە ئويلىنىشقا، تەپەككۇر قىلىشقا، شۇنداقلا تونۇلۇشقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلاپ باردى.

نامايىشلىرىمىزنىڭ تونۇلۇشى، بىلىنىشى ۋە ئەتىسىنى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان قىسقا سېنارىيەگە ئېھتىياجىمىز بار.

**تونۇلۇشنىڭ سېنارىيەسى**

1. **پەردە.** خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدى. قىش، ئەتىياز ۋە ياز پەسىللىدىكى ئۈچ نامايىش. نامايىشچىلار سانى 20-30 غىچە بولۇپ، شوئارلار ئاجىز، بايراقلار شالاڭ.

2. **پەردە.** تورونتودىكى مەلۇم مەركەزى زالى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىرى تورونتودىكى ئۇيغۇر جامائىتى بىلەن يۈز كۆرۈشمەكتە. مەخسۇس ئېھتىيات قىلىدىغانلارنىڭ ئولتۇرماسلىقى ئۈچۈن بىر ئۈستەل تەييارلاندى. بۇ ئۈستەل ۋە سەھنىدىن باشقا جايلار رەسىمگە تارتىلمايدىغانلىقى ئېلان قىلىندى. ھاياجانلانغان كىشىلەر بۇ ئۈستەلدىكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. سىياسىي پاناھلىقنى قوبۇل قىلدۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈۋاتقانلارنىڭ ھاياجانلىق رەسىمگە چۈشىشلىرى، يالت-يۇلت قىلغان

چىراغ نۇرلىرى كېچىنى بىر ئالدى. ئەتىسى ئوسما كېتىپ تاش قالدى. تېلىفۇنلار ئەنسىز جىرىڭلاپ تۇراتتى. خىتايغا قارشى مەيدانى ئېنىق بولغانلار «پىڭفەن (باھالىنىش)» قىلىنىۋاتاتتى. خۇددى ۋاسكېتبول ئويۇنىدا توپ قولدىن قولغا ئېلىنىپ گارغا تاشلانغاندەك، خىتايغا قارشى مەيدانى ئېنىق بولغان ئىنقىلابچىلار گارغا تاشلىنىۋاتاتتى. تاس قالدى ئۇلار ھەققىدە «يېتىم قالدۇرايلى، بىزنىڭ ۋەتەنگە نورمال بېرىپ-كېلىشىمىزنى تەسىرگە ئۇچراتتى، رەسىملىرىمىزنى ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ تور بېتىدە ئېلان قىلدى» دېگەن بايانات چىقىدىغانغا.

3. **پەردە.** ئاغزىدىن «ئىنشائاللاھ، ماشائاللاھ»نى چۈشۈرمەيدىغانلار ئۇيغۇر مەسچىتىدە خەۋەر ئىشلىشىمىزنى چەكلىدى. سىياسىي پائالىيەتلەرنىڭ بولماسلىقى، رەسىملەرگە تارتىلماسلىقى كۆپ تەكىتلەندى. خىتاي بىلەن مەيدانى ئېنىق ئايرىلغان ئىنقىلابچىلار چەتكە قېقىلىشقا باشلاندى.

4. **پەردە.** ئۇيغۇر سورۇنى. خىتايغا بېرىپ-كېلىدىغان، بارسا كېلىدىغان يولغا ماڭغانلارنىڭ خۇشاللىقلىرى، خىتاينى ماختاشلىرى، بارسا كەلمەيدىغان يولغا ماڭغانلارنى ئەخمەقلەر دەيدىغان مەسخىرىلىك قاراشلار.

**بۈگۈننىڭ سىنارىيەسى**

1. **پەردە.** تۈنۈگۈننىڭ سىنارىيەسىدىكى تۆت پەردىدە رولغا چىققانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى بىزنىڭ ئاۋازىمىزدىن كۈچلۈك، بايراقلىرى بىزنىڭ بايراقلىرىمىزدىن ئېگىزدە لەپىلدىمەكتە ئىدى. ئاللاھنىڭ ھەممىمىزنى ئوخشاش بىر

نۇقتىغا ئەكېلىپ شوئارلىرىمىزنى، بايراقلىرىمىزنى ئوخشاش قىلىپ بەرگىنى ئۈچۈن سۆيۈندۇق. ئۇلار دېدى : «خىتاي زۇلمى ئېغىرلاشتى». بىز دېدۇق: «خىتاي زۇلۇمىنىڭ سالمىقى 70 يىلدىن بۇيان ئوخشاش ئىدى. بۈگۈن زۇلۇمىنىڭ دائىرىسى كېڭەيدى ۋە جانۇجان شېكەر مەنپەئەتلىرىمىزگە بېرىپ تاقىشىپ قالدى».

**ئىلاۋە:** بۈگۈننىڭ سېنارىيەسى يېزىلىپ دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق بىر قىسسىسى خىيالىمدىن كەچتى. نوھ ئەلەيھىسسالام توپان بالاسى بولىدىغانلىقى، بۇ سەۋەبتىن ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن بىر چوڭ كېمە ياساپ، ھەممە جانلىقلاردىن بىر جۈپتىن ئۆرنەك ئېلىپ كېمىگە سېلىپ بۇ يەردىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، كىشىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشتى، زاڭلىق قىلىشتى، چەتكە قاقتى. ھەتتا نوھ ئەلەيھىسسالام ياسىغان كېمىنىڭ ئىچىنى نىجاسەت بىلەن تولدۇرۇۋەتكەندى ئىدى. نوھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھغا ئەرز ئېيتىپ يىغلىدى: «ئەي ئاللاھىم، مەن خەلقىمگە ئۆز ئۆزۈمنى چۈشەندۈرەلمەيۋاتىمەن، توپان بالاسىدىن غەپلەتتە بولماسلىقى ھەققىدە ئېيتقان ۋەزلىرىمنى ئاڭلىتالمايۋاتىمەن». ئاللاھ ئېيتتىكى ئۇنىڭغا: «سەن ئىشىڭنى داۋاملاشتۇرۇۋەر، ساڭا مەسخىرە كۆزى بىلەن قارىغانلارنى سەن بىلەن ئوخشاش نۇقتىغا ئەكېلىمەن». ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي يۇرتتا بىر ساقايماس كېسەل پەيدا بولدى. بۇ كېسەلگە ئادەم نىجاستى داۋا بولارمىش. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئادەملەر قىستاشقىنىچە كېلىپ كېمىدىكى ئەڭ ئاخىرقى نىجاسەتلەرنىمۇ چايقاپ ئىچىۋەتتى.

**2. پەردە.** تۈنۈگۈننىڭ ۋە بۈگۈننىڭ سېنارىيەسىغا قاتناشقانلار

بىرلىشىپ، بۇ سىنارىيەدە رول ئالمىغانلارنى يىتىم قالدۇرۇش ھەققىدە بايانات چىقاردى.

ئەتىنىڭ سىنارىيەسى قانداق يېزىلىدۇ؟ بىلمەيمەن. جازا لاگېرلىرى تاقىلىپ، ئۇرۇمچىنىڭ يولى قوغۇنلۇقنىڭ يولى بولۇپ قالىدىغان ئەھۋال يۈز بەرگەندە، تونۇگۈن ۋە بۈگۈننىڭ سىنارىيەسىدە رول ئالغانلار ئۆز روللىرىمىزغا قايتىپ كېلەمدۇق-كەلمەمدۇق؟ بۇنىسى قاراڭغۇ. ئەتىنىڭ سىنارىيەسىنى ياخشى يېزىش ئۈچۈن، ۋەتەن-مىللەت مەنپەئەتى، شەخسى ۋە ئائىلىۋى مەنپەئەت، شۇنداقلا نامايىشنىڭ تەرجىمھالنى ياخشى ئوقۇپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە ئەتىگە قارار بېرىش ئۈچۈن چۈجىنى كۈزدە ساناشقا توغرا كېلىدۇ.

شۇنداق، مارتىن لۇتېر كىڭنىڭ «ئەڭ ئاخىرىدا بىزنى ئازابلايدىغىنى دۈشمەنلىرىمىزنىڭ نېمە قىلغانلىرى ئەمەس، بەلكى دوستلىرىمىزنىڭ سۈكۈتى» دەيدىغان بىر سۆزى بار. لوندون ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ باياناتى ئەنە شۇنداق سۈكۈنات ئېلىپ كەلگەن ئازابنىڭ پارتلىشىدىن ئىبارەت.

يۈرىكىمنى ئەڭ ئاغرىتىدىغىنى، مەيلى تونۇگۈن ۋە بۈگۈن بولسۇن ھەق-ناھەق مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلىشنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيۋاتقان، خىتاي جازا لاگېرلىرىنىڭ ئۆلۈم لاگېرلىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايۋاتقان، نامايىش مەيدانلىرىمىزدا بىز كۆرەلمەيۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە باي سودىگەرلەر بولۇشى. ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتى ئېرىشكەن دىپلوملىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى تۆلىگەن بەدەللىرى بىلەن قىممەتلىك (بۇ سۆزنى مەن بۇرۇن يازغان ماقالىلىرىمدىمۇ كۆپ ئىشلەتكەن). ئىسلام دىنىدا ھاراق ھارام. نېمە ئۈچۈن ھاراق ھارام قىلىندى؟ بۇنى شەرھلەشكە

كۆچۈم يەتمەيدۇ. ئەمما ھاراقنىڭ قىسقا مەزگىللىك بولسىمۇ ئەقلىنىڭ نورمال ئىشلىشىنى كونترول قىلىۋالىدىغانلىقى ئۈچۈن ھارام بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەقىلسىزلىك ھارام.

قورساق كۆپۈكنىڭ ئازابىنى كۆپ تارتقان بىرسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، لوندون ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى قېرىنداشلىرىمنىڭ جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمەن. ھەر نېمە دېسەڭلار ھەقلىقسىلەر. ئەمما دۇنيادىكى ھەرقانداق كۆچلۈك باياناتتىنمۇ كۆچلۈك بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ ھەققانىيەتچىلەرنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى. نەزىرىمىزنىڭ، توي-تۆكۈن، دالا تاماشىلىرىمىزنىڭ ئىشىكىنى ھەق-ناھەق مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلىش يولىنى تاللىغانلارغا، نامايىشتىن قورقىدىغان بۇ بىچارىلەرگە بۇرۇنقىدىنمۇ كەڭ ئېچىۋېتەيلى. بىزنىڭ تىكىلگەن ئۆتكۈر كۆزلىرىمىزنىڭ ئۇلارنى باياناتتىنمۇ بەكرەك ئازابلايدىغانلىقىغا ۋىجدانىم كامىل. ھەر نەرسىدىن مۇھىم بولغىنى پۈتۈن زېھنىمىز ۋە ئېنېرگىيەمىزنى جازا لاگېرلىرى مەسىلىسىگە قارىتىش تۇرغان يەردە، شۇنداقلا چۈجىنى كۆزدە ساناش تۇرغان يەردە پەگالاردىكى ئىشلارغا زېھنىمىزنى چاچماسلىق ئاقىلانىلىكنىڭ بىر بەلگىسى دەپ قارايمەن.

ۋەتەن سۆيگۈسى ئىماندىن دەيدۇ مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىز.

شۇنداق ھايات داۋام ئەتمەكتە. نامايىشقا چىققانىمۇ، چىقمىغانىمۇ، جازا لاگېرىدىكى ئۇيغۇر ئۈچۈنمۇ، خىتاي تۈرمىلىرىگە تاشلانغان مىللىتىمىزنىڭ ئۈمىد شامى بولۇش يولىنى تاللىغانلارغىمۇ، بالام نەدە؟ دەپ غايىب بولغان ئوغلىنى ئىزدەۋاتقان جەڭگىۋار ئانىلارغىمۇ ھايات داۋام ئەتمەكتە.

زىيالىي دېمەك بىر مىللەتنىڭ ئۈمىد نۇرى، ئالدىن

كۆرەرلىرى، مىللىتىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان ئېغىر قىسمەتلەرنى ئالدىن سەزگۈچىلەر دېمەكتۇر. ئەگەر بىر زىيالىي كىتابى بىلىملەرنى بىلىپ، مىللىتىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان خەتەرلەرنى بىلەلمىگەن، سېزەلمىگەن، ھەق-ناھەق مەسىلىسىدە سۈكۈتنى تاللىغان بولسا، ئۇيغۇر جەمئىيىتى زىيالىيلىق تەبىرىنى قايتا ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەسلىدە قورقۇشنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بىلىمسىزلىكتىن دەپ قارىلاتتى، ئەمما ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەڭ قورقۇۋاتقان كىشىلەر بىلىملىك زىيالىيلار بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ھەممە زىيالىيغا قارىتىلغان سۆز ئەمەس.

2019-يىل 6-ئاۋغۇست

# ئويلاشنىڭ قالپىقنى تەتۈر كىيىۋالغانلار (1)

## چاتما مۇلاھىزە (1)

ئويلاشنىنىڭ 6 قالپىقى غەرب دۇنياسىدا ئىنتايىن ئومۇملاشقان بىر خىل تەپەككۇر فورمۇلاسى بولۇپ، مەسىلىنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چىقىش قىلىپ چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ خىل تەپەككۇردا، ئويلاشقا ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىگە ھېسسىيات، ھاياجان ۋە ئەرزىمەس غورۇر دېگەنگە ئوخشاش يانتاقلار ئارىلاشمىغان، پەقەتلا ئەقلى ئىدراك ھاكىم بولغان بولىدۇ. ئويلاشنىنىڭ 6 قالپىقى ناملىق بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق ئەپەندى بۇ كىتاب ھەققىدە توختالغاندا، ئويلاشنىنىڭ 6 قالپىقنىنىڭ تەپەككۇرنى كونترول قىلىش ۋە ياخشى باشقۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ، دەيدۇ.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان تەپەككۇرنى ياخشى كونترول قىلماي ئاغزىغا نېمە كەلسە شۇنى سۆزلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ ئېغىر زۇلۇملىرىنىڭ بىرى بولغان خىتايدىكى جازا لاگېرلىرىنى تاقىتىش مەسىلىسىنى دۇنيا جامائىتىگە بىلدۈرۈش ۋە دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىشتە جامائەت پىكىر يۆنىلىشىنى تەتۈرگە بۇراۋاتقان، ئويلاشنىڭ قالپىقىنى تەتۈر كىيىۋالغان ئۇيغۇرلارنى كۆپ ئۇچراتتىم. ئىلگىرى ۋەتەندە

«بۇرۇت ماجىراسى» ناملىق بىر ھېكايىنىڭ ماۋزۇسىنى كۆرۈپلا ئوقۇمىغان ئىدىم. بۇرۇتنىڭمۇ ماجىراسى بولامدۇ؟ ئەخمەقلەر دەپ غودۇڭشىغان ئىدىم ئىچىمدە. ئەمدى چەتئەلدە، ئەركىن دۇنيادا تۇرۇپ «ۋەتەننىڭ ئىسمى ماجىراسى»غا شاھىت بولۇپ تۇرۇپتىمەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىدا ئەۋج ئېلىۋاتقان بۇ «ئىسىم ماجىراسى»نى غەربنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولغان ئوغلۇمغا ئېيتماسلىقنى قارار قىلدۇق. چۈنكى ئوغلۇم، ھازىر شىنجاڭ ياكى شەرقىي تۈركىستان دەپ ئولتۇرماي، خىتايدىكى جازا لاگېرلىرىنى پاش قىلىش ۋە تاقىتىش مۇستەقىللىقتىنمۇ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان، مىللەتنىڭ ھايات-ماماتى ۋە مەۋجۇتلۇقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، ئەگەر جازا لاگېرى دۇنياغا يېتەرلىك دەرىجىدە بىلدۈرۈلمىسە، خىتاي ئەينى چاغدا قەشقەردىكى ياۋاغ تۈرمىسىگە ئوت قويۇۋەتكەندەك بىر ئەھۋالنى چوقۇم سادىر قىلىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلار مۇشۇنچىلىك ھەقىقەتنىمۇ چۈشەنمەي جېدەل قىلىۋاتامدۇ؟ دەپ بىزنى مەسخىرە قىلىشى تۇرغان گەپ. ئۇنىڭسىزمۇ ئوغلۇم، ئۇيغۇرلار نېمانداق دۆت؟ دەپ قوياتتى بەزى چاغلاردا. بىز بولساق ئۇيغۇرلارنى ئاقلاش بىلەن ئاۋارە ئىدۇق. چۈنكى ئوغلۇمنىڭ كاللىسىدا، ئۇيغۇرلار ھەققىدە سەلبىي نەرسىلەر مەۋجۇت بولۇپ قالسا ئۇيغۇرلاردىن بىزار بولۇشى، بۇ ئاقىۋەتتە ئوغلۇمنى باشقا مىللەت قىزلىرى بىلەن نىكاھلىنىشقا باشلاپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئارىمىزدىكى بۇ ئىسىم ماجىراسى سەتچىلىكنى خۇددى تۈركچە «چوجۇقلار دۇيماسىن (باللار ئاڭلاپ قالمىسۇن)» فىلىمىغا ئوخشاش پەرزەنتلىرىمىزگە بىلدۈرمەي ئۆتۈپ كەتكىنىمىز ياخشى.

# ئويلاشنىڭ قالپىقىنى تەتۈر كىيىۋالغانلار (2)

## چاتما مۇلاھىزە (2)

ياۋروپانىڭ تارىخى، سىنىپلار ئارا ماجىرا تۈگىمىگەن تارىختۇر دەيدۇ تۈرك يازغۇچى جەمىل مەرىچ. قارىغاندا چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخمۇ ئىسىم ماجىراسى تۈگىمىگەن بىر تارىخ بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. يېقىنقى كۈنلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ سۆيۈملۈك دوستى جەك بىلەن سالىخ خۇدايارنىڭ ئاقسارايى تور بېتىدە ئېلان قىلغان مۇراجىئەتنامىسى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا خۇددى لاتارىيە تارتىدىغاندەك تالاش-تارتىش ئىچىدە قالدى.

يەنىلا شۇ ئۆزىنى مىللىي سەزگۈرلۈكنىڭ جۇمۇلاگىما چوققىسىمەن دەۋاتقان كىشىلەر «سالىھنىڭكىنى تارتساڭ مۇستەقىللىق چىقىدۇ، جەكنىڭكىنى تارتساڭ ئاپتونومىيە چىقىدۇ. شۇڭا جىككە رەھمەت خېتى ئەۋەتىپ قويۇپ، مۇستەقىللىق چىقىدىغان لاتارىيەنى تارت» دېگەن ئېلان-سەنئەت پىروگراممىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ۋاتسئاپ توپلىرىدا تارقالغان 17 مىنۇت 36 سېكۇنتلۇق بىر سۆزنىمۇ ئويلاشنىڭ قالپىقىنى تەتۈر كىيىۋېلىشنىڭ مىسالى سۈپىتىدە تەكىتلەشكە ئەرزىيدۇ. ئۇ جانابنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىككى مۇراجىئەتنامىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا چىقىرىلىشى ئامېرىكانىڭ ئويۇنى ئىمىش. بۇ كىشىنىڭ ئەگەر جەكنىڭكىگە ئىمزا ئاتساڭ، ئامېرىكا ئاپتونومىيە ئىستراتېگىيەسى تۈزىدۇ؛

سـالىهنىڭكىگە ئىـمـزا ئاتسـاڭ، مۇسـتەقىللىق ئىستراتېگىيەسـى تۈزـدۇ دېگىنىگـە قارىغانـدا، بـۇ كىشـى مۇراجىئەتنامـە بىلـەن راي سىناشـنى ئارىلاشـتۇرۋالغان ئوخشـايدۇ. مەنچـە ئامېرىكانىـڭ ئۆزىنـىڭ دۇنيانـىڭ ئاكسـى بولۇشـتەك شان-شـۆھرىتىگە تەسـىر يەتكۈزىدىغـان بۇنـداق ئـەزان ئويۇننـى ئوينىشـى مۇمكىـن ئەمەس.

مۇراجىئەتنامـە دېگـەن نېمـە؟ بىـر جۈملـە سـۆز بىلـەن ئىپادىلىگەنـدە، مۇراجىئەتنامـە كونكرېـت زۇلـۇم ھەققىـدە ئاجىزلارنـىڭ ئـاۋازى، چۇقانـى ۋە ساداسـىنىڭ دۇنيادىكـى ئادالەتپـەرۋەر كىشـىلەرنىڭ ساداسـى بىلـەن قوشـۇلۇپ ئىنتايـىن زور بىـر ئاۋازغـا ئايلىنىشـىدۇر. بىزنىـڭ ئۆيگـە ئوغـرى كىـردى، ئوغرىنـى تۇتايلـى!!! دەپ ۋارقىـراش ياكـى سۇغا چۆشـۈپ كەتكەن ئادەمنىـڭ «قۇتقـۇزۇڭلار!!!» دەپ ۋارقىرىشـىدۇر. سـۇغا چۆشـۈپ كەتكـەن كىشـى ھەرگىـز ۋەتىنىمنـى مۇسـتەقىل قىلىـپ بېرىـپ ئاندىـن مېنـى قۇتقـۇز دەپ ۋارقىرمايـدۇ. ھـەم بۇنـداق مەنتىقىمـۇ بولمايـدۇ. كوچىـدا كېتىۋاتقـان ھەرقانـداق بىـر ئـادەم، سـىز، مەن ۋە ئۇمـۇ «بىزنـى قۇتقـۇزۇڭلار!!!» دەپ مۇراجىئەتنامـە چىقىرالايدۇ. مەيلـى ئـاق سـاراي تورى ۋە ياكـى چەنجى ئورگـدا (change. org). بىـر مۇراجىئەتنامـە ۋەتەنسـىزگە ۋەتـەن ئېلىـپ بېرەلمەيـدۇ.

## شەھرىزاتنىڭ ئىستراتېگىيەسى ھېلىمۇ كۈچكە ئىگە

مىـڭ بىـر كېچـە مەسـەللىرىدىكى شـەھرىزات ئەينـى دەۋردىكـى ۋەزىرنـىڭ قىـزى ئىـدى. شـۇ دەۋرنـىڭ زالىـم پادىشاھى شـەھرىيار خوتۇنـى تەرىپىدىـن ئالدانغاندىـن كېيىـن، بـۇ ئەلەمگـە چىدىماي دۆلىتىدىكـى بارلـىق تـوي قىلىـش يېشـىغا يەتكـەن قىـزلار ۋە ئۆزىنـىڭ كـۆزى چۈشـكەن ئاياللارنـى بىـر كېچـە خوتـۇن قىلىـپ، ئەتىسـى سـەھەر كـۈن چىقىـش بىلـەن تـەڭ ئۆلتۈرۈشـنى پەرمـان قىلىـدۇ. ئاياللارغـا قارىتىلغـان بـۇ قىرغىنچىلىقنـى ھېچكىـم

توختىتالمايدۇ. مەملىكەتنى ۋەھىمە باسىدۇ. ئەنە شۇنداق مىللەتنىڭ ھايات-ماماتى قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە، شەھرىزات ئۆزىنىڭ زالىم پادىشاھ شەھرىيارغا بىر كېچە خوتۇن بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى ۋە مەملىكىتىدىكى خوتۇن-قىزلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ۋەزىر دادىسىغا ئېيتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ شەھرىزات پادىشاھقا خوتۇن بولۇشقا باشلايدۇ. شەھرىزات بىر ياقتىن پادىشاھنىڭ ئاغزىغا چىلان، خورمىلارنى سېلىپ، بىر ياقتىن مەسەل ئاڭلىتىشنى باشلايدۇ. شەھرىزاتنىڭ ھاياتى قىل ئۈستىدە بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭ توقۇغان ھېكايىلىرى پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا ياقماي قالسى، شەھرىزاتنىڭ بوينى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلەتتى. شەھرىزاتلا ئەمەس، بۇ ئەلدىكى بارلىق ئاياللار ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كېلەتتى. شۇڭا شەھرىزات پۈتۈن ئەقىل ئىدراكىنى ئىشقا سېلىپ، ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىنتايىن تەسىرلىك ۋە قايىل قىلارلىق ھېكايە مەسەللەرنى ئاڭلىتىشى، تاڭ سەھەر كۈن چىقىشى بىلەن پادىشاھ بۇ ھېكايىنىڭ داۋامى قانداقتۇ؟ دېگەن قىزىقىش بىلەن يەنە شەھرىزاتقا بىر كۈنلۈك ھايات بەخش ئېتىشى، يەنى توغرىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاياللارنىڭ ئۆمرىنى بىر كۈن بولسىمۇ ئۇزارتىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلىپ شەھرىزات بۇ ھېكايىنى مىڭ بىر كېچە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاڭلاتقاندىن كېيىن، پادىشاھ شەھرىيار بۇ ئەلدىكى بارلىق ئاياللارنى ئۆلتۈرۈشتىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ.

ئەقىللىق ئايال شەھرىزاتنىڭ ھېكايە ئاڭلىتىشتىكى سەزگۈرلۈكىنى بىر سىياسىي ئىستراتېگىيە دېيىشكە ۋە بۈگۈنكى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا تەتبىقلاشقا تامامەن بولىدۇ.

نۆۋەتتىكى ئۇرۇشقاق ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى خۇددى شەھرىزاتتەك دۇنياغا ئەقىل ئىدراك بىلەن قايىل قىلارلىق ھالدا ئاڭلىتىشنى بىلىشى كېرەك. بەزىدە بىر قەدەم ئالدىغا مېڭىشى، بەزىدە بىر قەدەم ئارقىغا چېكىنىشى، بەزىدە شىنجاڭ، بەزىدە شەرقىي تۈركىستان، بەزىدە مۇستەقىللىق، بەزىدە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش كوزىرىنى ئىشلىتىشى كېرەك. تارىختا بىز نۇرغۇنلىغان كۆچلەرنىڭ شاھمات تاختىسىدىكى ئويۇنلىرىنىڭ پېچكىسى بولۇپ كەلدۇق. بۇ قېتىم بولسىمۇ ئۆز پېچكىلىرىمىزنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلەيلى. بىزمۇ شەپكىمىزنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئويلاشنىڭ 6 قالپىقنى تەتۈر كىيىۋالماي ئوڭ كىيىپ، تەقدىرىمىز ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىش ئېلىپ بارايلى. ئەسلىدىمۇ ئويلاشنىڭ 6 قالپىقى دېگەنلىك، شەپكەڭنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، بىر مەسىلە ھەققىدە 6 تۈرلۈك ئويلا دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

## قاتناش قائىدىسى بويىچە قىزىل چىراغدا توختاش ئەقەللى ساۋات

ماشىنا ھەيدىگەندە نېمە ئۈچۈن قىزىل چىراغدا توختايمىز؟ ئەگەر قىزىل چىراغدا توختىماي ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقتىمىزدا قانداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولىمىز؟ ساقچى قوغلاپ كېلىشى، پىراۋىمىزنى تارتىۋېلىشى، نۇرغۇنلىغان ئاۋارىچىلىقلارغا دۇچار بولۇشىمىز مۇمكىن. قىزىل چىراغدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان ۋاقتىمىزدا، ئۆتۈش بۇيرىقى بېرىلگەن، يەنى يېشىل چىراغ يېقىلغان تەرەپ ماشىنىمىزنى سوقۇپ بىزنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. بۇ چاغدا ھېچكىم قىزىل چىراغدا توختىماي ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمگە ھېسداشلىق قىلمايدۇ، بەلكى نەپرەتلىنىدۇ.

بۇنداق كىشىلەر مەسئۇلىيەتسىز، بىپەرۋا، قاپاق باش دەپ قارىلىدۇ. ئىسلام دىنىمىزدىمۇ قىزىل چىراغدىن ئۆتۈپ كېتىپ ئۆلگەن كىشىنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان دەپ قارايدۇ. دۇنيا سىياسىتىنىڭ يوللىرىدىمۇ قىزىل چىراغلار مەۋجۇت. بەزىدە «توختا!» دېگەن بۇيرۇقلار كېلىدۇ، دەرھال توختاشقا مەجبۇر بولىمىز. چۈنكى بۇ يول دادىمىزنىڭ يولى ئەمەس، خىيالىمىزغا كەلگەنچە خالىغىنىمىزنى بولۇشىغا ئېيتىپ ماڭىدىغان. يېقىندا تۈركىيەنىڭ باش مىنىستىرى بىنالى يىلدىرىمنىڭ «ئۇيغۇرلار بىزنىڭ قېرىندىشىمىز، ئەمما تېررور بىلەن چېتىلىپ قالغان چاغدا يۈز خاتىرە قىلمايمىز» دېگەن سۆزى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئويلاشىنىڭ 6 قاليىقىنى كىيىپ تۇرۇپ ئويلىشى كېرەك بولغان سۆزلەر. خىتاي ئۆچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق يولىدا باسقان ھەرقانداق بىر قەدىمى تېررورلۇق دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك تۈركىيەمۇ خىتتايچە ۋەزىندە سۆزلەۋاتىدۇ. بۇ كۆتۈرۈپ قويۇقسىز ئېغىر گەپلەر ئۇيغۇرلارغا ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەكتە. يېقىندا نۇرى تۈركەل بىلەن خىتاي باياناتچىسى گاۋنىڭ ئەلجەزىرە قانىلىدا ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنى ھەممىمىز ئاڭلىدۇق. گاۋ جازا لاگېرلىرىنىڭ بارلىقىدىن تېنىۋالغاندىن باشقا، 2015-يىلى خىتاي ئۆزى ئېلان قىلغان 11.5 مىليون ئۇيغۇر نوپۇسىنى 5-6 مىليون دەۋاتىدۇ، شۇنىڭدەك ئەگەر مەنمۇ بۆلگۈنچىلىك قىلسام مېنىمۇ جازالايدۇ، دېگەنىدەك ئۇششۇقلۇقنى قىلىۋاتىدۇ. خىتاي بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىغىنىدىمۇ جازا لاگېرلىرىنىڭ بارلىقىدىن تېنىۋالغان ئىدى. بۇ بىر قاتار جەريانلاردىن كېيىن خىتاي جازا لاگېرلىرىنى بوشىتىش مەقسىتىدە، ئۇلارنى قارا قويۇق تۈرمىلەرگە ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەۋاتىدۇ. بۇنداق بىر ئېغىر ئەھۋالدا ئەمىلى

رېئاللىق ۋە بۇ رېئاللىقتىن قانداق قۇتۇلۇش، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق بولغان يېڭى يوللارنى تېپىش ھەققىدە راست گەپ قىلىۋاتقان ئەقىللىق كىشىلىرىمىز ھاقارەتلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە شەرقىي تۈركىستان، مۇستەقىللىق دېگەن شېكەر يالىتىلغان سۆزلەرنى جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ قويۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن بىر تاشنى ئۇ يەردىن بۇ يەرگە ئالمىغانلار قەدىرلىنىۋاتىدۇ ۋە ئالقىشلىنىۋاتىدۇ. دۇنيا كېچىكىش بىلەن تولغان، ئىنسانلار بىر-بىرىنى كېچىكىپ چۈشىنىدۇ، كېچىكىپ قەدىرلەيدۇ. ئەمما ئۇلار ھەر نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يەتكەندە پۇرسەتلەر قولدىن كەتكەن بولىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئەقىللىق كىشىلەر بىلەن غوۋغا قىلىش، ئەقىلسىز كىشىلەر ئۈچۈن تاتلىق تاماقنى يېيىشتىنمۇ قولاي بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا «جاھان ساڭا باقمىسا، سەن جاھانغا باق» دەيدىغان بىر ھېكمەتلىك سۆز بار. دۇنيا ھېچكىمنىڭ كۆڭلىگە باقمايدۇ. ھەتتا قېرىنداشلىقىمۇ ساڭا باقمايدۇ. ئەگەر دۇنيا بىرلىرىگە باققان بولسا سۈرىيە خارابىلىققا ئايلانمىغان، پەلەستىن قان يىغلىمىغان،خىتاي 12-ئەسىردىمۇ گىتلېرنىڭ جازا لاگېرلىرىنى قايتا قۇرۇپ چىقمىغان بولاتتى. ئەلۋەتتە، دۇنيا بىزگە باقمىغانىكەن بىز دۇنياغا باقىمىز. دۇنيا سىياسىتىنىڭ قىزىل چىراغلىرىدا توختايمىز، يېشىل چىراغ ياققاندا ئۆتىمىز. بىز ئۇيغۇرلار تېخى شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار غايىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پەلەمپەيلىرىدە تۇرۇۋاتىمىز. ئەگەر تۇيۇقسىز بىر مۆجىزە يۈز بەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، بۇ غايىگە يېتىش يولىدا بىز تېخى دۇنيانىڭ نۇرغۇن سۈزگۈچلىرىدىن ئۆتىشىمىز، 70 خىل قازىنىدا قاينىشىمىز، بەزىدە ئۇيغۇرلۇقىمىزنىڭ، بەزىدە تۈركلىكىمىزنىڭ، بەزىدە

مۇسۇلمانلىقىمىزنىڭ، بەزىدە شەرقىي تۈركىستانلىقىمىزنىڭ، بەزىدە شىنجاڭلىقىمىزنىڭ پېشىغا ئېسىلىشىمىز مۇمكىن. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، دەۋا يوللىرىدا شىنجاڭ دېگەن ئىسمنى ئىشلىتىش گۇناھ ئەمەس. خۇددى ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن ئادەمگە چوشقا گۆشى ھالال بولغاندەك. سالىھ خۇدايارنىڭ مۇراجىئەتنامىسىمۇ 100% شەرقىي تۈركىستان ماركىلىق بىليارت ئەمەس، ئۇنىڭدىمۇ قوش تىرناق ئىچىدىكى «شىنجاڭ» دېگەن ئىسىم كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە چىن قەلبىدىن ھېسداشلىق قىلىۋاتقان جەك ئەپەندى بىلەن سالىھ خۇدايارنىڭ ئاق سارايى تور بېتىدە چىقارغان مۇراجىئىتى، خۇددى ئىككى موزدۇزنىڭ قولىدا ئوخشاش ماتېرىيالدا پۈتۈپ چىققان بىر خىل ئاياققا ئوخشايدۇ.

يېقىندا لوس ئانژېلىستا ياشايدىغان بىر كىشىنىڭ ۋاتسئاپ توپلىرىدا تارقاتقان ئۇچۇرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ كىشى جەكنىڭ مۇراجىئىتىگە ئۇقۇشماي ئىمزا قويۇپ قويغانلىقى سەۋەبىدىن، خۇددى بىر قاباھەتلىك چۈش كۆرگەندەك پۈتۈن تېنىنى سوغۇق تەر قاپلاپ كېتىپتۇمىش. خۇددى بىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەمدەك خۇدۈك پەيدا بوپتىمىش. خۇددى بىر ئاق كۆڭۈل ئادەمگە ئۇقۇشماي زىيانكەشلىك قىلىپ قويغاندەك پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك تارقاپ كېتىپتىمىش. نېمە دېگەن كۈلكىلىك ـ ھە!

## مىللىي كىملىكىمىز ھەققىدە جىق داۋراڭ سالمايلى

بۈگۈن بىلەن ئۆتمۈش ئارىسىدىكى بىر ماجىرانى باشلاتساق، كېلەچىكىمىزنى يوقۇتۇپ قويۇش تەھدىتىگە دۇچ كېلىمىز دەيدۇ ۋ.چېرچىل. شۇنداق، ئەگەر ئۇيغۇرلار ئۆتمۈش بىلەن

ھازىرنىڭ سىمۋولى بولغان شەرقىي تۈركىستان ۋە شىنجاڭ دەيدىغان بۇ ئىسىم ماجىراسىنى تۈگەتمەيدىكەن كىيلەچەكنى يىتتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن.

مىللىتىمىز ئۇيغۇر، دۈشمىنىمىز خىتاي، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان . كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە كېرەك ئەمەس، مۇستەقىللىق كېرەك دەپ كۆپ داۋراڭ سېلىش، ئىسىم مەمەت، دۈشمىنىم سەمەت، بانكىدا مۇنچىلىك پۇلۇم بار، پاسپورت نومۇرۇم مانداق، بانكا نومۇرۇم ئانداق دېگەن شەخسىي ئۇچۇرلارنى لوزۇنكا قىلىپ يېزىپ شەھەرنىڭ مەركىزىگە ئېسىپ قويغانغا ئوخشايدۇ. ئۇنداقتا سىز ئۆزىڭىزنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى ئوڭايلا باشقىلارغا ئاشكارىلىۋېتەمسىز؟ بۇنداق ئائىلىۋى شەخسىي ئۇچۇرنى ھەممە كىشىگە داۋراڭ سېلىپ يۈرگەن كىشىگە باشقىلار قانداق باھا بېرىدۇ؟ ئارقىڭىزدىن نادان دەپ مەسخىرە قىلىپ كۈلىدىغۇ دەيمەن؟ مىللەتمۇ ئەلۋەتتە ئائىلىنىڭ چوڭايتىلغان كۆرۈنۈشى.

مىللىي تەقدىرىمىز بارغانچە ئوخشىشىپ كېتىۋاتقان يەھۇدىيلار، ئۆزىنىڭ قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، مىللىتىنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى، قايسى تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى، تارىخى... قاتارلىقلارنى ئىنتايىن مەخپىي تۇتقان. ئەمما ئىنتايىن مۇكەممەل يەر ئاستى تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ ئىبادەتلىرىنى قىلىپ، ئانا تىل، تارىخ مەكتەپلىرىنى ئېچىپ، قاچاندۇر بىر كۈن قۇرۇلىدىغان يەھۇدىي دۆلىتىنىڭ تەييارلىقىنى پۇختا قىلغان. شۇڭا يەھۇدىيلار يېرۇسالېمغا قايتىپ، ئىسرائىل دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققاندا ھېچ تەمتىرەپ قالمىغان. بۇنداق بىر بۈيۈك خىزمەت ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت، ئۈمىد ۋە ساداقەت بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

كۆكلەرگــە تاقاشــقان ئېگىــز ئىمارەتلــەر جېدەل-ماجىــرا بىلــەن ئەمــەس، بەلكــى ســەۋر-تاقەت بىــر كېســەك-بىر كېســەكتىن تىزىــش نەتىجىســىدە ئەمەلگــە ئاشــىدۇ. مــەن بــۇ يــەردە يەنــە بىــر قېتىــم ئامېرىكىلىقلارنىــڭ ھېكمەتلىــك ســۆزلىرىدىن بىرنــى قايتــا تەكرارلايمــەن. ئــەڭ كۈچلــۈك قاۋىغــان ئىتنــى كۈچــۈك دەپ ئاتايمىــز.

مەن ئۆلگەندىن كېيىــن بىر-بىرىڭلارنىڭ بويىنىنى چانايدىغان ئەھۋالغــا چۈشــۈپ قالمــاڭلار، دەيــدۇ مۇھەممــەت ئەلەيھىسســالام مۇســۇلمانلارغا ۋەســىيەت قالــدۇرۇپ.

# ئىستانبۇلدىكى قارا چۈمبەللىك ئاچا-سىڭىللارغا ئىككى كەلىمە سۆز

مەن «بىر ئاۋاز بىر قەدەم دۇنيا ئاياللار نامايىشى»نىڭ ئىستانبۇل تارمىقىنى خۇشاللىق ۋە ھاياجان ئىچىدە كۈرۈۋاتاتتىم. ئۇيغۇر ئاياللار سانىنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا پەۋقۇلئاددە كۆپ ئىكەنلىكىنى، لەپىلدەۋاتقان ئاي يۇلتۇزلۇق ھاۋا رەڭ بايراققا يانداش ئوخشاش ئارتىلغان ھاۋا رەڭ شارپىلارنى كۆرۈپ، قەلبىم يورۇپ ئىچىم خۇشاللىققا چۆمگەن ئىدى. تۇيۇقسىز يۈز-كۆزىنى قارا چۈمبەل بىلەن ئورىۋالغان خانىملارغا كۆزۈم چۈشتى. ئىچىمنى قانداقتۇر ئىپادىلەش قىيىن بولغان ئەندىشە ۋە بىئارامچىلىق قاپلىۋالدى. بۇ يەردە بىلىپ-بىلمەي دۈشمىنىمىز خىتاينىڭ سىياسىي ئويۇنى ۋە نەيرەڭۋازلىقىنىڭ پايدىسى يۆنىلىشىگە كېتىۋاتقان بىر قىياپەت كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئەلۋەتتە، مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنىڭ ھۆكمى بويىچە ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ كىيىم-كېچەكى ھەققىدە گەپ قىلىش، ھەتتا يېرىم-يالىڭاچ كىيىنگەن بىرسىنىڭ كىيىمى ھەققىدە گەپ قىلىشمۇ ئىنتايىن ئېغىر گۇناھ. مەن خۇددى ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق ئەپەندى مەلۇم بىر لېكسىيەسىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكىنىدەك «ئىسلام بار، مۇسۇلمانى يوق» بىر دۆلەتتە ياشايمەن. بۇ دۆلەتتە بىر كىشى مەيلى يۈز-كۆزىنى ئورىۋالغان بولسۇن، مەيلى يېرىم-يالىڭاچ بولسۇن، باشقىلارنىڭ كىيىم-كېچەكى ھەققىدە گەپ قىلىشنى ۋە

كىيىم ـ كېچەكلەرگە قاراپ باشقىلارغا باھا بېرىشنى ئىنتايىن ئەيىب ۋە ئەخلاقسىزلىق دەپ قارايدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىستانبۇلدىكى قارا پەرەنجىلىك ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ قارا پەرەنجىلىرىنى ھەققىدە گەپ قىلىش ۋە بۇنى كىيمە دېيىش ھەددىم ئەمەس.

ئەي قارا پەرەنجىلىك ئاچا سىڭىللار، سىلەرنىڭ ئۇچاڭلار خۇددى تۈن كېچىسىدەك قارا بولغىنى بىلەن، ئىچىڭلارنىڭ ۋەتەن ـ مىللەت غېمىدە ئوت بولۇپ يانغان گۈلخان، ۋولقان ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىمەن. سىلەرنىڭ قەلبىمدىكى ئورۇنۇڭلار، قول ـ پۇتلىرىنىڭ ھۆسنىنى تۈزەپ، ئۆزىنى ياساپ، ھېلى ئېرى ئېلىپ بەرگەن ئۈزۈك بىلەن، ھېلى ھەشەمەتلىك ئۆي ۋە ماشىنىلار بىلەن ماختىنىپ يۈرىدىغان، قەلبىدە زەررىچە ۋەتەن ـ مىللەت ھېسسىياتى بولمىغان ئاياللاردىن نەچچە مىڭ ھەسسە يۇقىرى. سىلەر ئۆز ئەقىدەڭلار، ئۆز دىنىڭلار، ئاللاھقا بولغان ساداقىتىڭلاردا ئىنتايىن چىڭ تۇرىسىلەر. سىلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى يۇرتلىرىدىن تاكى مالايشىيا، تايلاند ۋە تۈركىيەگىچە بولغان بۇ خەتەرلىك جۇغراپىيىدە ھەم ئالدانغان، ھەم تاۋلانغان، ھەم يۈرىكى يارا بولغان، ھەم ۋەتەن ـ مىللەت داۋاسىنى خەلقئارا سەھنىلەرگە ئېلىپ چىققان بىرەر قەھرىمان. سىلەر يۈنىنەن، كۈنمىڭ قاراڭغۇ ئورمانلىقلىرىدىن تاكى مالايشىيا تايلاند تۈپراقلىرىغىچە، قوللىرىڭلاردا ئېمىتىۋاتقان باللىرىڭلار بىلەن، ئەرلەر بىلەن باراۋەر پىيادە يول يۈرۈپ ئەركىنلىك ئىزدىگەن قەھرىمان ئەركىنلىك جەڭچىسى. سىلەر بىللە يەنە نۇرغۇنلىغان «ئەجەبا؟» دېگەن سوئاللار ئەگىشىپ يۈرمەكتە. بۇ سوئاللار سىلەرگە ئەمەس، بەلكى سىلەرنى مۇشۇ يولغا باشلىغان ساختا ئىنقىلابچى، ساختا موللىلارغا قويۇلغان. بەزىڭلارنىڭ

سەبى باللىرى بۇ يولدا هاياتىدىن ئايرىلدى، بەزىڭلارنىڭ ئەرلىرى خىتاي تەرىپىدىن باشلىرىغا تاغار كەيگۈزۈلۈپ خىتايغا قايتۇرۇلدى. بەزىڭلارنىڭ ئەرلىرى كۆرۈنمەس قوللار ئارقىلىق ISIS قا ئەۋەتىلدى. سىلەر، پۇل تېپىش مەقسىتىدە بۇ رەزىل ئويۇننى باشلىغان ئادەم بېدىكلىرىنىڭ ئالدىشىغا ئۇچۇرغان بىغۇبار، پاك ئاچا ـ سىڭىللار. سىلەر هەق ـ ئادالەت كۈرەشلىرىنىڭ، نامايىشلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭغان قەيسەر كۈرەشچىلىرى. سىلەرگە هۆرمىتىم چەكسىز. شۇنداقتىمۇ، سىلەرنى تۆۋەندىكىدەك ئەهۋاللارنى هەققىدە ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك، دەپ قارايمەن.

بۇ هەرگىز مېنىڭ ئاياللارنىڭ ئىسلامچە كىيىنىشىنى رەت قىلغانلىقىم ئەمەس. مەن ئىسلام دىنىمىزدا ئاياللارغا قارا چۈمبەلنىڭ ئەمەس، بەلكى ياغلىق چىگىشنىڭ پەرز قىلىنغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن.

1. هەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس نەرسىلىرى بولغاندەك، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭمۇ تارىختىن بۇيان ياراتقان كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى بار بولۇپ، هەر بىر ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ بۇ مەدەنىيەتنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار. بۇ مەدەنىيەت قارا پەرەنجە ياكى قارا چۈمبەل مەدەنىيىتى ئەمەس. قارا پەرەنجە ئەرەب مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ ۋاهابىيلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، سىلەرنىڭ قەلبىڭلاردا ئۇيغۇر دەردى ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان بىلەن، ئۇچاڭلار ئەرەب مەدەنىيىتىنى ياقلاشتەك ۋەزىيەت كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. يا دېگىنىڭلاردەك بولۇڭلار ياكى كۆرۈنگىنىڭلاردەك. سىلەرچە بولغاندا ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىنى، ئىسلامچە كىيىم ـ كېچەك قىلىپ كىيگىلى بولمامدۇ؟ يېنىڭلاردىكى تۈرك ئاياللىرىغا

قاراڭلار، ئۇلار نېمە دېگەن چىرايلىق هالەتتە تۈرك كىيىم- كېچەك مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئىسلامچە كىيىنگەن-هە؟ ئەجەبا، سىلەرنىڭ تۈرك ئاياللىرىنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىدىن ئەندىزە ئالماي، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەرەب ۋاهابىيلىرى تاشلىۋېتىش ئالدىدا تۇرغان قارا چۈمبەلنى تاللىۋېلىشىڭلارنىڭ ئاستىغا باشقا بىر نەرسە يوشۇرۇنغانمۇ-يە؟

2. ئەگەر هەممە ئايال لار سىلەرنىڭ ئېيتقىنىڭلار بويىچە ئاللاهغا بولغان ساداقىتىنى قارا پەرەنجىگە چۈمكىنىش بىلەن ئىپادىلەيدىغان بولسا، بىزنىڭ جۇلالىق ئەتلەسلىرىمىز، هەر خىل چىرايلىق دوپپىلىرىمىز، هەر خىل يىپەك، شېپىڭ دۇخاۋا كۆينەكلىرىمىز ئۆز قولىمىز بىلەن ئاسارە-ئەتىقىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا خىتاينىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوق قىلىش ئۈچۈن جاپا تارتىپ هەرىكەت قىلىشىنىڭمۇ هاجىتى قالمىغان، بىز ئۆز قولىمىز بىلەن ئۇيغۇر مىللىي كىيىم-كېچەكلىرىمىزنى يوق قىلىپ بەرگەن بولىمىز.

3. مەن بىر قانچىلىغان ئۇيغۇر داموللاملار ۋە قارا پەرەنجىنى ئۆزىنىڭ مىللىي كىيىمى قىلىپ تاللىۋالغان (يەنى، ئۇيغۇر كىيىم-كېچەكلىرىنى رەت قىلغان) خانىملار بىلەن سۆهبەت ئۆتكۈزدۈم. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئىسلام دىنىدا خانىم- قىزلارنىڭ قارا پەرەنجە، يەنى چۈمبەلگە ئورۇنلىشىۋېلىش پەرز ئەمەسكەن. ئەگەر بۇنداق كىيىنمىسە گۇناه بولمايدىكەن، كىيىنسە ساۋاپ بولىدىكەن. ئەمما ئەي قارا چۈمبەللىك ئۇيغۇر ئاچا-سىڭىللىرىم، سىلەر مۇشۇ قارا چۈمبەللىرىڭلار بىلەن ئاللاه ساۋاب بېرىدىغان يەنىمۇ نۇرغۇنلىغان ئورۇنلارغا كىرەلمەيۋاتىسىلەر.

4. كىيىم-كېچەكتە چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ئىزچىل هالدا

ئىنسانلارنى بىئارام قىلىپ كەلدى. مەيلى ئۇلار يىرىم-يالىڭاچ كىيىنگەنلەر بولسۇن ۋە ياكى ئىككى كۆزىنى ئوچۇق قويۇپ قارا چۈمبەلگە چۈمكىنىۋالغانلار بولسۇن. ئاللاھ، ھەم قۇرئاندا ئېنىق قىلىپ «مەن چەكتىن ئاشۇرغۇچىلارنى دوست تۇتمايمەن» دەيدۇ. سىلەر ئەلۋەتتە يىرىم-يالىڭاچ كىيىنگەنلەرنى كۆرۈپ قانداق بىئارام بولغان بولساڭلار، باشقىلارمۇ سىلەرنىڭ قارا چۈمبەلگە ئورۇنۇپ سىرلىق كۆرۈنۈشىڭلاردىن بىئارام بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن قارا پەرەنجىگە ئوغرى قاراقچىلارنىڭ، رادىكال تېررورچىلارنىڭ كىيىمى. باشقىلارغا ئۇلارنى بىئارام قىلمىغان بىر شەكىلدە، گۈزەل ۋە دوستانە كۆرۈنۈشمۇ ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنىڭ بىرى.

5. بۇ نۇقتا مەن ئەڭ ئەنسىرەيدىغان نۇقتىلارنىڭ بىرى. يەنى، ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارادا ئىسلامى رادىكالىزىمچىلار دەپ تونۇلۇپ قېلىش مەسىلىسى. چۈنكى خەلقئارادا قارا چۈمبەل ئىسلامى رادىكالىزمنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققىنىغا ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن شۇنداق دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگىنىگە ئۇزۇن يىللار بولدى. يېقىندا خىتاي چەتئەلگە چىقارغان ۋەكىللەر ئۆمىكى، خىتايدىكى يېپىق تەربىيەلەش مەركەزلىرىنى ئاقلاپ، «ئۇيغۇرلار دىنى جەھەتتە ئىنتايىن رادىكال بولۇپ كەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئىلىم-پەن ۋە توغرا بولغان دىنى قاراش بىلەن تەربىيەلەش ئۈچۈن بۇنداق مەركەزلەرنى ئاچتۇق» دېدى ۋە بۇنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە قارا پەرەنجىگە چۈمكەلگەن ئاياللارنىڭ رەسىمىنى كۆرسەتتى. خىتاي دۆلەت ئىچىدە ئۇيغۇرلارنى دىنى رادىكال قىلىپ كۆرسىتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەمدى خەلقئارادا ئۇيغۇرلار رادىكال ئىسلامچى دېگەن تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرماقچى ۋە بۇنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خانىملارنى

كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر خىتاي بۇ تەشۋىقاتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ قالسا، ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مىقياسىدا كۆچمەن بولۇش مەسىلىسى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقلىق داۋاسى زور سەلبىي تەسىرگە ئۇچرايدۇ. بۇ مەسىلە ھەققىدە ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق ئەپەندىمۇ مەلۇم بىر لېكسىيەسىدە ئۆزىنىڭ ئەندىشىلىرىنى بىلدۈرۈپ ئۆتتى.

6. ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىيىم-كېچەكلىرىگە ۋە مەدەنىيىتىگە ئىگە چىقىش جەھەتتە مەن پاكىستانلىق ۋە ھىندىستانلىق خانىم-قىزلارغا قايىل بولىمەن. دوستلارغا مەلۇم بولغىنىدەك ئەنگلىيە ئۇزۇن يىل ھىندىستان ۋە پاكىستاننى بېسىۋالغان. ئەمما پاكىستان ۋە ھىندىستاندىكى خانىم-قىزلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىيىم-كېچەكلىرىدىن ھەرقانداق ئېغىر شارائىتتىمۇ ۋاز كەچكىنى يوق. ئەگەر سىز ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى چالدۇرۇۋېتىپ-جۇلدۇرۇۋېتىپ دەپ زاڭلىق قىلىدىغان بولسىڭىز ئۇلار سىزنى تويغۇزۇپ قويىدۇ. چۈنكى مىللىي كىيىم-كېچەكلىرى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرى. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇلالىق يىپەك خان ئەتلەسلىرىنى ۋە باشقا يىپەك رەختلىرىدىن ئىسلام دىنىغا لايىق كىيىم-كېچەكلەرنى تىككىلى، نۇرغۇنلىغان چىرايلىق دوپپىلىرىنى ياغلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەم ئۇيغۇرلىقىمىزنى، ھەم مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزنى ئىپادىلەيدىغان باش كىيىمى ئىجاد قىلساق تامامەن بولىدۇ.

7. يېقىندا فېيىسبۇكتا بىر تۈرك قېرىندىشىمىز، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىستانبۇلدا كىيىۋالغان قارا چۈمبەلنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارادىكى داۋا ئىشلىرىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. يېقىندىن بۇيان ئىجتىمائىي

تاراتقۇلاردا، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ساھەسىدە ئىنتايىن يوشۇرۇن قارا قولى بارلىقىنى، ئەرەبىستان، تۈركىيەدىكى مەلۇم كۈچلەر ۋە باشقا دۆلەتلەردىن تەشكىللەنگەن كۈچلۈك بىر قارا كۈچنىڭ، ئاۋۋال دىنى ئۇن ئالغۇ پىلاستىنكىلىرىنى ۋەتەننىڭ ئىچىدە بىمالال تارقاتقانلىقىنى، ئاندىن بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى تايلاند، مالايسىياغا باشلىغانلىقىنى، ئاندىن سۇرىيە ۋە ISIS نىڭ يولىنى ئاچقانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر يېزىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ئانىسى رابىيە قادىر خانىمۇ، ئاۋستىرالىيەدە مەتىمىن ئەلانىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا بۇ مەسىلىنى تىلغا ئالدى. ئىچىمىدە بىر ۋەھىمە بار، ئۇ بولسىمۇ خىتاي مانا مۇشۇنداق قارا قوللار ئارقىلىق سىلەردەك سەبى-ئاقكۆڭۈل ئاچا-سىڭىللىرىمىزنى قارا چۈمبەلگە يۆگەپ قويۇپ، ئاندىن خەلقئارادا ئۇيغۇر دەۋاسىنى «رادىكال» دېگەن تۆھمەت بىلەن يوق قىلىش قەدىمىنى ئاللىقاچان بېسىپ بولدى. شۇڭا سەگەك بولۇشىمىز، ئەقىللىق بولۇشىمىز، ھېسسىيات ۋە ھاياجاندىن ئۈزاق تۇرۇشىمىز، ئويۇنلارنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتمەسلىكىمىز لازىم.

8. سۆيۈملۈك قارا چۈمبەللىك ئاچا-سىڭىللار، خۇددى قاراڭغۇ ئورمانغا كىرىشتىن بۇرۇن بۇ ئورماننىڭ قانچىلىك دەرىجىدە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش ھەققىمىز بولغاندەك، سىلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىڭلارمۇ ئەگەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۇنيادىكى ئوبرازى ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۇنيادىكى مەۋجۇتلىقىغا كۆلەڭگە چۈشۈرۈپ قويۇش ئېھتىماللىقى كۆرۈلگەن ئەھۋال ئاستىدا، بۇ كىيىم-كېچەكلەرنى دەرھال نورمال كىيىم-كېچەكلەرگە ئۆزگەرتىش مەجبۇرىيىتىڭلار بار. چۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي مەۋجۇتلىقى ۋە خەلقئارادىكى ئوبرازىنى قوللاش، ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ باش

تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى.

9. ئىستانبۇلدا ياشايدىغان مۇنەۋۋەر ئۆز ئۇيغۇر خانىمنىڭ، تۈركىيە رەئىسى رەجەپ تايىپ ئەردوغان ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى كىيىم-كېچەك قىياپىتى مېنى ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەندۈردى. ئۇنىڭ كىيىم-كېچىكى ئۇيغۇر كىيىم-كېچىكى ئەمەس، بەلكى ئەرەب ۋاھابىيلىرىنىڭ قارا چۈمبىلى ئىدى. ئۇنى ئەرەب بىر ئايال ياكى ISIS ئۇرۇش مەيدانىدىن هازىرلا ئىستانبۇلغا كەلگەن بىر ئايال مۇجاهىد بولسا كېرەك دەپ چۈشۈنۈپ قېلىشىمىز تامامەن مۇمكىن ئىدى. مېنىڭچە رەجەپ تايىپ ئەردوغانمۇ ئۇنىڭ قارا چۈمبىلىنى تازا ياخشى كۆرمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ سۆزلەرنى قىلغان ۋاقتىمدا، بەزىلەر «بۇ ئەركىنلىكىم» دېيىشى مۇمكىن. ئەمما رەجەپ تايىپ ئەردوغاننىڭ، «دېموكراتىيە دېگەن بىر پويىزغا ئوخشايدۇ، هامان بىر بېكەتتە چۈشۈپ قېلىشقا مەجبۇر بولىسەن» دەيدىغان بىر سۆزى بار. بۇنداقلارغا مېنىڭمۇ بىر سۆزۈم بار، «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خەلقئارادىكى ئوبرازىغا زەررىچە تەسىر يېتىپ قالىدىغان ئەھۋال ئاستىدا بۇنداق ئەركىنلىكىڭنى ئەخلەتكە تاشلىۋەت، ئاداش!».

10. دۇنيانىڭ مەركىزى هېسابلانغان ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان قارا چۈمبەللىك ئاچا-سىڭىللارنىڭ دۇنيا ۋەزىيىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، دۇنيانىڭ نەدىن نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى هەر زامان تەھلىل قىلىپ تۇرۇشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىتاينى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان قارىلاش سىياسىتىنى تولۇق چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. هەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس نەرسىلىرى بار. قارا چۈمبەل ئەرەبنىڭ خاس نەرسىسى، ئۇيغۇرنىڭ خاس نەرسىسى بولسا

ئەتلەس ۋە باشقىلار.

11. يېقىندا ئامېرىكا CBS تېلېۋىزىيەسىدە ئەرەب ئاياللىرىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىگە قارىتا تارىخى خاراكتېرلىق سۆز قىلغان سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ شاھزادىسى مۇھەممەت بىن سالمان، ئاياللارنىڭ ئەدەپلىك ۋە باشقىلارنى ھۆرمەت قىلغان ئاساستا كىيىنىشى كېرەكلىكىنى، قارا چۈمبەل كىيىشنىڭ زۆرۈر ئەمەسلىكىنى، شەرىئەت قانۇنىنىڭ بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرسەتكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، شەرىئەتتە قارا چۈمبەل دېگەن بىر نەرسىنىڭ يوقلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەرەبىستاندا ئاياللارنىڭ كىيىم-كېچەكچە قارىتا دەۋر بۆلگۈچ ئىسلاھاتنى باشلىدى. ئەمما بىر مۇنچىلىغان جاھىل موللاملار شاھزادە مۇھەممەت بىن سالماننىڭ بۇ سۆزنى، ئامېرىكىنىڭ غالچىلىقىنى قىلغانلىق دەپ قارىغان بولسىمۇ، نۇرغۇنلىغان دىنى ئۆلىمالار بىردەك قارا چۈمبەلنىڭ شەرىئەتتە يوقلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. دېمەككى، يېقىن كېلەچەكتە ئەرەب ۋاھابىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچىكى دەپ كىيىپ كەلگەن قارا چۈمبەلنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ، ئىستانبۇلدىكى ئاچا-سىڭىللار دۇنيانىڭ بىردەك رەت قىلىشىغا ئۇچراۋاتقان بۇ قارا چۈمبەلنى جاھىللىق بىلەن داۋاملاشتۇرارسىلەرمۇ؟

## ئىستانبۇلدىكى ئۆلىمالار بىرلىكىدە چاتاق بارمۇ قانداق؟

تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇنداق ئىككى نەرسە ئاسان كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇنىڭ بىرى، تۈركىيەدە شەخسلەر ۋە تەشكىلاتلارغا ئۆزىدىن يوغان ناملار ئوغاي ۋە ئويلاشمايلا بېرىلىدۇ. يەنە بىرى، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار بەك ۋارقىراپ گەپ قىلىدۇ. خۇددى قانچە كۈچلۈك ۋارقىرىسا شۇنچە

ھەقلىق بولىدىغانىدەك.

ئەسلىدە ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارادىكى ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان قارا چۈمبەل مەسىلىسى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئەگەشمە مەسىلىلەرنى، ئۆلىمالار بىرلىكى ھەل قىلىمەن دېسە، بىردەمدە ھەل قىلىپ كەتكەن بولاتتى. ئەمما ئۇلار بىر كۆزنى يۇمۇۋالماقتا. قارا چۈمبەل مەسىلىسىدىلا ئەمەس، بەلكى خېلى نۇرغۇن ئىشلاردا بىر كۆزنى يۇمۇۋېلىپ كەلمەكتە.

ئەسلىدە ماقالەمدە ئۆلىما دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكى، ئۆلىمانىڭ مىللەتنىڭ سىياسىي تەقدىرىدىكى سەزگۈرلىكى ھەققىدىمۇ توختالماقچى ئىدىم. ئەمما، ۋازكەچتىم، زىددىيەتلىك تېمىلارغا كىرىپ، گەپ، سۆز-چۆچەكنى ئاۋۇتقۇم يوق. ئەمما ئۆلىمالار بىرلىكىگە كۆڭلۈمدە نۇرغۇن سوئاللىرىم بار. بەلكىم بۇ سوئاللىرىمنىڭ بەزىلىرىگە ۋاقىت جاۋاب بېرەر، بەزىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى مۇكەممەللەشتۈرگەندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇشۇم مۇمكىن.

سۆيۈملۈك قارا چۈمبەللىك ئاچا-سىڭىللار، ھازىر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان كۈلپەتلەر، ئەينى يىللاردا يەھۇدىيلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت دەرىجىسىگە يەتتى ۋە بەزى نۇقتىلاردا ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. بىز ئەقىللىق بولايلى.

بىز دىننى توغرا چۈشىنەيلى، توغرا مۇلاھىزە قىلايلى. خەلقئارا ۋەزىيەت، خىتاي ۋەزىيىتى، ئۇيغۇر ۋەزىيىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىكى ئورنى قاتارلىقلارنى ھەر زامان كۆزىتىپ تۇرايلى، ئۇيغۇر كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىمىزگە ئىگە چىقايلى. ئۇ بىزنىڭ كىيمەسلىكىمىز سەۋەبىدىن ئاسارە-

ئەتىقىگە ئايلىنىپ قالمىسۇن. قۇرئانغا مەھكەم يېپىشايلى ۋە ئەۋرەتلىرىمىزنى قارا چۈمبەل بىلەن ئەمەس، ئاللاھ بۇيرۇغان ياغلىقلىرىمىز بىلەن ياپايلى.

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيدە قارا چۈمبەلگە ئورۇنۇۋالسىڭىز، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ شەخسى ئىشىڭىز قاتارىغا كىرىدۇ. ئەمما سىز تاراتقۇلار، مېدىيالار ئالدىدا، ئاممىۋى سورۇنلاردا، مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارغا ۋەكىل بولۇپ كۆرۈشكەندە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىگە ۋە كىيىم-كېچەك ئەخلاقىغا يات ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۇنيادىكى ئوبرازى، مىللىي كىملىكى ۋە مەۋجۇتلۇقىغا سەلبىي تەسىر ئېلىپ كېلىدىكەنسىز، بىزنىڭ سىزگە: «بۇ كىيىمىڭىزنى ئالماشتۇرۇۋەت» دېيىش ھەققى ۋە ھوقۇقىمىز بار.

ئەسلىدە بىزدىمۇ ئاۋۋال مەشھۇر ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ، دىن نامىدا قالايمىقان سۆزلەپ ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنى قالايمىقان قىلىۋاتقانلار، شۇنداقلا قارا چۈمبەل ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى رادىكال ئىسلامچى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ، خىتاينىڭ نېنىغا بىلىپ-بىلمەي قايماق سۈركەپ بېرىۋاتقانلارنى توسۇش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. ياكى ئۇلار بىرەر تەدبىر ئالغان بولسا مەن بىلمەي قالدىمۇ قانداق، ئەمما پاسسىپ ۋەزىيەت مەۋجۇت. ياكى ئۆلىمالار بىرلىكى پۈتۈن مۇسۇلمان ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ قارا چۈمبەلگە ئورۇنۇۋېلىشىنى تەشەببۇس قىلامدۇ قانداق؟ بۇ ھەقتە ھېچ بىر باياناتىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق.

ھازىر ئۇيغۇرلار دۇنيا ۋەزىيىتىدە چاقچاق قىلىدىغان ھالەتتە ئەمەس. ئەگەر قارا چۈمبەللىك خانىملار مۇشۇنداق

كۆپىيىپ كېتىدىغان بولسا، دۇنيا بىزنى ھازىر ئۇيغۇرلار دەپ ئاتاۋاتقان بولسا، كېلەچەكتە «رادىكال ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار» دەپ ئاتىشى مۇمكىن.

2018-يىلى 1-ئاپرېل

## ئويۇنلار ئىچىدىن پارلىغان كىچىككىنە ئۈمىد نۇرى

(ئابدۇرېھىم ھېيتنىڭ ئۆلۈپ-تىرىلىشى پەيدا قىلغان مۇلاھىزىلەر)

پەقەت دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتقانلىق «گۇناھى» ئۈچۈن، بىر يىلدىن بۇيان خىتاي تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان خەلق سەنئەتكارى ئابدۇرېھىم ھېيتنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر، تۈركىيە مەتبۇئاتلىرى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، دۇنيا مىقياسىدا قانداق غۇلغۇلا قوزغىغان بولسا، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋىرىمۇ شۇنداق غۇلغۇلا قوزغىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە ئائىت ۋىدېئونى تارقىتىشى بىلەن، ئۇيغۇرلار دۇنيا جامائىتى ئالدىدا ساختا ئۇچۇر تارقاتقانلىقى بىلەن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالارمۇ؟ دېگەن ئەندىشە؛ شۇنداقلا تۈركىيە بىلەن خىتاي بىرلىشىپ ئويۇن ئويناپ، خىتايدىكى جازا لاگېرلىرى مەسىلىسىدە، داۋاملىق ئۇيغۇرلار تەرەپتە تۇرۇۋاتقان تۈرك خەلقى ئالدىدا ئۇيغۇرلارنى يالغانچىغا چىقىرارمۇ؟ دېگەندەك ئەندىشىلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. ئەمما بۇ يالغان خەۋەرنىڭ تارقىلىشىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچقانداق مەسئۇلىيىتى يوق. يالغان خەۋەر ۋە يالغان ئۇچۇرلار قانداق جايلاردىن تارقىلىدۇ؟ خەۋەر ۋە ئۇچۇرلار قاتتىق كونترول قىلىنىدىغان خىتايدەك دىكتاتور دۆلەتلەردىن تارقىلىدۇ. ئەگەر خىتاي ئۇيغۇرلارنى

يالغانچىغا چىقىرىش نىيىتىدە سەممىي بولسا، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن بولغان نورمال ئالاقىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرسۇن، چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ نورمال ھالەتتە ۋەتىنىگە بېرىپ-كېلىش يوللىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرسۇن، شەرقىي تۈركىستاننى دۇنيا مۇخبىرلىرىغا كەڭرى ئېچىۋەتسۇن. شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىنىڭ ئورنى، گەنسۇ بىلەن ۋەتىنىمىز چېگراسىغا سېلىنىۋاتقان زامانىۋى تۈرمە، شۇنداقلا خىتاينىڭ خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىگە يۆتكىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار مەسىلىسىدە سەممىي بولسۇن. جازا لاگېرلىرىدىن قويۇپ بېرىلگەن قېرىنداشلىرىمىز ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇيغۇر ۋە قازاقلارغا ئېچكۈزۈلۈۋاتقان نامەلۇم دورىلار ۋە ئوكۇللار ھەققىدە چۈشەنچە بەرسۇن.

مەنچە دۇنيا جامائىتى خىتاينىڭ 21-ئەسىردىمۇ ئۆلۈم لاگېرلىرىنىڭ قايتا تىرىلدۈرگۈچىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بىر ۋەزىيەتتە، دۇنيادا ئاتا-ئانىلىرى بىلەن ئالاقىلاشمىغىنىغا بىرقانچە يىللار بولغان ئۇيغۇردىن باشقا بىر مىللەت بولمىغان شارائىتتا، بىر خەۋەرنىڭ ئانداق ياكى مۇنداق بولۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇرلارنى «يالغان خەۋەر تارقاتتى» دەپ ئەيىبلەپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. بەلكى خىتاي مۇشۇ سەۋەبلىك نۇرغۇنلىغان سوئاللارغا تارتىلىشى مۇمكىن. مەيلى بۇ يەردە قانداق ھىيلە-نەيرەڭ، ئويۇن ۋە ساختىكارلىقلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئېلان قىلغان باياناتنى ئىنتايىن كۈچلۈك بىر بايانات بولۇپ، بۇ باياناتتا تىلغا ئېلىنغان سۆز-ئىبارىلەرنىڭ ۋەزنى ئىنتايىن ئېغىر. باياناتتا ئابدۇرېھىم ھېيىت ھەققىدە قىسقا توختۇلۇپ، ئاساسى جەھەتتىن جازا

لاگېرلىرى مەسلىسىگە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرگەن. شۇنداقلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىمۇ بۇ جەھەتتە تەدبىر ئېلىشقا چاقىرغان. تۈركىيەنىڭ تۈرك دۇنياسى ۋە مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، بۇ باياناتىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن، تۈرك دۇنياسى ۋە مۇسۇلمان دۇنياسى ئۇيغۇر مەسلىسىدە جاسارەتلىنىشى ۋە كوچىلارغا تۆكۈلۈشى مۇمكىن. بۇ نۇقتىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن ، ئۆزۈندىن بۇيان جازا لاگېرلىرىدىكى ئۇيغۇر زىيالىي، ئالىم، سەنئەتكارلىرى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيۋاتقان خىتاي ھۆكۈمىتى، ھاپىلا - شاپىلا ئابدۇرېھىم ھېيت ۋىدىئوسىنى بازارغا سېلىش ئارقىلىق، بۇنداق بىر دۇنيا خاراكتېرلىق قوزغۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. تۈركىيە ئېلان قىلغان بۇ باياناتقا قارىتا غەرب مەتبۇئاتلىرىدىمۇ ئىنتايىن ئىجابىي ئىنكاسلارنى بىلدۈرمەكتە.

ئوتتۇرىدا قانداق ھىيلە-مىكىر ۋە ئويۇنلارنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئېلان قىلغان بۇ باياناتى، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پايدىلىق كۈچلۈك بىر بايانات بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قايتىدىن تۇغۇلۇشى ئۈچۈن ئاچچىق تولغاقنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنىڭ شەپىسىدىن بېشارەت بولۇشى مۇمكىن. نۇرغۇنلىغان ئويۇنلار ئىچىدىن پارلىغان بۇ ئۈمىد نۇرى، چارىسىز قالغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۇرلۇق كېلەچىكى ئۈچۈن بىر چارە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

# دۇنكخۇح ۋە سانچۇيانزا ئۇيغۇرلار

## ئىككىنچى بۆلۈمگە كىرىش سۆز

كىچىك چاغلىرىمدا ئۆزۈمنىڭ چوڭ بولغاندا نېمە بولىدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. مۇزىكا يەنى ئىسكرىپكىغا بەك ھېرىسمەن ئىدىم. غۇلجا شەھەر 4-ئوتتۇرا مەكتەپكە تاسادىپ دادام بىلەن بېرىپ قېلىپ، بۇ يەردە بىر ختاي قىزنىڭ ئىسكرىپكا چېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغانلىقىم يادىمدا. شۇندىن كېيىن مېنىڭمۇ بىر كىچىك ئىسكرىپكامنىڭ بولۇشىنى، ئىسكرىپكا چېلىشنى ئۆگىنىشنى تولا خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. پات-پات ئاتا-ئانامدىن ئوغرىلىقچە بۇيەرگە كېلىپ ئاشۇ قىز چالغان ئىسكرىپكىنى خۇددى سىنىپقا كىرەلمىگەن ئوقۇغۇچىدەك يىراقلاردا تۇرۇپ ئاڭلايتتىم. بەزىدە دەرەخ شاخلىرىدىن تەقلىدى ئىسكرىپكا ياساپ ئۆزۈمچە ھېلىقى قىزنىڭ ھەرىكەتلىرىنى دوراپمۇ باقاتتىم. بۇ دەل 1975-يىللىرى بولۇپ مەن ياشىغان تۇپراقلاردا ئاچارچىلىق بولۇۋاتقان مەزگىللەر بولغاچقا، ئاتا-ئانامغا: «ماڭا ئىسكرىپكا ئېلىپ بەر» دېيىش، خۇددى ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېگەندەك بىر ئىش بولاتتى.

رەسساملىق مەن قىزىقىدىغان يەنە بىر سەنئەت ئىدى. مەھەللىمىزدىكى «شاڭياڭ قورۇسى ياخشى»، «خەلق گۇڭشىسى ياخشى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ۋە رەسىملەر چاپلانغان ئۆزۈندىن-ئۆزۈنغا سوزۇلغان مەھەللە تاملىرىغا قاراپ، خىيالىمدا بۇ رەسىملەرنى قايتا سىزىپ چىقاتتىم.

«مانىغىچام، ما خېنىمنىڭ تىككەن قونچاق كىيىملىرىگە قاراڭلار، تـوۋا...» دەيتتى ئانام قويۇق ئاتۇش تەلەپپۇزىدا مېنىڭ قونچاقلىرىمغا تىككەن يېڭى-يېڭى كىيىم لايىھەلىرىمنى باشقا قېرىنداشلىرىمغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ مەمنۇنىيەت بىلەن.

بۇ كىيىملەر بەزىدە ئۇزۇم ياپراقلىرىدىن، بەزىدە ئىشىكىمىز ئالدىدىكى مەدىنى تېرەك يوپۇرماقلىرىدىن، بەزىدە پارچە-پۇرات رەختلەر، تاشلىۋېتىلگەن پايپاقلار، خورۇم پارچىلىرى... ئىشلىتىپ ھەممە نەرسىدىن تىكىلگەن ۋە توقۇلغان ئىدى. مەھەللە بويىچە قونچىقىمىزنىڭ توينى قىلىپ ئوينىغاندا، مەن قونچىقىنىڭ كىيىمى ئەڭ كۆپ قىز بولۇپ باھالىنىپ دوستلىرىم ئالدىدا مەغرۇرلىناتتىم.

بىر كۈنى ئانام مېنى غۇلجا شەھەر تۆپچى مەھەللىسىدىكى بىر ماشىنىچى تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا ئاپىرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا ئالەمچە خوش بولۇپ كەتكەن ئىدىم. ماشىنىچى تۇغقىنىمىزنىڭ تىككەن كۆينەكلىرىگە، ماشىنىلىرىغا قاراپ ئىچ-ئىچىمدىن ھەۋەسلەنگەن ئىدىم. چوڭ بولغاندا كىيىم لايىھەلەپ تىككۈچى بىر ئۇستا بولۇشنىڭ دەسلەپكى بىخلىرى يالت-يۇلت قىلغاندەك بىر سېزىمنىڭ، باللىق قەلبىمنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر بىر يەرلىرىدە جىلۋە قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدىم. «ئاللاھ... بۇ قىز چوڭ بولغاندا ماشىنىچى بولىدىغان ئوخشىمامدۇ؟» - دېگەن ئىدى ماشىنىچى تۇغقىنىمىز، ھەممە نەرسىنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ قاراپ كېتىۋاتقانلىقىمغا ھەۋىسى كېلىپ. بىر هازادىن كېيىن تۇغقىنىمىز ماڭا بىر مۇنچە قونچاق لاتىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ بەردى. بۇ چاغدا مەن شۇنچىلىك خۇشال بولغان ۋە هاياجانلانغان ئىدىمكى، ئىچ-ئىچىمگە سىغماي قالغان ئىدىم. ئانامنىڭ هاي دېيىشىگە قارىماي قونچاق

لاتىلىرىمنى تۇغقىنىمىزنىڭ پېشايۋىنى ئۈستىگە يېيىپ، بۇ پارچە رەختلەردىن قانداق ئېسىل كىيىملەرنى تىكىش ھەققىدە پىلان تۈزمەكتە ئىدىم. بۇ قونچاق لاتىلىرى، يەنى كىيىم تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان رەخت پارچىلىرى ئىچىدە شىپىلڭ دۇخاۋا، ئەتلەس، توۋرا-دۇردۇن، شىپىلڭ، يىپەك، سارجا، پەلەدىن، دىكا... دېگەندەك بارلىق ئېسىل رەختلەر بار ئىدى. مەن ئىنتايىن ھاياجان ئىچىدە قونچىقىمغا ئەتلەس تون، شاھ سەنەملەر كىيىدىغان كۆينەكلەرنى لايىھەلىمەكتە ئىدىم. قىسمەتلىرىمدە بەك زىيادە خوش بولۇپ كەتكەن ئىشلىرىمنىڭ ئاقىۋىتى دائىم كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئاخىرىدا بۇ گۈزەل دۇردانىلىرىم تۇغقىنىمىزنىڭ قورۇسىدىكى چوڭقۇر كولانغان تېگى كۆرۈنمەس ھاجەتخانىسىغا چۈشۈپ كېتىپ قالدى. مەن شۇ كۈن ئىچ-ئىچىمدىن ئېسەدەپ قاتتىق يىغلىغانلىقىمنى، ئانامنىڭ بولسا «مانىغىچام... كىچىكلىك، بىر قونچاق لاتىسىغىمۇ شۇنچىلا يىغلىغان بارمۇ؟...» دېگىنى، تۇغقىنىمىز ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ناھايىتى بىئارامچىلىقتا چۆمۈپ: «ۋاي قىزىم يىغلىماڭ... بىز سىزگە قونچاق لاتىلىرىنى يەنە يىغىپ بېرەيلى» دېگەنلىرىنى ئەسلەيمەن.

1974-يىلى 8-ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى دادام ئابدۇقادىر سەمەرنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقانچە ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا، غۇلجا شەھەر 21-باشلانغۇچ مەكتەپكە تىزىملاتقىلى كەلگەن ۋاقتىمدىكى ھاياجان خۇددى تۈنۈگۈنكىدەكلا ئېسىمدە. مېنى شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى سالامەت مۇئەللىم ئۆز سىنىپىغا ئالغان ئىدى. سالامەت مۇئەللىم دادامنى «ئابدۇقادىر مۇئەللىم» دەپ تولىمۇ ھۆرمەت بىلەن گەپ قىلىۋاتاتتى. ئەينى چاغدا غۇلجا شەھەرلىك 5-ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن غۇلجا شەھەرلىك 21-باشلانغۇچ مەكتەپ بىرلىكتە ئىدى. ئۇ چاغلاردا مەن

ئاتا ـ ئانامنىڭ بېشىغا نېمە قىسمەتلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتىم. يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدە دادام ـ ئاناملارنىڭ ئاتۇشتىن غۇلجىغا كەلگەنلىكىنى، دادامنىڭ غۇلجا شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سۆيۈملۈك بىر ئوقۇتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى، ئاندىن توختى قۇربان ئىسىملىك بىر دوستىنىڭ ئۇنى شىنجاڭ گېزىتىگە يۆتكەپ ئېلىپ بارغانلىقىنى، ئاندىن بۇ دوستىنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىنغانلىقىنى، دادامنىمۇ «توختى قۇربانىنىڭ شايكىسى» دەپ قاراپ، خىزمەتتىن قوغلاندى قىلىنغانلىقىنى، دادامنىڭ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئائىلە بويۇنچە موڭغۇلكۈرە ناهىيەسىنىڭ قاراسۇ يايلىقىغا سۈرگۈن قىلىنغانلىقى... قاتارلىق بىر قاتار هېكايىلەرنى بىلدىم. بەزىدە دادامنىڭ توختى قۇربان ئىسىملىك بۇ ئاغىنىسى خىيالىمغا كىرىۋالاتتى. ئۇنىڭ ھەققىدە، ئۇنىڭ نېمە قىلغانلىقى سەۋەبىدىن بۇنچە رەھىمسىز بىر رېئاللىققا دۇچار بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۆلۈم مەيدانىدا نېمىلەرنى ئويلىغانلىقى، باللىرى، ئائىلىسى ھەققىدە ئۆزۈمچە بالىلىق ۋە ياشلىق تەپەككۇرلىرىمنى قىلاتتىم. تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا: «ئۇرۇمچىگە بارغان چاغلىرىڭىزدا توختى قۇربانىنىڭ ئائىلىسىنى يوقلىدىڭىزمۇ؟» دەپ تۇيۇقسىز سوئاللارنى سوراپ قوياتتىم دادامدىن، ئەتىگەندە چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇشۇپ. بۇنداق چاغلاردا ئاكا ـ ھەدىلىرىم، دادام ۋە ئانام تۇيۇقسىز چۈشكەن مۆلدۈر پارچىسىدەك سوئاللاردىن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشاتتى. ھەر بىرىنىڭ چىرايىدا ھەر خىل چىراي ئىپادىلىرى، بەزىلىرى نان چىشلەۋاتقان، بەزىلىرى چاي سۈمۈرۈۋاتقان ھالەتتە ماڭا ھەر خىل نەزەر بىلەن كۆز تاشلايتتى. دادام بولسا «هېكايىلەر ساڭا بەك چوڭقۇر تەسىر قىلىپتۇ ـ دە قىزىم. يوقلاپ تۇرىمەن، ئۇ ھەرگىز خىيالىمدىن چىقمايدۇ» دەيتتى.

شۇنداق، ئاشۇ كۈنى، يەنى 1974 ـ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىغا قەدەم باسقان ئاشۇ مەكتەپلەر ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان كۈنى، مەھەللىمىز تۆرەم مەھەللىسى بىلەن 21 ـ باشلانغۇچ[1] ۋە 4 ـ باشلانغۇچ (تائالىيە) مەكتىپىگە يەرزەنتلىرىنى تىزىملىتىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغان ئاتا ـ ئانىلار بىلەن لىق تولغان ئىدى. دادامغا سالام قىلغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى دادامنى «ئابدۇقادىر ئەپەندىم» دەپ چاقىرسا، بەزىلىرى «ئابدۇقادىر مۇئەللىم» دەپ ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. بىز بىلەن كۆرۈشكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا دادامغا: «ۋوي، ئابدۇقادىر مۇئەللىم، بۇ قىزىڭىز ھەجەپ تېز چوڭ بولۇپ مەكتەپ يېشىغا توشۇپتۇ كېتىپتۇ ـ ھە؟ سىلەر قاراسۇ يايلىقىغا سۈرگۈن قىلىنغاندا پارتىزان ناخشىسىنى ئېيتىپ، مەھەللىنى بېشىغا كىيگەن قىزىڭىز مۇشۇ ئەمەسمىدى؟» دەپ كۈلۈشەتتى. مەن بولسام دادامنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پەشلىرىنى چىڭ تولغاپ، خىجىللىق ھېسسىياتىمنى يېڭىشكە تىرىشاتتىم.

دادامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ھەممە كىشىلەر پاراكەندىچىلىككە چۆمگەن، ئۆي ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ ياقا ـ يۇرت، چۆل ـ جەزىرىلەرگە «تارقاقلاشتۇرۇش» دېگەن باھانە بىلەن ھەيدىلىۋاتقان، سۈرگۈن قىلىنىۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە، يەنى 1970 ـ يىلى مەن ئۈچ ياشقا كىرگەن ئىكەنمەن. مەن بۇ ئېغىر كۈنلەردىن، خىتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە يۈرگۈزۈۋاتقان «ئۆي ـ ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىش، ياقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىش» سىياسىتىدىن قىلچە خەۋەرسىز ھالدا، خىتاينىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنى توغرىغا چىقىرىش مەقسىتى بىلەن تەشۋىقات سۈپىتىدە ئىجاد قىلغان «پارتىزانلىق

(1) 1977 ـ يىللىرى ئەتراپىدا بولسا كېرەك ئىسمى غۇلجا شەھەرلىك ئايخان ئانا مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلىپ، غۇلجا شەھەر قازانچى مەھەللىسىدىكى ئايخان ئانا قورۇسىغا يۆتكەپ كېلىنگەن ئىدى

ناخشىسى»نى ئېيتىپ، مەھەللىنى بېشىمغا كىيگەن ئىكەنمەن. ئۇ ناخشىنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسى ھېلى ھەم ئېسىمدە تۇرۇپتۇ:

پارتىزان بولايلى ئەي ئەزىمەتلەر،
تاغلارغا چىقايلى مۇشۇ كۈنلەردە.

......

شۇنداق قىلىپ 1970 ـ يىلىدىن 1974 ـ يىلىغىچە بولغان تۆت يىلىم قاراسۇ يايلىقىدا ئۆتتى. مەن بۇ كۈنلەرنى خۇددى قاتمۇ قات تاغلار ئارقىسىدا قالغان تۇمانلىق ئېگىز قىيالاردەك خىرە ـ شىرە ئەسلەيمەن.

بەلكىم 6 ياش ۋاقتلىرىم بولسا كېرەك، ياز كۈنلىرىدە تەگرىتاغلىرىنىڭ ئومۇرتقىسىغا جايلاشقان، خۇددى سامان يولى سىستېمىسىدەك رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن پۈركەنگەن قاراسۇ يايلىقىدا، ئارقامغا بىرمۇنچىلىغان قازاق دوستلىرىمنى ئەگەشتۈرگىنىمچە ئىنتايىن ئالدىراش بىر پەسلنى باشتىن كەچۈرەتتىم. قۇچاقلىرىم، ئېتەكلىرىم ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەر بىلەن تولغان ئىدى. ياۋا گۈل ـ چېچەكلەر، قارىغاي سېغىزلار، ياۋا غاز پەيلىرى بىلەن لىق تولغان خالتام، ئارقامدىن تۇمشۇقلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ قوغلاپ كەلگەن ياۋا غازلاردىن مۇداپىئە قىلىدىغان ئۇزۇن ئىنچىكە شاخلار... بالىلىق قەلبىمدە بۇ چەكسىز كەتكەن تەبىئىي يايلاقتىكى ھەممە نەرسە ئىنتايىن قىممەتلىك بىلىنەتتى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆيۈمگە توشۇۋالغۇم كېلەتتى. بەزىدە ئىنچىكە نازۇك بارماقلىرىم بىلەن ياۋا گۈللەرنى چىمدىپ ئېلىپ ئارقا تەرىپىنى شۈمگەن ۋاقتىمدا، ئاجايىپ شېرىن بىر لەززەتنى ھېس قىلاتتىم.

ئوخشىمايدىغان ياۋا تاغ گۈللىرىدە ئوخشىمايدىغان لەززەتلەرنى سەزگەن ۋاقتىمدا، گۈل يېنىدا سوزۇلۇپ ئولتۇرۇپ: «بۇنچىلا شېرىن لەززەتنى سەن نەدىن ئالغانسەن ـ ھە؟» دەپ ياۋا چېچەكلەر بىلەن ساددا مۇڭدىشىپ كېتەتتىم ۋە نەلەردىندۇر ئاڭلىۋالغان ئىسىم قويۇش ئادەتلىرىنى دوراپ، سېنىڭ ئىسمىڭ مۇنداق بولسۇن... دەپ ئۈچ قېتىم گۈل بەرگىگە يېقىن كېلىپ شىۋىرلاپ، ئۆزۈم بىلگەنچە بۇ گۈللەرگە ئىسىملار قوياتتىم. كەچ كىرىپ كۈن قايرىلغان ۋاقىتتا ئۆيگە يېتىپ كەلگىنىمدە دادام ـ ئاناملارنىڭ مەندىن ئەنسىرىگەن ئەنسىز چىرايىنى كۆرەتتىم. ئائىلىمىزگە بىرقانچە قازاق ئاتا ـ ئانىلارمۇ يىغىلغان بولۇپ، ئۇلار مېنى ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى تاغ باغرىنىڭ ئىچكىرىسىگە، يەنى خەتەرلىك جايلارغا باشلاپ كەتكەن «باشباشتاق سارتنىڭ قىزى» دەپ شىكايەت قىلغىلى كىرگەنلەر ئىدى. «نەدە يۈردۈڭ مۇشۇ كەمگىچە؟ تاغنىڭ ئىچىدە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەمسەن؟» ـ ماڭا ئىنتايىن ئامراق دادامنىڭ ئانچىكىم ۋارقىراشلىرىمۇ ماڭا خۇددى گۈلدۈرماملىق چاقماقتەك بەك سۈرلۈك ئاڭلىناتتى. ئەتىگەندە ئانام رەتلىك بوغۇپ قويغان چاچلىرىم ئانچىكىم چۇۋۇلغان، يۈز ـ كۆزلىرىمگە نېمىدۇر بىر نەرسىلەر ئاندا ـ مۇندا سۈرۈلگەن، ئاياقلىرىم لاي ـ پاتقاق، قۇچاقلىرىم، ئېتەكلىرىم، نازۇك بارماقلىرىم مول ھوسۇللىرىم بىلەن لىق تولغان ھالەتتە شۈمشەرەپ بوينۇمنى يەرگە ئېگىپ ئۆزۈمنى بىر گۇناھكاردەك ھېس قىلىپ تۇرغۇنۇمدا، مەن تەرەپ بولىدۇغۇ دەپ تەمە قىلىپ تۇرغان دادامنىڭ بۇنداق ۋارقىرىشى بىلەن، قويۇق ۋە ئۇزۇن كىرپىكلىرىم ئارىسىدىكى كۆزلىرىمدىن ئاققان ياش تامچىلىرى زىلۋا بارماقلىرىم ئۈستىگە توختىماستىن تۆكۈلۈشكە باشلىغاندا، ئۆيگە يىغىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بۇ ھالىمغا قاراپ پىخىلدىشىپ كۈلۈشەتتى. بۇنداق

كۆنلەرنىڭ بىرىدە قازاق قوشنىمىز، دوستۇم نەزەيىنىڭ بوۋىسى دوسكەريەنىڭ يېنىمغا كېلىپ بېشىمنى سىيلاپ تۇرۇپ: «سەن نېمانداق ئالدىراش بىر قىزسەن، قانچە ياشقا كىردىڭ؟» دەپ سورىغىنى هازىرمۇ ئېسىمدە.

ئالاھەزەل ئىككى يىل بولسا كېرەك قاراسۇ يايلىقىدا خۇددى كېپىنەكتەك ئۇچۇپ يۈرۈپ ھۇزۇرلانغان، قۇچاقلىرىم، ئېتەكلىرىم ھېچ بوش بولمىغان ۋاقىتلار باللىق كارتىنىلىرىمنىڭ ئىزنالىرى. بەزەن كۈنلىرى قازاق دوستلىرىمنى بەك باشقۇرۇۋەتكەن چاغلىرىمدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر گۇرۇپپا بولۇۋېلىشىپ، قاپاقلىرىنى تۈرگەنچە ماڭا «سارت» دەپ ھومىيىشاتتى. بۇنداق چاغلاردا غۇلجىدىن كەلگەن ئاكام مۇھەممەت ئەلى سارغىيىپ پىشقان ئالمىلاردىن بۇ دوستلىرىمغا بېرىپ: «بۇ قىز قازاقنىڭ قىزى، سارتنىڭ قىزى دېمەڭلار» دەپ بىزنى ئەپلەشتۈرۈپ قوياتتى. قىش كۈنلىرىنى بولسا دېرىزە ئەينەكلىرىگە ئۇيۇپ قالغان قار ۋە قىرولارغا قاراپ، ئۇلاردىن شەكىللەر پەيدا قىلىپ، قازاقچە ئۆلەڭلەرنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئېيتىپ، يازنىڭ كېلىشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتىم. ئەمما ئاتا-ئانامنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئېغىر كۈلپەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقانلىقى، يۇرت-ماكانىدىن ئايرىلىپ سەرسان-سەرگەردان بولۇۋاتقانلىقىدىن، باشلىرىغا قانچىلىغان سىياسىي قالپاقلارنىڭ كەيگۈزۈلگەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدىم.

قاراسۇ يايلىقىدا قازاقچە تويلار ئاجايىپ كاتتا ئۆتكۈزۈلەتتى. كېلىن قىز، يىگىت تەرەپكە كېتىش ئالدىدا ئائىلىسىدىكى ئاتا-ئانا، ئاكا-ھەدە، ئىنى-سىڭىللىرىغا ئاتاپ مەخسۇس ئۆلەڭ ئېيتاتتى. مەن بۇ ئۆلەڭلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىۋالغان ئىدىم. كەچ كىرىپ غۇربەت باسقان كەيپىمىزنى غەم-قايغۇ

سوۋكوناتى قاپلىغانىدا، مەن بۇ ئۆلەڭلەرنى ئاتا-ئانامغا ئېيتىپ بەرگەچ تويى بولغان قازاق قىزىنىڭ ئۆلەڭ ئېيتقان چاغدىكى يىغلامسىرىغان روھى ھالىتى ۋە ھەرىكەتلىرىنى دوراپ، كۆلكىدىن ئائىلە ئەزالىرىمنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىرىۋېتەتتىم. بەخت دېگەن مانا مۇشۇ ئىدى. بۇنداق چاغلاردا ئاتۇش ئاغلىق ئانام تۇدىخان «مانىغىچام، ماۋۇ قىزۋالا نېمداق ئەينەن دورايدىغاندۇ...» دەيتتى قويۇق ئاتۇش تەلەپپۇزىدا. بۇ ئۆلەڭلەر ئىچىدە توي قىزىنىڭ ئاكىسىغا بېغىشلاپ ئېيتقان ئۆلىڭى ھازىرمۇ يادىمدا:

*قارا سۇ دېگەن ئۇسكەن،*
*توپۇراغى بۇس ئىكەن.*
*ئاينالايىن ئاغاشوۋ،*
*ساغىنىدىرماي كېلىشۇ يۇر.*

شۇنداق قىلىپ 1974-يىلى يازدا ئائىلىمىز بويۇنچە غۇلجا شەھىرىگە قايتىپ كىرىش سەپىرىگە ئاتلانغانىدا، مەن يوغان ئىككى ئۆكۈز قېتىلغان ياغاچ ھارۋىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ قاراسۇ يايلىقىغا چىدىيالماي، يوتقاننىڭ ئىچىگە بېشىمنى تىقىپ بۇقۇلداپ يىغلىغانلىقىم ئېسىمدە. ئۇ كۈنى ئىنتايىن قاتتىق سوغۇق بولغان بىر قىش كېچىسى بولۇپ، بىز ئەتىرەت باشلىقلىرىنىڭ بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن كېچىدە ئوغرىلىقچە يولغا چىققان ئىكەنمىز. دادام بىلەن ئاكامنىڭ قاتتىق سوغۇققا قارىماي كېچىچە توختىماي ھارۋا ھەيدىشى نەتىجىسىدە، بىز ئەتىسى چۈشكە يېقىن موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىگە يېتىپ كەلگەن ئىدۇق. مەن شۇ كېچىدە ئۇستۇمگە تاشلانغان قېلىن يوتقان-كۆرپىلەر ئىچىدە تۇرۇپ، تۇنجى قېتىم چۆلدىكى «ۋىل-ۋىل» دېگەن نەرسىنى كۆرگەن ئىدىم. بىز ئاتۇشلۇق بوۋام

سەمەربايىنىڭ غۇلجا شەھەر تۆرەم مەھەللىسىدىن دادامغا ئېلىپ بەرگەن ئاشۇ ئۆستەڭ بويىدىكى قورۇمىزغا كىرىپ كەلگەن ۋاقتىمىزدا، قورۇ-جايىمىز، يەنى تۆت ئېغىزلىق پېشايۋانلىق ئۆيلىرىمىز، قورۇدىكى ئالما-ئۈزۈم ۋە باشقا كۆكتات تېرىيدىغان ئېتىزلىقلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئاللىقاچان «ئۆزگىرىپ» كەتكەن بولۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئىكەن. بىز ئالاھەزەل ئىككى ھەپتىگە يېقىن تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىدە تۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاساسىي قاتلامنىڭ، يان تەرەپتىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيگە كۆچۈپ كىرىشىمىزگە بولغان رۇخسىتىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. مەن ئۇ چاغدا، تۆرەم مەھەللىسىدىكى كىچىك ئۆلەڭچىگە ئايلانغان ئىدىم. «ئاپئاق ساقام قازاقچە ئۆلەڭ ئېيتىپ بېرىڭە؟» دەپ مېنى ئارىغا ئېلىۋالاتتى كەچلىك تاماقتىن كېيىن بۆككىدە تىرەكلەر بىلەن قاپلانغان، سۇ چېچىپ پاكىز سۈپۈرۈلگەن مەھەللىدىكى قورۇسى ئالدىغا سەگىدىگىلى چىققان ئاكا-ھەدىلەر، بوۋاي-موماي ۋە تاغىلار. شۇنداق قىلىپ، «قاراسۇ دېگەن ئوسىكەن، توپۇراغى بوس ئىكەن...» دېگەن ئۆلەڭلىرىم بىلەن مەھەللىنىڭ كىچىك ئارتىسىغا ئايلانغان ئىدىم. شۇ يىلى مەن 7 ياشتا ئىدىم. ئۆلەڭلەر ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن تەبىئىي ھالدا سورالغان سوئاللارغىمۇ دۇچ كېلەتتىم. بىر ئاكاش شۇ چاغدا مەندىن: «ساقام سىلەر نەدىن كەلدىڭلار؟» دەپ سورىغان ئىدى، مەن دەرھاللا: «بىز چۆلدىن كەلدۇق» دەپ باللارچە جاۋاب بەرگەن ئىدىم. تۇپ ئىچى «چۆلدىن كەلدۇق دەيدۇ» دېگەن چۇقانلار بىلەن پاراققىدە كۈلكە ئاۋازىغا تولغان ئىدى. شۇ مىنۇتلاردا بىر قانچە ئاياللارنىڭ: «ۋاي... چۆلدىن كەلدۇق دەيدۇ. راست چۆلدىن كەلدى» دەپ كۆز يېشى قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. مەن ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچىلا كۆز يېشى قىلىدىغانلىقىنىڭ

تېگىگە بەك يېتەلمىسەممۇ، ئەمما بىر خاتىرجەمسىز ھاياتنىڭ داۋام ئېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولاتتىم. كېيىنكى كۈنلەردە مەھەللىلەر ئارا ئېلىپ بېرىلىدىغان سەنئەت مۇسابىقىلىرىدە، قىزىل چىراغ فىلىمىدىكى تىمېي ۋە لىخې قاتارلىق بىر ئائىلە بىر ئەر ئارتىسنىڭ رولىنى ئېلىپ، «قىزىل چىراغ قولۇمدا، پارلاق نۇر چاچار ھەريان...» دېگەن قىزىل ناخشىلارنىمۇ ئېيتىپ، «مەھەللە ئارتىسى»لىق بۇ كەسپىمدە خېلىلا تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان ئىدىم.

1984-يىلى غۇلجا شەھەرلىك 7-ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندىم. شۇ يىلى بۇ فاكۇلتېت قارمىقىدا يەنە تۇنجى قارار ئاخبارات كەسپىمۇ ئېچىلغان ئىدى. مەن بىر يىل بۇ فاكۇلتېتتا خىتايچە تەييارلىق سىنىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇكېرىم راخمان ۋە ئاخباراتچىلىق كەسپىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل نۇرمۇھەممەت زامان ئاكىلارنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن، ئاخبارات كەسپىگە يۆتكىلىپ چىقتىم. مەن ئۇ چاغلاردا «بىر ياخشى مۇخبىر بولغاندا، نۇرغۇنلىغان تەڭسىزلىك ئادالەتسىزلىكلەرنى پاش قىلغىلى بولىدۇ، نۆۋەتتە ئۇيغۇرلاردا ئەدەبىياتچى يازغۇچى-شائىرلار نۇرغۇن، ئەمما ياخشى بىر ئاخباراتچىلار قوشۇنى كەمچىل» دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق ئىلھاملىرىم بىلەن.

باللىق چاغلىرىم بىلەن ھازىر ئوتتۇرىسىدا 30 ھەتتا 40 يىلدىن ئارتۇق بىر مۇساپە تاشلىنىپ يېتىپتۇ. قەلەملىرىم ئاخبارات يېزىقچىلىقى بىلەن ئەدەبىيات يېزىقچىلىقى ئوتتۇرىسىدا ئانچە-مۇنچە يۆگۈر-يېتىم ئىشلارنى قىلغاندەكمۇ بوپتۇ. ئەمما

مەن بىر قەلەمنىڭ بىر مەشئەل ئىكەنلىكىنى تولۇق مەنىسى بىلەن تونۇپ يەتكەن ۋاقتىمدا تولىمۇ كىچىككەن ئىدىم.

ئەگەر ھاياتىمدا بىر مەنە بار دەپ قارالسا، تۇغۇلۇشۇمدىن باشلاپلا خىتاينىڭ يالغان ـ ياۋىداق تەشۋىقاتلىرى، ئۇيغۇرلارغا قاراتقان غەرەزلىك ھالدىكى مىڭغە يۇيۇش ئىلان ـ سەنئەتلىرى ئىچىدە ياشىغىنىم ۋە چوڭ بولغىنىمغا قارىماي، ئەڭ ئاخىردا خىتايغا قارشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى، پىكىر ـ چۈشەنچە ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى غىدىقلايدىغان بىر قەلەمكەش بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقىمدا.

ئاربىدىن قانچىلىغان ئون يىللارنى تاشلىۋەتكەن بۈگۈنكى كۈندە، قەلەملىرىمنىڭ ئاخبارات بىلەن ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدا بەزىدە گىرەلىشىپ، بەزىدە ئۆز خاسلىقى بىلەن تەۋرەپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىمەن.

ئەمما يانىنىڭ لىرىك مۇزىكىلىرىغا تەڭكەش قىلىنغان ئىسكىرىپكا ئاۋازىنى ئاڭلىغان ۋاقتىمدا، قەلبىمنىڭ ئۇزاق ۋە چوڭقۇر بىر جايلىرىغا كۆمۈلۈپ قالغان «ئىسكىرىپكىچى قىز» بولۇش ئارزۇيۇم ئاچچىق بىر ھەسرەت بىلەن تىپچەكلەيدۇ. تاملارغا ئېسىلغان ماي بوياق رەسىملەرنى كۆرگەندە، دەرھال قاراسۇ يايلىقىنى ئەسلەيمەن. خۇددى بىر تاپشۇرۇقنى ئورۇندىيالمىغان ئوقۇغۇچىدەك، خىيالىمدىكى بالىلىق ساپلىقىم، سەمىمىيلىكىمگە ئىزنالىرىنى قالدۇرغان قاراسۇ يايلىقىنى سىزىپ ئۆيۈمنىڭ تۆرىگە ئېسىپ قويالمىغانلىقىمغا ھەسرەتلىنىمەن. چەكسىز كەتكەن كانادا يايلاقلىرىدا تۇرۇپ مەندىن تولىمۇ يىراقتا قالغان قاراسۇ يايلاقلىرىغا نەزەر سالغان ۋاقتىمدا، مەن قۇلىقىغا ئۈچ قېتىم پىچىرلاپ ئىسمىنى قويغان ھېلىقى ياۋا گۈللەر، تولا قوغلاپ ئارام بەرمەيدىغان بوينى ئۇزۇن ياۋا غازلار

ئامانمىدۇ؟ هەي بۇ چاقچاقچى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇ تەبىئىي يايلاقلارنى دەسسەپ-چەيلەپ نىجاسەتخانىغا ئايلاندۇرۇپ بولدى دەپ ئويلايمەن. مېنىڭ سۆيۈملۈك قاراسۇ يايلاقلىرىغا قايتا بېرىشىمدىن ئۈمىد يوق.

گەرچە ئاتا-ئانامنىڭ ۋە مىللىتىمنىڭ بېشىغا ئەڭ ئېغىر زۇلۇم ۋە قىسمەتلەر كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ قىسمەتلەرنىڭ ماڭا قاراسۇ يايلىقىدىن ئىبارەت بۇ تەبىئەت جەننىتى بىلەن تونۇشتۇرغانلىقىغا، بالىلىق چاغلىرىمنىڭ قىسقا، ئەمما مەنىلىك تەبىئەت گۈزەللىكى ئىچىدە خۇددى كېپىنەكتەك گۈللەر ئارا ئۇچۇپ ئۆتكەنلىكىگە تولىمۇ مىننەتدارمەن.

قاراسۇ يايلاقلىرىدىكى هېلىقى ئالدىراش كىچىك قىز، ئېتەكلىرى، قۇچاقلىرى گۈللەر بىلەن لىق تولغان، نازۇك بارماقلىرى غاز پېيى يىغىدىغان خالتىلىرى، ياۋا غاز قوغلايدىغان شىۋاقلىرى ۋە يەنە ئۆزى قىممەتلىك دەپ بىلگەن بىرمۇنچە نەرسىلىرى بىلەن تولغان، بۇ ئالدىراشچىلىقلار سەۋەبىدىن چاچلىرى چۇۋۇلغان، يۈزلىرىگە قارىلار سۈرتۈلگەن، لەۋلىرىگە قانداقتۇ هالرەڭ بىر گۈللەرنىڭ بەرگىلىرىنى لەۋ سۇرۇق قىلىپ سۈرۈۋالغان، ئاياقلىرى لاي پاتقاق، ئەمما قويۇق بۇككىدە قارا چاچلار، قارا قاش ۋە ئۇزۇن قارا كىرپىكلەر ئارىسىدىن ئەمدىلا تۇغۇلغىنىغا باقماي، هاياتقا تويماي ۋە تقانلىقىنى چاقنىتىپ تۇرغان قارا كۆزلىرى ئارقىلىق، روهلىرىمنىڭ يوشۇرۇن قاتلاملىرىغا تامغا ئۇرغان بۇ كىچىك قىز بىلەن پىچىرلاشقان چاغلىرىمدا مېيىقىمدا كۈلۈپ قويىمەن. ئۇنىڭ سۈرەتلىرىنى خىيالىمدا قانچە قېتىملاپ سىزىپ بولىمەن.

«دونگخوت ۋە سانچۇپانزا ئۇيغۇرلار» ناملىق بۇ ماقالىلەر توپلىمى، بالىلىق چاغلىرىدىن هازىرغا قەدەر چوڭ بولغاندا نېمە

بولۇش ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئارزۇ-ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈككەن، ئاخىرىدا بىر قەلەمكەش بولغان بىر قەلەمكەشنىڭ ئىدىيە، پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرىدىن ئىبارەت.

گۈلشەن ئابدۇقادىر

# مىللىتىمىز چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟

تورلاردا «مىللىتىمىز چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟» دېگەن سوئال ئاستىدا ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيەلىك ماقالىلەرنىڭ ئېلان قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇ ئەمەلىيەتتە مەن چەتئەلگە چىققان ئون نەچچە يىل جەريانىدا ئۆز-ئۆزۈمدىن ئىزچىل سوراپ كېلىۋاتقان «مىللىتىم چەتئەلدىكى مەندىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟» دېگەن سوئالنىڭ كېڭەيتىلگەن شەكلى ئىدى. بۇ سوئال ماڭا، مەن داۋاملىق يول يۈرگەندە، ئىشلىگەندە، تىرامۋاي ۋە ئاپتوبۇستا، ھاياتىمنىڭ ھەر دەقىقىلىرىدە، ۋەتىنىم ۋە خەلقىم بىلەن يوشۇرۇن پىچىرلاشقاندا، قەلبىمدە ۋە خىيالى بىر دۇنيايىمدا شەكىللەندۈرۈۋاتقان، ئۇنى كۈتىدۇ، بۇنى كۈتىدۇ دەپ بىرنەرسىلەرنى مۇھاكىمە قىلىۋاتقان ۋە بەزىدە بىر نەرسىلەرنى قوشۇپ بىر نەرسىلەرنى چىقىرىۋاتقان ھالىتىمدىن، ئويلىغانلىرىمنى قەغەز ئۈستىگە قوندۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى ئەسكەرتكەندەك بولدى. خۇددى كومپيۇتېر ۋە ئەقىللىق تېلېفونلاردا داۋاملىق كۆرۈلىدىغان «update» دېگەن ئىنگلىزچە سۆزدەك مەنمۇ بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەپ، ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان ھەر بىر زىيالىي ئويلىنىشقا تېگىشلىك بولغان تۈگمەن تېشىدەك ۋەزنى ئېغىر بۇ سوئالنىڭ جاۋابكارى بولۇش سۈپىتىدە قولۇمغا قەلەم ئالدىم. ئەلۋەتتە ھەرقانداق بىر ئىش ئەڭ ئاۋۋال ئويلىنىش، تەپەككۇر قىلىش، پىكىرلەرنى

ئورتاقلىشىش ۋە ھەمكارلىشىپ ئىشلەش (ئىنگلىزچە team work دەپ ئاتىلىدۇ) ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ھەر يازغىنىمىز ۋە ھەر سۆزلىگەن سۆزىمىز مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىزگە خەيرلىك بولسۇن.

«مىللىتىمىز چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟» بۇ سوئال ئادەتتە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى جۇغراپىيە مۇئەللىمىمىز سورايدىغان، بۇ دەريا ياكى كۆلگە قايسى ئۆستەڭ ۋە ئېرىقلار قۇيۇلىدۇ؟ دېگەن سوئالغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. مىللىتىمىزنى بىر دەريا ياكى دېڭىز دەپ قارىساق، بۇ دەريا ۋە دېڭىز سۈيىنىڭ ئۇلغىيىشى ۋە ياكى قۇرۇپ كېتىشىدە بىز چەتئەللەردە ياشاۋاتقان، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۆستەڭ ۋە ئېرىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز بار، ئەلۋەتتە.

مىللىتىمىزنىڭ چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدىغانلىقى ھەققىدىكى سوئالنىڭ ۋەزنى، ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇر خەلقىمىزنىڭ، ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى سىياسىي ئورنىنىڭ قانداق بولغانلىقى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەملىكە ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا قانداق سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكىگە قارىتا بەزىدە تۇرغۇن ھالەتتە بولسا، بەزىدە ئېشىپ باردى.

يەنە بىر جەھەتتىن، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغان ئاز كەم 70 يىل جەريانىدا، ئىزچىل ھالەتتە ئۇيغۇر خەلقىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوق قىلىش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ كەلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشرەپ، پۇتبول، نورۇز قاتارلىق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى، كىيىم-كېچەكلىرى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئانا تىلىنى يوق قىلىش

ئۆچۈن غالجىرانە ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى، ئاۋازى بوغۇلغان خەلقىمىزنىڭ چەتئەللەردىكى ئاۋازى بولۇش، خىتاي ھۆكۈمىتى يۈرگۈزۈۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىدە، چەتئەللەردىكى مۇستەھكەم ئۆز مەۋجۇتلۇقى ئارقىلىق خىتاينىڭ بۇ خىل ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىگە قالقان بولۇش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن. ئەمما تۆلكىدىن قىچىپ بۆرىگە تۇتۇلغاندەك، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىغا قاراپ دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ مىللەتلەرنىڭ تىل، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەت جەھەتتە خۇددى دېڭىز تاشقىنى(tsunami)دەك يوپۇرۇلۇپ كېلىش خەۋپى ئاستىدا تۈركلىشىش، ئەرەبلىشىش، ئىنگلىزلىشىش ۋە فىرانسۇزلىشىش خەۋپىگىمۇ دۇچ كەلمەكتە. دېمەك، «مىللىتىمىز ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟» دېگەن سوئال ۋەزىنىنىڭ تۈگمەن تېشىدىنمۇ ئېغىر بولۇشىدىكى سەۋەب دەل مۇشۇ يەردە.

شۇنداقلا بۇ سوئال، گۇگۇل خەرىتىسىدىكى بىر نۇقتىنى ئىپادىلىگەن توچكىنىڭ كېڭىيىپ بارغانچە يوغىناپ مەھەللە ۋە چوڭ يوللارنى كۆرسەتكىنىدەك، سىزنى مەسئۇلىيەتنىڭ، ئادەم ۋە ئادىمىيلىكنىڭ، ئەر ۋە ئەركەكلىكنىڭ، زىيالىي ۋە زىيالىيلىقنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە، ھەربىر كىچىك ئېلېمېنتلىرىغىچە سۆرەپ كىرىدۇ. بۇ سوئالغا ئەگەشكەن ۋاقتىڭىزدا ئادەم باشقا ئادىمىيلىك باشقا، ئەر باشقا ئەركەكلىك باشقا، زىيالىي باشقا زىيالىيلىق باشقا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت يانداش ئۇقۇملار ئۈستىدىمۇ مۇھاكىمە قىلىشقا باشلايسىز.

مىللىتىمىز چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟

بۇ سوئالنىڭ بىرىنچى پەلەمپىيى «مىللىتىم چەتئەلدىكى مەندىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟»دىن باشلىنىپ ئاندىن، «ئائىلەمدىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟»، «بالىلىرىمدىنچۇ؟»، «مەن تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مەھەللەم ياكى دوست-بۇرادەر گۇرۇپپىلاردىنچۇ؟»، «زىيالىيلار ۋە ئالىملاردىنچۇ؟»، «دىنى ئۆلىمالاردىنچۇ؟» ۋە شۇنداقلا «مەن ياشاۋاتقان دۆلەتتىنچۇ؟»... دېگەندەك شاخلاپ كېتىۋېرىدۇ.

بىر مىللەتنىڭ زىيالىيلىرى، ئالىملىرى، دىنى ئۆلىمالىرى شۇ مىللەتنىڭ ئىلغار كۈچلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئالدىن كۆرگۈچىلەر، قاراڭغۇلۇقنى يورۇتقۇچىلار، شام-چىراغلار، مىللەتنىڭ سەركىلىرى، يول باشلىغۇچىلىرى، جاھالەت بىلەن كۈرەش قىلغۇچىلار، ھەق-ناھەق مەسىلىسىدە سۈكۈتنى ئەمەس بەلكى چۇقان سېلىش يولىنى تاللىغانلار، ئادالەت بايرىقىنى لەپىلدەتكۈچىلەر، ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى دەپ تەرىپلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنىدا «ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى» دەپ قارىلىپ، ئۇلارغا ناھايىتى يۇقىرى شۆھرەت ۋە ھۆرمەت بېرىلگەن.

«چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار» دېگەن ۋاقتىمىزدا چەتئەلدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر، دىنى ئۆلىمالار ياكى ئاتا-ئانىسى بىلىم ئىگىلىرى بولمىغان تەقدىردىمۇ ئىككىنچى ئەۋلاد چەتئەللەردە يېتىشكەن ۋە بىلىم تەھسىل قىلغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئەسلىدە بىر مىللەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدىكى زىيالىيلارنى ئالىم، دىنى جەھەتتە يېتىلگەنلەرنى دىنى ئۆلىما ياكى داموللام دەپ ئاتايمىز. ئىلىم بىلەن دىننىڭ ھېچقانداق چىقىشالمايدىغان ۋە ياكى بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدىغان

مەسىلىسى يوق ئىدى، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى دىنسىز كوممۇنىست ھۆكۈمەت بولغانلىقى ئۈچۈن دىننى «خۇراپاتلىق» دەپ چۈشەندۈردى. يېقىنقى يىللاردا يولغا قويغان پارتىيە ئەزالىرى، ھۆكۈمەت خادىملىرى مەسچىتكە كىرمەسلىك، جۈمە نامىزى ئوقۇماسلىق، دىنى پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىق دېگەنگە ئوخشاش بەلگىلىمىلەر خىتايدا زىيالىيلار بىلەن دىنى ئەربابلار ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭنى تېخىمۇ چوڭايتىۋەتتى.

دىن دېمەك، ئىمان دېمەك. ئىمان بىلەن ئىلىمنىڭ مۇناسىۋىتى نېمە؟ ئىنسانلار يۈزدە يۈز ئىشەنگەن بىر نەرسە ئىمان دەپ ئاتىلىدۇ. بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك بىر نەرسىگە بولغان چوڭقۇر ئىشەنچىگىز بولۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئۇ نەرسىگە بولغان بىلىمىگىز بولۇشى كېرەك. مانا بۇ ئىلىم. ئىشەنچ بىلەن بىلىم ئارىسىدا چوڭقۇر مۇناسىۋەت بار. دېمەك، قانچىلىك بىلسىڭىز شۇنچىلىك ئىشىنىسىز. بۇ سەۋەبتىن بىلىمسىز ئىماننى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئىمان يەنە بىر جەھەتتىن تىلىدا سۆزلىمەك ۋە قەلبىدە مۇئەييەنلەشتۈرمەك دېمەكتۇر. بۇ سەۋەبتىن سىز بىر نەرسىنى بىلمەي تۇرۇپ مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيسىز. شۇ سەۋەبتىن ئىمان، يەنى دىن بىلەن ئىلىم بىر-بىرىگە باغلىنىشلىقتۇر. شۇڭا بىلىم بولماستىن ئىمان مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ قۇرئاننىڭ تۇنجى ئايىتىنى «ئوقۇ، بىل» بۇيرۇقى بىلەن باشلايدۇ. «ئەشھەدۇ ئەننە لائىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەشەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئابدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ» دەپ شاھادەت ئېيتىمىز. بۇ «شاھىت بولدۇمكى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر ۋە شاھىت بولدۇمكى مۇھەممەد ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر». يەنى، بۇ يەردە شاھىتلىق ھەققىدە توختىلىۋاتىمىز. شاھىت بولماق بىلمەك دېمەكتۇر. يەنى شاھىت بولۇشتىن بۇرۇن بىر نەرسىنى

بىلمەك لازىم. بىلمەي تۇرۇپ شاھىت بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

ئەرەبچىدە «ئالىم» سۆزى بىر نەرسىنى كەڭ دائىرىدە بىلمەك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«ئىلىم» دېگەن نېمە؟ ئالىملار ئىلىمنى «ئىككى ئوخشاش نەرسە ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئالامەت ۋە ئىشارەت» دەپ تەرىپلەيدۇ. يەنى، بىلىم ساق ئادەم بىلەن ئاغرىق ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىلمەك ۋە كۆرمەك، دەپ تەبىر بېرىدۇ. ئەگەر سىز پسىخولوگىيە ئىلمىنىڭ ئادىمى بولسىڭىز، ساغلام پسىخولوگىيەسى بولغان ئادەم بىلەن پسىخولوگىيەسى ساغلام بولمىغان ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرەلەيسىز. پەلسەپە ئوقۇغان بولسىڭىز تەپەككۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرەلەيسىز، ۋەھاكازالار.

دېمەك، بۇ يەردىكى ھەقىقىي ئىلىم ھەق-ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرمەك، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرمەك، گۈزەللىك بىلەن سەتلىك ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرمەكتۇر. دېمەك بۇ پەرقنى كۆرەلىگەن كىشىنى بىز زىيالىي، بىلىم ئادىمى، ئالىم دەپ ئاتايمىز. ئەگەر بۇ پەرقنى كۆرەلمىسە بۇ جاھالەت دېمەكتۇر. يەنە بىر قىسىم ئالىملار ئىلىمنى «بىر نەرسىنىڭ ئارقىسىدىكى سەۋەبنى بىلمەكتۇر» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. يەنى بىر نەرسىنىڭ ئارقا تەرىپىنى، ھېكمىتىنى بىلمەك دېمەكتۇر. مەسىلەن، «بىر مىللەت نېمىشقا بۇ ھالەتكە كەلدى؟» دېگەن سوئالدىن يولغا چىقىپ، بۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق بىر مىللەتنى قايتا تىرىلدۈرۈش. بۇ ئۇيغۇر ئۆلىما، ئالىملىرى ۋە دىن ئالىملىرى ئورتاق مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. شۇنداقلا، «مىللىتىمىز چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى

كۆتىدۇ؟» ناملىق بۇ سوئال ئېرىشكۈسى جاۋابنىڭ يول خەرىتىسى.

ئىلىم ھەققىدە يەنە بەزى ئالىملار، بىلگەن كىشىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئارقىلىق ۋىجدانىنىڭ راھەتلىنىشىنى ساقلاپ قالغان نەرسە، دەيدۇ.

ئىسلام دىنىدا ئەقىل بىلەن ئىمان ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر مۇناسىۋەت بار. يەنى بۇ مۇناسىۋەت، ئەقىل بىلەن ۋەھىي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، كۆز بىلەن نۇر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر. ئەقىل كۆزدۇر، ۋەھىي نۇردۇر. ئەگەر كۆز بولمىسا نۇرنىڭ، نۇر بولمىسا كۆزنىڭ پايدىسى بولمىغاندەك كۆزسىز نۇرنىڭ، ئەقىلسىز ۋەھىينىڭ ھېچ قىممىتى بولمايدۇ.

ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى داڭلىق ئالىملار يەر شارىنىڭ مۇكەممەل ھالەتتىكى يارىتىلىشىنى بىلىشنىڭ ئۆزلىرىدە چوڭقۇر ئىمان تۇيغۇسى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. دۇنيانىڭ ئۇنىۋېرسال تارتىش كۈچى ۋە ھەرىكەتنىڭ ئۈچ قانۇنىنىڭ ئىجادچىسى نيۇتون، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتىكى ئاساسلىق مەقسىتىنىڭ ئاللاھنى تونۇغانلىقىدىن بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئالبېرت ئېينىشتېين ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى ئالىملارنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنىڭ ئەسلىدە ئاللاچان ئاللاھ تەرىپىدىن سىزىپ قويۇلغان سىزىقلارنىڭ ئۈستىنى قايتا سىزىپ قويۇش بولۇۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. كائىناتنىڭ نىزامى ۋە كىتابى بار. بۇ كىتاب ۋە بۇ نىزام دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن ھازىرغا قەدەر ئىلىم-پەن ۋە ئالىم-زىيالىيلار بىلەن دىن ۋە ئۆلىمالارنى ئىنتايىن زىچ بىرلەشتۈرۈپ كەلدى. لېكىن خىتايلار بۇنىڭ سىرتىدا. خىتايدا ئالىم-زىيالىيلىق بىلەن دىن

ۋە دىندارلىق بىر ـ بىرى بىلەن ھەرگىز چىقىشالمايدىغان ئىككى قۇتۇپ دېگەن ئىدېئولوگىيە ئىلگىرى سۈرۈلۈپ كېلىندى. بۇ نۇقتا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن دىنى زاتلىرى ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ كەسكىن بولدى. چۈنكى بۇ خىتاي ئىزچىل يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان، ئۇيغۇر خەلقىنى ئىچكى قىسمىدا بۆلۈپ ئىدارە قىلىش سىياسىتىنىڭ گىردە نېنىغا ياغ ـ قايماق سۈرۈپ بەرگەنلىك بولاتتى. نەتىجىدە زىيالىيلىق ئۆز قۇتۇپىغا قاراپ، دىنى ئالىملىقمۇ يەنە بىر قۇتۇپقا قاراپ كېتىۋەردى. بۇ خىل ئىلىم بىلەن دىننىڭ قۇتۇپلىشىشى ئۇيغۇر خەلقىگە ئىنتايىن ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. خىتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا يۈرگۈزۈۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە مېڭە يۇيۇش سىياسىتىنى ئوڭاي يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن بۇ خىل قۇتۇپلىشىش ئاكتىپ رول ئوينىدى.

ئىنسان تەپەككۇر قىلماي تۇرۇپ ھەقىقەتنى كۆرەلمەيدۇ. تەپەككۇر مۇنداق تۆت تۈرلۈك بولىدۇ:

1. ئۆتمۈش ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش.

2. ئۆتمۈش تەپەككۇرى ۋە تەجرىبە ساۋاقلىرى ئارقىلىق كېلەچەك ھەققىدە يەكۈن چىقىرىش.

3. ئۆتمۈش ۋە بۈگۈننى سېلىشتۇرۇش.

4. تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش.

ئىنسان ئەڭ ئاۋۋال تەپەككۇر قىلغۇچى ۋە مەۋجۇتلۇقنى ھېس قىلغۇچىدۇر. تەپەككۇر سوئاللارنى تۇغدۇرىدۇ. مەسىلەن،

خەلقىمىز چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن ۋە مەندىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟ دېگەندەك. ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلغاندا ئاندىن، «مەندىن نېمىنى كۈتىدۇ؟» دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلغاندا ئاندىن مىللەتنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىدىن ئىبارەت بۇ ۋەھىمىنى ھېس قىلىدۇ ۋە «بىزدىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟» دېگەن سوئال تۇغۇلغان بولىدۇ. ئەگەر ۋەتەندىن ئىبارەت بۇ زېمىندا مەۋجۇتلۇقنىڭ يوق بولۇشىدىن ئىبارەت بىر خەۋپ مەۋجۇت بولمىسا ئىدى، بىزدىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟ دېگەن سوئالمۇ تۇغۇلمىغان بولاتتى ۋە چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلاردىن بىرنەرسىلەر كۈتۈشتىن ئىبارەت بىر ئاڭ مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى. «ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟» دېگەن سوئالدىن ئۇيغۇر دېگەن بىر مىللەت مەۋجۇتلۇقنىڭ ھايات-ماماتلىق بىر تەھدىتكە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

مەسىلەن، تۈركلەر چەتئەللەردىكى تۈركلەردىن، ئەرەبلەر چەتئەللەردىكى ئەرەبلەردىن ۋە باشقا يەھۇدىيلار چەتئەللەردىكى يەھۇدىيلاردىن... بىر نەرسىلەر كۈتمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەركىن، ھەر نەرسىگە قادىر ھۆر دۆلىتى بار.

مەن ۋە بىز، بىرى شەخسىيەتچىلىكنى، يەنە بىرى كوللېكتىپ ۋە ھەمكارلىقنى ئىپادىلەيدىغان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىككى ئۇقۇم. ئامېرىكا ۋە كانادادىكى ئادەتتىكى بىر قەھۋەخانىلارغا كىرىپ ئىشلەشنى ئىلتىماس قىلسىڭىزمۇ سىزدىن ئىنگلىزچە «Do you have team work experience?» دەپ سورايدۇ. بۇ دېگەنلىك «سىزنىڭ ھەمكارلىشىپ ئىشلەش، گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلەش، ياكى كوللېكتىپ بولۇپ ئىشلەش

تەجرىبەڭ بارمۇ؟» دېگەنلىك. يەنى مەن ئەمەس، بىز بولۇپ ئىشلىيەلەمسەن؟ ئوخشىمىغان كۆز قاراش، ئوخشىمىغان پىكىر تەكلىپ، ئوخشىمىغان يول، ئوخشىمىغان ئېرىق-ئۆستەڭ ۋە دەريالار بىلەن قوشۇلۇپ بىر دېڭىزغا قۇيۇلالامسەن؟ دېگەندىن ئىبارەت. مانا بۇ كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى، ئامېرىكا ۋە كانادانىڭ دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالىشىدىكى سىر.

بىز ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا مەسىلىلىرى ئىنتايىن جىق بولغان بىر مىللەت. ئۇيغۇر مىللىتى، غايەت زور بىر ئەجدەر ۋەتەن ئىچىدە بولسۇن ۋە ياكى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا بولسۇن، سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشقان بولسۇن ياكى بولمىسۇن زەھەرلىك قولىنى ئۇزىتىۋاتقان بىر مىللەتمىز.

مىللىتىمىز چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟

خىتاي تۈرمىسىدىكى مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئىلھام توختىلار چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلاردىن ئۆزلىرىنىڭ ئاۋازى بولۇپ بېرىشىنى كۈتىدۇ. خىتاينىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا ئاياق-ئاستى قىلىنىۋاتقان ئەركىنلىك جەڭچىلىرىمىز، ۋەتەندە ھەق-ئادالەتنىڭ ئۆز ئورنىنى تېپىشى ئۈچۈن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنى ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن چەتئەللەردە توختىماي چۇقان سېلىشىمىزنى كۈتىدۇ. يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئانا تىلىمىز، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمىز، ئۆرپ-ئادەتلىرىمىز، دىنى ئېتىقادىمىز بىزدىن بۇ غايەت زور دېڭىز تاشقىنىغا تۇغان سېلىشىمىزنى، تۇغان سالالمىغان تەقدىردىمۇ، چۇقان بولسىمۇ سېلىشىمىزنى كۈتىدۇ.

ئىلىم ئەھلى دېمەك، ئاللاھقا بولغان سۆيگۈسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ۋە بۇ سۆيگۈدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەڭ

قورققـان كىشـى دېگەنلىكتـۇر.

ئىلىـم ئەھلـى دېگەنـدە، پەقـەت ئۇنىـڭ مۇۋەپپەقىيەتىـلا ئەمـەس، بەلكـى ئۇنىـڭ ئـۆز مىللىتـى ۋە خەلقىگە قانـداق خىزمەت قىلغانلىقـى كـۆزدە تۇتۇلـدۇ.

مىللىتىمىز چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟

بىلىـم ئەھلـى، زىيالىـي ۋە ئالىمـلار بىلـەن، دىـن ئەھلـى ۋە دىنـى ئۆلىمالارنىـڭ بىـر يۇقىرىـدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكـەن «work team» قىلىشـنى، يەنـى ھەمكارلىشـىپ ئىشلىيەلەيدىغان بۈيـۈك ھەمكارلىـق ۋە ئىتتىپاقلىـق تـورى بەرپـا قىلىشـنى ئۈمىـد قىلىـدۇ.

قىسقىسـى، ھـەق ناھـەق مەسىلىسـىدە، يـوق بولـۇش بىلـەن مەۋجـۇت بولـۇپ تـۇرۇش مەسىلىسـىدە، كىملىـك مەسىلىسـىدە سـۈكۈت قىلىـش جىنايـەت.

ئالـلاھ بىزگـە ھەيـران قالارلىـق يارىتىـش تېخنىكىسـى بىلـەن ئـاڭلا دەپ قـۇلاق، كـۆر دەپ كـۆز ۋە سـۈكۈت قىلما دەپ ئېغىـز بـەردى. ئەگـەر بىـز مۇشـۇ ئـۈچ ئەزايىمىزنـى ياخشـى جـارى قىلدۇرالىسـاق، بۇنىڭغـا يەنـە «مـەن» ئەمـەس، «بىز»دىـن ئىبارەت «team work»نـى قوشالىسـاق ئىدۇق، بارلىق كۈتۈشـلەر، بارلىـق مۈشـكۈلاتلار ۋە بارلىـق زۇلۇملارغـا چارە تاپالىغـان بولاتتۇق.

2017 - يىلى 28 - ئاۋغۇست

# ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئۇيغۇر ئانا تىلى ۋە ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى قوغدايدىغان مۇستەھكەم سېپىل

يېقىندا ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر ئانا تىلىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدىكى ھۆججىتى تارقىتىلغاندىن كېيىن، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە قەلەم ئىگىلىرى «ئۇيغۇر ئانا تىلى دۇچ كېلىۋاتقان خىرىسلارغا قانداق تاقابىل تۇرىمىز؟» دېگەن تېما ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا ۋە قەلەم تەۋرىتىشكە باشلىدى. مەنمۇ بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئانا تىلىم دۇچ كېلىۋاتقان بۇ خىرىسلار شۇنداقلا، بۇ خىرىسنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

مېنىڭچە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئانا تىلىنى يوق قىلىش مەقسىتىگە ئوڭۇشلۇق يېتىش ئۈچۈن، ئىشنى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ بۆشۈكى ھېسابلانغان ئۇيغۇر مەھەللىرىنى خانىۋەيران قىلىشتىن باشلىدى.

ئۇيغۇر مەھەللىلىرى، ئۇيغۇر ئانا تىلى، ئۇيغۇر مەشرەپلىرى، ئۇيغۇر پۇتبولى، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلىتىدۇر. گەرچە ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنيادا ئىنتايىن قۇدرەتلىك دەپ قارالغان بىر ھەربىي كۈچ كونترول قىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇيغۇرلار بۇ دۆلەتلىرى بىلەن ئەسىرلەرنى ئەسىرلەرگە ئۇلاپ،

خىتاينىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە يۈرگۈزگەن ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى مەنسىتمەي كەلدى. ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئۆلمىسۇن، ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئۆلمىسۇن، مىللەت ئۆلمىسۇن.

ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس نەرسىلىرى بولىدۇ. بۇ ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس نەرسىلىرى بولغانغا ئوخشايدۇ. ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس قىممەتلىك ئەڭگۈشتەرى. ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئۇزاق تارىخلاردىن بۇيان مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، دىنى ئېتىقادى ۋە مىللىي كىملىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئوينىغان ھىيلە-مىكىرلىرىنى بىتچىت قىلىپ كەلگەن مۇستەھكەم قورغان. ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئۇيغۇر مىللىي روھىيىتىنىڭ جۇغلانمىسى بولۇپ، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مەھەللە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قالالىغان غۇلجا، قەشقەر، خوتەن، قۇمۇل، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭگىۋار روھىيىتىمۇ ساقلىنىپ كەلگەن.

ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ۋە غەربنى ئېچىش دەيدىغان شېكەر يالىتىلغان شوئارلار بىلەن ۋەتىنىمىزگە، شۇنداقلا غۇلجا شەھىرىگە بۆسۈپ كىرگەن خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل مەھەللىرىنى دەسسەپ چەيلىدى. گۈل-گىياھ، باغۇ-چىمەنلىك بىلەن چىقىشالمايدىغان خىتاي ئاققۇنلىرى، نى-نى قوغدىلىدىغان قىممەتلىك رايونلىرىمىزنى، باغۇ-بوستانلىقلىرىمىزنى، ساياھەت رايونلىرىمىزنى ئەخلەتخانىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

ئۇلار بىرمۇ خىتاي ئارىلىشىپ باقمىغان، ساپ ئۇيغۇر مەھەللىرىدىن ئەندىشە ۋە قورقۇنچ ھېس قىلاتتى. بۇ مەھەللىلەر ئۇلار ئۈچۈن گاھ خۇددى شىددەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ

كېلىۋاتقان دېڭىز تاشقىنى(تۇسۇنامى)نى ئەسلەتسە، گاھ غەزەپ بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان شىر، يولۋاس ۋە بۆرىلەر توپىنى ئەسلىتەتتى. ھەر كۈنى چارلاش ئېلىپ بارىدىغان خىتاي ئەسكەرلىرى نەزىرىدىكى غۇلجا مەھەللىلىرى سىرلىق ۋە قورقۇنچلۇق جاي ھېسابلىناتتى. ئۇلار يىراق جېجياڭ، جياڭسۇ قاتارلىق ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىدىن شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ ئۆلۈشتىن ئىنتايىن قورقاتتى.

دەرھەقىقەت ئۇلار ئاتالمىش شىنجاڭغا كەلگەندىن بۇيان سۈنئىي ھالەتتە ئۇيغۇرلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىپ كەلدى. ئەسكەرلەر، خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەڭگۈ ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتالمايدىغانلىقىنى، ئەگەر خىتاي «ئازادلىق» ئارمىيەسى ۋە بىڭتۈەن بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا بۇ ۋەتەندە خىتايلارنىڭ بىرەر كۈنمۇ ئارامدا ياشىيالمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى.

غۇلجا شەھىرىدىكى مەشھۇر تاشلەپكى بازىرىدىن شىمالى يۆنىلىش بويىچە ماڭغاندا، ئۆزبېك مەھەللىسى، دۆلەت باغ مەھەللىسى، توپ تېرەك مەھەللىسى، تاجىۋاي مەھەللىسى، تۆرەم مەھەللىسى، غوپۇرباي مەھەللىسى، قازانچى مەھەللىسى، كۆنچى، ئۈچ دۇكان، تۆت دۇكان، تۆپچى مەھەللىسى، تاشكۆۋرۈك مەھەللىسى، ئاغۇ مەھەللىسى قاتارلىق سانجاق-سانجاق ئۇيغۇر مەھەللىلىرى سوزۇلۇپ ياتىدۇ. شەرقتىن غەربكە، شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلۇپ ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ مەھەللىلەر گاھ مۇستەھكەم پولات زەنجىرلەر توپىنى ئەسلەتسە، گاھ مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ مىللىي كىملىكىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان قاراۋۇللارغا ئوخشايدۇ.

بۇ مەھەللىلەر رىۋايەتلەردىكى يېرىلىك تېشىمدەك يېرىلىپ،

زۇلۇم ۋە قىيىن ـ قىستاق ئازابىدا ئىڭرىغان قانچىلىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە ۋاقىتلىق بولسىمۇ باش پاناھ بولۇپ كەلدى. مەھەللىدىن ئىبارەت بۇ پولات قورغان خىتاي قوغلىغان قانچىلىغان ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ ئۇلارغا پاناھلىق بەردى.

گەرچە ئۇيغۇر مەھەللىلىرى تىپ ـ تىنچ ۋە چەكسىز كەتكەن دېڭىزدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇ بارلىق ئىنقىلابلارنىڭ ئوچىقى ئىدى. ئۇيغۇر مەھەللىلىرى مەھەللە دېگەن نامى بىلەنلا خۇددى خىتايغا قارشى يوشۇرۇن يەر ئاستى تەشكىلاتىغا ئوخشايتتى.

ئۇيغۇر مەھەللىلىرى كۆلكە ـ چاقچاق، ساز ـ نەغمىلىرى بىلەن بىغەم ۋە بىخۇدتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئويغاق ۋە ھوشيار ئىدى. بىزنىڭ سانجاق ـ سانجاق ئۇيغۇر مەھەللىلىرىمىز خىتاي مۇستەملىكە قىلىۋالغان 70 يىلدىن بۇيان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، دىنى ئېتىقادى ۋە مىللىي كىملىكىنى قوغداپ قېلىشىمىزدا مۇھىم ھەسسە قوشۇپ كەلمەكتە.

مەھەللىسى بولمىغان مىللەتنىڭ ھېچنېمىسى بولمايدۇ. مەھەللىسى بولمىغان مىللەت ئۆز مەدەنىيىتى، دىنى ئېتىقادى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆز نەرسىلىرىدىن تېز يىراقلىشىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ، مەشرەپ، كۆلكە ـ چاقچاق، لەتىپە سورۇنلىرى ۋە پۇتبول سۆيەر روھ خىتاي سىياسەتۋازلىقى ۋە شوئارۋازلىقىدىن خالى خاسلىقلار بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر بولۇپ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قېلىشىدىكى مۇھىم ئامىللاردۇر. غۇلجا خەلقى ھەر قايسى دەۋرلەردە بېشىغا كەلگەن ئەڭ ئېغىر كۈلپەت ۋە زۇلۇملارنى مانا مۇشۇنداق تۇرمۇش پۇرىقىغا

باي مەھەللىلىرى ئارقىلىق يېڭىپ كەلگەن. سۆيۈملۈك ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە يىلتىز تارتىپ مۇستەھكەملىنىپ كەلگەن ئىلى خەلق ناخشىلىرى، ئىلى خەلقىنىڭ خىتاي ئېلىپ كەلگەن شۇنچە زۇلۇملارنى يېڭىپ، روھى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشىدىكى يەنە بىر مۇستەھكەم پولات قورغاندۇر.

ئىلى خەلق ناخشىلىرى، ناخشا ئەمەس داستان. ئىلى خەلق ناخشىلىرى ناخشا ئەمەس، بەلكى خىتايغا قارشى نامايىشلاردا توۋلانغان شوئارلارنىڭ مۇزىكىدا بىلەن كىرىشتۈرۈلۈشى. ئىلى خەلق ناخشىلىرى ناخشا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاچچىق كەچمىشلىرىنىڭ ئاغزاكى ساقلىنىپ قېلىشى.

ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرى بىلەن ئىلى خەلق ناخشىلىرى ۋە ئىلى چاقچاقلىرى ئۆزئارا گىرەلىشىپ چىپسىلىشىپ كەتكەن تەن بىلەن جان. غۇلجا مەھەللىلىرى ئىلى خەلق ناخشىلىرى بىلەن ئىلى چاقچاقلىرىنى يېتىشتۈرۈپ تاۋلىغان ئاق باش ئانا.

ئەلۋەتتە، خىتاينىڭ غۇلجا شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەندىشىسى، ئۆزئارا گىرەلىشىپ چىپسىلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئىدى. خىتايلار نەزىرىدە ساپ ئۇيغۇر مەھەللىلىرى، بۈككىدە، قاراڭغۇ ۋە سىرلىق ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىرىغا ئوخشايتتى. خىتايلار بىرمۇ خىتاي ئارىلاشمىغان ساپ ئۇيغۇر مەھەللىرىدە نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي ئەندىشە ئىچىدە ئىدى. خىتايلار ئۇيغۇر مەھەللىرىگە مائاشلىق ئايغاقچىلار ۋە قۇلاقلارنى يەرلەشتۈرۈپمۇ ئۈنۈملۈك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولۇپ، «بۇ چەنتۇلارنىڭ مەھەللىلىرى خەتەرلىك، ئۇلارنىڭ بۇ توپىنى بۇزۇۋېتىش كېرەك، كۆلىنى ئاسمانغا سورۇۋېتىش كېرەك»

دەيتتى يۈرەكلىرى ئېچىشقان هالدا.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى غۇلجىدىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىگە بۆسۈپ كىرىش ۋە بۇزۇپ-چېقىش پىلانىنى تۈنجى بولۇپ 1990-يىللاردا غۇلجا شەھىرىگە قاراشلىق خەنبىڭ يېزىسىدا باشلىدى. ئۇلار خەنبىڭ يېزىسىدا «تەرەققىيات رايونى قۇرىمىز» دېگەن باھانە بىلەن، دەسلەپتە 40 ئائىلىلىك دېھقانىنىڭ قولىغا 40-50 مىڭ يۈەندىن پۇل بېرىپ، ئۇلارنىڭ مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ، بۇ ئالتۇن قوزۇقنى ئىچكىرىدىن كەلگەن ئاققۇن خىتايلارنىڭ تاۋار ئۆي سېتىشى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ جۇغراپىيەدە ماكانلىششى ئۈچۈن زېمىن هازىرلاپ بەردى. بۇ ئاققۇن خىتايلار خەنبىڭ يېزىسىدا يۈزلەرچە ۋە مىڭلارچە تاۋار ئۆيلەرنى سېلىپ، 50 ياكى 60 كىۋادرات مېتىرلىق تاۋار ئۆيلەرنى نەچچە يۈز مىڭ يۈەندىن سېتىپ، شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئىنتايىن تېز بېيىپ كەتتى. بۇ زېمىنىنىڭ ھەقدار ئىگىسى بولغان خەنبىڭ يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ بۇ ئۆيلەرنى سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيتتى. ئەسلىدە بۇ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئاتالمىش تەرەققىيات رايونى قۇرىمىز دېگەن شوئار ئاستىدا ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى بۇزۇش، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ئەبگارلاشتۇرۇش ۋە نامراتلاشتۇرۇش، خۇددى سۇسىز قاغجىرىغان چۆل-جەزىرىدەك تاشلاپ قويۇش هىيلىسى ئىدى. دېھقان ئەلۋەتتە يەر بىلەن دېھقان.

ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ۋە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىنسانىي هەقلىرىدىن سۆز ئېچىشقا توغرا كەلگەندە، بۇ رايونلاردا تەرەققىيات رايونى قۇرۇشنىڭ ھەقدار ئىگىلىرى يەنىلا ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىدى. هۆكۈمەت ئۇيغۇر

دېھقانلىرىنى تەشكىللەپ، پاي قوشۇش، يەر چىقىرىش ۋە ھۆكۈمەت بانكا ياردىمى بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق بۇنداق تەرەققىيات رايونلىرىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى بېيىش يولىغا باشلىغىلى بولاتتى. ئەمما بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان سۇيىقەست ۋە پىلانلار يوشۇرۇنغان ئىدى. مەقسەت ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى بۇزۇش، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى نامراتلاشتۇرۇش.

2000-يىلىغا كەلگەندە خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى شەھەر قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش دېگەن نام ئاستىدا غۇلجا شەھىرىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان ئۈچ دەرۋازا، نوۋىيگۇرت قاتارلىق مەھەللىلەردىكى نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قورۇ-جايلىرىنى ئەرزان باھادا مەجبۇرىي سېتىۋېلىپ، شەھەر يوللىرىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى. ئەسلىدىكى ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى تارىخى كوچىلارنىڭ ناملىرىنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ، جياڭسۇ يولى، سىچۈەن يولى دېگەندەك نامىلارنى قويدى. ئەسلىدىكى بۆككىدە ئاق تېرەكلىك، ئېرىق سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان ئۈچدەرۋازا كوچىلىرىنى بۇزۇپ، دەسسەپ يانجىپ نۇرغۇنلىغان تاۋار ئۆيلەرنى سېلىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن خىتاي ئاققۇنلارنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۇيغۇر مەھەللىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. 2000-يىللاردا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئېلىپ بارغان شەھەر قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش سۇيىقەستىدە نۇرغۇنلىغان باغۇ-بوستانلىق ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ۋەيران بولدى.

«بۇلۇتلاردىن ھالقىغان تۇلپار» ناملىق كىتابنى يازغان كانادالىق يازغۇچى روبېرت، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تەرەققىيات رايونى قۇرۇش باھانىسىدە قەشقەر ۋە غۇلجا قاتارلىق قەدىمى شەھەرلەرنى چېقىپ تاشلاۋاتقىنىدەك تاكتىكىنى، ئەينى چاغدا

ناپالېئوننىڭ پارىژنى ئىشغال قىلىشتا ئىشلەتكەن تاكتىكىسى بىلەن ئوخشاش دەپ يازغان.

روبېرتنىڭ قارىشىچە، شەھەر قورۇلۇشىنى كېڭەيتىش مۇستەملىكىچىلەرنىڭ شەھەرلەرنى مۇھاسىرە قىلىشتا تاللىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى بولۇپ، ئەگەر ئۆز مۇستەملىكە رايونلىرىدا ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيانلار ۋە پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى سادىر بولغاندا، تاجاۋۇزچى ئارمىيە ـ قىسىملىرى ۋە تانكىلىرىنىڭ شەھەرگە بىمالال كىرىشىگە قولايلىق بولىدىكەن. ناپالېئون ئەينى چاغدا پارىژنى ئىشغال قىلىشتا قوللانغان بۇ شەھەر قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش تاكتىكىسىنى كېيىنكى مەزگىللەردە فىرانسىيە ئالجىرىيە ۋە تۇنىسنى بېسىۋالغاندىمۇ قوللانغان. مۇستەملىكىچىلەر ھەر ۋاقىت مۇستەملىكە تاكتىكىلىرىنى ئىشقا سېلىشتا ئۆزئارا شېرىكلىشىپ كەلگەن.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرەققىيات رايونى بەرپا قىلىش، غەربنى ئېچىش ۋە شەھەر قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش دېگەندەك چىرايلىق ياغلىما سۆزلەر بىلەن بىرىنچىدىن، سانجاق ـ سانجاق ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى يوق قىلسا؛ ئىككىنچىدىن، تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانغا كۆچمەن يۆتكەۋاتىدۇ.

ھالبۇكى، سۆيۈملۈك ئۇيغۇر مەھەللىلىرى خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ سەددىچىندىن ھالقىپ ۋەتىنىمىزگە يامراپ كېتىشىنى مۇداپىئە قىلىدىغان پولات قورغان.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تىبەت، ئۇيغۇر ۋە موڭغۇللارغا قاراتقان مۇستەملىكە سىياسىتى ئىچىدە، ئىچكى موڭغۇلنى مۇستەملىكە قىلىش ئۇسۇلىنى پۈتۈن خىتايغا ئۈلگە دەپ قارايدۇ. چۈنكى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئىچكى موڭغۇلدىكى تەبىئىي يايلاقلارنى

ۋەيران قىلىش ئارقىلىق، ئىچكى موڭغۇلدا ئىنتايىن خەتەرلىك مۇھىت بۇلغىنىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بەدىلىگە، سانسىزلىغان خىتاي ئاققۇنلىرىنى ئىچكى موڭغۇلغا يۆتكەپ چىقىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ھازىر ئىچكى موڭغۇلدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردە ئاران 17% موڭغۇل قالغان بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 83% خىتاي ئىكەنلىكى مەلۇم. تېخىمۇ ئېچىنارلىقى شۇكى، ئىچكى موڭغۇلنىڭ كۆكخوت شەھىرىدە موڭغۇل نوپۇسى ئاران 10%گە چۈشۈپ قالغان.

5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ قەھرىمان شېھىتلىرىدىن ئابدۇخېلىل ئابدۇمىجىت، تۇرسۇن سەلەي، ئابدۇسالام قارىم، ئىبراھىم ئىسمائىل، ئابدۇۋەلى ئابابەكرى ۋە بىز ئىگىلەشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان نۇرغۇنلىغان قەھرىمان ئۇيغۇر شېھىتلىرىنى مانا مۇشۇ سۆيۈملۈك ئۇيغۇر مەھەللىلىرى يېتىشتۈرگەن. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تېررورچى دەپ قوغلاپ كەلگەندە، خۇددى يېرىلىك تېشىمدەك يېرىلىپ ئۇلارنى ئۆز قوينىغا ئالغان. 1998-يىلى 26-ئىيۇن ئۇچۇن توقۇنۇشىدا شېھىت بولغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى قەھرىمان شېھىت تۇرسۇن سەلەينى ئەينى چاغدا ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنىڭ قانداق قوينىغا ئالغانلىقى غۇلجا خەلقىگە سىر ئەمەس.

مۇۋەپپەقىيەت ئىنسانغا كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىتەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما مەغلۇبىيەت كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ. گەرچە 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى دەرىجىدىن تاشقىرى ھەربىي كۈچى ئارقىلىق مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىنقىلاب ئېلىپ كەلگەن ئاچچىق تەجرىبە-ساۋاقلار مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ. غۇلجا مەھەللىلىرى، 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىن ئىبارەت مىللىي، دىنىي ۋە روھى ئويغىنىش ھەرىكىتىنى بەرپا

قىلغان يىلتىز. «مەن كىم؟» دېگەن سوئال ئاستىدا ئۆز-ئۆزىنى ئىزدەش، ئۆز-ئۆزىنى سىلكىش روھىنى يېتىلدۈرگەن مەشھۇر مەشرەپ پائالىيىتى ئەنە شۇ غۇلجا مەھەللىلىرىدە تۇغۇلغان، تاۋلانغان ۋە پارتىلىغان.

1997-يىلى يۈز بەرگەن 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى غۇلجا شەھىرىدە خىتايلار رايونى ۋە ئۇيغۇرلار رايونى دەيدىغان ئىككى رايون بەرپا قىلىش ئىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇردى. ئۇيغۇر خەلقى غۇلجا شەھەر قىزىل بايراق سودا سارىيىنىڭ يۇقىرىسىنى، يەنى خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئېچىۋېتىش رايونلىرىنى ياۋروپا؛ قىزىل بايراق سودا سارىيىنىڭ تۆۋەن تەرىپى، يەنى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى بولسا ئاسىيا قىتئەسى دەپ تەرىپلىدى.

خىتاي تەرەققىيات رايونى شەھەرچىسى بەرپا قىلىش نامى بىلەن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى بۇزۇپ چېقىپ، خانىۋەيران قىلىش بىلەن بىرلىكتە، غۇلجا شەھىرىگە كۆچمەن يۆتكەش ئىشىنى يانداش ئېلىپ باردى. بۇندىن 20 يىل ئاۋۋال، يەنى 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بەرگەن مەزگىللەردە، غۇلجا شەھىرىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 300 مىڭ بولغان بولسا ھازىر بىر قاتلىنىپ 600 مىڭغا يەتكەن. خىتاي دائىرىلىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنى بىر مىليونغا يەتكۈزۈش پىلانىنى تۈزمەكتە.

خىتاي ھۆكۈمىتى، شەھەر تەرەققىيات رايونى قۇرۇش، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كۆپلەپ كۆچمەن يۆتكەش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن، ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ مۇستەھكەم قورغىنى ھېسابلانغان ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاش نىشانىغا يېتىش قەدىمىنى ناھايىتى تېزلەتكىنىگە قارىماي، ئۆزلىرىنىڭ

بۇ ئىشلىرىدىن يەنە مەمنۇنىيەت ھېس قىلمىدى ۋە يېقىندا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كوچا، بازار ۋە رەستىلەرنى تارقاقلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنىڭ ماكانى بولغان غۇلجا شەھەر گەلەنتىر، غۇلجا شەھەر تاشلەپكى بازىرى، غۇلجا شەھەر خىتاي بازىرى قاتارلىق بازار-رەستىلەردىكى كونا ئۇيغۇر سودا-تىجارەتچىلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەن ئۇستىلىرىنىمۇ تارقاقلاشتۇرۇپ، خىتايلار بىلەن ئارىلاش سودا-تىجارەت قىلىشقا قىستىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غۇلجا شەھەر خىتاي بازىرى، گەلەنتىر ۋە تاشلەپكى قاتارلىق قەدىمى سودا بازارلىرىنى چېقىپ تاشلاپ، زامانىۋى سودا سارايلىرىنى بەرپا قىلىش، شەھەر قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق باھانە-سەۋەبلەر بىلەن، ئۇيغۇر سودا-تىجارەتچىلىرىنى خىتايلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن.

كانادالىق يازغۇچى روبېرتنىڭ «بۇلۇتلاردىن ھالقىغان تۇلپار» ناملىق كىتابىدا، يېڭى تەرەققىيات رايونى بەرپا قىلىش باھانىسىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قەدىمى قەشقەر شەھىرىنى خانىۋەيران قىلىۋاتقانلىقىغا ئالاھىدە يەر بېرىلگەن.

2005-يىلى غۇلجىدا يۈز بەرگەن 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى، 2009-يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى ۋە ئۇندىن باشقا قەشقەر، خوتەن قاتارلىق بارلىق شەھەرلەردە يۈز بەرگەن خىتاي ھۆكۈمىتىگە بولغان نارازىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ قانلىق باستۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر خەلقى بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدىكى چەك-چېگرا يۈتۈنلەي ئايرىلغان.

بۇنىڭ بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىدە ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدىن

ئەنسىرەش ھېسسىياتى تېخىمۇ ھەسسىلەپ ئاشقان. خىتايلار ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ مۇستەھكەم قورغىنى ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى بىتچىت قىلىپ پاچاقلاپ تاشلىماي تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش نىشانىغا يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت 2017-يىلى 7-ئاينىڭ 6-كۈنى ئارىلاش ئولتۇراقلاشقانلارنى مۇكاپاتلاش ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ناملىق ھۆججەت تارقاتقان. بۇ سىياسەت بويىچە بولغاندا چوقۇم ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار مەجبۇرىي رەۋىشتە ئارىلاش ئولتۇراقلىشىدىغان بولۇپ، بۇ سىياسەت يەرلىكتە يۈرگۈزۈلگەن شارائىت ئاستىدا قىسقىغىنا 10-15 يىل ئىچىدە ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان بارلىق شەرقىي تۈركىستان شەھەرلىرىدە «ئۇيغۇر مەھەللىسى» دېگەن بىر نەرسە مەۋجۇت بولماسلىقى مۇمكىن.

خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇر مەھەللىرىنى خانىۋەيران قىلىش، شەرقىي تۈركىستاندا خاس ئۇيغۇرلار بەرپا قىلغان ئۇيغۇر مەھەللىرىنى كۆزدىن تېزرەك يوقىتىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھرىدە ھۆكۈمەتنىڭ تارقاقلاشتۇرۇپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش سىياسىتىگە يېقىندىن ماسلاشقان ئۇيغۇرلارغا 80 مىڭ يۈەن مۇكاپات پۇلى بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. ئۈرۈمچىنىڭ تەڭرىتاغ ۋە سايباغ رايونلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى شەھەرنىڭ غەربىي قىسمىغا، يەنى خىتاي ئاھالىلىرى كۆپ بولغان يېڭى شەھەر رايونى، يۇقىرى تەرەققىيات رايونى، تۇدۇڭخابا رايونى ۋە مىدۇڭ رايونلىرىغا تارقاقلاشتۇرۇپ ئولتۇراقلاشتۇرۇشقا باشلىغان. مەقسەت ئۇيغۇرلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ يېقىندىن نازارەت قىلىپ تۇرۇش.

تارقاقلاشتۇرۇپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا ئاساسلانغاندا، بۇ بەلگىلىمە بويىچە ئۆي سېتىۋالغان خىتاي ياكى ئۇيغۇر بولسۇن چوقۇم شۇ رايوندا 10 يىلغىچە ئولتۇرۇشى كېرەك. ئەگەر ساتماقچى بولسا چوقۇم خىتاي-خىتايغا، ئۇيغۇر-ئۇيغۇرغا سېتىشى كېرەك. بۇ سىياسەت بويىچە بولغاندا بىر ئولتۇراق بىنا 50% ئاكا مىللەت خىتايدىن، قالغان 50%تى باشقا مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان بولۇشى كېرەك. بۇ بەلگىلىمىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغىنى ئۈچ ئەۋلاد سىياسىي جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن بولۇش دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ نۇقتىلىق ھالدا ئۇيغۇرلارغا قارىتىلىۋاتقانلىقى ئېنىق. چۈنكى خىتايلارنىڭ ۋەتىنىمىزگە ئاققۇن بولۇپ كېلىش تارىخىدا ئۈچ ئەۋلاد بولۇش مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن خىتايلار ناھايىتى ئاز. بۇ بەلگىلىمىدە يەنە ئۈچ ئەۋلاد سىياسىي جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن دېگەن ماددىنى ئالاھىدە كىرگۈزۈش ئارقىلىق خىتاي پۇقرالىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە تىنچ ئامانلىقىنى ئالاھىدە قوغداش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يەنىلا 2-سىنىپ مۇئامىلىسىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس. چۈنكى تۈرمىلىرى ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن خىتاي جەمئىيىتىدە، سىياسىي جىنايەت ئۆتكۈزۈش دېگەننىڭ نۇقتىلىق ھالدا ئۇيغۇرلارغا قارىتىلىدىغانلىقى ھەممىگە تونۇش بىر لوگىكا.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلغان ئاز كەم 70 يىل جەريانىدا، ئۇيغۇر خەلقىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماي كەلدى.

گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى تارقاقلاشتۇرۇپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش سىياسىتىنى، ئاتالمىش شەھەر تەرەققىيات

رايونى بەرپا قىلىش، زامانىۋى كوچا بازار بەرپا قىلىش قاتارلىق چىرايلىق ناملار ئاستىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ داۋامى دەپ قاراۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى خىتاي ئۈچۈن بىر مۈشكۈل مەسىلە بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، خىتاي بۇ سىياسەتنى ئۆزلۈكسىز 80 مىڭ يۈەن مۇكاپات پۇلىدىن ئىبارەت يەمچۈك تاشلاش ئۇسۇلى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشۇرالىدى دېگەن تەقدىردىمۇ، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردە ئەمەلگە ئاشۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ۋەتەنىنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى، يەنى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار كىشىلەر ياخشى بىلىدۇكى، بۇ شەھەرلەردە ھېلىغۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچ ئەۋلاد سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى تەكشۈرۈلىدىكەن، ھەتتا 10 ئەۋلاد تەكشۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ خىتايلار، ئۇيغۇرلار بىلەن بىر رايوندا قوشنا بولۇپ ئولتۇرۇشتىن ئۆزلىرىگە ۋەھىمە ھېس قىلىشىدۇ. ئېنىقكى، بۇ تارقاقلاشتۇرۇپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش سىياسىتى ئۇيغۇر شەھەرلىرىدە يەنىلا ئاقمايدۇ. بۇ سىياسەتنى بۇزغۇچىلار خىتايلار بولىدۇ.

مەن يۇقىرىدىكى بۇ كەسكىن جۈملىلەرنى، 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بەرگەن چاغدىكى غۇلجا ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق جەزملەشتۈرمەكتىمەن.

1997-يىلى غۇلجا 5-فېۋرال ئىنقىلابى يۈز بەرگەندە، غۇلجا شەھىرىدە ئىلى ھەربىي رايونى، ئىلى ئوبلاستلىق زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش قوراللىق ئەترىتى، ئىلى ئالاھىدە ۋەقەلەرگە قارشى تۇرۇش قوراللىق ساقچى ئەترىتى، بىڭتۈەن ھەربىي قىسمى، 8667-قىسىم قاتارلىق 100 مىڭدىن ئارتۇق ئېغىر تېپتىكى قوراللار بىلەن قوراللانغان ھەربىي قىسىم، 300

مىلىڭ نوپۇسى بار كىچىككىنە خىلۋەت شەھەر غۇلجىنى قورشاۋغا ئالغان ئىدى. بۇ قورالLIق قىسىملارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى خىتاي پۇقرالىرىنى ئۇيغۇرلاردىن ھەزەر ئەيلەش، قوغداش ۋە مۇداپىئە قىلىش ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۆي-ماكانىنى تاشلاپ ئىچكىرىگە كېتىش ئۈچۈن غۇلجا شەھەرلىك داشىجىئە قاتناش بېكىتىگە كېلىپ يېتىۋالغان خىتايلار، ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان ئۇزۇن يوللۇق قاتناش قىستاڭچىلىقى پەيدا قىلغان ئىدى.

بۇ خىل ئەھۋالنىڭ 1974-ياكى 1975-يىللىرىدىمۇ يۈزبەرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. يەنى ئەينى يىللاردا «سوۋېت ئىتتىپاقى بومبا تاشلايدىكەن» دېگەن سۆز-چۆچەكلەر تارقالغان، خەندەك كولاش ئەۋج ئالغان يىللاردا خىتايلارنىڭ قورقۇپ ئىچكىرىگە قېچىش ھادىسىسى يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇزۇن يوللۇق قاتناش بېكەتلىرى، قانچە كۈنلەپ ئۇزۇن ئۆچىرەتلەردە تۇرۇپ كەتكەن خىتايلار بىلەن ئالدىراش بولغان ئىكەن.

ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك-پوك بولىدۇ. ھەر جايدا، ھەر ماكاندا خىتاي يەنە بىر تەرەپتىن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن خىتايغا كۆچمەن چاقىرىۋاتىدۇ، ئۇيغۇر قىزلىرىنى خىتاي يىگىتلىرىگە ئۆيلىنىشكە قىستاۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پۇل بىلەن سېتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ، يەنى ئىنسانلارنىڭ ياشاش ئادەتلىرىنى، ئار-نومۇسى ۋە غۇرۇرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق شەخسى ھېسسىياتلىرىنى يالت-يۇلت قىلىدىغان تاۋار-دۇردۇنلار بىلەن يۆگىمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئەمما بىر نۇقتىنى سەل قاراۋاتىدۇ، يەنى مەنىۋى مەسىلىلەرگە سىياسى تەدبىرلەرنىڭ كار قىلمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتكە

سەل قاراۋاتىدۇ. بۇ نۇقتا ئۇيغۇرلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى خىتاي خەلقى ئۈچۈنمۇ شۇنداق. قوشماق تۇغقان سىياسىي دەيدىغان سۈنئىي تۇغقاندارچىلىق، مەجبۇرىي بىر بىنادا قوشنا قىلىش سىياسىتى، شۇنداقلا دوقمۇش-دوقمۇشتىكى تەكشۈرۈش چارىلىرى ۋەھاكازالار، بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن ھامان بىر كۈن خىتايلارنىمۇ بىئارام قىلىدىغان بىر باش ئاغرىقىغا ئايلىنىشى ۋە ئالە شەھرىگىنى دەيدىغان نۇقتىغا ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر مەھەللىلىرى، ئۇيغۇر ئانا تىلى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى، ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ۋە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى تۇغقان ۋە ئالتۇن بۆشۈكدە ئەللەيلەپ يېتىشتۈرگەن مۇستەھكەم قورغان. ئەگەر مەھەللىلىرىمىز قولدىن كەتسە، ھەممە نەرسىمىز قولدىن كېتىدۇ.

2000-يىللاردىن كېيىن غۇلجا شەھرىگە شەھەر باشلىقى بولۇپ كەلگەن جاۋ باۋ خۇا ئىسىملىك بىر خىتاي، غۇلجا شەھرىدىكى مەھەللىلەرنى بۇزۇپ-چېقىش ئىشىنى ناھايىتى رەھىمسىزلەرچە ئېلىپ بارغان خىتاي مۇستەملىكە ئەمەلدارلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ غۇلجا شەھرىدىكى مۇھىم رايونلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن خېرىدار چاقىرىپ سېتىشتا داڭ چىقارغان. ئۇ غۇلجا شەھرىگە يېقىن بولۇشتەك ئەۋزەللىكلىرىگە ئىگە خەنزۇلارنىڭ يېزىسى بىلەن شەرق مەھەللىسىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى مەجبۇرى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىشنى سىياسەتلەشتۈرگەن.

2010-يىلى ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىگە ئۆز شىكايىتىنى ئاڭلاتقان غۇلجا شەھەر خەنزۇلار يېزىلىق مەرزىيەم ئىسىملىك بىر ئايال، قورۇ-جايىنىڭ جاۋ باۋ خۇا تەرىپىدىن

ناھايىتى ئەرزان باھادا مەجبۇرى تارتىۋېلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە شىكايەت قىلغان. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ قورۇ-جايىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن خىتاي دائىرىلىرى قوراللىق كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئەلپازى بەك يامان بولۇپ، سەللا چاتاق چىقسا ئېتىپ تاشلايدىغاندەك ھالەتتە بولغان. مەرزىيەم خانىم يەنە ئەھۋال بىلدۈرۈپ، مەجبۇرى تارتىۋېلىشنى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ يانفون ئىشلىتىشنى قەتئىي چەكلىگەنلىكىنى، يانفون ئارقىلىق رەسىمگە تارتىش ۋە ياكى تېلېفوندا سۆزلىشىش مەنئى قىلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن. دېمەككى، خىتاي دائىرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆي-ماكانلىرىنى مەجبۇرى تارتىۋېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى ساقلايدىغان بىردىنبىر قورغىنى ھېسابلانغان مەھەللىلىرىنى خانىۋەيران قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ جىنايى قىلمىشنى دۇنيانىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان. مەرزىيەم خانىم يەنە مۇخبىرغا يىغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قورۇ-جايىنى ئەرزان باھادا ھۆكۈمەتكە ساتمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قارشىلىق كۆرسەتكەندە، خىتاي قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئىنتايىن قوپاللىق قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنى تەپكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ۋەتىنىمىزگە بېرىپ نۇرغۇنلىغان شەھەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا، «بۇلۇتلاردىن ھالقىغان تۇلپار» ناملىق كىتابنى يازغان روبېرت ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتە نېمە قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزلىرى دۇچار بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنى دۇنياغا تېخىمۇ ياخشى تونۇتۇش ۋە ئاڭلىتىش ئۈچۈن پەقەت ھۆكۈمەتلەر ۋە سىياسىيونلارغا ئاڭلىتىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئادەتتىكى

خەلقلەرگە ئاڭلىتىش خىزمىتىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى، يەنى ئۇيغۇر بولمىغان باشقا ئېتنىك مىللەتلەرنىڭ تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان دوستلۇق ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىشى،كۆپلەپ دوست تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. مەيلى ئامېرىكا، كانادا ۋە ياۋروپادا تۇرۇۋاتقان بولسۇن، ياكى باشقا جايلاردا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بولسۇن ئۇلارنىڭ يەرلىك خەلقلەر بىلەن بولغان دوستلۇق ۋە ھەمكارلىققا ئەھمىيەت بېرىشى ئۇيغۇر داۋاسىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەھۋاللارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان خەلقئارادىكى ھەرخىل تەشكىلاتلار ۋە گۇرۇپپىلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇرلار يەنە خەلقئارادىكى ئىشچىلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارغا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەش بانىسىدا ئېغىر ئەمگەك ۋە ئەرزان باھادا ياش قىز-يىگىتلەرنى ئاتا-ئانىلىرىدىن ئايرىپ تىل، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىقلار ھېچقاندىاق ئوخشىمايدىغان خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ ئىشلىتىۋاتقانلىقىدەك پاكىتلارنى قەرەللىك ھالدا يوللاپ تۇرۇش كېرەك».

2017-يىلى 16-سېنتەبىر

## يەنە بىر قېتىم سوئال: مىللىتىمىز چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟

يېقىندا «مىللىتىمىز چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟» دېگەن تېمىدا بەزى كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. «مىللىتىمىز چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟» دېگەن سوئال مېنى يەنە بىر قېتىم قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇرلىدى.

يېقىندا دوستلار ۋاتسئاپ ئارقىلىق ئەۋەتكەن بىر قىسقا سىننى تاپشۇرۇۋالدىم. سىندا بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادىكى بىر چىملىقتا ياتقان گۈزەل قىزنىڭ مەركىزى نۇقتىدىن سىرلىق ئالەم بوشلۇقىغا قاراپ يىراقلىششى، ھەتتا يۈز مىليارد نۇر يىلى قەدەر يىراقلىششى تەسۋىرلەنگەن ئىدى. مەن بۇ ھادىسىنى ئۆز-ئۆزۈمگە تەتبىقلىدىم. مەن خەلقىم بىلەن بولغان ئارىلىقىم كۈندىن كۈنگە ئەنە ئاشۇ سىن كۆرۈنۈشىدىكى ئۇزاقلىقتەك ئۇزاقلاپ، ئالەم بوشلۇقىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا كىرىپ كېتىۋاتقان، تېگىرقىغان بىر جانلىق ئىدىم. بۇ يىراقلىششلارغا «مىللىتىمىز چەتئەلدىكى مەندىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟» دېگەن سوئالنى قوشقاندا، ھاياتىم خۇددى چەمبەر شەكىللىك قەپەس ئىچىگە سولاپ قويۇلغان چاشقاننىڭ قانچە كۈچ بىلەن ماڭسىمۇ، يەنىلا بىر نۇقتىنى چۆرگىلەۋاتقانلىقىنى ئەسلىتەتتى. بىردىنلا خىيالىمغا باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چاغلىرىمىزدا ئوقۇتقۇچىمىز سورايدىغان «ماڭىدۇ-ماڭىدۇ قىرىدىن ئاشالمايدۇ، ئۇ نېمە؟»

دېگەن تېپىشماق كەلدى. ئۇ كىم بولاتتى؟ مەن، دېدىم ئۆز ئۆزۈمگە.

كۆزۈمنى يۇمدۇم. ئۇندىدار سۈپىسى دوستلار چەمبىرىكىدىكى دوستلار، ئۇرۇق تۇغقانلار، خىزمەتداشلار... قىسقىسى، خەلقىمىنىڭ ئىدالىرى قۇلىقىم تۈۋىدە ئاڭلىنىشقا باشلىدى. تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن ھازىرچە ئالاقە قىلماي تۇرايلى... ھەر جايدا ئامان بول... دېگەن سادالار بارغانچە ئاستىلاپ ئاڭلانمىغۇدەك دەرىجىدە مەندىن ئۇزاقلاپ كەتتى. خۇددى ئالەم بوشلۇقىغا قاراپ قانچە مىليون نۇر يىلى قەدەر ئۇزاقلىغان مۇساپىدەك.

ھالىم شەھەر سېپىلىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان بالىنىڭ، شەھەرنىڭ ئىچىنى مارىشىغا ئوخشايتتى. ھەر كۈنى ۋەتىنىم ۋە خەلقىم بىلەن بولغان ئارىلىقىمنىڭ ئۇزاقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇ تەرەپتىن ھېچ بىر تىۋىش ۋە سادا كەلمەيۋاتقانلىقىنى تېخمۇ چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمەن. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئۇزاقلىشىش ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى. دېمەك، ۋەتىنىم ۋە خەلقىم، بىر خەتەرنىڭ بوسۇغىسىدا.

بىردىنلا بۇندىن 14 يىل مۇقەددەم ۋەتەندىكى چاغلىرىم ئېسىمگە كەلدى. ئۇ چاغلاردا مەن رادىيو ھېرىسمىنى ئىدىم. قايسى ماركىلىق رادىيو چەتئەل رادىيوسىنى ياخشى تارتىدىغاندۇ دېگەن ئىزدىنىش بىلەن، توختىماي ماگىزىن ئارىلاپ، تېخنىكلار بىلەن كۆرۈشۈپ، كۆپىنچە ۋاقتىم رادىيو بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتەتتى. مەقسىتىم چەتئەللەردە ئۇيغۇرلار ھەققىدە، يەنى بىز ھەققىدە نېمىلەرنى دەۋاتقاندۇ؟ چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر داۋاسى قانداق بولۇۋاتقاندۇ؟ دېگەنلەرنى بىلىش ئىدى. ئۇ چاغلاردا مەن چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى دېموكراتىك ئىدىيەلەرنى قوبۇل قىلغان، يۇرتىدە ۋەتەن-مىللەت ھېسسىياتىنى ھەر ۋاقىت

كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ئۇيغۇرلار دەپ ئويلايتتىم. ئەينى چاغلاردا ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ ئىشلىرى ھازىرقىدەك شاۋقۇن-سۈرەنلىك ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ناگان-ناگاندا ئۇيغۇرلارغا ئائىت بىرەر پارچە خەۋەر ئاڭلاپ قالسام ئىنتايىن ھاياجانلىناتتىم. ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ ئۇيغۇرچە بۆلۈمى ئېچىلىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندا خۇددى كىچىك بالىدەك ئىچ-ئىچىمگە پاتماي قالغانلىقىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. شەھىرىمىزدىكى داڭلىق بىر رادىيو ئۇستىسىنىڭ ياردىمىدە شۇ چاغنىڭ پۇلىغا ئىنتايىن قىممەت بولغان ياخشى بىر رادىيو سېتىۋالغان ۋە ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە ئاڭلاشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىدىم. ئۇ چاغدىكى ھالىم خۇددى قورۇ ئىچىگە سولىنىپ قالغان كىچىك بالىنىڭ، تامغا شوتا قويۇپ سىرتقا قاراۋاتقان ھالىتىگە بەك ئوخشايتتى.

ر ف ئا نىڭ ئارىلاپ-ئارىلاپ بېرىلىپ قالىدىغان نامايىش خەۋەرلىرىنى ئاڭلىغاندا ئىنتايىن ھاياجانلىناتتىم. كاشكى قاناتلىرىم بولسا ئۇچۇپ بېرىپ مەنمۇ شۇ نامايىشنىڭ ئىشتىراكچىسى بولسام دەپ ئويلايتتىم. كېچىلىرى ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمايتتىم، نامايىش كاللامغا كىرىۋالاتتى. ئىدارەمدە ئۇيۇشتۇرۇلغان سىياسىي ئۆگىنىشلەر، مائاش ئۆستۈرۈشلەر ۋە ئىلغار سايلاش دېگەندەك نەرسىلەرگە قىلچە پەرۋا قىلمايتتىم. ئۇ چاغلاردىكى، يەنى ۋەتەن ئىچىدىكى ھېسسىياتىم بويىچە بولغاندا، ۋەتەن-مىللەتكە بىر ئىش قىلىپ بېرىشنىڭ بىردىنبىر يولى چەتئەلگە چىقىپ نامايىش قىلىش دەپ ئويلايتتىم.

چەتئەل رادىيوسىنىڭ كۆپ تىڭشىغانلىقىم ئۈچۈن بولسا كېرەك، چەتئەل ھەققىدە ئويلىنىش، چەتئەلگە چىقىپ كېتىش

خىيالىمنىــى ئەســر قىلىۋالغــان ئىــدى. ۋەتەن ـ مىللــەت ئۈچــۈن خىزمەت قىلىدىغان ياخشى جاي چەتئەل دەپ ئويلايتتىم ئــۆز ـ ئۆزۈمگە. دەرھەقىقەت، سىياسىي شوئارلار، سۈنئىي دەبدەبىلىك سۆزلەر ۋە قاتمۇ قات توسۇقلار، ئادەمنىــڭ روھى دۇنياسى ۋە مېڭىلىرىنىــى تېــز كاردىــن چىقارغۇچــى سىياســي ئۆگىنىشــلەر، ماددىــي، مەنىــۋى ۋە سىياســي بېســىملار ســەۋەبىدىن ۋەتــەن ئىچىــدە تــۇرۇپ، «ۋەتەن ـ مىللــەت مەنىدىــن نېمىلەرنى كۈتىــدۇ؟» دېگــەن بــۇ سوئال ئاستىدا ئاللىقاچان ئېزىلىــپ قېلىۋاتقان ئىدىم. بــەزى چاغلاردا ئۆزۈمدىن نېمىلەرنــى كېتىدىغانلىقىمنىمۇ بىلەلمەي قالاتتىم. تۇيۇقسىز كېتىش قارارى ئالدىم بــۇ شەھەردىن. مەن ئەسلىدە بۇنــداق بۈيــۈك قارارلارنــى ئالالايدىغان ئۇنچىلىــك بىــر قەيســەر ئــادەم ئەمــەس، بەلكى مىسكىن بىــر نەرسە ئىدىم.

ھەيــران قالىمــەن ئــۆز ـ ئۆزۈمگــە بۇنداق بېشى يوغان قارارلارنى ئېلىــش نىيىتىگــە تۇيۇقســىز كەلگەنلىكىمدىــن. بــۇ كېتىــش قانداقتــۇر ئــۇ شــەھەردىن بــۇ شــەھەرگە كېتىش ئەمــەس، بەلكــى ئــۇ قۇتۇپتىــن بــۇ قۇتۇپقــا ســەكرەش ئىــدى. مېنــى بۇنــداق زور، بۇنــداق جەســۇرانە قارارلارنــى ئېلىشــقا ئۈندىگــەن زادى نېمــە؟ خــارۋارد، تورونتــو ئۇنىۋېرســتېتلىرىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپنامىســىمۇ؟ ۋە ياكــى چەتئەلدىكــى بىــرەر بــاي تۇغقىنىمنىــڭ ســودا ـ تىجارەت تەكلىپىمــۇ؟ يــاق، ئۇنــداق ئەمــەس. مــەن ئاشــۇ كىچىككىنــە خىلــۋەت شــەھىرىمدىن ئايرىلغــان ۋاقتىمــدا، قولۇمــدا خىتايدىــن ئالىدىغــان ئازغىنــە مائاشــىمدىن باشــقا ھېچنەرســەم يــوق ئىــدى. پەقــەت خىيالىمدىكــى بىــر يۆلەنچۈكــۈم ـ دۇنيــا ئادالىتىگــە پاناھلىنىــش. ئەممــا دۇنيــا ئادالىتــى مــاڭا قانچىلىــك مۇئامىلــە قىلىــدۇ؟ بۇنىمــۇ بىلمەيتتــم. ئەممــا بــۇ بىــر تەۋەككۈلچىلىــك ئىــدى، خــالاس. ماڭغــان يولــۇم يــا خەيرلىك، يــا شــەررلىك يــول بولــۇپ چىقاتتــى. ھــەر نەرســىنى ئاللاھقــا تەۋەككــۈل قىلــدۇق.

مەنىدەك بىر مىشچانكىنى بۇنداق قەيسەر ۋە بۇنداق جەسۇرانە، بېشىمدىن يوغان قارارلارنى ئېلىشقا تەشەببۇس قىلغان نەرسە زادى نېمە؟

شەھىرىمدە يۈز بەرگەن 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى ئىدى. دۇنيادا كەم تېپىلىدىغان تۇغما بىر چاقچاق خاسلىقىغا ئىگە، كۈلكە-چاقچاق ماكانى غۇلجا بىر كېچىدە قان پۇرايدىغان، ھەر يەردىن يىغا-زارە، نالە-پەرياد ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان، ھەر يەردە شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان بىر شەھەرگە ئايلىنىپ قالدى. ئېغىر تېپىتكى قوراللارنى كۆتۈرۈشكەن يەجۈجى-مەجۈجلەر يوغان، قوپال ۋە قاتتىق ئاياغلىرى بىلەن بۇ چاقچاقچىلار شەھىرىنىڭ كۈلنى كۆككە سورۇۋەتتى.

مەن كېتىش قارارىنى ئالغاندا، توغرىسى ئۇ قۇتۇپتىن مەن ئۆچۈن تولىمۇ قاراڭغۇ بولغان ناتونۇش بۇ قۇتۇپقا سەكرەش قارارىنى ئالغاندا، ئۆزۈمنى خەلقىم ئۈچۈن بىر چارە دەپ ئويلىغان ئىدىم. مەن ئۆزۈمنى كۈھقاپ ئىچىدىكى خەلقىمنىڭ تاشقى دۇنيادىكى بىر ئاۋازى، نامايىشلارنىڭ بىر ئىشتىراكچىسى، بىر چۇقان، بىر نىدا، بىر سادا دەپ ئويلىغان ئىدىم.

مەن كېتىشتىن ئىبارەت بۇ زور قارارنى ئالغان ۋاقتىمدىن ئېتىبارەن، كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەس بولغان ئىدى. نە خىزمەت، نە يۇقىرى مائاش، نە ئۆي، نە بايلىق، نە ئۆلۈم، نە ئەجدادلىرىمنى قەبرىسى دېگەندەكلەر مېنى توسۇپ قېلىشقا يېتەرلىك كۈچ بولۇشتىن ئىبارەت سالاھىيىتىنى يوقاتقان ئىدى.

ۋەتەنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى 2-بېكىتىم بولغان مەلۇم دۆلەتكە كېلىپ، شەھىرىمدە يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىقلار، تۇتقۇن قىلىشلار، ناھايىتى يوغان ۋە ئېغىر ئاياغلارنى كىيىۋالغان قورالىق ئەسكەرلەرنىڭ مەھەللىلىرىمىزنى قانداق دەسسەپ-

چەيلىگەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارنى سۆزلىگەندە، ئەتراپىمدىكىلەر سۆزلىرىمنى ئۈن-تىنسىز تىڭشايتتى - دە، ئاندىن يەنە ئۈن-تىنسىز بىردىن، ئىككىدىن كېتىپ قېلىشاتتى. مەن بىردە يىغلاپ بىردە كۈلۈپ، بىردە قوللىرىمنى شىلتىپ، بىردە بويۇنلىرىم قىزارغۇدەك كۆپۈپ دېگۈدەك سۆزلەپ، خۇددى كىنولاردا رول ئېلىۋاتقان ئارتىسلارغا ئوخشاپ قالغان ئىدىم.

چەتئەلدە مەن ئارزۇ قىلغان، توختىماي خىيالىنى سۈرگەن، نامايىشلارنى ئاخىرى تاپتىم. يازدىم... ئەمما ئىچىمدىكى بىر بوشلۇق مېنى ھەر ۋاقىت ئازابلاپ كېلىۋاتاتتى. ۋەتەن ۋە مىللىتىم ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت ئالدىدا مەن بەزىدە ئۆزۈمنى چەكسىز كەتكەن قۇرغاق يەرلەرنى قاندۇرالمايۋاتقان ئېرىق سۈيىدەك ئاجىز، بەزىدە چۆل گۈللىرىدەك يالغۇز قىلىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلاتتىم. بۇ يالغۇزلۇقۇمنىڭ ئەلۋەتتە يېنىمدا بىر ئۇيغۇرنىڭ بولمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بىر كۈچنىڭ بولمىغانلىقىدىن ئىدى.

مەن ئۆزۈمنى ۋەتىنىم ۋە خەلقىمنىڭ بىر چارىسى سۈپىتىدە قوينىغا ئاتقان چەتئەلدە خۇددى نورۇز كېلىشى بىلەن ئاستا-ئاستا يېرىلىپ، ئاندىن بىر-بىرى بىلەن قىستىلىشىپ ئېقىپ، ئاخىرىدا شىمالى مۇز ئوكيانىنىڭ سۇلىرىغا ئايلىنىپ كېتىدىغان ئاشۇ يوغان مۇز پارچىلىرىدەك يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئېرىپ كېتىۋاتاتتىم.

«مىللىتىم چەتئەلدىكى مەندىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟». ئەلۋەتتە مىللىتىمنىڭ بىر دەردى، ھەسرىتى، بىر مەسىلىسى بولمىسا ئىدى، مەندىن بىر نەرسىلەر كۈتمىگەن بولاتتى. كىشىلەر كۈچلۈكلۈك بىلەن ئاجىزلىق ئوتتۇرىسىدا سېلىشتۇرما قىلغاندا، تۇخۇمنىڭ تاشقا ئۆزىنى ئۇرۇشىنى مىسال قىلىشىدۇ.

ئەمما تۇخۇمنىڭ بىر دەردكە مۇپتىلا بولمىسا تاشقا ئۆزىنى ئۇرمايدىغانلىقىنى كۆپ تەكىتلىمەيدۇ. پەرۋانە بىلەن شام-چىراغ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، كىشىلەر پەرۋانىنى شام-چىراغقا ئاشىق بولغانلىقى ئۈچۈن چىراغقا ئۆزىنى ئۇرۇپ ئۆلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بەلكى پەرۋانە شام-چىراغقا ئاشىق ئەمەس بولۇشى، بەلكى ئۆچى بولۇشى ياكى دەردى بار بولۇشى مۇمكىن. ئەينى يىللاردا مېنىڭمۇ تىپ-تىنچ خاتىرجەم مۇھىتىمنى بۇزۇپ، مەن ئۈچۈن قاراڭغۇ بولغان غەرب دۇنياسىغا ئۆزۈمنى ئېتىشىم، تۇخۇمنىڭ تاشقا ئۆزىنى ئۇرۇشى ۋە پەرۋانىنىڭ شام-چىراغقا ئۆزىنى ئۇرۇشىدەك بىر ئەخمىقانىلىك كۆرۈنەتتى باشقىلارغا.

ۋەتەن كوچىلىرىدا ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ قوللىرىغا پىچاق-قىڭراق كۆتۈرۈۋېلىپ، خىتاينىڭ چىش تىرنىقىغىچە قوراللانغان ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشى، تۇخۇمنىڭ دەردى بولمىسا تاشقا ئۆزىنى ئۇرمايدىغانلىقىنىڭ يەنە بىر شەكىلدە ئىپادىلىنىشى ئىدى. ئەمما كۈچكە ئۆزىنى ئېتىش، قېچىش ۋە سۈرگۈنلەرنىڭ ئاستىدا ئىنسان تەرىپلەپ تۈگەتكۈسىز كۈچلۈك بىر روھ، غەيرەت ۋە جاسارەت، ئىسيانكارلىق يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

تاغ چوققىسىدىكى قارىغاينى، كۈچلۈك ۋە دەھشەتلىك بوران-چاپقۇن، قىش-زىمىستان كېلىپ ئۇرىدۇ. ئەمما قارىغاينى غۇلىتالمايدۇ. چۈنكى قارىغاي بوران-چاپقۇن ۋە قار-شىۋىرغانلارغا كۆنگەن، چېنىققان. شۇڭا كىشىلەرنىڭ ياغاچ ماتېرىياللارغا ئېھتىياجى چۈشكەندە ئالدى بىلەن قارىغاينى تاللايدۇ. ۋەتەن ۋە مىللىتىمىز ئەنە شۇنداق ھەر خىل بوران-چاپقۇنلاردا پىشقان قارىغايلارغا ئېھتىياجلىق.

شۇنداق، ھەر تاللاش بىر چارە. مېنىڭمۇ ئەينى يىللاردا سۈرگۈن يولىنى تاللىشىم ئۆزۈم ۋە خەلقىم ئۈچۈن ئامال-چارە

ئىزدەش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ چاغلاردا چارە ۋە چارىسىزلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئىبارە ئالدىدا كۆپ سوراققا تارتىلدىم. ئەڭ ئېغىر چارىسىزلىق ئۆز-ئۆزۈمدىن خەلقىم ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگەننى قىلالىدىممۇ؟ دېگەن سوئالنى سوراش ئىدى.

ئەڭ قاراڭغۇ چاغلاردا، ئەڭ چارىسىز، ئەڭ ئۈمىدسىز ۋاقىتتا ئۆزۈڭنى مەن چارە دەپ ئوتتۇرىغا ئاتالىساڭ، يۈرىكىدە ۋەتەن-مىللەت سۆيگۈسىنى ئېلىپ يۈرگەن ھەرقانداق بىر كىشى چارىسىز ئەمەستۇر. ئەگەر پۈتۈن يوللار چەمبەرچاس تاقالغان ھالەتتە سەن ئۆزۈڭنى مەن چارە دەپ كۆكرەك كېرىپ چىقالىساڭ، ھەممە توسۇق ۋە ھەممە قۇلۇپلارنى ئاچالايسەن.

ئىنسان ھاياتى ئېرىشكەنلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى بېغىشلىيالىغانلىرى بىلەن، شۇنداقلا تۆلىگەن بەدەللىرى بىلەن قىممەتلىك. ئىنسان ھاياتى مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئەمەس، روھلىرى بىلەن قىممەتلىك. ئىنسان ھاياتى قۇللۇقتا سۈكۈت قىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى چۇقانلىرى بىلەن قىممەتلىك. ئىنسان ھاياتى يەنە ھۆرلۈكنى بىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقى بىلەن قىممەتلىك. ئىنسان ھاياتى ۋەتەنسىزلىك بىلەن ئەمەس، بەلكى ۋەتەن بىلەن قىممەتلىك. ئىنسان ھاياتى ئەيش-ئىشرەتلىرى بىلەن ئەمەس، ئېيپىتى بىلەن قىممەتلىك. مەندىكى ۋە ئۇلاردىكى بۇ ھاياتلىق قارىشى، مىنى غەرب دۇنياسىغا، ئۇلارنى ئافغانىستان جاڭگاللىقلىرىغا باشلاپ كەلدى. سوئالىمىز بىر، يەنى مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىز بىزدىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟ ياكى نېمىگە ئېھتىياجلىق؟ دېگەندىن ئىبارەت.

مىنىڭ ۋەتەندىن كېتىشىم، ئەسلىدە كېتىش ئەمەس سۈرگۈن ئىدى. سۈرگۈن ماھىيەتتە كېتىش ئەمەس. سۈرگۈن

سىزنىڭ ئادەم بولۇپ ياشىشىڭ ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەر نەرسەڭنىڭ قولدىن كېتىشى دېمەكتۇر. سۈرگۈن چۇقان سالالماسلىق، ھەقنى سۆزلىيەلمەسلىك، سۈرگۈن ھاياتىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپ مەنىلىك ياشىيالماسلىق، سۈرگۈن كۈچىڭنىڭ قولدىن كېتىشى دېمەكتۇر.

ئۇيغۇرلار بىلەن باشقىلار تەرىپلەۋاتقان قۇدرەتلىك خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ئەنە شۇنداق ئاجىزلىق بىلەن كۈچلۈكلۈك ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت.

كۈتۈش ۋە ئۇنىڭغا تېگىشلىك جاۋاب بېرىش مەسىلىسىدە، كۈچنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن. يەنى، بۇ يەردە تەكىتلەۋاتقىنىم ئىقتىسادى كۈچتىن ئىبارەت. ھەرقانداق بىر كۈچ سەۋر بىلەن زامان بىرلەشكەندە ئەمەلگە ئاشىدۇ دەيدۇ بالزاك. دۇنيادا سەۋر بىلەن پۇرسەتتىن كۈچلۈك بىر نەرسە يوق. ھەممە نەرسە سەۋر بىلەن پۇرسەت ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، دەيدۇ تولستوي.

چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا نېمە قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقى، ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەخسى كۈچى، كوللېكتىپ كۈچى ۋە ئومۇمىي مىللەتنىڭ كۈچىگە باغلىق. ئەمما بەزىدە بۇنىڭ تەتۈرى ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، دېڭىز ساھىلىدا ياتقان يوغان قورام تاش بىلەن ئادەتتىكى مۇشتۇمدەك تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈچ سېلىشتۇرما جەھەتتە زور پەرق بار. ئەمما سەن يوغان قورام تاشنى دۈشمىنىڭنىڭ بېشىغا ئاتالمايسەن. بۇ جەھەتتە كىچىك تاش سېنىڭ ئىشىڭغا يارايدۇ. مەسىلەن، قەھرىتان قىش، قېلىن قار، زېمىن نۆلدىن تۆۋەن 40 گرادۇسلۇق بىر سوغۇق بىلەن قارشى-قارشىغا كەلمەكتە. ئىنسانلارغا قارا قىش

دەيدىغان بىر كۈچ ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا. ئەمما ئىنسانلاردىن 152 مىليون 600 مىڭ كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى قۇياش ئاتلىق يەنە بىر كۈچنىڭ كۆك قەھرىدە كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ، زېمىندا نە سوغۇق قالىدۇ، نە قار-مۇز. دېمەك، دۇنيادا ھېچبىر زامان كۈچلەر مەڭگۈلۈك بولۇپ باقمىدى، پەقەت ئاللاھنىڭ كۈچىدىن باشقا. خىتاينىڭ كۈچىمۇ شۇنداق.

كۈچ ھەققىدە سۆز بولغاندا، تارىخىمىزدىن بۈگۈنگە قەدەر قۇدرەتلىك بىر كۈچنىڭ ئىنسانلارنى قانداق قىلىپ ھەق-ئادالەت ۋە توغرۇلۇق يولغا باشلاپ، ئۇلارنىڭ زالىملار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا ياردەمدە بولغانلىقى يادىمىزغا كېلىدۇ.

قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن قۇدۇق ئاستىغا تاشلىۋېتىلگەن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇدۇق ئاستىدىن چىقىرىلىپ مىسىرغا ۋالىي قىلىنىشى، بىزگە بىر قۇدرەتلىك كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

پىرئەۋننىڭ ئوردىسىدا، پىرئەۋنگە قارشى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتىلدۈرۈلۈشى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدىن ئەينى دەۋرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ھۆكۈمدارى دەپ قارىلىۋاتقان پىرئەۋن قوشۇنى قوغلاپ كەلگەندە، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن قىزىل دېڭىزنىڭ يېرىلغانلىقى ۋە ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋۇجۇدىنى قاپلىۋالغان يارىنىڭ ساقايتىلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى، مەلۇم بىر قۇدرەتلىك كۈچ تەرىپىدىن ھاسىل بولغان ۋە تارىختا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر.

ۋەتەندىكى خەلقىمىز چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟ بۇ سوئالغا كۈچ جاۋاب بېرەلەيدۇ. يەنى ئۆزىمىز توپلىغان كۈچ ۋە ياراتقۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن قۇدرەتلىك كۈچ. خۇددى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى قۇدۇق

ئاستىدىن قۇتقۇزۇپ مىسىرغا ۋالىي قىلغان كۈچ.

دىققەت بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، ئانا تىلى، مىللىي كىملىكى، ئۆرپ-ئادەت، مەدەنىيىتى، دىنىي ئېتىقادى، پاسپورتى، ھەتتا ئۆي خىياللىرىغىچە تارتىۋېلىنىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرى، ئەينى چاغدا قۇدۇق ئاستىغا تاشلىۋېتىلگەن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەقدىرىگە نەقەدەر ئوخشايدۇ-ھە.

ھەمدە تارىخچى مورگان ئېيتمىغانمىدى، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ۋادىسىغا كۆمۈلگەن. قاچانىكى بۇ تارىخ ئېچىلىدىكەن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ دەپ.

شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇ، كۈچلەرنىڭ تەگپۈگلۈقى ئۆزگىرىدىغان، تارىم ۋادىسىنىڭ سىرى ئېچىلىپ ئۇيغۇرلار دۇنياغا ۋالىي بولىدىغان.

دۇنيا كۈچلۈكلەرنىڭ دۇنياسى.

مەن ئويلايمەن، ۋەتەننى تەرك ئېتىپ، غەرب دۇنياسىغا كەتكەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى، ۋەتەن ۋە خەلققە بىرەر مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈككەنلەر. كېتىش ھەرگىز كېچىش ئەمەس. كېتىش سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەشتىن ئىبارەت. ئۇزاقلاردا تۇرۇپ، مەندىن ئۈنىگدىن ئۇچۇر-ئالاقىسىز قېلىۋاتقان ۋەتىنىمگە شۇنداق خىتاب قىلدىم:

كەتتى دەپ رەنجىسەڭ ۋەتەن،
كەتكىنىم كەچكىنىم ئەمەس.
قەدەم كەتتى، بەدەن كەتتى،
روھ ۋە يۈرەك سەن بىلەن ھەمنەپەس.

يۈرىكەن ئۆزۈم، ۋاشىنگتون، تورونتو، پارىژ، ئىستانبۇلدا،
ھاياش قىلسۇ سېنى ۋەتەن يۈرەك تومۇرلىرىدا.
ھېسلىرىم روھلىرىم يېچىرلىشار سەن بىلەن،
ئاڭلا ۋەتەن كەتكىنىم كەچكىنىم ئەمەس.

كەتتى قەدەم، كەتتى تەن، كەتتى بەدەن ئۆزاقتا...
ۋەتەن روھ، ۋەتەن يۈرەك قالدى تۇپراقتا.
توسۇقلار توسالماس ئىككى روھنىڭ يېچىرلىششىنى،
شۇڭا ۋەتەن تىلەيمەن ساڭا، روھى ئەمىنلىك ئۆزاقتا.

ئۆزۈن تار بىر يولدا كېتىۋاتىمەن كۈندۈز كېچە،
مەن ئۆزۈمدىن ئۆزاق، مەنزىلىم يۇلتۇزلار قەدەر ئۆزاق.
ئەگەر جان ۋەتەن كەتتى دېمەي، كەچتى دېسەڭ،
ئۆمىدلىرىم توزۇيدۇ دۇنيا بولۇر ماڭا بىر دوزاخ.

2017 ـ يىلى 17 ـ سېنتەبىر

# ئىسست، ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار!

دۇنيادىكى مەشھۇر جايلار قىممەتلىك مۇبارەك ماكانلار، ئىنسانىيەت تارىخىنى ئۆزگەرتكەن تارىخى ئىشلار ۋە قىممەتلىك ۋەقەلەر بىلەن مۇبارەك بولغان. 1963-يىلى دۇنياغا مەشھۇر «مېنىڭ بىر چۈشۈم بار» ناملىق نۇتۇقنى سۆزلىگەن مارتىن لۇتىر كىڭنىڭ شەرپىگە بېرىلگەن ئامېرىكانىڭ ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى ئەركىنلىك مەيدانى، دەل ئۇيغۇرلاردەك يوقۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئاۋازىنى دۇنياغا ئاڭلىتىپ، رەھىمسىز تەقدىرنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىدىغان مەيدانلارنىڭ بىرى ئىدى.

ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ 6-ئاپرېل بۇ مۇبارەك مەيداندا ئۆتكۈزگەن «بۈيۈك نامايىشى»نىڭ «كىچىك نامايىش»قا ئايلىنىپ قېلىشى، ئامېرىكانىڭ ۋاشىنگتون شەھىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق قىممەتلەرنى ئانچە بىلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

6-ئاپرېل ۋاشىنگتون شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشقا قاتناشقان ئادەم سانى 500 بىلەن 600 ئەتراپىدا بولۇپ، نامايىشتىكى ساننى ھەرقانچە يۇقىرى تەخمىن قىلغان ھالەتتىمۇ ھەرگىز 1000 دىن ئاشمايدۇ. كانادانىڭ تورونتو، مونتېريال، ئەدمىنتون، كالگارى، ۋانكوۋېر شەھەرلىرىدىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ سانى 150 بىلەن 200 ئەتراپىدا بولۇپ، خىتاي، موڭغۇل، تىبەت ۋە باشقا مۇسۇلمانلار 150 بىلەن 200

ئەتراپىدا. يۇقىرىدىكى سانلارنى چىقىرىۋەتكەندە ۋاشىنگتون ۋە ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلاردىن پەقەت 150 بىلەن 200 ئەتراپىدا كىشىنىڭ نامايىشقا كەلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

بۇ خىل ۋەزىيەت، ئۇلارنىڭ يەنە بۇنداق قىممەتلەرنى بىلمەيدىغانلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز مىللىتىنىڭ قانداق بىر تەقدىر دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغان بىخۇد ۋە بىپەرۋا ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئىستىت ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار، ئىستىت ۋاشىنگتون ئەتراپىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار، سىلەرنىڭ كىملىكىڭلارغا ئامېرىكالىق دەپ يېزىلغان بىلەن، كىشىلىكىڭلار بىر قۇلدىن ئىبارەت ئىكەنسىلەر. ئىستىت ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار، ئىستىت ۋاشىنگتون ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار، سىلەرنىڭ بەدىنىڭلار ئامېرىكادەك بىر قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ زېمىنىنى دەسسەپ تۇرۇۋاتقىنى بىلەن، روھىڭلار ئانا ۋەتەندىكى بىر دېھقاننىڭ روھىدىنمۇ ئاجىز ئىكەن.

نامايىش جەريانىدا بولغان غەيۋەت-شىكايەتلەرگە قۇلاق بەرگەندە، ۋاشىنگتون ئەتراپىدا 3000 دىن كۆپرەك ئۇيغۇر ياشايدىكەن. ھەي... ئىستىت ۋاشىنگتوندىكى ئۇيغۇرلار، ئامېرىكادا ئەركىنلىك، ھۆرلۈكنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلمەيدىغان سىلەردەك يەنە بىر مىللەت بارمىدۇ؟

1997-يىلى غۇلجىدا يۈز بەرگەن 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدا ھازىرقىدەك ئۆلۈم لاگېرلىرى ۋە ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كېتىشنىڭ كىچىكلىتىلگەن كارتىنىسى كۆرۈلگەن ئىدى. بۇنداق ئىز-دېرەكسىز غايىب بولۇشتىن كېيىن جەسىتىنى ئائىلىسىگە تاشلاپ بەرگەن ئۇيغۇر ياشلىرى خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيتتى. غۇلجىدىكى تونۇلغان ئىلغار ياش ئابدۇسالام، ئەنە ئاشۇنداق جەستى تاشلاپ بېرىلگەن ياشلارنىڭ بىرى

ئىدى. قاتمۇ قات ساقچى قورشاۋىدا قالغان يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە غۇلجا خەلقى ئىنتايىن ئېغىر سىياسىي بېسىم ئاستىدىمۇ بۇ ياشلارنىڭ مېيىتىنى يۇيۇپ ـ تاراپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ، جىنازىسىنى مۇرىدىن مۇرىگە ئېلىشىپ، قارادۆڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلالىغان ئىدى. يەنى شۇنچىلىك ئېغىر زۇلۇم ئاستىدىمۇ ئۆزىگە چۈشكەن مەسئۇلىيەت ۋە جاۋابكارلىقنى ئادا قىلالىغان، بىر ئىنسانلىقنى نامايان قىلالىغان ئىدى. لېكىن هازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى لاگېرلاردا ياكى خېيلوڭجياڭ تۈرمىلىرىدە، ياكى گەنسۇ ـ شىنجاڭ چېگراسىغا سېلىنغان تۈرمىدە. ئەمما بىز ۋاشىنگتوندىكى ئۆيىمىزدىن بىر غېرىچ كېلىدىغان ئەركىنلىك مەيدانىغا كېلىپ ئۇلارنىڭ ئاۋازى بولالمايۋاتىمىز. ئىست ۋاشىنگتوندىكى ئۇيغۇرلار، زىيالىيلىق، ئادىمىيلىك ۋە ئەركەكلىك تارازىسىدا يېنىك ئولتۇرۇپ قالغانلار. سىلەر بىلىش، ھېس قىلىش، چۈقان سېلىش، كۈرەش قىلىش ۋە مىللىتىڭلارنىڭ ئاۋازى بولۇشتا سىنىپتا قالدىڭلار.

كىملىك باشقا كىشىلىك باشقا، ئادەم باشقا ئادىمىيلىك باشقا، ئەر باشقا ئەركەكلىك باشقا، زىيالىي باشقا زىيالىيلىق باشقا. گۈزەل بىر مەدەنىيەت، يىلتىزى چوڭقۇر بىر تارىخ، بىر سەلتەنەت ۋەيران بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. 2016 ـ يىلىدىن بۇ يانغا تاشقى دۇنيادا بۈرۈكسەل يۈرۈشى، بىر ئاۋاز بىر قەدەم ئاياللار يۈرۈشى ۋە جەنۋە يۈرۈشى قاتارلىق بۇ يۈرۈشلىرىمىز بۇ مۇقەددەس تۇپراقتىكى قىممەتلىك نەرسىلىرىمىزنى، خەلقىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بېسىلغان قەدەملەر بولۇپ، ئادەم سانى ۋە جەڭگىۋارلىق جەھەتتە خېلى تەسىر قوزغىغان ئىدى. ئەمما 4 ـ قېتىملىق يۈرۈشىمىز ياكى سۆزدە «بۈيۈك نامايىشى»مىز ئامېرىكانىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوندا، ئەركىنلىك مەيدانىدا، مەيدانلارنى تولدۇرۇش جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمىدى.

نېمە ئۈچۈن؟ سىلەرنىڭ كىملىكىڭلار ئامېرىكا كىملىكى بولغىنى بىلەن كىشىلىكىڭلار قۇل بولغانلىقى، ئۈستۈڭلاردا خىتاي سايىسىدىن ئىبارەت بىر سايە ئەگىشىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن.

كانادانىڭ بەش چوڭ شەھىرىدىن ئىشى، ئائىلىسىنى تاشلاپ ئەركىنلىك مەيدانىغا قاراپ ئاققان ئەركىنلىك جەڭچىلىرىگە سالاملار بولسۇن. ئەگەر كانادادىن كەلگەن باللارنىمۇ قوشقاندا 150 تىن 200 گىچە بولغان بۇ قوشۇن يېتىپ كەلمىگەن بولسا، بىز ئەركىنلىك مەيدانىدا، ئامېرىكىلىقلار ئالدىدا تامامەن مەغلۇپ بولار ۋە كۈلكىگە قالار ئىكەنمىز. ئىسىت ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار، ئىسىت ۋاشىنگتون ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار. سىلەر قانداق قىلىپ بۇنچىلىك دەرىجىدە بىخۇد ۋە غەپلەت ھالىغا چۈشۈپ قالدىڭلار؟

ئەي ۋاشىنگتون ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار! سىلەرگە باشقا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، پەقەت سىراتۇل مۇستەقىم، يەنى ئاللاھ توغرا يولغا باشلىسۇن دېمەكچىمەن. چۈنكى ئەركىنلىك مەيدانىغا، ئۇيغۇر مەسىلىسىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان دۇنيانىڭ سىياسىي يادروسى بولغان ئامېرىكا ۋاشىنگتون ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭلاپ كېلەلمەسلىكى زېھنىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ ھايات-ماماتى مەسىلىسىگە بولغان ھېسداشلىقىمىزنىڭ، مەسىلىنى چوڭقۇر بىلىش ۋە تەھلىل قىلىشىمىزنىڭ، دىققەت-نەزەرلىرىمىزنىڭ، ھۇشيارلىقىمىزنىڭمۇ چېچىلاڭغۇ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھەتتا ئىمانىمىزمۇ چېچىلاڭغۇ. شۇ سەۋەبتىن ھېچ بىر ئىشتا بىرلىشەلمەيۋاتىمىز. بىرلىشەلمىگەنلىكىمىز سەۋەبىدىن باشقىلار نەزىرىدىكى ئەھۋالىمىزنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى دەرىجىسىنى يۈكسەلدۈرەلمەيۋاتىمىز. ئەركىنلىك مەيدانىدىكى ئاشۇ ئۆزىمىزچە

بۇيۈك نامايىشىمىزغا 30 غا يېقىن ئاخبارات ئورنى كەپتۇ دەپ ئاڭلىغان ئىدۇق. ئەمما ھازىرغىچە چوڭ مېدىيالار بۇ نامايىشنى تازا دېگەندەك كۆرۈپ بولالمىدۇق. ئاللاھقا قىلغان دۇئالىرىمىزمۇ ئەمەلىيلەشمەي قېلىۋاتىدۇ، چۈنكى ئاغزىمىزدىن چىققان گەپ بىلەن نىيەت ئىقباللىرىمىز ئوخشاش بولمايۋاتىدۇ. ئۆزىمىز چېچىلاڭغۇ بولغاچقا دۇئالىرىمىزمۇ چېچىلاڭغۇ بولۇۋاتىدۇ. رەئىد سۈرىسى 11-ئايەتتە ئاللاھ بىر قوۋمنىڭ تەركىۋى قىسمى بولغان بىرەيلەن ئۆز ھالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ بۇ قوۋمنى ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دېمەككى، ئاللاھ بۇ قوۋمنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئەمما قوۋم ئىچىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشى شەرت. ئەي ۋاشىنگتوندىكى ئۇيغۇرلار، يەنە بىر قېتىم سىلەرنىڭ كىملىكىڭلار ئامېرىكا كىملىكى بولغان بىلەن كىشىلىكىڭلار قۇل كىشىلىك، قورقۇنچاق كىشىلىك، مىشچانكا كىشىلىك بولىدىكەن، ئۇيغۇرخەلقىنىڭ تەقدىرىدە يېڭى ئۈمىد نۇرى چاقنىمايدۇ.

ئەي دۇنيانىڭ سىياسىي سەھنىسىدە تۇرۇۋاتقان ۋاشىنگتونلۇق ئۇيغۇرلار، تارىختىكى ئەركىنلىك، ھۆرلۈك كۈرەشلىرىنىڭ دەل كىندىكىدە، قەلبىدە تۇرۇۋاتقان ۋاشىنگتون ۋە ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار، سىلەرنى خەلقىمىز بىر سۈپەتلىك خېمىرتۇرۇچ دەپ چۈشۈنۈپ كەلدى. سىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىد نۇرى دەپ بىلدى. ئۇلارنىڭ ئۈمىدلىرىنى ئۈمىدسىزلىككە ئايلاندۇرماڭلار. ئەگەر ئاللاھ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە نىيەت قىلسا، تۇنجى بولۇپ سىلەرنى خېمىرتۇرۇچ ئورنىدا ئىشلىتەلىسۇن. ئاللاھ سىلەرنى ۋە باشقا چەتئەللەردە ياشاۋاتقان بارلىق ئۇيغۇرلارنى ھەق-ئادالەتنىڭ، كۈرەشنىڭ خېمىرتۇرۇچى قىلسۇن. ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتى ئېرىشكەنلىرى بىلەن

ئەمەس، بەلكى تۆلىگەن بەدەللىرى بىلەن قىممەتلىك. ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتى دىپلوملار بىلەن ئەمەس، قىلغان ئىشلىرى بىلەن قىممەتلىك. ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتى كىملىك بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەق-ئادالەت تارازىسىدا قانچىلىك ئۆلچەنگەن كىشىلىكى بىلەن قىممەتلىك.

ئالما كومپيۇتېرىنىڭ ئىجادچىسى ستىۋ جوبس ئۆلۈپ كەتكەندە، ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى ئوباما ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە تەزىيە سۆزلەپ، ئۇنى «ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتكەن كىشى» دېگەن مەزمۇندا تەرىپلىدى. دېمەك، بۇ يەردە قەدىرلىنىۋاتقىنى ئىنساننىڭ ئېرىشكەنلىرى ئەمەس، بەلكى تۆلىگەن بەدەللىرى، ياراتقان قىممىتى.

ئانا ۋەتەندىن چەكسىز ئۇزاقتا بولغان ئەركىنلىك مەيدانىدا تۇرۇپ، ئانا ۋەتەنگە شۇنداق خىتاب قىلدىم:

ئەي ئانا ۋەتەن! ئادەملەرنىڭ سەرخىلى، كۆرەشلەرنىڭ سەرخىلى سەندە ئىكەن.

## ئۇيغۇر تىلى ئۆلگەن تىللار قاتارىدىن ئورۇن ئالارمۇ؟

تىلىم ئامان بولسا ئەجدادىم ئامان،
مەھشەر ئوتلىرىدا ئەۋلادىم ئامان.
يېشىلسۇ يۇتلىرىغا چىرماشقان تۈگۈن،
ئۆزگە ئىقلىملارغا يوللىرى راۋان.

(مەخمۇت قەشقەرى)

كانادا ئىندىيانلاردىن ئەپۇ سورىدى ئەمما، خىتاي ...

ئۇيغۇر تىلى دۇچ كەلگەن خىرىسلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك؟ خىتايدىن ئىبارەت دۇنيادىكى زومىگەر كۈچنىڭ تەھدىتى سەۋەبىدىن ئۇيغۇر تىلى كەلگۈسى 100 يىل ئىچىدە دۇنيادىكى ئۆلگەن تىللار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ قالارمۇ؟ دېگەن سوئاللار ئانا ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستان، خىتاي مۇستەملىكىسىدە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇرنى ئويلاندۇرماي تۇرالمايدىغان سوئاللار. كانادا ئۆتكەن ئەسىردە، كۈنىمىزدە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئانا تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى يوق قىلىش ئاسسىملياتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، كانادانىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى بولغان يەرلىك ئىندىيانلارنىڭ قەلبىنى جاراھەتلەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن دۇنيا ئالدىدا ئىندىيانلاردىن ئەپۇ سورىدى. ئەمما خىتاي بۇ خىل ئوخشاش خاتانى قىلچە تەپ تارتماي داۋاملاشتۇرماقتا. 2008-يىلى كانادا باش مىنىستىرى ستىۋېن خارپىر (Stewen Xarper) كانادا پارلامېنتىدا سۆز قىلىپ، ئۆتكەن ئەسىردە كانادانىڭ 150

مىڭدىن ئارتۇق يەرلىك ئىندىيانىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۇلارنىڭ ئائىلىسى، مەھەللە جامائىتى ۋە ئۆرپ-ئادەت، مەدەنىيەتلىرىدىن ئايرىپ كانادانى ئۆز ئىچىگە ئالغان 130 چېركاۋدىكى ياتاقلىق مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ۋە ئىنگلىزچە ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تارىخى خاتالىق ئۈچۈن، ئىندىيانلاردىن ئەپۇ سورىدى.

ستىۋېن خارپېر كانادانىڭ بۇ قىلمىشىنى «ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە خورلاش خاراكتېرىنى ئالغان تارىخنىڭ ئاچچىق تەجرىبە-ساۋىقى» دېدى. كانادانىڭ سابىق باش مىنىستىرى ستىۋېن خارپېر ئەپۇ سوراش باياناتىدا: «نۇرغۇنلىغان ئىندىيان ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جانلىق ۋە باي مەدەنىيەتلىرى، شۇنداقلا ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلىنىشىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. بۇ نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ۋە ئىندىيان جامائىتىدە بىر بوشلۇق ياراتتى. كانادا ھۆكۈمىتى ئۆتكەن ئەسىردە ئېلىپ بارغان ئىندىيان پەرزەنتلىرىنى مەجبۇرىي ئائىلىسىدىن ئايرىشىنىڭ تارىخى بىر خاتالىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ۋە بۇ خاتالىقنى ئۆتكۈزگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئۆزۈر سورايمىز» دېگەن.

ئەمما كۈنىمىزدە بۇنىڭ ئەكسىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئاتالمىش شىنجاڭ سىنىپلىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ئائىلىسى، تۇرمۇش مۇھىتى، ئۆرپ-ئادىتى، مەدەنىيىتى ۋە ئانا تىلىدىن ئايرىپ، ئۇلار ئۈچۈن پۈتۈنلەي يات بولغان ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ياتاقلىق مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىپ، پۈتۈنلەي خىتاي مۇھىتى ۋە ئۆرپ-ئادىتى ئىچىدە خىتايچە مائارىپ تۈزۈلمىسى يۈرگۈزگەنىدىن باشقا، بۇ

يىل سىنتەبىردىن ئېتىبارەن ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى يەسلى، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردىن تامامەن چىقىرىپ تاشلىدى. خىتاي يۈرگۈزۈۋاتقان بۇ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى پەقەت ئۇيغۇر تىلىغىلا قىلىنىۋاتقان خىرىس ئەمەس، بەلكى كېلەچەكتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى، ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقى، ئۇيغۇر رومانچىلىقى، ئۇيغۇر تور بەتچىلىكى، ئۇيغۇر رادىيو-تېلېۋىزىيە ساھەسىگە، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىگە قىلىنىۋاتقان بىر خىرىستىن ئىبارەت. گەرچە كانادادەك تەرەققىي قىلغان غەرب دۆلەتلىرى ئىنگلىز بولمىغان مىللەتلەرنىڭ نازۇك ھېسسىياتى ھېسابلانغان ئانا تىلى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئۆتكەن ئەسىردە ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ئۈچۈن ئەپۇ سوراۋاتقان بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىگە تەتۈر تاناسىپ بولغان بۇ خىل رەزىل ئاسسىمىلياتسىيە ۋە يوق قىلىش سىياسىتىنى قىلچە تەپ تارتماي پەردازلاشقا تىرىشماقتا ۋە كۈچەپ يۈرگۈزمەكتە. دېمەك زومىگەر تاجاۋۇزچىلارنىڭ تارىخنىڭ پايتىمىسى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ دىل غەشلىكىگە سەۋەب بولغان تارىخى خاتالىق ۋە بىمەنىلىكلەرنى قايتا تەكرارلاشتەك خۇي-پەيلى ھېچقاچان ئۆزگەرمەيدۇ. بىز داۋاملىق خىتايىنى مۇشۇ دەۋردىمۇ، يەنى مۇشۇنداق ئىلغار ئۇچۇر دەۋرىدىمۇ پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆز ئالدىدا ئاشۇنداق بىر جىنايەتنى ئۆتكۈزەلەرمۇ؟ دەپ ئۆز-ئۆزىمىزگە سوئال قويىمىز. ئەمما ئېرىشكەن جاۋابىمىز:«ھەئە ئۆتكۈزىدۇ» بولدى. شۇڭا ھەر بىر ئۇيغۇر ھېچ بولمىغاندا ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشى كېرەك.

بىر مىللەتنى بىر بەدەن، بىر تەن دەپ قارىساق، ئانا تىل بۇ بەدەندىكى بىر ئەزادىن ئىبارەت. ئانا تىلىنىڭ شۇ مىللەت تىلىنى ئىشلىتىۋاتقان خەلقلەرنىڭ ھاياتى ۋە تۇرمۇشىدىن مەجبۇرىي ئېلىپ تاشلىنىشى بەدەندىكى بىر ئەزانىڭ كېسىپ تاشلىنىشى، ئېغىر ھالدا تەن جازاسىغا ئۇچرىشىغا ئوخشايدۇ.

شۇ سەۋەبتىن ئۇ مىللەت بىر مەجرۇھ مىللەتكە ئايلىنىدۇ. بۇنداق ئېغىر زەربە، يەنى تەن جازاسى ئىنسان بەدىنىدە ئەگەشمە مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانغا ئوخشاش، شۇ مىللەت تىلىنىڭ يوق قىلىنىشى كېلەچەكتە بۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ يوق بولۇشىنى؛ قەلەم تەۋرىتىدىغان ئەدىب، يازغۇچى، شائىر، تەتقىقاتچىلىرىنىڭ يوق بولۇشىنى، تەرجىمانلىرىنىڭ يوق بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر تىلىنى يوق قىلىش ئۈچۈن بېسىلغان ھەر بىر قەدەم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پاچىقىغا چېپىلغان پالتا ياكى قىڭراقتۇر.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چۈشمەيدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچ ۋە ئۈمىدلىرىم

1. گۈگۈل ئىزدەش موتورىدىن يوقلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان تىللار دەپ تۈركچە ۋە ئىنگلىزچە يازغان ۋاقتىمدا ئالدىمغا 10 خىل تىل چىقتى. بۇ تىللار بىلەن سۆزلىشىدىغانلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغاندا 1000 ئەڭ ئاز بولغاندا 5 كىشى بىلەن چەكلىنىدىكەن. بۇنى كۆرۈپ «ئاللاھقا مىڭ شۈكۈر» دەپ ئۇھ تارتتىم خۇشاللىق بىلەن. ھەر ھالدا سۆيۈملۈك ئانا تىلىمنى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ئۆزى ئېلان قىلغان سان بىلەن ئېيتقاندىمۇ 9 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ھازىرقى دەۋردىكى زامانىۋى ئۇچۇر ئالاقىسىدە بىمالال قوللىنىپ كەلمەكتە. چەتئەللەردە بولسا بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئانا تىلدا

سۆزلىشىدۇ. ھەر ھالدا ئۇيغۇر ئانا تىلىم خىتايدىن ئىبارەت بۇ يالماۋزىنىڭ يالماپ يەيدىغان ئېغىزىغا پاتمىغۇدەك بىر كۈچ ۋە جاسارەت بىلەن تۇرۇپتۇ. ئۇندىن باشقا يەنە، ئۇيغۇر ئانا تىلىمىزنى قوغداپ قېلىشقا تېگىشلىك تەدبىرلەرنى ئىشلىشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقتىمۇ قازىنالايدىكەنمىز دەپمۇ ئويلىدىم. ئەمما بۇ بىخۇدلۇق قىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش دېگەنلىك ئەمەس. ئەلۋەتتە ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ «ئۇيغۇر ئانا تىلىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالايلى!» دەپ چۇقان سالغىدەك مادارى يوق. ئۇيغۇر ئانا تىلىمىزنى قۇتۇلدۇرۇش ۋە ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش، شۇنداقلا خىتاي ھاكىمىيىتى ئېيتىۋاتقان «ئۇيغۇر تىلى ھازىرقى دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قالدى» دېگەن سەپسەتىسىگە رەددىيە بېرىشتەك يۈكسەك مەسئۇلىيەت مۇھاجىرەتتىكى بىزنىڭ زىممىمىزگە يۈكلەنگەن. مۇھاجىرەتتىكى يازغۇچى-شائىرلىرىمىز، تەرجىمانلىرىمىز، قىسقىسى بارلىق قەلەمكەشلىرىمىز قولىمىزغا قەلەم ئېلىپ ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر ۋە مۇھاكىمە ماقالىلىرى يازايلى ۋە دۇنياغا ئۇيغۇر تىلىنىڭ خىتاي ئېيتقاندەك دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىگە ماسلىشالمايۋاتقان بىر تىل بولماستىن، بەلكى يىلتىزى ئەڭ چوڭقۇر، تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، قوغدىلىشقا، ساقلىنىشقا ۋە ئىشلىتىشكە ئەرزىيدىغان نەپىس ۋە پاساھەتلىك بىر تىل ئىكەنلىكىنى نامايان قىلايلى. يەنە بىر تەرەپتىن، كېلەچەكتىكى ئۇيغۇر ئانا تىل بوستانلىقلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ چاڭقىغان دىللىرىغا ئابىزەمزەم ئىزدىگەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەسەر ۋە ماقالىلەر بۇلىقى قالدۇرۇشىمىز لازىم. شۇنداق بىر تىرىشچانلىق كۆرسىتەيلىكى، دۈشمەن ھەرقانداق ھىيلە ۋە نەيرەڭلىرىنى، شۇنداقلا دۇنياغا كۆز-كۆز قىلىۋاتقان قۇدرەتلىك كۈچىنى كۆرسىتىپمۇ بىزنىڭ

يېزىقچىلىق ۋە قەلەمدىن ئىبارەت بۇ كۈچلۈك قورالىمىزنى يوق قىلالمىسۇن.

1. 2003-يىلدىن 2005-يىلغىچە تۈركىيەدە تۇرغان چاغلىرىمدا تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناس، «سېرىق ئۇيغۇرلار» قاتارلىق تارىخى كىتابلارنىڭ ئاپتورى گۈلچىن جاندارلىئوغلۇ بىلەن كۆپلىگەن سۆھبەتلەردە بولغان ئىدىم. ئەلۋەتتە كۆپىنچە ھاللاردا سۆھبەت تېمىمىز ئۇيغۇر تىلىغا مەركەزلىشەتتى. گۈلچىن خانىم ماڭا: «سەن ئۇيغۇر تىلى تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ قالارمۇ دەپ كۆپ ئەنسىرىمە، ئۇيغۇر تىلى يىلتىزى بەك مۇستەھكەم بىر تىل، ھەتتا تۈرك تىلى ۋە باشقا تۈركى تىللارنىڭمۇ يىلتىزى ئۇيغۇر تىلىغا تۇتۇشىدۇ. ئۇيغۇر تىلى 1500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە تۈرك تىلىنىڭ ئانا يىلتىزى. مەسىلەن، ساڭا بىر مىسال سۆزلەپ بېرەي، بىر ئۇيغۇر شەرقىي تۈركىستاندىن يولغا چىقىپ، ئادرىئاتىك دېڭىزىغا قەدەر سوزۇلغان بۇ كەڭرى جۇغراپىيىدىكى دۆلەتلەردە ئۆز ئانا تىلى ھېسابلانغان ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىپ مەقسەت ۋە نىيەتلىرىنى ئۇقتۇرالايدۇ. ئەمما بىر خىتاي شۇنداق قىلالامدۇ؟» دېگەن ئىدى ئۇ ماڭا چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ.

2. يېقىندا مەن ماتېرىيال كۆرۈۋېتىپ، بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇرەئۇپ پولات (ئەدەبىي لەقىمى تەكلىماكانىي) ئەپەندىنىڭ 2002-يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى يېڭىلا قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇر تىلىنى سىقىپ چىقىرىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان مەزگىللەردە يازغان، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن»دىن «مەئارىفۇل لۇغەتەيىن»[2]گىچە ناملىق ماقالىسىنى ئۇچۇرتۇپ قالدىم. ماقالىدا خىتاي كوممۇنىست

(2) http://ellturk.blogspot.jp/2009/05/blog-post_11.html

پارتىيەسى ئۇيغۇر دىيارىنى بېسىۋالغاندىن بۇيان خىتاينىڭ بارلىق ئەمىر-پەرمان، سىياسەت، يوليورۇقلىرىنى ھېچ خاتاسىز ھالدا ئۇيغۇرلارغا بىلدۈرۈپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانداق قىلىپ چەتكە قېقىلىش ۋە سىقىپ چىقىرىلىش گىردابىغا كېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرگەن. بوۋىمىز ئەلشىر نەۋايىنىڭ 15-ئەسىردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھەتلىك بىر تىل ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش مەقسىتىدە يازغان «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» ناملىق ئەسىرىدىن مىساللار ئېلىش ئارقىلىق ناھايىتى ياخشى يورۇتۇلغان. بۇ ماقالە 25 يىلدىن بۇيان ئۆز قىممىتىنى يوقاتماي كېلىۋاتقان بولۇپ، مەن بۇ ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ۋەتەن ئىچىدىمۇ ئۇيغۇر ئانا تىلىنى قوغدايدىغان ئوت يۈرەك، ۋىجدانلىق كىشىلىرىمىزنىڭ، ئۇستازلىرىمىزنىڭ بارلىقىدىن سۆيۈندۈم، ئۈمىدلەندىم، ئىپتىخارلاندىم، پەخىرلەندىم.

3. مەرىپەت تورىدىن چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ پەخىرلىك ئالىمى، NASA ئالەم قاتنىشى ئىدارىسىنىڭ ئۇپتىك ئىنژېنېرى، مۇتەخەسسىس ئەركىن سىدىق ئەپەندى 2007-يىلى يازغان، ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەكتەپلىرىدە قوش تىللىق ئوقۇتۇش باھانىسىدە سىقىپ چىقىرىلىۋاتقانلىقىغا بولغان كۈچلۈك ئەنسىزچىلىك روھى ئىپادىلەنگەن ماقالە، «قوش تىللىق مائارىپمۇ ياكى يەككە تىللىق مائارىپمۇ؟» دېگەن ماۋزۇدىكى ماقالىنى ئوقۇپ ناھايىتى سۆيۈندۈم. چۈنكى چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىمىزمۇ خۇددى ئەلشىر نەۋايىدەك كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، قەدىمى، پاساھەتلىك ئۇيغۇر تىلىمىزنى قوغداش ئۈچۈن چۇقان سېلىۋېتىپتۇ.

4. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2017-يىلى سېنتەبىردىن

ئېتىبارەن ئۇيغۇر ئانا تىلىنى مەكتەپلەردىن چىقىرىپ تاشلاش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدا كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان بىر ئويغىنىش ۋە جانلىنىش بارلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئۇيغۇر ئانا تىلىنى قوغداپ قېلىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ماقالىلەر يېزىلىۋاتىدۇ. ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى، ئىلمىي لېكسىيەلەر تەشكىللەنگەندىن باشقا، ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئۇيغۇر ئانا تىل سىنىپلىرى ئېچىلىپ، ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ كېلەچەك ۋارىسلىرى بولغان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئانا تىلىنى ئۆگىنىشىگە پۇرسەت يارىتىلىۋاتىدۇ.

## دۇنيادىكى ئۆلگەن تىللار ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە قايغۇلىرىم

ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، رۇسلار چار رۇسىيە دەۋرىدە سىبىرىيەدىكى يەر ئاستى بايلىقلىرى ئەڭ كۆپ بولغان كەت مىللىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالتۇن، كۆمۈر قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرىنى تالان-تاراج قىلغان. كەتلەرنىڭ ئۆز يەر ئاستى بايلىقلىرىدىن باشقا كىرىم مەنبەسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىر قىسمى ئاچلىقتىن، بىر قىسمى ھەرخىل كېسەللىكلەردىن ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، بىر قىسمى رۇسلىشىپ كېتىدۇ. ئەينى چاغدا 11 مىڭ نوپۇسى بار كەتلەر 1990-يىلىدا 500 كىشى، 2011-يىلىدا 100 كىشىگە چۈشۈپ قالىدۇ. كەت خەلقى تاجاۋۇزچىلىقا ۋە بېسىمغا ئۇچرىغانلىقى سەۋەبىدىن يوق بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان بولغاچقا، كەت تىلىمۇ سۆزلىشىش ۋە يېزىلىشتىن بارا-بارا چۈشۈپ قېلىپ ئۆلۈك تىللار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. نۆۋەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە يۈرگۈزۈۋاتقان تاجاۋۇزچىلىقى، چار رۇسىيەنىڭ ئەينى يىللاردا

كەت مىللىتىگە يۈرگۈزگەن تاجاۋۇزچىلىقىدىن ھېچ قېلىشمايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىمۇ كەت تىلىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەنىڭ بوسۇغىسىدا.

ئارناۋۇت ۋە ماكېدونىيەلىقلار سۆزلىشىدىغان ئىللىر تىلىمۇ كەت بىلەن ئوخشاش ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇپ، بۈگۈن ئۆلگەن تىللار ئارىسىدىن يەر ئالماقتا.

شىمالى ۋە جەنۇبى ئامېرىكىدا، ئافرىقىدا، ئاۋستىرالىيەدە، ياۋروپالىق تاجاۋۇزچىلار يەرلىك خەلققە قاراتقان بېسىم سىياسىتى ئارقىلىق يەرلىك تىللارنى ئۆلتۈرمەكتە. ئەسلىدە ياۋروپالىقلار كېلىشتىن بۇرۇن ئامېرىكادىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ نوپۇسى 100 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەرلىكلەرنىڭ نوپۇسى بىر مىليونغا چۈشۈپ قالغان. 99 مىليون ئىنسان نەگە كەتكەن؟ ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىمۇ ئامېرىكالىق يەرلىك خەلقنىڭ تەقدىرىدىن ھېچ قېلىشمايدۇ. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا غەربنى ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويغاندىن كېيىن ۋە بۈگۈنكى كۈندىكى بىر يول بىر بەلباغ ئىستراتېگىيەسىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار نوپۇسى، خىتاي ئىجرا قىلغان ئۆلۈم جازاسى، تۈرمىلەردىكى تەن جازاسى، ۋە ئىز-دېرەكسىز غايىب بولۇش، خىتايلارنىڭ ئىنسان ئورگان تىجارىتى، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى ئېلىپ قېچىش قاتارلىق رەزىل ۋاستىلىرى نەتىجىسىدە كۈندىن-كۈنگە تۆۋەنلەپ بارماقتا. بۇنىڭغا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئانا تىلى ۋە ئۆرپ-ئادەت، يۇرت جامائىتىدىن ئايرىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئاچقان ئاتالمىش «شىنجاڭ سىنىپلىرى»غا ئېلىپ كېتىشى، ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ مەكتەپلەردىن چىقىرىپ تاشلىنىشى، شۇنداقلا

ئۇچۇر ـ ئالاقىدىن قالدۇرۇلۇشى قوشۇلغاندا، ئامېرىكالىق يەرلىك خەلقلەر بېشىغا كەلگەن تىراگېدىيەنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىدا چۆرگۈلەۋاتقانلىقىدەك ئاچچىق رېئاللىق كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرماقتا.

مېكسىكادا 1520 ـ يىلى ئومۇمىي نوپۇسى 25 مىليون بولغان قىزىل تەنلىكلەر 1601 ـ يىلى، يەنى 80 يىلدىن كېيىن بىر مىليونغا چۈشۈپ قالغان. بەلكى خىتاي ھۆكۈمىتى ھەر خىل ناملار ئاستىدا ئۇيغۇرلارغا قاراتقان يوقىتىش سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرسا، ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىمۇ خۇددى قىزىل تەنلىكلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن.

كۈچلۈك مىللەتلەر ئاجىز مىللەتلەرگە ئېلىپ بېرىۋاتقان تۈرلۈك قىرغىنچىلىقلار، بېسىملار ۋە ئىشغال قىلىشلار تىللارنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولماقتا. مەسىلەن، مايا تىلى ئۆلگەن بىر تىل. ئۇنىڭدىن باشقا تانزانىيەدە، ئاۋستىرالىيەدە، گىنىدە، قىرىمدا، شەرقىي تۈركىستاندا ئوخشىمىغان تىللار تەھدىت ھالىتىدە تۇرماقتا. بۈگۈن بىز جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ رەسمىي تىلىنىڭ ئىنگلىزچە بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرمەكتىمىز.

دېمەك، ئەگەر خىتاي ئۇيغۇر تىلىنى يوق قىلىش قەدىمىنى ھازىرقىدەك تېزلىتىدىغان بولسا، ئەگەر ئۇيغۇرلار جىددىي تەدبىر ئالمىغان تەقدىردە، خۇددى ھازىرقى ئافرىقىلىقلار ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ ئىنگلىزچە سۆزلەشكەنگە ئوخشاش، ئۇيغۇرلارمۇ ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ خىتايچە سۆزلىشىدىغان پاجىئەگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن.

كۆچۈش ۋە سۈرگۈنلەرنىڭ تىلنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدە مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى ھەققىدە توختالغان تۈركىيەلىك

تىل تەتقىقاتچىسى رىكىن ئەرتەم «تىللارنىڭ ئۆلۈشى» ناملىق ماقالىسىدە، كۆچۈش ۋە سۈرگۈنلەرنىڭ بىر تىلنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئويناھايدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سەۋەبلەر پەيدا قىلغان كۆچمەنلىكتىن بىر تىلنى سۆزلىشىدىغان خەلقلەر پارچىلىنىدۇ، بىر قانچە پارچىلارغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بۇ پارچىلارنىڭ ھەر بىرى يەنە بىرىدىن ئۇزاقلاشقانچە، ئۆزى قوشۇلغان خەلقلەر ئىچىدىكى ئاساسلىق تىلنىڭ بېسىمى بىلەن شۇ تىلنىڭ ئىچىدە ئېرىشكە باشلايدۇ. دۆلەت تەرىپىدىن ھېچقانداق بىر بېسىم قىلىنمىغان تەقدىردىمۇ پەقەت ئاساسىي تىلنىڭ بېسىمىنىڭ تەسىرىدە، خىزمەت ۋە ئۆگىنىش قاتارلىق مۇھىم نۇقتىلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئانا تىلنى قوللىنىش ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ. نەتىجىدە ئۇ تىل ئۆلىدۇ» دەيدۇ. ئۇ يەنە: «كۆچمەن بولغان خەلقلەر يېڭى بىر تىل بىلەن ئۇچرىشىش نەتىجىسىدە ھېس-تۇيغۇ، چۈشەنچە ۋە خاراكتېر جەھەتتىن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئامېرىكاغا مەجبۇرىي قۇل قىلىپ كەلتۈرۈلگەن نېگىرلار بۈگۈن ئانا تىلنى ئۇنتۇغاننى ئاز دەپ، ئامېرىكالىق بولغانلىقلىرىدىن پەخىرلىنىپ ياشىماقتا. پولشا ۋە لىتۋانىيەگە كېتىشكە مەجبۇر بولغان قىرىم تاتارلىرىمۇ تاتارچىنى ئۇنتۇپ، زومگەر تىلنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغان. ئافغانىستاندىن ئامېرىكاغا، ئافرىقادىن ئەنگلىيەگە، شىمالى ئافرىقادىن ئىسپانىيە، فىرانسىيە ۋە ئىتالىيەگە كۆچمەن بولۇپ بارغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئانا تىللىرى يوق بولدى ۋە ياكى بىر قانچە نەسىلدىن كېيىن يوق بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە. خىتاي زۇلۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي 1930-يىللىرىدا تۈركىيەگە كېلىپ يەرلەشكەن ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ چوڭلىرى ئۆلۈپ تۈگىگەندىن كېيىن، قالغان

ياشلىرى ئۇيغۇرچە سۆزلىشىش ئېھتىياجى قالمىغانلىقتىن ئەجدادى تۈركىيەگە ئېلىپ كەلگەن ئۇيغۇر تىلى ھازىر ئۆلگەن تىل بولۇپ قالدى» دەپ يازىدۇ. دېمەككى، تىل تەتقىقاتچىلىرى ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ تۈركىيەدە ئۆلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماقتا. سوئال ئۇيغۇر ئانا تىلى يېقىن كېلەچەكتە دۇنيادىكى ئۆلگەن تىللار قاتارىدىن ئورۇن ئالارمۇ؟

**چەتئەلدە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇر، ئانا تىلىمىزنى قوغداشتىكى نەۋايى بولايلى**

ئەلشىر نەۋايى 15-ئەسىردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى پاساھەتلىك ۋە سەنئەتلىك بىر تىل ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك شېئىرى-داستانلىرىدا نامايان قىلغان ۋە بۇ خىل قاراشنى قوغداشقا تىرىشقان شائىر ۋە ئەدىب. ئۇ ئەينى دەۋردە ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنىڭ خىرىس قىلىشىغا دۇچ كەلگەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ قىممىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆمۈر بويى خىزمەت قىلغان بىلىم ئادىمى ۋە دۆلەت ئەربابى.

ئەلشىر نەۋايى ئۆز دەۋرىدە مودا بولۇۋاتقان ئەرەبچە ۋە پارسچىنى ياخشى بىلىدىغان ئەدىب بولغىنىغا قارىماي، ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يېزىپ ئەينى دەۋردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ شان-شەرىپى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى قوغدىغان. نەۋايى ئۆز دەۋرىدە يېزىقچىلىق ۋە دۆلەت باشقۇرۇشتا ناھايىتى زور شۆھرەت قازانغان ئەدىب، شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يېزىشى، پارس تىلى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بۇ دەۋردە، ئۇيغۇر تۈرك تىلىنىڭ خۇددى يۇلتۇزدەك چاقنىشىغا سەۋەب بولغان. نەۋايى روھى ھازىرمۇ ئۆرنەك ئېلىشىمىزغا ۋە قەدىرلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

ئەلشىر نەۋايى، 11-ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن مەھمۇد قەشقەرىدىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىنى قوغداش ۋە شان-شەرىپىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك خىزمەت كۆرسەتكەن كىشى بولۇپ تونۇلۇپ كەلمەكتە. ئۇ «مۇھاكىمەتۇل-لۇغەتەيىن» ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇر تىلى بىلەن پارس تىلىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ناھايىتى كۆپ يەردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. نەۋايىنىڭ بۇ ئەسىرىنى، ئەينى دەۋردە ئۆز ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئەرەبچە ۋە پارسچە ئەسەر يېزىۋاتقان كىشىلەرگە قارىتىپ يازغانلىقى مەلۇم. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئۇيغۇر تارىخىغا نەزەر سالغان ۋاقتىمىزدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ 11-ئەسىردىمۇ بۈگۈنكىدەك يوق بولۇش خىرىسىغا دۇچ كەلگەنلىكىنى، ئۇ دەۋرلەردە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانى-لۇغەتىت-تۈرك» ناملىق شاھانە ئەسەرنى يېزىش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھەتلىك ۋە گۈزەل تىل ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

دېمەك، بىز تارىخنى ۋاراقلىغان ۋاقتىمىزدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەر بەش ئەسىردە بىر قېتىم خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يېتىمىز. ئەمما ھەر دەۋردە مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەلشىر نەۋايىدەك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ئېسىل پەرزەنتلىرى ئانا تىلىمىز ئۇيغۇر تىلىنى جان تىكىپ قوغدىغان. 21-ئەسىردە يەنە بىر قېتىم ئۇيغۇر ئانا تىلىمىز ھايات-مامات كۈرىشىگە دۇچ كەلمەكتە. بۇ كۈرەشتە بىزنىڭ يېڭىلىپ قېلىشىمىز ۋە ياكى غەلىبە قىلىشىمىز ئەلۋەتتە ھەر بىرىمىزنىڭ بىردىن نەۋايى ۋە مەھمۇد قەشقەرى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقالايدىغان ياكى چىقالمايدىغانلىقىمىزغا باغلىق.

يەھۇدىيلار ئۆلگەن تىلنى تىرىلدۈرۈشتە ئالاھىدە ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مىللەت بولۇپ، بىلگىنىمىزدەك مىلادىدىن بۇرۇنقى 587-ۋە مىلادىدىن كېيىنكى 70-يىللاردا ئىككى قېتىم ھاكىمىيىتى زاۋال تاپقان يەھۇدىيلار دۇنياغا تارىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار ئىقتىسادى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى قوغداپ قالالىغان بولسىمۇ، ئەمما تىلىنى ئاستا-ئاستا ئۇنتۇشقا باشلىغان بولۇپ، بىللە ياشاشقا مەجبۇر بولغان باشقا بىر خەلقنىڭ تىلىنى ئىشلىتىشكە تولۇق يۈزلەنگەن ئىدى. يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن رۇسىيە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ ياردەم قىلىشى نەتىجىسىدە ئۆز زېمىنلىرىغا قايتقان يەھۇدىيلار بىر-بىرىنى چۈشىنەلمەس ھالەتكە كەلگەن ئىدى. چۈنكى يەھۇدىيلارنىڭ ئىبرانىي تىلى ئۆلگەن ئىدى. يەھۇدىيلار دەرھال ئىبرانىيچە كۇرسلار ئاچتى، يەھۇدىي تىلىنى جانلاندۇرۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە يەھۇدىيلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارىلىپ كەتكەن بولۇشىغا قارىماي، ئۆز مىللىي كىملىكىنى قوغداشتا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئانا تىلى ئىبرانىيچە قايتا تىرىلدۈردى. 11- ۋە 15- ئەسىرلەردە ئوخشاش خىرىسقا دۇچ كەلگەن ئۇيغۇر تىلى 21-ئەسىرگە كەلگەندە ختايدىن ئىبارەت بۇ تاجاۋۇزچىنىڭ ئىقتىسادى، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئېغىر تالان-تاراج قىلىشىغا دۇچ كەلمەكتە. ئۇيغۇر ئانا تىلىنى قوغداپ قېلىشتا ھەممىمىز بىر مەھمۇد قەشقەرى، نەۋايى بولايلى!

چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى ئۇيغۇر ئانا تىلىمىزنى قوغداپ قېلىشتا ئالدىنقى سەپتىن يەر ئېلىشى كېرەك

يازايلى، يازايلى، يازايلى، ئۇيغۇر تىلىدا توختىماي شېئىر-قوشاق، داستان، سۆز ئويۇنى، ماقالە، مۇلاھىزە، تەرجىمە، باللار چۆچەكلىرى، ئېپىزوت، ھېكايە، پوۋېست، رومان...

ئۇيغۇر تىلى ئىپادىلىنىدىغان نېمە بولسا يازايلى. يېتەركى، ۋەتەندە مەجبۇرىي ھالدا ئۇچۇر-ئالاقىدىن، دۇنيا سەھنىسىدىن قالدۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر تىلى چەتئەللەردىكى ھەر بىر پىدائىي، مەھمۇد قەشقەرى ۋە نەۋايىلارنىڭ جاسارىتىدىن ئۆزىنىڭ 21-ئەسىردىمۇ پاساھەتلىك گۈزەل بىر تىل ئىكەنلىكىنى، ئىپادىلەش جەھەتتە خىتاي تىلىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر قەدىمى چوڭ تىل ئىكەنلىكىنى دۇنياغا جاكارلىسۇن.

دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، خەلقىمىز ئارىسىدا ئۇزۇندىن بۇيان تارقىلىپ يۈرۈۋاتقان مەشھۇر ئۇيغۇر تەرجىمان ۋە شائىر ئابدۇكېرىم خوجايۇپ ئاكىمىز بىلەن بىر خىتاي يازغۇچى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن تۆۋەندىكى دىيالوگنى قىستۇرۇشنى لايىق كۆردۈم.

بىر كۈنى ئابدۇكېرىم خوجايۇپ ئاكىمىز ئۈرۈمچىدىكى بىر ئاپتوبۇستا بىر خىتاي يازغۇچىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. خىتاي يازغۇچى ئابدۇكېرىم خوجايۇپتىن:

- ئۇزۇن بولدى كۆرۈنمەيسەنغۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

- سىلەرنىڭ «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «غەربكە ساياھەت» قاتارلىق قەدىمى كىتابلىرىڭلارنى تەرجىمە قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق، دەپتۇ ئابدۇكېرىم خوجايۇپ خىتاي يازغۇچىغا. بۇنىڭدىن ھەيرانلىق ھېس قىلغان خىتاي يازغۇچى:

- ھە... ئۇيغۇر تىلى بۇنىڭغا يەتتىمۇ؟ دەپ سوراپتۇ. ھازىر جاۋاب ئابدۇكېرىم خوجايۇپ ئەپەندى خىتاي يازغۇچىغا:

- ۋاي يېتىپ ئېشىپ قالدى، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ ناھايىتى ئاددىي ۋە مەنىلىك جاۋاب، ئۇيغۇر تىلىنىڭ

قانچىلىك باي، قانچىلىك پاساھەتلىك، قانچىلىك يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە تىل ئىكەنلىكىنى ئۇيغۇر تىلى دۈشمەنلىرىگە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر مائارىپ، ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتى (UNESCO) ھەر يىلى 10 تىلنىڭ ئۆلۈۋاتقانلىقىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھازىر ئۇچۇر ـ ئالاقىدە ياشاۋاتقان 6 تىلنىڭ بىر قىسمىنىڭ 100 يىل ئىچىدە ئۆلىدىغانلىقىغا كىشىنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇرماقتا. شۇڭا ئۇيغۇر تىلى دۇچ كېلىۋاتقان خىرىسلارغا نىسبەتەن سەزگۈر بولۇش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تەدبىر ئېلىش بىز بىر ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن مۇھىم ۋەزىپە.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ دۇنيادىكى ئۆلگەن تىللار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىغا قاراپ تۇرمايلى!

2017 ـ يىلى 19 ـ نويابىر

# ئەجەدەر چىشىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، تېخى ئۇتىنى پۈركىمىدى

## قوشۇمچە تېما: خىتاينىڭ «بىر يول بىر بەلباغ چۈشى»، كونا تېكىستكە ئېيتىلغان يېڭى مۇقام

(خىتاينىڭ بىر يول بىر بەلباغ ئىستراتېگىيەسى ھەققىدە مۇلاھىزە)

يېقىندا ۋاتسئاپ گۇرۇپپىسىدىن بىر قازاق زىيالىيسىنىڭ قازاق خەلقى ۋە زىيالىيلىرىغا، خىتاينىڭ قازاقىستانغا سىڭىپ كىرىشىدىن سەگەك بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە سۆزلىگەن بىر سۆزىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ قازاق زىيالىيسى سۆزىدە قازاقىستاندىكى بارلىق قازاق زىيالىيلىرىنى، خىتاينىڭ ھىيلە-مىكىر ۋە سۇيىقەستلىرى ئالدىدا سەگەك بولۇشقا چاقىرغان ئىدى.

بۇ قازاق زىيالىيسىنىڭ ۋاتسئاپ گۇرۇپپىلىرىدا تارقاتقان سۆزىدە خىتاينى ئەجدەرگە ئوخشىتىپ، دۇنياغا «ئەجدەر چىشىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ تېخى ئۇتىنى پۈركىمىدى» دېگەن ناھايىتى چوڭقۇر مەنە يوشۇرۇنغان بىر جۈملە سۆزنى ئىشلەتكەن. مەنمۇ بۇ قازاق قېرىندىشىم ئىشلەتكەن شۇ ئوخشىتىشنى ماقالەمنىڭ ماۋزۇسى قىلىپ ئىشلىتىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

بۇ قازاق زىيالىيسى يەنە، خىتاي دېيىلگەندە دۇنيا داڭلىق

خىتاي كىنو چولپىنى جىك چەن، يەنى چېك لوڭنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋاتىدۇ. ئەمما خىتاينىڭ يەنە بىر يۈزىنى تېخى كۆرمىدى، دېگەن. يېقىندىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان قازاق خەلقىگىمۇ ئۇيغۇر خەلقىگە يۈرگۈزۈۋاتقان رەزىل سىياسەتلەرنى قوللىنىشقا باشلاپ پاسپورتلىرىنى تارتىۋالغانلىقى، «خەيرلىك بولسۇن!» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن تۈرمىلەرگە تاشلىغانلىقىغا ئوخشاش ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى، قازاق خەلقى ۋە قازاق زىيالىيلىرىدا زور ئويغىنىشلار پەيدا قىلغان.

يېقىندا خىتاي، دۇنيا ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 26%تىنى، 65 تىن كۆپ دۆلەتنى ئورىغان، ئۈچ دېڭىز، ئىككى قۇرۇقلۇق يولى، بەش يۆنىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «بىر يول بىر بەلباغ تۈرى»نى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان بولۇپ، خىتاي بۇ تۈر بىلەن ئۆتىدىغان 65 دۆلەتكە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يول، پورت، تۆمۈر يول ۋە ئايرودۇرۇم ئارقىلىق بىۋاسىتە بېيجىڭغا باغلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پىلانلىماقتا. زاغرا تىل بىلەن ئېيتقاندا، خىتاي دۇنياغا «ئاكاڭ قارىغاي يولۇڭنى، كۆۋرۈكۈڭنىڭ، پورتۇڭنى، تۆمۈر يولۇڭنى ياساپ بېرىدۇ، دوللاردىن ئەنسىرىمە، پەقەت سىزغان سىزىقىمدىن چىقمىساڭ بولدى» دەۋاتىدۇ. دۇنيا مەتبۇئاتلىرى خىتاينىڭ دوللارنى دۇنيا قۇرۇقلۇقى ۋە دېڭىز-ئوكيانلىرىغا ئايىماي چېچىۋاتقانلىقىدەك بۇ ھەرىكىتىنى «يۇمشاق سىڭىپ كىرىش» دەپ تەسۋىرلەۋاتىدۇ. ئەمما مېنىڭ خىتاينىڭ بۇ خىل دۇنيانىڭ دەرۋازىسىنى «قىزىل بولاق (包红)» بىلەن جىك چەندەك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۇرۇشىنى «ناز-كەرەشمە دىپلوماتىيە» دەپ تەسۋىرلىگىم بار.

خىتاي بىر قارىغاندا، غەربكە ساياھەت فىلىمىدىكى قاراڭغۇ

ئورمانلىقلاردا تاڭسىگىنىڭ ئالدىغا كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ كۈلۈمسىرەپ چىقىدىغان ناز-كەرەشمە جىن قىزلارغا ئوخشىسا، يەنە بىر قارىغاندا ھەممە نەرسىنى دوللار بىلەن كونترول قىلىمەن دەيدىغان قارا قول تەشكىلاتلىرىنىڭ مافىيەلىرىگە ئوخشايدۇ.

مەن، 7.6 ملياردلىق دۇنيا نوپۇسىنىڭ 4.5 ملياردلىق قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، 305 مليارد دوللار خەجلىنىشى مۆلچەرلىنىۋاتقان، ھازىرغا قەدەر خىتاي تەرەپتىن 124 مليارد دوللار مەبلەغ سېلىنىپ بولغان، مەيدىسىگە ئۇرۇپ «دۇنيانى ئاكاڭ قارىغاي باشقۇرىدۇ» دەۋاتقان خىتاينىڭ بۇ كېڭەيمىچىلىك تۈرىنى، بىر لۈكچەكنىڭ بىر مەھەللىدىكى، بىر شەھەردىكى ۋە ياكى بىر يۇرتتىكى لۈكچەكلىكىنىڭ دۇنياغا ھېچ نومۇس قىلماي كېڭىيىشى دەپ قارايمەن. ئەلۋەتتە بۇ «لۈكچەك» نى دۇنيادا بىر كۈچ «توختا!» دېيىشى كېرەك. تۈركىيە سابىق باش مىنىستىرى رەجەپ تايىپ ئەردوغاننىڭ «پىرئەۋنىدەك زالىملارنىڭ ئالدىنى توسالايدىغان مۇسا ھامان بىر كۈنى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ» دەيدىغان بىر سۆزى بار.

دۇنيادا خىتاينىڭ خۇي-پەيلىنى ئۇيغۇر مىللىتىدەك ياخشى بىلىدىغان يەنە بىر مىللەت بولمىسا كېرەك. خىتاي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئانا ۋەتىنى بولغان شەرقىي تۈركىستانغا سىڭىپ كىرگەن ۋاقتىتىمۇ خۇددى ھازىر دۇنياغا سىڭىپ كىرگەندەك، ناز-كەرەشمە بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى قارلىرىنى تازىلاپ، بوۋاي-موماي لارنىڭ چاچ-ساقاللىرىنى ياساپ، سۈيىنى توشۇپ، ئوتۇنىنى يېرىپ بېرىپ كىرگەن ئىدى. ئارىدىن ئاز كەم 60 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇرلار «ۋاي داد!» دېگەنچە ئۆي-ماكانىنى

ختايغا تاشلاپ، جىننى ئېلىپ قېچىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، دۇنيامۇ «ۋاي دات! ختايدىن جاق تويدۇم، بۇنى قانداق قىلىپ قوغلاپ چىقىرارمەن» دېگەن بىر كۈننى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. بىر يول بىر بەلباغ ئىستراتېگىيەسىمۇ ختاي قىزىل ئارمىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى قانداق كونترول قىلغانلىقىنىڭ دەل ئۆزى.

**ختاي-پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورى - تىمتاس ئەمەس بۇ ماكان**

شى جىنپىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان بىر يول بىر بەلباغ شىېرىن چۈشىگە پەقەت شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىككى لىنىيە بىخەتەر ۋە راۋان بولغاندىلا ئېرىشەلەيدۇ. بۇنىڭ بىرى 60 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىۋاتقان ختاي-پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورى. بۇ كارىدور شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر شەھىرى ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارقىلىق پاكىستاننىڭ بالۇچىستان ئۆلكىسىگە ۋە ئاخىردا پاكىستاننىڭ گىۋادار پورتى ئارقىلىق ھىندى ئوكيانغا تۇتىشىدۇ. يەنە بىرى قازاقىستان بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى تۇتاشتۇرىدىغان قورغاس قۇرۇقلۇق بازىسى.



خىتاي، قەشقەر ـ پاكىستان ئارقىلىق ھىندى ئوكيانغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن پۈلنى بولۇشىغا خەجلەۋاتىدۇ. دېمەك، شەرقىي تۈركىستان ئاساسلىق تۈگۈن ھېسابلانغان، خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورى بولمىغان شارائىتتا خىتاينىڭ ھىندى ئوكيانغا تۇتۇششى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ چاغدا شى جىنپىڭنىڭ بىر يول بىر بەلباغ شىبىرىن چۈشىگە يېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا خىتاي قاراقۇرۇم تاغلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ ھىندى ئوكيانغا تۇتىشىدىغان 3 مىڭ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يول ياساۋاتىدۇ پاكىستاندا. دېمەك، خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورى پۈتكەندە خىتاي بىۋاستە پاكىستان ئارقىلىق ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافرىقىغا تۇتۇشىدۇ.

ئەمما خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورى شى جىنپىڭنىڭ بىر يول بىر بەلباغ چۈشىدىكى ئەڭ نازۇك ھالقا بولۇپ، بۇ يولدىن خىتاي ماللىرى ئالدى بىلەن ھىندى ئوكيانغا، ئاندىن ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافرىقىغا تۇتاشقان بىلەن، ئەگەر ۋەزىيەت ئىشنىڭ تەتۈرىگە ئۆرۈلگەندە، يەنى شى جىنپىڭنىڭ شىبىرىن چۈشى قارا بېسىپ قالغاندا، بۇ يوللار خىتاي ماللىرى ماڭىدىغان يول ئەمەس، بەلكى خىتاي قىزىل ئارمىيەسى پاكىستاننى بېسىۋالىدىغان يوللارغا ئايلىنىشى مۇمكىن. خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورى، تېررورلۇق ۋەقەلىرى ئەڭ كۆپ يۈز بېرىۋاتقان مۇسۇلمانلار ئىگىدارچىلىقىدىكى رايونلاردىن ۋە ئەتراپلىرىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان بولۇپ، خىتاي نەزىرىدە شەرقىي تۈركىستانمۇ بىر تېررورلۇق بازىسى ھېسابلىنىدۇ (گەرچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ تېررورلۇق بىلەن ھېچ ئالاقىسى بولمىسىمۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي بىر يول بىر بەلباغ ئىستراتېگىيەسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلانغان شەرقىي تۈركىستاندا بىر مىليون قوراللىق ئەسكەر تۇرغۇزماقتا.

بۇ خىتايدىكى 2 مىليون قوراللىق ئەسكەر ئومۇمىي سانىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ (بۇ سۆزلەرنى ياۋروپا-خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ سابىق باشلىقى چارلەس پارتون بىر لېكسىيەسىدە ئوتتۇرىغا قويغان).

خىتاي بىر يول بىر بەلباغ ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاندىن قۇشلارنىڭمۇ ئۇچۇپ ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلماسلىقى كېرەك. ئەگەر كېرەك بولسا، بۇ زېمىننىڭ ھەقدار ئىگىلىرى ھېسابلانغان ئۇيغۇرلارنى تانكىلىرى بىلەن دەسسەپ-چەيلىۋېتىشى كېرەك. شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلۇۋاتقان تارىختىكى ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭ ئۆلۈم لاگېرلىرىنى ئەسلىتىدىغان تەربىيەلەش لاگېرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئۇيغۇرلارنىڭ د ن ئا لىرىنىڭ تەكشۈرۈلۈشى شۇ ۋەجىدىن.

خىتاي، خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورىغا، شۇنداقلا پاكىستاننىڭ شامال ئېنېرگىيەسى ۋە قۇياش ئېنېرگىيەسى قاتارلىق تۈرلىرىگە ناھايىتى يۇقىرى مىقداردا مەبلەغ سېلىۋاتقان بولۇپ، پاكىستان خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن قالسا ئىككىنچى ئارقا ھويلىسىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ كارىدور ئارقىلىق خىتاي تاۋارلىرى غەربكە، غەربنىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گازلىرى خىتايغا 12 كۈندە يېتىپ بارىدۇ. خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورى، شامال ئېنېرگىيەسى، قۇياش نۇرى ئېنېرگىيەسى ۋە كۆمۈر گاز تۇرۇبا يولى قۇرۇلۇشى، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يول قۇرۇلۇشى ۋە تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خىتاي پاكىستان بىلەن يەنە ناھايىتى كۈچلۈك ھەربىي ھەمكارلىقمۇ ئورناتماقتا. ئۇنداقتا خىتاي پاكىستاننى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن «پاكىستانلىقلار بېيىپ ياخشى كۈن كەچۈرسۇن» دېگەن مەقسەتتە پاكىستانغا

مەبلەغ سېلىۋاتامدۇ؟ بۇ دەرىجىدىن تاشقىرى مەبلەغلەرگە، خىتاينىڭ رايونغا ۋە دۇنياغا قەدەممۇ قەدەم سىڭىپ كىرىش ۋە كېڭەيمىچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت ھىيلە-مىكرى يوشۇرۇنغان.

پاكىستاندىكى زىيالىيلار، ئۆكتىچى پارتىيەلەر ۋە پاكىستاندىكى ئۇيغاق كىشىلەر، خىتاينىڭ پاكىستانغا سىڭىپ كىرىپ، پاكىستاننى خىتاي تەسىرى ئاستىدىكى ئافرىقىدەك بىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشىدىن قاتتىق ئەندىشە ھېس قىلماقتا.

خىتاي، بىر يول بىر بەلباغ قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىنىش ئېغىزى ھېسابلانغان خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادى كارىدور (تۆۋەندە خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا ئىنگلىزچە قىسقارتىپ ئىشلىتىۋاتقان CPEC دېگەن قىسقارتىلما ئاتالغۇنى ئىشلىتىمەن) جۇغراپىيەلىك شارائىت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، خىتاي ئۆچۈن بىسىپ ئۆتۈش تەسكە توختايدىغان جۇغراپىيەدىن ئىبارەت بولۇپ، بىخەتەرلىك نۇقتىسىدىنمۇ ھەم شۇنداق. بۇ ھازىرچە ئىشنىڭ باشلانغۇچى. خىتاي CPECتە «چۆچنى كۆزدە سانىشى» كېرەك. خىتاينىڭ بىر يول بىر بەلباغ ئىستراتېگىيەسى «تىمتاس بولمىغان ماكان»دىن كېسىپ ئۆتىدۇ.

ئەجەبا يالغۇز پاكىستانغىلا ئەمەس، بەلكى بېنگلادېش، سىرىلانكا ۋە نېپالغىمۇ ناھايىتى قورقۇنچلۇق يۇقىرى رەقەملەر بىلەن مەبلەغ سېلىۋاتىدۇ. ئەمما بۇ مەبلەغلەرنىڭ ئارقىسىغا ناھايىتى خەتەرلىك شۇم غەرەزلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بۇ دۆلەتلەردىكى خەلقلەر ھېس قىلىپ يەتتى.

**ئەجەبا دۇنياغا ھازىرچە چىشىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئويۇنلار، زەھەر ۋە ئوت پۈركۈشلەر ئەمدى باشلىنىدۇ**

ئەمما خىتاي مەردلىك بىلەن پۇل چېچىۋاتقان CPEC

تىمتاس بولمىغان بىر ماكان. تىمتاس بولمىغان بۇ بىپايان جۇغراپىيەدە كىملەر ئات چاپتۇرۇپ قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ كېلىپ كەتمىدى؟ قېنى ئۆزلىرىنى دۇنيانىڭ پاتماس قۇياشى دەپ تەسۋىرلىگەنلەر ۋە سەلتەنەت سۈرگەنلەر؟ تېخى تۈنۈگۈنلا دۇنيانىڭ پاتماس قۇياشىمەن دەۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى مانا مۇشۇ تىمتاس بولمىغان جۇغراپىيەنىڭ ئەتراپىدا پېتىپ كەتمىدىمۇ؟ ئەگەر پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر چۆرگىلەشكە نىسپ بولۇپ، دۇنيانىڭ بۈگۈنكى پاتماس قۇياشىمەن دەۋاتقان خىتاي پېتىپ كېتىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورىنىڭ ئىسمى، «شەرقىي تۈركىستان ـ پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورى»غا ئۆزگىرىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا 3 مىڭ كىلومېتىرلىق بۇ كارىدور شەرقىي تۈركىستاننى تاكى ھىندى ئوكيانغا قەدەر تۇتاشتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۇنياغا تۇتۇشىشىغا شارائىت ھازىرلايدۇ. شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن يىراق ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلىتى بولۇشتەك رېئاللىقىغا خاتىمە بېرىدۇ. بىز چوقۇم ھەر يامانلىقنىڭ ئارقىسىدا بىر ياخشىلىقنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك.

### خىتاي ـ قازاقىستان قورغاس قۇرۇقلۇق بازىسى

خىتاي دوللارنى ئايىماي چېچىۋاتقان ۋە ئىنتايىن ئالدىراشچىلىق بىلەن تۆمۈر يول ياساۋاتقان يەنە بىر دۆلەت قازاقىستان. خىتاي قازاقىستانغا مەبلەغ سېلىش جەھەتتە رۇسىيەدىن قالسا ئىككىنچى چوڭ مەبلەغ سالغۇچى ھېسابلىنىدۇ. خىتاي قازاقىستاننىڭ ئېنېرگىيەسىگە كۆز تىكمەكتە. شۇنداقلا قازاقىستان ئارقىلىق دۇنياغا ئېچىلماقچى. خىتاي جۇغراپىيەلىك كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ئىككىنچى ئۆتۈشمە تۈگۈنى قازاقىستان.

قازاقىستان مول يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى ئېنېرگىيە بايلىقى بىلەن خىتاينىڭ ئېچىرقاپ كەتكەن ئېنېرگىيەگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ياخشى جاي. شۇنداقلا، خىتاينى بىر يول بىر بەلباغ شىبىرىن چۈشىگە ئۇلاشتۇرىدىغان ئۆتۈشمە كۆۋرۈك. شۇڭا خىتاي قازاقىستاننىڭ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىغا زور مەبلەغ سېلىۋاتىدۇ. ئەگەر قازاقىستان بولمىغان شارائىتتا خىتاينىڭ بىر يول بىر بەلباغ شىبىرىن چۈشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ مۇھىم بولغىنى قازاقىستانغا ئەڭ يېقىندىن چېگرالىنىدىغان غۇلجا قورغاس قۇرۇقلۇق پورتى ئارقىلىق خىتاي ياۋروپاغا ئۆتەلەيدۇ. دېمەك، شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ قازاقىستان يۆنىلىشى ئارقىلىق دۇنياغا يۈزلىنىشىدىمۇ مەرۋايىتتەك چاقناپ تۇرماقتا. خىتاي بۇ يۆنىلىشتە قورغاس- قازاقىستان-ئەزەربەيجان-گۈرجىستان قاتارلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ تۈركىيەگە تۇتۇشىدۇ. قازاقىستان خىتاينىڭ پاكىستاندىن قالسا ئەڭ كۆپ مەبلەغ سېلىۋاتقان دۆلەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، خىتاي قازاقىستاننىڭ كانچىلىق، نېفىت ۋە يېزا ئىگىلىكىگە 30 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالغانلىقى مەلۇم.

خىتاي يەنە قازاقىستان-خىتاي تۆمۈر يولى ئارقىلىق يىلىغا 50 مىليون توننا مەھسۇلاتىنى دۇنياغا توشۇيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي قازاقىستاندىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىگە جايلاشقان قورغاس قۇرۇقلۇق بازىسى قۇرۇلۇشىغا 600 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالغان. ئەمما غۇلجا خەلقى بۇنداق خەلقئارالىق ئىستراتېگىيەلەرنى قىلچە مەنپەئەتكە ئېرىشەلمەيدىغان بولۇپ، خىتاي بۇ ئالتۇن يولنىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى ھېسابلانغان ئۇيغۇرلارنى، يىغۋېلىش ئورۇنلىرىغا يىغىۋالماقتا، د ن ئا ئەۋرىشكىلىرىنى يىغماقتا ۋە خىتايلار بىلەن مەجبۇرىي قوشماق تۇغقان بولۇشقا مەجبۇرلىماقتا.

بۇنىڭغا ئاكتىپ قاتناشمىغانلارنى ئىككى يۈزلىمچى كادىر دەپ تۈرمىلەرگە تاشلىماقتا.

ئۇنداقتا، قازاقىستان خىتاي ئۈچۈن تىمتاس ماكانمۇ؟ ياق، گەرچە ھازىر تىمتاس بىر ماكاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما قازاقىستان قايناۋاتقان بىر قازان، كېلەچەكتە تاشقىنلىشى مۇمكىن. قازاقىستان خەلقى ۋە قازاقىستانلىق ئىلغار زىيالىيلار، خىتاينىڭ قازاقىستانغا ناز-كەرەشمە سىياسىي دىپلوماتىيە بىلەن سىڭىپ كىرىشىنىڭ قازاقىستانغا تەسىر كۆرسىتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئەمما خىتاي تېخى ئۇيغۇر خەلقىگە سالغان زۇلۇملىرىنىڭ يۈزدىن بىرىنى قازاق خەلقىگە كۆرسەتمىدى. ئۇزۇندىن بۇيان قازاق خەلقىگە چىشىنى كۆرسىتىپ كەلگەن ئەجدەر، يېقىندىن بۇيان قازاق خەلقىگە ئوت پۈركۈشكە باشلىدى. مەسىلەن:

1. قازاقىستانلىق قازاقلارنىڭ ئىلى ئوبلاستىدىكى قازاق تۇغقانلىرى بىلەن بولغان تېلېفون ۋە ھەرقانداق ئۇچۇر ئالاقىسى ئۈزۈپ تاشلاندى.

2. «جۇمەرىڭىز مۇبارەك بولسۇن، ئاللاھقا ئامانەت، ئاللاھ خالىسا، ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلەتكەن قازاقلارغا ئاز دېگەندە 3 يىل قاماق جازاسى بېرىلدى.

3. شەرقىي تۈركىستاندا يەر-مۈلكى بولغان قازاقلارنىڭ يەر-مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى.

ئەتە-ئۆگۈن خىتاي ئۇيغۇرلارغا قوللانغان ھەممە سىياسەتلىرىنى قازاقلارغا قوللىنىپ، قازاقلارنىمۇ خىتايلار بىلەن تۇغقانلىشىشقا، ئۆيىدىكى جايىنامازلىرىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىشكە قىستىشى، ئۆلارنىڭ ناماز ئوقۇغانلىقى ۋە ياكى دىنى

گەپ ـ سۆزلەرنى قىلغانلىقى ئۈچۈن تەربىيەلەش مەركەزلىرىگە يىغىۋېلىشى، قازاقلارنىڭمۇ د ن ئا ئەۋرىشكىسىنى توپلىشى، بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەنلەرنى ئىككى يۈزلىمچى قازاق دەپ تۈرمىلەرگە تاشلىشى مۇمكىن. دۇنياغا كۆز ئالايتىۋاتقان خىتايدىن ھەر يامانلىقنى كۈتۈش تامامەن مۇمكىن.

يەنە بىر جەھەتتىن، قازاقلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئۇلار بېشىغا كەلگەن ئوخشاش قىسمەتلەردە تېزلا ئىتتىپاقلىشالىشى، شۇنداقلا خىتايغا قارشى بىر كۈچ بولۇپ ئۇيۇشالىشى مۇمكىن. ئۇندىن باشقا خىتاي بىر يىل ئىلگىرى، ئەگەر خىتاي دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يېتىدىغان ھەرقانداق بىر ھەرىكەت چەتئەللەردە يۈز بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا، خىتاينىڭ ئۇ دۆلەتلەرگە ئەسكەر ئەۋەتىپ تىنچىتىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقى ھەققىدە بىر قانۇن ماقۇللىدى. ئەگەر كېلەچەكتە قازاقىستاندىكى قازاقلار بىلەن ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ، خۇددى ھازىرقى سىرىلانكا ۋە فىلىپپىنلاردا كۆرۈلۈۋاتقاندەك خىتاينىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى ئىسيانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان تەقدىردە، قازاقىستاندىكى ئىسيان ۋە خىتايغا قارشى ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇش ئۈچۈن قازاقىستانغىمۇ ئەسكەر ئەۋەتىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا قازاقىستان ھازىر نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ قۇرۇۋاتقان، ھازىرچە خىتاي ماللىرىنى دۇنياغا توشۇيدىغان، قازاقىستان ـ قورغاس تۆمۈر يولىدا خىتاي ئەسكەرلىرى ۋە ئېغىر تېپىتىكى قوراللىرى توشۇلۇشى مۇمكىن.

ئۇندىن باشقا، رۇسىيە تۈركىيەگە ھەربىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك جەھەتتە ھەمكارلىشىش ۋە دوستلىشىش تەكلىپىنى قويۇۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ تەكلىپ ئەمەلگە ئېشىپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، رۇسىيە شاڭخەي ھەمكارلىق

تەشكىلاتىدىن چىقىپ كېتىپ، تۈركىيە بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى مۇمكىن. ئۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىر دائىرىسى سۇسلىشىدۇ دېگەن گەپ. ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى خىتاي تەسىرى ۋە سىڭىپ كىرىشى ئاستىدا قېلىشتىن، ھېسسىيات جەھەتتە ئۇرۇق-تۇغقىنى ھېسابلانغان تۈركىيە بىلەن رۇسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قېلىشنى بەكرەك خالايدۇ دەپ ئويلايمەن. ئەگەر ئىشلار باشقىچە بولۇپ خىتاينىڭ شېرىن چۈشى قارا بېسىشقا ئۆزگەرگەن ئەھۋال ئاستىدا، خىتاي كېڭەيمىچىلىكىنىڭ سىمۋولى بولغان قازاقىستان-قورغاس تۆمۈر يولى دات باسقان تۆمۈر-تەرسەكلەر قاتارىدا تاشلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. دۇنيا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كىم-كىمنى سېنىڭ مۇستەقىللىقىڭدىن ئۈمىد يوق دەپ ئېيتالايدۇ. بىر كۈن كېلىدۇ سۇلار ئۇلغىيىپ بېلىقلار چۈمۈللەرنى يەيدۇ، بىر كۈن كېلىدۇ سۇلار تارتىپ چۈمۈللەر بېلىقلارنى يەيدۇ. ئەگەر خىتاي ۋاقتى سائىتى كېلىپ خۇددى سوۋېت ئىتتىپاقىدەك غۇلاپ چۈشىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقكە ئېرىشىش مىنۇتلىرى يېتىپ كەلگەندە، قازاقىستان-قورغاس تۆمۈر يولى يەنە جانلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان-قازاقىستان دوستلۇق تۆمۈر يولىغا ئايلىنىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا يەنە شەرقىي تۈركىستان، قازاقىستان، ئەزەربەيجان، گۈرجىستان ۋە تۈركىيە قاتارلىق قېرىنداش دۆلەتلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، بىۋاستە ئاق دېڭىزغا تۇتىشىدۇ دېگەن گەپ. ئۇ چاغدا بۇ يۆنىلىشتىمۇ شەرقىي تۈركىستان دېڭىز-ئوكيانلاردىن يىراق ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلىتى دېگەن تارىخقا خاتىمە بېرىدۇ.




يۇقىرىدىكى بۇ خەرىتە بىزگە ۋە دۇنياغا نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟ بۇ خەرىتە بىزگە ۋە دۇنياغا، بىر قارىغاندا شېكەر يالتىلغان يېڭى بىر تەرەققىيات ئىقتىسادى جۇغراپىيەسىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر قارىغاندا ناز-كەرەشمە بىلەن تولغان خىتاينىڭ دۇنياغا سىڭىپ كىرىشتىن ئىبارەت سەتەڭلىك ھىيلىسىنى چۈشەندۈرۈپ، بىر قارىماققا ياۋرو-ئاسىيا جۇغراپىيەسىنى تۇتاشتۇرىدىغان بىر ئىقتىسادى بەلباغنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما بۇ يول ۋە بۇ بەلباغنىڭ تىزگىنى ھازىرچە خىتاينىڭ قولىدا. بۇ خەرىتە بىزگە ۋە دۇنياغا بىر يول ۋە بىر بەلباغ بېسىپ ئۆتىدىغان نۇرغۇنلىغان سوئال ئاستىدىكى يوللارنى چۈشەندۈرىدۇ. خىتاي تېخى بۇ ئەگرى-بۈگرى يوللارنىڭ باشلانغۇچىدا. بۇ خەرىتە بىزگە خىتاينىڭ شېرىن چۈشى بولغان بىر يول بىر بەلباغ ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئاساسلىقى مۇسۇلمانلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىندىشى ھېسابلىنىدىغان تۈركى دۆلەتلىرىنى بېسىپ ئۆتىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە. بۇ خەرىتە بىزگە يەنە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ خىتاينىڭ شېرىن چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئاشۇرالماسلىقىدا كۆرسىتىدىغان

مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى كۆرسەتمەكتە. بۇ خەرىتە بىزگە يەنە، ئەگەر خىتاي يېقىن كېلەچەكتە غۇلاپ چۈشكەن ئەھۋال ئاستىدا، خىتاينىڭ تاتلىق شېرىن چۈشلىرى سوزۇلۇپ ياتقان بۇ يول ۋە بەلباغقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلىقىنى، ھېچ بولمىغاندا دۇنياغا تۇتاشقان بۇ ئۇزۇن يولدا ئۇيغۇرلارنىڭ سۆز ساھىبى بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە. بۇ خەرىتە بىزگە يەنە، خىتاينىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى بۇ ئالتۇن جۇغراپىيەدىن يوق قىلىۋېتىشكە ئالدىراۋاتقانلىقىنىڭ جاۋابىنى بەرمەكتە. چۈنكى خىتاي ئۆزىنى دۇنيا بازارلىرىغا تۇتاشتۇرىدىغان بىر جۇغراپىيەدە ھەم مۇسۇلمان، ھەم تۈرك، ھەم مۇستەقىللىق ئىسيانلىرى تارىختىن بۇيان بېسقماي كەلگەن ئۇيغۇر دېگەن بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى، ئۆزىنىڭ شېرىن چۈشىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا سايە تاشلاپ تۇرۇشىنى ئەسلا خالىمايدۇ. شۇڭا خىتاي يېقىنقى 2ـ3 يىل ئىچىدە ناتسىست گېرمانىيەسى تارىختا يەھۇدىيلارغا قوللانغان ۋەھشىي ئۇسۇللارنى دۇنيانىڭ كۆزى ئالدىدا ئۇيغۇرلارغا قوللىنىۋاتىدۇ. بۇنىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇشى مۇمكىن.

## «بىر يول بىر بەلباغ» دۇچ كېلىدىغان توسالغۇلار ۋە خىتاينىڭ يېقىن كەلگۈسىدە غۇلاش ئېھتىماللىقى

«بىر يول بىر بەلباغ»دىن ئىبارەت خىتاي شېرىن چۈشى دۇچ كېلىش ئېھتىماللىقى بولغان توسالغۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. «بىر يول بىر بەلباغ» دۇنيا نوپۇسىنىڭ 26% تىنى تەشكىل قىلىدىغان 65 دۆلەتنى ۋە 65 خىل مەدەنىيەتنى كېسىپ ئۆتۈپ ياۋروپاغا تۇتىشىدۇ. بۇ يولدا مۇسۇلمانمۇ، تۈركمۇ، تېررورمۇ، ئەرمېنىيە، ئەزەربەيجان قاتارلىق ئۆزئارا سۈركىلىشلىرى

بولغان دۆلەتلەرمۇ، شۇنداقلا خىتاينىڭ ئۆز دۆلەتلىرىگە مەبلەغ سېلىش باھانىسىدە سىڭىپ كىرىشىنى خالىمايدىغان ئۆكتىچى كۈچلەرمۇ بولغان 65 دۆلەتنىڭ تاموژنىسى بار. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يولنىڭ خىتاي ئۈچۈن بەك راۋان بولۇپ كېتىشى ئىنتايىن قىيىن.

2. «بىر يول بىر بەلباغ» ئۆزى بىلەن بىرلىكتە يەنە، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ئىنسانلارنى چۈشىنىش دېگەندەك بىر تۈرنىمۇ ئېلىپ بارماقچى. خىتاي ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ھۆرمەت قىلىپ باققان بىر مىللەت ئەمەس. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن تەكەببۇر خىتاي مەدەنىيىتى، ئۆزى بېسىپ ئۆتىدىغان دۆلەتلەر مەدەنىيەتلىرى بىلەن، مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

3. خىتاي تۆمۈر يول بىلەن ياۋروپاغا توشىغان ماللىرىنىڭ تەننەرخى دېڭىز بىلەن توشۇلغانغا قارىغاندا قىممەتكە توختايدۇ. ئەمما خىتاينىڭ مەقسىتى تىجارەت ئەمەس، بەلكى سىڭىپ كىرىش. شۇڭا خىتاي ياۋروپادىكى ماركىلارغا ھەمدە ئىتالىيە پۇتبولچىلىقىغا ئوخشاش تۈرلەرگە مەبلەغ سالماقتا. بۇ يەردىكى مەسىلە، كىمنىڭ سۆز ساھىبى بولۇش مەسىلىسى. بۇنداق بازار تالىشىش جەريانىدا كېلىپ چىقىدىغان مەسىلىلەردە، خىتاي ياۋروپاغا 40 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق مەبلەغ سالغانلىقى ئۈچۈن قارار ئىگىسى بولۇشى كېرەكمۇ؟ يەنى خىتاي لىدىرلىق قىلىشى كېرەكمۇ؟ ياكى ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى دۆلەتلەر لىدىرلىق قىلىشى كېرەكمۇ؟ ياۋروپالىقلار باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىگە لىدىرلىق قىلىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ.

4. خىتاينىڭ خۇي-پەيلى بويىچە بولغاندا، خىتاي بىر دۆلەت ياكى رايونغا سىڭىپ كىرگەندە، مۇستەملىكىچىلىك

تامغىسىنى شۇ رايون، شۇ دۆلەتلەرگە ئۇرۇپ ماڭىدۇ، ياكى ئۆزىنىڭكىگە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. مەسىلەن، چىنا تۈۋن (خىتاي مەھەللىسى) دېگەندەك. يەنى شۇ رايون، شۇ دۆلەتلەردىكى كوچا-رەستىلەرنىڭ، ئايرودۇرۇم ۋە باغچىلارنىڭ ئىسمىنى خىتايچىلاشتۇرۇپ ماڭىدۇ. مەسىلەن، قىرغىزىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى دىڭ شاۋپىڭ يولى دېگەندەك. ئەگەر خىتاي ياۋروپاغا سىڭىپ كىرىش جەريانىدا ياۋروپادىكى تارىخى يوللارنىڭ ۋە جايلارنىڭ نامىنى دىڭ شاۋپىڭ يولى، شى جىنپىڭ يولى ياكى خىتاي چۈشى يولى، ياكى بىر يول بىر بەلباغ يولى قاتارلىق يوللارغا ئۆزگەرتكۈسى كېلىپ قالغان شارائىت ئاستىدا ياۋروپالىقلار بۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرارمدۇ؟

5. شى جىنپىڭنىڭ بىر يول بىر بەلباغ چۈشى، ئانچە مۇستەھكەم بولمىغان بىر يول بولۇپ، بۇنىڭدا ھازىردىن باشلاپ مالىمانچىلىقلار، يېڭىۋېلىشلار يۈزبەرمەكتە. مەسىلەن، سىرىلانكىدا خىتاينىڭ سىرىلانكىغا سىڭىپ كىرىشىگە قارشى ئۈزلۈكسىز نامايىشلار بولۇپ تۇرماقتا. مەسىلەن، يېقىندا پاكىستان، خىتاينىڭ پاكىستانغا شۇنچە نۇرغۇن ياردەم قىلىۋاتقىنىغا قارىماي، خىتايدىن كېلىدىغان 140 مىليارد دوللار قىممىتىدىكى پاكىستان سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى ئىقتىسادى ياردىمىنى بىكار قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ رەت قىلىش خىتاينىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغان بىر كاچات ئىدى. خىتاينى ئالدىمىزدىكى كۈنلەردە كاچاتلايدىغان مەسىلىلەر تېخى جىق چىقىدۇ. نېپالمۇ بەزى توختاملاردىن يېنىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىغا ئايىت خەۋەرلەر تارقالماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا، ئافرىقادىكى زىمبابۋېدا بىر كېچىدە سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، خىتاينىڭ زىمبابۋېدىكى قورچاق ئەمەلدارى بولۇپ قالغان دۆلەت رەئىسى مۇگابەنى قولغا ئېلىندى. بۇ ئافرىقاغا

ئۆزلۈكسىز سىڭىپ كىرىپ، زىمبابۋېنى ئۆزىنىڭ بىر مۇستەملىكە ئۆلكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالماقچى بولغان خىتايغا ئۇرۇلغان يەنە بىر كاچات.

6. «بىر يول بىر بەلباغ قۇرۇلۇشى»، پەقەت خىتاينىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئېچىرقاپ كەتكەن ئېنېرگىيەگە بولغان ئېھتىياجىنى قامداش ۋە تاشقى پېرېۋوتتىكى بىسىلىپ قالغان ماللىرىغا دۇنيادىن بازار ئىزدەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. خىتاينىڭ قوش مەنپەئەتلىك سودا سىياسىتى دېگەنلەر قۇرۇق گەپ، قارشى تەرەپ مەنپەئەتلەندى دېگەن تەقدىردىمۇ خىتاي ئېرىشكەن مەنپەئەتكە سېلىشتۇرغاندا، ناھايىتى ئاز مەنپەئەتلىنىشى مۇمكىن. خىتاي بىر يول بىر بەلباغ تۈرىگە قاتناشقان دۆلەتلەرگە، شۇ دۆلەتلەردە تاش يوللار، تۆمۈر يوللار، پورتلار، كۆۋرۈكلەر، ئايرودۇروملار، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى، سودا مەركەزلىرى، ئېنېرگىيە بازىلىرى قۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرمەكتە. ئەگەر خىتاي بۇ ئىشلاردا نەتىجە قازىنالماي قالسا، خىتاي ئىچكى قىسمىدا ئۆزىگە بولغان ئۆكتىچى گۇرۇپپىلارنى كۆپەيتىۋېلىشى مۇمكىن.

7. خىتاي يۇقىرىدىكى ۋەدىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش باھانىسى بىلەن، نۇرغۇنلىغان ئەرزان باھالىق ئاققۇن قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنى خۇددى شەرقىي تۈركىستانغا تۆكۈۋەتكەنىدەك ياۋروپاغا، جۈملىدىن پۈتۈن دۇنياغا تۆكۈۋېتىشى مۇمكىن. بۇنى ياۋروپا كۆتۈرەلەمدۇ؟

8. خىتاينىڭ بىر يول بىر بەلباغ قۇرۇلۇشىغا دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەردىن ئامېرىكا قېتىلغىنى يوق. ھىندىستان بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى قار-مۇزلار بىردەم ئېرىپ، بىردەم توڭلاپ تۇرماقتا. يېقىندا ئامېرىكا پېنتاگوننىڭ

خىزمەتچىسى مايكىل پىللسبۇرى (مىچائەل پىللسبۇرى) «يۈز يىللىق مارافون، خىتاينىڭ ئامېرىكىنىڭ ئورنىغا چىقىش ئۈچۈن پىلانلاۋاتقان مەخپىي ئىستراتېگىيەسى» ناملىق كىتابىنى ئېلان قىلدى. كىتابتا خىتاينىڭ دۇنيا لىدىرى بولۇش ئۈچۈن مەخپىي ئىستراتېگىيەلەرنى تۈزۈۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بىر يول بىر بەلباغ ۋە ياكى خىتاي چۈشى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ مەخپىي ئىستراتېگىيەنىڭ بىر قىسمى. ئۇنىدىن باشقا ئاقسارايىنىڭ سابىق ئىستراتېگىيەچىسى ستېۋ بانىنون خىتاي 2025-يىلىغا بارغاندا ئامېرىكاغا تەھدىت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دېدى. ئۇنداق بولغانىكەن، ئەلۋەتتە ئامېرىكامۇ خىتاينىڭ دۇنيا كېڭەيمىچىلىكىنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ تۈرگە قارىتا تەدبىر ئېلىشقا ئۆتۈشى مۇمكىن. ئۇنىدىن باشقا بۇ يىل 17-، 18-دېكابىر كۈنلىرى ئەتراپىدا ئامېرىكا پىرېزىدېنتى دونالد ترامپ بايانات بېرىپ، ئامېرىكانىڭ 2018-يىللىق ھەربىي راسخوتىنى، يەنى قورال-ياراق چىقىمىنى 700 مىليارد دوللارغا ئۆستۈرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، ئامېرىكانىڭ ئەڭ مۇھىم رەقىبىنىڭ، خىتاي بىلەن رۇسىيە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن دۇنيا مەتبۇئاتلىرىدا ئامېرىكانىڭ، خىتاينىڭ تىزگىنىنى تارتىپ قويۇشنى پىلانلاۋاتقانلىقىغا ئائىت خەۋەرلەر كۆپلەپ يەر ئېلىشقا باشلىدى. بۇ خىتاينىڭ بىر يول بىر بەلباغ ئىستراتېگىيەسى دۇچ كېلىدىغان ئەڭ زور توسقۇنلارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.

9. خىتاي پۈۋلەپ كۆپتۈرۈلگەن بىر شارغا ئوخشايدۇ. بىر يول بىر بەلباغ تۈرى خىتايدىن ئىبارەت بۇ كۆپتۈرۈلگەن شارنىڭ يەنىمۇ پۈۋلەنمىسى. دېمەك، بۇ شارنىڭ ئېتىلىپ كېتىدىغان ۋاقتى-سائىتى كېلىپ قالدى. بەلكى خىتاي كەلگۈسى 5 يىل ياكى 10 يىل ئىچىدە غۇلاپ كېتىشى مۇمكىن. ياكى يەنە

بىر نۇقتىدىن خىتاينى تەسەۋۋۇر قىلىدىغان بولساق، بۇ پۈۋلەنگەن شارنى سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق بىر كىچىك كۆچمۇ پارتلىتىۋېتىشى مۇمكىن. مەسىلەن، بىر تال يىڭنە.

10. خىتاي دۇنيادىن بازار ئىزدەش باھانىسىدە ھەرقايسى دۆلەتلەرگە سىڭىپ كىرىۋاتىدۇ. ئەمما ئىشلار تەتۈرىگە ئۆرۈلۈپ كەتسە، يەنى ئىشلار خىتاينىڭ مەنپەئەتىگە تەتۈر تاناسىپ بولۇپ، توقۇنۇش ھالىتىگە كېلىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولۇپ قالغاندا، خىتاي ئۆزى ياسىغان كۆۋرۈك، يوللار ۋە دېڭىزلار بىلەن شۇ دۆلەتلەرگە خىتاي قىزىل ئارمىيەسىنى ئەۋەتىشى مۇمكىن. چۈنكى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكىنىمىزدەك، خىتاي بۇنى قانۇنلاشتۇرۇۋالغان. ئۇنداق بولغاندا، شى جىنپىڭنىڭ بىر يول بىر بەلباغ شېرىن چۈشى «قارا بېسىش»قا ئۆزگىرىشى مۇمكىن.

11. خىتاينىڭ چەتئەللەردىكى سەرگەردان مىليونېرى گۇ ۋېن گۈينىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى ۋە باشقا خىتاي مۇلاھىزىچىلىرىنىڭ مۇلاھىزىلىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي يۇقىرى قاتلىمى ئىچىدىكى چىگىشلىشىپ كەتكەن ھوقۇق تالىشىش ماجىرالىرى ۋە چىرىكلىك، شۇنداقلا شى جىنپىڭ، ۋاڭ چىشەن، مىڭ جەنگۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھايات-ماماتلىق كۈرەشلەرنىڭ خىتاينى ھالاكەت پاتقىقىغا سۆرەپ كىرىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. ئۇندىن باشقا، مۇلاھىزىچىلەر خىتايدا يېقىن كەلگۈسىدە ئىنتايىن ئېغىر ئىقتىسادى كىرىزىس ۋە ئىشسىزلىق كىرىزىسى يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. بۇ خىل ئامىللار خىتاينىڭ يېقىن كېلەچەكتە غۇلايدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە.

**بىر يول بىر بەلباغدىن ئىبارەت خىتاينىڭ كېڭەيمىچىلىك**

## سىياسىتىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ئۇيغۇرلارغا ئايىت مۇمكىنچىلىكلەر

مەن بۇ يەردە قەدىمكى يىپەك يولى ۋە بۇ يولدا ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ھەققىدە توختالمايمەن. گەپنىڭ نەق پوسكاللىسىغا كەلسەك، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىپتىقاندا، ئەتراپىدىكى ئېگىز تاغلارنىڭ تېشىلىپ، تۆمۈر يوللار ۋە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يوللارنىڭ ياسىلىپ، يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بىر ئىش ئىدى. ئەمما بۇ رېئاللىققا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق دۈشمىنى خىتاينىڭ قولى بىلەن رېئاللىققا ئايلانماقتا. خىتاي ئۇيغۇرلارنى قۇدۇق ئاستىغا تاشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. خۇددى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى قېرىنداشلىرى قۇدۇققا تاشلىۋەتكەندەك. قېرىنداشلىرى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى نېمىشقا قۇدۇققا تاشلىۋەتتى؟ ھەممىسىدىن چىرايلىق ۋە ئەقىللىق بولغانلىقى ئۈچۈن. خىتاي نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى قۇدۇققا تاشلاپ، قۇدۇق ئاستىدىكى پاقىغا ئايلاندۇرماقچى بولىدۇ؟ چۈنكى ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ باي ۋە مۇنبەت زېمىننىڭ ھەقدار ئىگىلىرى، شۇنداقلا خىتاينىڭ بىر يول بىر بەلباغ ئىستراتېگىيەسىدىكى بولمىسا بولمايدىغان ئالتۇن يولنىڭ يەنە ھەقدار ئىگىلىرى. شۇنىڭغا چوڭقۇر ۋە مۇكەممەل ئىشىنىشىمىز كېرەككى، ئاللاھ قۇدۇققا تاشلىۋېتىلگەن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قانداق قىلىپ قۇدۇقتىن چىقىرىپ مىسىرغا ۋالىي قىلغان بولسا، ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، ئاللاھ بىر يول بىر بەلباغ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى خىتاي تاشلىۋەتكەن ئۇ قۇدۇقتىن ئېلىپ چىقىپ دۇنياغا ۋالىي قىلىدىغان. ئەمەلىيەتتىمۇ تارىخچى مورگان دېمىگەنمىدى، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى

تارىم ۋادىسىغا كۆمۈلگەن قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ دەپ.

دۇنيادا بولۇۋاتقان تېز ئۆزگىرىشلەرگە نەزەر سالغان ۋاقتىمىزدا، خىتاينىڭ ھەر زامان ئۆزگىرىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولغان دۆلەتلەر قاتارىدا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. خىتاي ھەم تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، ھەم دېلىغۇل ۋە سىلكىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ئىچكى ۋە تاشقى نۇرغۇنلىغان ئامىللار سەۋەبچى. خىتاي بىر يول بىر بەلباغ ئارقىلىق خىتاي دەرۋازىسىنى يەنە بىر قېتىم دۇنياغا كەڭرى ئاچىتىم دەپ ئويلاۋاتىدۇ. ماھىيەتتە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختا يوقىتىپ قويغان يىپەك يولىدىن ئىبارەت بۇ «ئالتۇن يول»نى قايتىدىن ئېچىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ مىسال خۇددى تارىختىكى ئاللاھنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننىڭ ئوردىسىدا، پىرئەۋننىڭ بېقىپ چوڭ قىلىشى بىلەن يېتىشتۈرۈپ، ئاخىردا پىرئەۋنگە قارشى بىر پەيغەمبەر قىلىپ قويغانلىقىدىن ئىبارەت ھېكايىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەجەبا ئاللاھنىڭ زالىمنىڭ پۇلى، زالىمنىڭ كۈچى بىلەن ئېچىلىۋاتقان ئۇنتۇلغان يىپەك يولىنى قايتا تىرىلدۈرۈپ، بۇنى يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى يولىدا قوللىنىشىغا كۈچى يەتمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە يېتىدۇ.

يەنە بىر ھېكمەت: يېقىندىن بۇيان دۇنيا ۋەزىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر، بولۇپمۇ ئامېرىكانىڭ رەسمىي ھالدا خىتاينى رەقىب دەپ ئېلان قىلىشى، خىتاينىڭ جەنۇبى دېڭىزدا يۈرگۈزۈۋاتقان زومىگەرلىكى، شۇنداقلا خىتاي داۋراڭ سېلىۋاتقان بىر يول بىر بەلباغدىن ئىبارەت بۇ چوڭ تۈردە ئامېرىكىنىڭ يوق بولۇشى، ئامېرىكا- شىمالى كورىيە ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىشىشى، خىتاينىڭ رايوندا ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان

ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ غالجىرلىشىشى قاتارلىق بىر يۈرۈش ئامىللارنى تەھلىل قىلغان ۋاقتىمىزدا، بۇ ئامىللارنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ كېلەچەكتە دۇنيا كۆنتەرتىپى كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى، خىتايغا رەقىب ئامېرىكا ۋە ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىنى خىتايغا قارشى كوزىر ئورنىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس. ئۇندىن باشقا ھىندىستان باش مىنىستىرى مۇدىمۇ بىر خەلقئارالىق يىغىنىدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئىز ناملىق شېئىرىنى ئىنگلىزچە ئوقۇپ، خىتايغا قارشى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى قوللايدىغانلىقىدىن ئىبارەت سىگنالنى بەرگەن ئىدى. ئۇيغۇرلار خىتاي چىقىرىۋاتقان بۇ قارا بوراندا ئېغىر زىيان كۆرۈشى مۇمكىن، ئەمما ساق-سالامەت ئىللىق قۇياش نۇرىغا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

## كونا تېكستكە ئېيتىلغان يېڭى مۇقام

بىز خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ 2013-يىلى قازاقىستاندا ئوتتۇرىغا قويغان خىتاينىڭ بىر يول بىر بەلباغ ئىستراتېگىيەسىنى ياخشى مۇھاكىمە قىلىدىغان بولساق، بۇ ئىستراتېگىيەنىڭ يېڭى بىر ئىش ئەمەسلىكىنى، بەلكى 20-ئەسىردە ئۆتكەن داڭلىق مۇستەملىكىچى ۋە كېڭەيمىچىلەرنىڭ دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ ھاكىمىيىتىنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدە تۈزگەن كېڭەيمىچىلىك نەزەرىيەلىرىنى بۈگۈنكى كۈندە كۆچۈرۈپ ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، تارىختىكى بۇ كېڭەيمىچىلەر، كېڭەيمىچىلىك نەزەرىيەلىرىنى قورال كۈچى ۋە زومىگەرلىك بىلەن ئىشقا ئاشۇرغان، ئەمما شى جىنپىڭ ئۇنىڭ ئەكسىچە، سىلىق-سىپايە، ناز-كەرەشمە شەكلىدە دوللارنى بولۇشىغا چېچىپ، يولۇق، كۆۋرۈكلۈك

بۇزۇلغان بولسا ئاكاڭ قارىغايدا پۇل بار، ئاكاڭ قارغاي نوچى دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ، خۇددى چار يىلاندەك تولغىنىپ ئاستا سىڭىپ كىرىۋاتىدۇ.

ئۇنداقتا تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇستەملىكىچىلەر كىملەر ۋە ئۇلارنىڭ كېڭەيمىچىلىك نەزەرىيەلىرى قايسىلار؟

1. ئالفرېد زېيەر ماھان (Alfred Thayer MAHAN 1840 ـ 1914)

دېڭىز ھاكىمىيىتىنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش نەزەرىيەسى.

2. سىر ھالفورد جون ماككىندەر

(Sir Halford John Mackinder ,1861 ـ 1947)

قۇرۇقلۇقنىڭ ھاكىمىيىتىنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش نەزەرىيەسى.

3. كارل ئېرست ھاۋشوفېر (Karl Ernst Haushofer 1869 ـ 1946)

ھاياتلىق نەزەرىيەسى رايونى

4. نىكولاس سپىيمەن (Nicholas Spykman 1893 ـ 1943)

ئېتەك بەلباغ نەزەرىيەسى (بۇ نەزەرىيە تۈركچە كەنار كۇشاك تەئورىسى، ئىنگلىزچە رىملاند تەئوري، خىتايچە 边缘理论 دەپ ئاتىلىدۇ).

«قانداق قىلغاندا دۇنيا قۇرۇقلۇقىغا ھاكىم بولغىلى بولىدۇ؟» ناملىق كېڭەيمىچىلىك نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسچىسى ماككىندەر، «كىم شەرقي ياۋروپاغا ھۆكۈمرانلىق قىلالىسا، شۇ دۇنيانىڭ يۈرىكىنى قولغا ئالغان ھېسابلىنىدۇ» دېگەن. ماككىندەر، ئاق

دېڭىز ئەتراپىدا مەيدانغا كەلگەن بارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ ئالدى بىلەن قۇرۇقلۇقتا مۇستەھكەملەنگەنلىكىنى، ئاندىن دېڭىزلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن دۇنياغا كېڭەيگەنلىكىنى، شۇ سەۋەبتىن دېڭىزچىلىق ئىشلىرى قانچىلىك تەرەققىي قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئاخىرى يەنە كېمە ۋە پاراخوتلارنىڭ پورتلاردا توختاپ قۇرۇقلۇققا چىقىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ماككىندەر «دۇنيانىڭ يۈرىكى (Heard Land)»نى، دۇنيانىڭ ئەڭ تەبىئىي قەلئەسى دەپ تەسۋىرلىگەن. دۇنيانىڭ يۈرىكى سىبىرىيەدىن باشلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ۋولگا دەرياسى ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ رايونلار سوغۇق قۇرۇقلۇق ئىقلىمىغا تەۋە، دېڭىزلاردىن ئۇزاق بولغانلىقى ئۈچۈن دېڭىز كۈچى تەسىرىنىڭ سىرتىدا قالغان.

ئامېرىكانىڭ دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى بولغان (ماھان) دۇنيادىكى تۇنجى كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى نەزەرىيەسىنىڭ ساھىبى سۈپىتىدە تونۇلۇپ كەلمەكتە. ماھاننىڭ كېڭەيمىچىلىك نەزەرىيەسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلىرىدىن دېڭىز كۈچىنىڭ تارىخقا كۆرسەتكەن تەسىرى (The Influence of Sea Power) بار بولۇپ، ئۇ بۇ كىتابىنىڭ دېڭىز كۈچىنىڭ تۈرلىرى ناملىق بۆلۈمىدە دېڭىز كۈچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئامىللارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ماھان ئوتتۇرىغا قويغان تاجاۋۇزچىلىق ۋە كېڭەيمىچىلىك نەزەرىيەسى، شۇ دەۋردىكى ئەڭ چوڭ تاجاۋۇزچى ۋە كېڭەيمىچى ئەنگلىيەگە تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. ئەينى چاغدا ئەنگلىيە جەبىلتارىق، مالتا، قىبرىستا مۇھىم دېڭىز ئارمىيە بازىلىرىغا ئىگە بولغان. ماھان ئوتتۇرىغا قويغان كېڭەيمىچىلىك نەزەرىيەسى 20-ئەسىردىكى كېڭەيمىچىلەرنىڭ گىردە نېنىغا قايماق سۈركەپ بەرگەن. ماھاننىڭ نەزەرىيەسىچە

بولغانــدا كىشىيمچــى دۆلــەت ئۆزىگــە ناتونــۇش بىــر زېمىننىــڭ خوجايىنــى بولغاندىــن باشــقا، ئــۆزى ســاتماقچى بولغــان ماللىــرى ۋە ئىرىشــمەكچى بولغــان بايلىقلىــرى ئۈچــۈن بىــر خاتىرجــەم مۇھىــت ياراتقــان بولاتتــى.

خىتــاي رەئىســى شــى جىنپىــڭ «خىتاينىــڭ شــىرىن چۈشــى» ياكــى «خىتــاي ئارزۇســى» دەپ ئوتتۇرىغــا قويۇۋاتقــان «بىــر يــول بىــر بەلبــاغ ئىستراتېگىيەســى» يۇقىرىدىكــى 20-ئەســىردە ئۆتكــەن كونــا جاھانگىرلارنىــڭ كىشىيمچىلىــك ئەندىزىســىدىن باشــقا نەرســە ئەمــەس. شــى جىنپىــڭ كونــا تېكىســتكە يېڭــى مۇقامنــى ئېيتىۋاتىــدۇ، خــالاس.

2017-يىلى 28-دېكابىر

## خىتاي ئالدامچىلىقىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى جازا لاگېرى خىتاي قاچاندىن باشلاپ دۇنيانى ئالداشقا باشلىدى؟

خىتاينى ياخشى چۈشەنمىگەن غەربلىك تەتقىقاتچىلار، خىتاينىڭ يۇمشاق كۈچ ئارقىلىق دۇنيانى ئالداشقا باشلىغانلىقىنى 1990-يىلدىن 2000-يىلغىچە بولغان مۇشۇ ئون يىل دەپ قارايدۇ.

2007-يىلى ئېچىلغان خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى 17-قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا، خىتاي تۇنجى قېتىم خەلقئارالىق سىياسەتتە يۇمشاق سىڭىپ كىرىشنى تېزلىتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 2014-يىلىغا كەلگەندە، شى جىنپىڭ «خىتاي چۈشى»، شۇنداقلا «بىر يول بىر بەلباغ ئىستراتېگىيەسى»نى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن دۇنيانى ئالداشتىكى ياخشى كوزىر بولغان يۇمشاق سىڭىپ كىرىشكە تېخىمۇ ئېھتىياج ھېس قىلغان ۋە بۇ ساھەگە دەرىجىدىن تاشقىرى مەبلەغ سېلىشقا باشلىغان.

ئەمما خىتاي ئالدامچىلىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم دەسمايىسى ھېسابلانغان يۇمشاق سىڭىپ كىرىش، يەنى ناز-كەرەشمە سىڭىپ كىرىش ھىيلىسىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان كىشىلەر ئۇيغۇرلاردۇر. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، خىتاينىڭ يۇمشاق سىڭىپ كىرىش ۋە كونترول قىلىش تارىخى مىڭ يىلدىن

ئارتۇق بولۇپ، موغۇلستان يايلاقلىرىغا تىكىلگەن ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدىكى تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى بىلەن بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشىدا، تۈرك مىللىتىنى خىتاينىڭ يۇمشاق يىپەك ۋە يۇمشاق سۆزلىرىگە ئالدىنماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ، خىتايلار ئاۋۋال يۇمشاق، چىرايلىق گەپلەر ۋە يۇمشاق يىپەكلىرى بىلەن كىرىپ كېلىدۇ، ئاندىن ھەممە نەرسىڭىزنى قولىڭىزدىن تارتىۋالىدۇ، خىتاينىڭ بۇ ھىيلە-نەيرەڭلىرى سەۋەبىدىن تۈرك خاندانلىقلىرى ۋەيران بولدى. بەگ بولىدىغان ئوغۇللىرىمىز قۇل بولدى، سۇلتان بولىدىغان قىزلىرىمىز دېدەك بولدى، دەپ يازغان.

خىتاي يولغا قويۇۋاتقان دۇنيانى ئالداش تاكتىكىلىرى قايسىلار؟

## 1. بىر يول بىر بەلباغ ئىستراتېگىيەسى

ئاسىيا تەرەققىيات بانكىسىنىڭ بۇ يىل ئېلان قىلغان مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات ئېھتىياجى ئۈچۈن 2030-يىلىغا قەدەر، ھەر يىلى 1.5 تىرىليون دوللاردىن ئارتۇق مەبلەغ ئاجرىتىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما بېرما، سىرىلانكا، شىمالى ۋە جەنۇبى ئاسىيا دۆلەت خەلقلىرى خىتاينىڭ ئۆز دۆلەتلىرىدە كۈندىن-كۈنگە ئېشىۋاتقان خىتاي تەسىرىگە قارىتا نارازىلىقلىرىنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ.

خىتاينىڭ بىر يول بىر بەلباغ ئىستراتېگىيەسى، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىن ئىككى يول ئارقىلىق دۇنياغا تۇتىشىدۇ. بىرىنچىسى، خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورى. بۇ ۋەتىنىمىزنىڭ قەشقەر شەھىرىدىن قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن

ئېشىپ، بىۋاسىتە ھىندى ئوكيان گىرۋىكىدىكى گىۋادا پورتىغا تۇتىشىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يول بولۇپ، خىتاي بۇ قۇرۇلۇشقا 62 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىۋاتىدۇ.

ئىككىنچى يول، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس ناھىيەسىدىن باشلىنىپ، قازاقىستان، ئەزەربەيجان، ئەرمېنىيە، تۈركىيە ئاق دېڭىز ئارقىلىق ياۋروپاغا تۇتىشىدىغان يول.

بۇ يوللار ئارقىلىق خىتاي پەقەت مەبلەغ سېلىپلا قالماي، خىتاي ئىشچىلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىدۇ، خىتاي مەدەنىيىتى تەشۋىقاتى ئېلىپ بارىدۇ. خىتاي چۈشى ھېسابلانغان «بىر يول بىر بەلباغ قۇرۇلۇشى»، خىتاينىڭ دۇنياغا يۈزلەنگەن كېڭەيمىچىلىكى ۋە كۆز بويامچىلىقىنىڭ تىپىك مىسالى.

## 2. كۇڭزى ئىنىستىتۇتلىرى

خىتاي 2004-يىلىدا كورېيەنىڭ سېئۇل شەھىرىدە تۇنجى كۇڭزى ئىنىستىتۇتىدىن قۇرغان. ھازىرغا قەدەر 14 يىل ئىچىدە، يەنى 2018-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا كۇڭزى ئىنىستىتۇتلىرى سانى دۇنيا مىقياسىدا 500 گە يەتتى. خىتاي مائارىپ مىنىستىرلىقىغا تەۋە بولغان كۇڭزى ئىنىستىتۇتى، ئاساسەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇش، خىتاي تىلى ئۆگىتىش، تاماق ئېتىشنى ئۆگىتىش سىنىپى ئېچىش، چەتئەللەردە خىتاينىڭ ھەرخىل بايراملىرىنى ئۆتكۈزۈش، ھەرقايسى دۆلەتلەردە خىتاي مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش، شىنجاڭ توغىشاڭ خۇيلىرىنى قۇرۇش... قاتارلىق ئىشلارنى بېجىرىپ كەلدى. كۇڭزى ئىنىستىتۇتلىرى، تۇرۇشلۇق دۆلەتلىرىدىكى ئالدىنقى 1- ۋە 2-قاتاردا تۇرىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتلار بىلەن شېرىكلىشىپ قۇرۇلغان. خىتاي بۇنىڭ

ئۈچۈن كۈڭزى ئىنستىتۇتلىرى قۇرۇشقا يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەن چەتئەللەردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا يىلىغا 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تۆلەم تۆلەشكە رازى بولىدى. ئامېرىكا ۋە كانادا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى كۈڭزى ئىنستىتۇتلىرىغا بەزى چەكلىمىلەرنى قويۇپ، جاسۇسلۇق گۇمانى بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما تۈركىيە قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلەر خىتاي ئالدامچىلىقىنىڭ يۇمشاق يۈزى بولغان كۈڭزى ئىنستىتۇتلىرىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ كەلمەكتە.

### 3. ئوقۇغۇچى ئالماشتۇرۇش

خىتاي ئالدامچىلىقىنىڭ دۇنياغا يۈزلەنگەن يەنە بىر دەسمايىسى، بىر تەرەپتىن ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىغا خىتايغا جاسۇسلۇق قىلىش، ئۈچۈر توپلاش شەرتى بىلەن ئوقۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ چەتئەللەرگە چىقارسا، يەنە بىر تەرەپتىن چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارغىمۇ ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ نۇرغۇنلىغان چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى خىتايغا جەلپ قىلىش بولىدى. 2016-يىلى خىتايغا 200 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايوندىن 440 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ بېرىپ ئوقۇغانلىقى مەلۇم. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا مەخسۇس ھالدا ئوقۇغۇچىلارغا شىنجاڭ، تىبەت، شاڭگاڭ قاتارلىق ئۆلكە-رايونلارغا دائىر سوئاللار سورالغاندا قانداق جاۋاب بېرىش كېرەكلىكى ھەققىدىمۇ دەرسلەر ئۆتۈلگەنلىكى مەلۇم.

### 4. ئاخبارات-تەشۋىقات (مېدىيا) ئالدامچىلىقى

خىتاي دۇنياغا ئۆزىنىڭ ئالدامچىلىقىنى ئۆزى ئويلىغاندەك شەكىلدە تېخىمۇ ياخشى تونۇشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن،

چەتئەل تىلىدىكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنى كۆپەيتىپ قۇرۇپ، ئەلجەزىرە، ب ب س دەك خەلقئارالىق تېلېۋىزىيە قاناللىرىنى قۇرۇشنى جوڭگو چۈشىنىڭ بىر پارچىسى قىلىشقا تىرىشماقتا. ھازىر خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ زۇۋانى ھېسابلانغان شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ دۇنيادىكى 170 دۆلەتتە باشقا تىللاردا شۆبىسى بار. خىتاي 2020-يىلىغا بارغاندا بۇ ساننى 200 گە چىقىرىشنى پىلانلاۋاتىدۇ. چاينا دەيلى (中国日报) ۋە گلوبال تايمس (环球时报) دېگەندەك خىتاي گېزىتلىرى ھازىر ئىنگلىز تىلىدا چەتئەللەرگە تارقىلىۋاتىدۇ. 2016-يىلى خىتاي س س ت ۋ (CCTV) تېلېۋىزىيەسى چەتئەلگە قارىتا ئاڭلىتىش بېرىدىغان ئىنگلىزچە، ئەرەبچە، رۇسچە، فىرانسۇزچە ۋە ئىسپانچە تىللاردا ئالتە قانال ئاچتى. خىتاي خەلقئارا رادىيوسى، چەتئەلگە سوزۇلغان 27 تارماق قولى ئارقىلىق 38 تىلدا 392 سائەت ئاڭلىتىش بېرىدۇ. 2015-يىلى نويابىردا رويتېرس ئاگېنتلىقى ئېلىپ بارغان بىر تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، 14 دۆلەتتىكى ئوتتۇزدىن ئارتۇق خىتاي رادىيوسى، بۇ رادىيونىڭ خىتاي رادىيوسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، شۇ دۆلەتلەردىكى ئەڭ داڭلىق شىركەتلەر ئارقىلىق خىتاينى ماختايدىغان تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان.

## 5. خىتاينىڭ ھازىرقى دەۋردىكى جاڭ چەنلىرى، يەنى ئەلچىلىرى

خىتاينىڭ ئۆزى سىڭىپ كىرمەكچى بولغان جايلارغا كىرىشتىن بۇرۇن، ئۆزىنىڭ ئوبراز ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىش تارىخىمۇ مىڭ يىللاردىن ئاشقان بولۇپ، خىتاينىڭ ۋەتىنىمىزگە، يەنى غەربىي يۇرتقا جاڭ چەن ئىسىملىك بىر خىتاينى ئەلچىلىككە

ئەۋەتكەنلىكى تارىخى مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن. خىتاي نۆۋەتتە يەنە ئەدەبىيات-سەنئەت، فىلىم، مۇزىكا، تەنھەرىكەت ساھەسىدە مەدەنىيەت ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق، دۇنيانىڭ كۆزىنى بوياش بىلەن سىڭىپ كىرمەكتە.

خىتاينىڭ دۇنياغا ناز-كەرەشمە سىڭىپ كىرىش ئەلچىلىرى تۆۋەندىكىچە:

فىلىم ئىشلىگۈچى جاڭ يى مۇو

كىنو ئارتىسى جەكى چەن

پىيانىنو ماھىرى لاڭ لاڭ

تەنھەرىكەتچىلەردىن ياۋ مىڭ ۋە لى نا

ساغرا ئۇسۇلى ماھىرى تاۋيۈەن يۈەن

ھازىرقى زامان ناخشىچىسى جيەن جاڭ

خىتاينىڭ ھايۋانات ئەلچىلىرى، خىتاينىڭ يەنە بىر ئالدامچىلىقى بولۇپ، پاندا (مۈشۈك ئېيىق) خىتاينىڭ يۇمشاق سىڭىپ كىرىشىدىكى ھايۋانات ئەلچىسى. بۇ مۈشۈك ئېيىق دىپلوماتىيەسى دەپ ئاتىلىدۇ. خىتاي كانادانىڭ سابىق باش مىنىستىرى سىتىۋېن خارپېر (Stewen Xarper)گىمۇ مۈشۈك ئېيىق سوغا قىلغان. خىتاي تۇنجى قېتىم مۈشۈك ئېيىق دىپلوماتىيەسىنى 1957-يىلىدىن 59-يىلىغىچە ئامېرىكادا يولغا قويغان بولۇپ، ھازىرغىچە خىتاي مۈشۈك ئېيىق تارقاتقان دۆلەتلەر ناھايىتى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالىمى جوسېفسون تۇنجى بولۇپ خىتاي ئالدامچىلىقىنى تونۇپ يەتكەن چەتئەللىك ئالىم. ئۇ خىتاينىڭ يۇمشاق كۈچ بىلەن دۇنياغا سىڭىپ كىرىش

ھېيلىسىنىڭ، «باشقىلار نېمىنى ئارزۇ قىلىۋاتقان بولسا خىتاينىڭمۇ شۇنى ئارزۇ قىلىشى» ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئالىم جوسەف يەنە «خىتاي بۇنداق سىڭىپ كىرگەن چاغدا غەربنىڭ خىتاي دۆشمەنلىكىگە تاقابىل تۇرالايتتى. خەلقئارالىق سىياسەتكە تەسىر كۆرسىتەلەيتتى» دەيدۇ. ئۇ يەنە خىتاينىڭ بىر يول بىر بەلباغ ئىستراتېگىيەسىنى يۇمشاق سىڭىپ كىرىش بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ ۋە خىتاينىڭ دۇنيانى ئالداش ھېيلىسى بىلەن تولغان يۇمشاق سىڭىپ كىرىش ئۈچۈن، يىلىغا 10 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

جورجى ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى داۋىد شامبۇغ، خىتاينىڭ يۇمشاق سىڭىپ كىرىش ھېيلىسىگە دىققەت بەرگەن يەنە بىر ئالىم. ئۇ يازغان «چىنا گلوبال گوس» يەنى خىتاينىڭ يەرشارى خاراكتېرلىك مۇسابىقىلىشىشى ناملىق كىتابىدا، خىتاي دۇنيادىكى تەسىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، شۇنداقلا ھەرقايسى دۆلەتلەرگە سىڭىپ كىرىش ئۈچۈن «يۇمشاق كۈچ»كە مىلياردلارچە دوللار مەبلەغ سالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. خىتاي يولغا قويۇۋاتقان ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكاسىدىكى دۆلەتلەرگە ياردەم قىلىش پىروگراممىلىرى، ئۇيغۇر دەۋاسىنى قارىلاش، ئۇيغۇر سىياسىي ئاكتىپلىرىنى ھاقارەتلەپ قارىلاش ۋە تۆھمەت چاپلاش، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىكى ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش ئويۇنلىرىنى ئويناش، ئاشۇ يۇمشاق سىڭىپ كىرىش نىقابى ئاستىدىكى خىتاي ئالدامچىلىقىنىڭ بىر تەركىبى قىسمىدىن ئىبارەتتۇر.

1990ـ يىللاردىن ھازىرغا قەدەر خىتاي ئېلىپ بارغان دۇنيانى ئالداش سىياسىتىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى جازا لاگېرلىرى.

ختاي ئاقىۋەتتە دۇنيا ئەمدى مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغان گىتلېر جازا لاگېرلىرىغا ئوخشايدىغان بىر لاگېر ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنى يەر شارىدىن يوق قىلىش ھېيلىسىنى پىلانلىق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ ۋە بۇ جىنايى قىلمىشنى قايتا تەربىيەلەش دەپ پەردازلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. «ب ب س» ۋە «زېمىستان» قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى، ختاي دۇنيانى ئالداشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش مەركەزلىرى»نىڭ بىر ئۆلۈم لاگېرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىۋاتقان ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ بىرى.

ختاي 2015-يىلى ئۆزى ئېلان قىلغان نوپۇس تەكشۈرۈشىدە ئۇيغۇر نوپۇسىنى 11.3 مىليون دەپ ئېلان قىلغان. چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنى 20 مىليون دەپ مۆلچەرلىمەكتە. ئەمما 2018-يىلى سېنتەبىردە ختاي دىپلوماتى ۋىكتور گاۋ ئەلجەزىرە تېلېۋىزىيەسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى 6 مىليۇندىن 7 مىليونغىچە دەپ ئېلان قىلدى. ئۇنداقتا 5 مىليوندىن 6 مىليونغىچە بولغان ئۇيغۇر نوپۇسى نەگە كەتتى؟ بۇ سوئالغا ختاينىڭ 21-ئەسىردىكى سىرلىق جازا لاگېرى جاۋاب بېرىدۇ.

# دونكىخوت ۋە سانچوپانزا ئۇيغۇرلار

تارىخنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش رولىنىڭ يوق بولۇشىغا قارىماي، يەنە نېمە ئۈچۈن تارىخ ئۆگىنىمىز؟

بىلىمنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى كېلەچەككە قارىتا ئالدىن كۆرەر بولۇشتىن ئىبارەت. ھاۋارايى ئورگانلىرىدىن ئەتىنىڭ يامغۇرلۇق بولىدىغانلىقى ياكى قۇياش پارلايدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش، ئىقتىسادشۇناسلاردىن دوللار قىممىتىنىڭ چۈشۈپ-چۈشمەيدىغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىش، دوختۇرلاردىن ئۆپكە راكى داۋالىشىدا خىمىيەلىك داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولامدۇ؟ ياكى رادىيولۇق داۋالاشنىڭمۇ؟ دېگەن سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئوخشاشلا تارىخچىلاردىنمۇ تارىخنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرى ھەققىدە ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئوخشاش خاتا، ئوخشاش رەزىللىك، ئوخشاش ئەخمەقلىق ۋە ئوخشاش كۈلكىلىك ئىشلارنىڭ يەنە قايتا تەكرارلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. تارىخچىلار ماھىيەتتە «تارىخنى تەكرارلاپ قالمايلى» دېگەن مەقسەتتە ئەمەس، بەلكى «تارىختىن ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقايلى» دېگەن مەقسەتتە تارىخنى تەتقىق قىلىدۇ. تارىخ بىزگە نېمە قىلىشىمىز كېرەكلىكى ھەققىدە ئېنىق بىر يول كۆرسەتمىسىمۇ، ئەمما نۇرغۇنلىغان تاللاشلارنى سۇنىدۇ. ئەمما 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىكى تاكتىكىلارنى ئۆگىنىپ 3-دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىشلىتىش، ۋاقىت

ئىسراپچىلىقىدىن ئىبارەتتۇر.

دونكىخوت، بۇنىڭدىن 400 يىل ئىلگىرى ئىسپانىيەلىك يازغۇچى سارۋەنتەسنىڭ قەلىمى بىلەن يېزىلغان «دونكىخوت» رومانىدىكى باش قەھرىمان.

مەن دونكىخوت رومانىنى قايتا ئوقۇپ چىقىش جەريانىدا، چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دونكىخوت ۋە سانچوُپانزالار بىلەن تولۇپ-تاشقانلىقىنى ھېس قىلدىم. دېمەك، ئۇيغۇرلار ھازىرغا قەدەر تارىختىن قۇتۇلالماي ياشاۋېتىپتۇ.

دونكىخوت دېگەندە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا تارىخقا كۆمۈلۈپ قېلىشتىن باشقا، خىيالى بىر قەھرىمان، يەنى قۇرۇق گەپ قىلىپ پو ئېتىپ شەھەر ئالدىغان، ئەمەلىيەتتە قەھرىمانلىقىدىن قىلچە ئەسەرمۇ يوق، خىيالپەرەس بىر ۋالاقتەگكۈر كېلىدۇ. كىشىلەر، بولۇپمۇ تۈركلەر قۇرۇق گەپنى جىق قىلىپ، ئەمەلىيەتتە ھېچ نەتىجىسى چىقمايدىغان بوش ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرىدىغان سۈنئىي قەھرىمانلارنى «دونكىخوتلۇق قىلما» دەپ مەسخىرە قىلىدۇ.

رومانىنىڭ ئاپتورى سەرۋانتەس ئىككى خاراكتېر، يەنى دونكىخوت ۋە سانچوُپانزا ئارقىلىق، ئۇ دەۋردىكى ئىسپانىيە جەمئىيىتىنى ھەجۋىيلەشتۈرگەن ئىدى. دونكىخوت ساختا قەھرىمان، ساختا ئىنقىلابچى بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئىسپانىيە جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى قۇرۇق قەھرىمانلىق ۋە قۇرۇق ئىنقىلابچى نىقابىغا كىرىۋالغان، ھەقىقەتنى كۆرۈشنى خالىمايدىغان، ئۆتمۈشتىكى خىيالى سىمۋوللار بىلەن پەخىرلىنىپ ياشايدىغان قورقۇنچاق يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

گەرچە سارۋەنتەس بۇ رومانىنى 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يازغان، ئارىدىن 400 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ھازىرغا قەدەر دۇنيادا نۇرغۇنلىغان تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان مەشھۇر ئەسەر سۈپىتىدە ئالقىشلىنىپ كەلمەكتە. كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا يازغۇچى سارۋەنتەسكە بولغان ھۆرمىتىم يەنە بىر قېتىم ئاشتى.

خۇددى ئۇ، بۇندىن 400 يىل مۇقەددەم ھازىرقى دەۋردىكى سەرگەردان ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى دونكىخوتلارنىڭ ئوبرازىنى يورۇتۇپ بەرگەندەك ھېس قىلدىم. دونكىخوت، ئۆزى كۆرگەن ھەرقانداق بىر نەرسىنى ئۆز خىيالىدا مۇبالىغىلەشتۈرىدۇ. يولدا ئۇچراپ قالغان ئادەتتىكى بىر كىشىنى خان جەمەتى دەپ قاراپ، ئۆزىگە شۇۋالىيەلىك ئۇنۋانى بەرگۈزىدۇ. دونكىخوت قوي پادىلىرىنى ئۆزى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كەلگەن قوشۇن دەپ قاراپ، ئۆز خىيالىدا ئاجىز تەرەپكە ياردەم بەرمەكچى بولۇپ قوي پادىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇنلىغان قويلارنى ئۆلتۈرۈپ پادىچىلاردىن تاياق يەيدۇ. بىر پادىشاھنىڭ يەر ئاستى ئامبىرىدىكى ھاراق ساقلايدىغان ئىدىشلارنى ئىبلىس دەپ قاراپ، قىلىچى بىلەن پاچاقلىۋېتىدۇ. كوچىدىكى بىر سەرگەردان سىگان ئايالنى خىيالى دۇنياسىدا بىر ئېسىلزادە خانىم دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولىدۇ. يولدا ئۇچراپ قالغان قولى ـ پۇتى كىشەنلەنگەن جىنايەتچىلەرنى مەزلۇملار دەپ قاراپ قۇتۇلدۇرىدۇ ۋە ئۇلار تەرىپىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىدۇ. بىر ساتىراشنىڭ ئۇستىراسىنى سېھىرلىك دۇبۇلغا دەپ ئويلاپ مۇسادىرە قىلىدۇ. دونكىخوتنىڭ ئەڭ كۈلكىلىك خىيالى قەھرىمانلىقلىرىنىڭ بىرى، شامال چىقىرىدىغان چاقپەلەكنى دىۋىلەر دەپ ئويلاپ، ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىشى ئىدى.

ئۇنداقتا ئۇيغۇر دونكىخوتلار نىمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ سانچوپانزالارچۇ؟

ئۇيغۇر دونكىخوتلار ھەقىقىي دۈشمەن خىتاي بىلەن ئېلىشماي، «شىنجاڭ، ئىندىجىنۇس پىپول (يەرلىك مىللەت)، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشمۇ؟ ياكى مۇستەقىللىقمۇ؟؟» دېگەن سۆزلەر بىلەن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن بۇ سۆزلەرنى ئىشلىتىپ قالغان، دەپ سالغان كىشىلەرنى قۇللۇق ئىدىيەسى كۈچلۈكلەر، خائىنلار، نومۇسسىزلار، ئۆزىنى جۇڭگولۇق دەيدىغان شەرمەندىلەر دېگەندەك قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ، شۇنچىلىك دۇمبالايدۇكى، خۇددى دونكىخوتنىڭ بىر توپ قوي پادىلىرىنى ئۆزى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كەلگەن ئەسكەرلەر دەپ چۈشىنىپ قالغىنىدەك. بۇنداق دۇمبالاشلاردىن كېيىن، ئۇيغۇر دونكىخوتلار قىشلىق ئۇيقۇغا كىرىپ كېتىدۇ.

قىشلىق ئۇيقۇغا كىرىپ كەتكەن ئۇيغۇر دونكىخوتلار، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش... دېگەندەك گەپ-سۆزلەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرىڭىنى سېزىپ قالسىلا، قايتا قىشلىق ئۇيقۇدىن ئويغىنىدۇ. بۇ قېتىم يەنە ئۇيغۇر دونكىخوتلار بۇ ئىبارىلەر بىلەن قاتتىق كۈرەش قىلىدىكى، ئەييۇھەنناس... خۇددى دونكىخوتنىڭ بىر پادىشاھنىڭ يەر ئاستى ئامبىرىدىكى ھاراق تۇڭلىرىنى ئىبلىس دەپ ئويلاپ پاچاقلىۋەتكىنىگە ئوخشاش. بۇ قاتتىق جەڭلەردىن كېيىن، ئۇيغۇر دونكىخوتلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى مالىمان، خانىۋەيران قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ھەممە ئۇيغۇرلارنى ئۇرۇشقا سەپ قويۇپ ئۆزى يەنە قىشلىق ئۇيقۇغا كىرىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر دونكىخوتلار ئادەتتىكى ئادەملەرنى ئۆز خىيالىدا قەھرىمانلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئاجايىپ لىرىك شېئىرلار يازىدۇ. ئەمما ۋەتەنىدە خىتاي بىلەن كۈرەش قىلىپ

تۈرمىگە كىرگەنلەرنى بولسا «خائىن»لار دەپ ئاتايدۇ. خۇددى دونكىخوتنىڭ يولدا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن بىر سىگان ئايالنى خىيالىدا بىر ئېسىلزادە خانىش دەپ چۈشىنىپ ئاشىق بولغىنىغا ئوخشاش.

ئۇيغۇر دونكىخوتلار ئۆزىگە ئۆزى «مۇستەقىللىقچى» دېگەن ناملارنى بېرىۋالىدۇ ۋە مەن بىردىن بىر مۇستەقىللىقچى دەپ ئۆز-ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىدۇ، خۇددى دونكىخوتنىڭ يولدا ئۇچراپ قالغان بىر كىشىگە ئۆزىگە شوۋالىيەلىك ئۇنۋانى بېرىشىنى ئۆتۈنگىنىدەك. ئۆزى بىلەن ئۆزى خىيالى ھۆكۈمەتلەرنى قۇرۇپ، ئىچى قۇرۇق مىنىستىرلىقلار، پارلامېنتلار، قوراللىق ھەربىي قوشۇنلار تەسىس قىلىدۇ. ئاجايىپ دەبدەبىلىك نۇتۇقلار سۆزلەيدۇ، «شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تولۇق قوراللاندۇرۇپ، خىتاي ئەسكەرلىرىنى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىن سۈپۈرۈپ تازىلايدىغان بىردىن بىر كىشى مەندۇرمەن ۋە مېنىڭ ھۆكۈمىتىمدۇر...» دەپ. ئەمما رېئاللىق باشقىچە بولىدۇ. بۇنداق ئۇيغۇر دونكىخوتلار خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىغا نامايىش قىلىپ بارغاندا، ھەممە ئادەم «يوقالسۇن خىتاي!» دەپ شوئار توۋلىسا، «ياشىسۇن خىتاي!» دەپ شوئار توۋلايدۇ.

ئۇيغۇر دونكىخوتلار خۇددىنى بىلمەي، «ياشىسۇن خىتاي!» دەپ شوئار توۋلاۋېرىدۇ. جامائەت «ۋوي...ۋوي، خاتا شوئار توۋلاتىسەن» دەپ ئىككى-ئۈچ سىلكىگەندە ئاران ئەسلىگە كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا تۈركلەر ۋە ئۇيغۇر سانچوپانزالار قانداق باھا بېرىدۇ؟ تۈركلەر كەسكىن قىلىپ «بۇنداق ئادەملەر بەك تەستە ئاددىي ئادەم بولالىشى مۇمكىن، ئەمما ھەرگىز لىدىر بولالمايدۇ. بۇ ۋەتەنگە قىلىنغان خىيانەت. سىلەر ئۇيغۇرلار لىدىرلىرىڭلارغا مانا مۇشۇنداق ئاددىي تەلەپ قويغانلىقىڭلار

ئۈچۈن ھالىڭلار بۈگۈنكى كۈندە. خىتاي كونسۇلى ئالدىدا خىتايغا قارشى نامايىشتا ‹ياشىسۇن خىتاي!› دەپ شوئار توۋلىغان كىشى رەئىس بولالمايدۇ، دەرھال ئىستېپا بېرىشى كېرەك» دەپ يازىدۇ فېيسبۇكتا.

بۇ مەسىلىگە ئۇيغۇر سانچوپانزالار قانداق باھا بېرىدۇ؟

ئۇنداقتا، ئىسپانىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى سارۋەنتەسنىڭ قەلىمىدە يارىتىلغان، 400 يىلدىن بۇيان ئۆلمىگەن داڭلىق ئوبراز «سانچوپانزا» كىمگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟ سانچوپانزا، ئىسپانىيە جەمئىيىتىنىڭ يوقسۇل تۆۋەن قاتلىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر خاراكتېر. دونكىخوتتىن ئىبارەت بۇ لىدىرنىڭ تەلۋىلەرچە قىلىقلىرىنى، ساختا قەھرىمانلىقلىرىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىدىغان، ئۇنى مەدھىيەلەيدىغان، ساددا نادان ئىسپانىيە خەلقىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. كاللىسىدا ئۆزى شەكىللەندۈرۈۋالغان خىيالى دۈشمەنلەر ۋە ئادالەتسىزلىكلەر بىلەن كۈرەش قىلىش ئۈچۈن ئۇزۇن، ئورۇق كەلگەن دونكىخوت بىلەن قىسقا، پاكار، سېمىز دوغىلاق كەلگەن سانچوپانزا ئىسپانىيەنىڭ شىمالىدىن جەنۇبىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ.

ئۇيغۇر سانچوپانزالار خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا «ياشىسۇن خىتاي!» دەپ شوئار توۋلاشنى، لىدىرىم ھېرىپ كەتكەنلىكتىن شۇنداق بولغان دەپ قاراپ، خىيالى لىدىرىغا ئەگىشىپ مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. ئۇنداقتا بۇ لىدىر «ھېرىپ كەتكەندە دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدىغان لىدىرمۇ؟» دېگەن سوئالنى سورايدىغان ئۇيغۇرلار ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. لىدىر «ياشىسۇن خىتاي!» دەپ شوئار توۋلىدى دېگۈچىلەر، خۇددى «پادىشاھنىڭ كونا كىيىمى» دېگەن

مەسـەلىدىكى راسـتچىل بالـىدەك يالغـۇز قالـىدۇ.

ئۇيغـۇر دونكىخوتـلار، ۋەتەنـنىـڭ ئـەڭ يـىراق ناھىيـە- بازارلىرىـدا ياشـايدىغان، ئادەمـدەك نەپـەس ئېلىشـمۇ قىيىنغـا توختاۋاتقـان ساۋاتسـىز، بىلىمسـىز، دۇنيادىـن ئىنتايـىن يـىراق قالغـان ئۇيغـۇر قېرىنداشـلىرىمىزنى «مىللـىي روھـى يـوق ئۇيغـۇرلار» دەپ ئەيىبلەيـدۇ يـىراق بىـر قىتئـەدە ئولتۇرۇۋېلىـپ. ئەمما خىتـاي كونسۇلخانىسى ئالدىـدا «ياشىسۇن خىتـاي!» دەپ شـوئار توۋلىغانلارنىـڭ مىللـىي روھىغـا سـوئال قويـۇش ئۇياقتـا تۇرسـۇن، بەلكـى ئېچىلغـان سـاختىكارلىقىنى، دونكىخوتلىقىنـى پەردازلىماقچـى ۋە ياپماقچـى بولىـدۇ. بـۇلار ھـەم دونكىخوت، ھەم سـانچۇپانزا ئۇيغـۇرلاردۇر.

ئۇيغـۇر دونكىخوتـلار، يەرلىـك تەشـكىلاتلارنى ئىـش قىلالمىـدى دەپ بۇزۇۋېتىـپ، ئۆزلـىرى بىرقانچىلىغـان ئىچـى قـۇرۇق تەشـكىلاتلارنى قۇرۇۋالـىدۇ. 3-4 يىـل ئۆتكەنـدىن كېيىـن جامائەتنـى نەچچىگـە بۆلـۈپ، ئاندىـن ماڭمىـدى... ۋەھـاكازا دېگەنـدەك گـۈزەل شـېئىرى گەپلـەر بىلـەن تاشـلاپ بېرىـدۇ. جامائـەت ئىچىـدە ئىـش قىلىۋاتقـان ئاكتىپـلار، تەشـكىلات رەھبەرلىرىنىـڭ ئىـت يىلىدىـن ئېشـەك يىلىغىچـە بولغـان ئارىلىقتـا بارغـان بىـرەر شـەھەر ۋە دۆلەتلـىرى ھەققىـدە «پۇلنـى نەدىـن ئالـدى؟ گۇمـان قىلىـش كېرەك. گۇمـان قىلىـش مىللـىي سـەزگۈرلۈك» دەپ سەپسـەتە تارقىتىـپ، ئۇلارنىـڭ جامائـەت ئارىسـىدىكى ئوبرازىنـى خۇنۈكلەشـتۈرمەكچى بولىـدۇ. ئەممـا بـۇ ئۇيغـۇر دونكىخوتـلار، ئادەتتـە ئالىدىغـان ئىشـچىلىق مائاشـى بىلـەن بىـر يىلنىـڭ يېرىمىـدا ئىشـلەپ، يېرىمىـدا دۇنيانىـڭ شـەرقىدىن غەربىگـە، شـىمالىدىن جەنۇبىغـا قاتـراپ يۈرۈيـدۇ. ئۇيغۇرلارنىـڭ گۇمـان قىلىـپ قالماسلىقى ئۈچـۈن، بەزىـدە «بىـر

خاۋۇس (ئۆي) ئالىدىغان پۇلۇم بارتتى، شۇنى ۋەتەن دەۋاسىغا ئاتىدىم» دەيدۇ. بەزىدە « 210 مىڭ دوللار بانكا قەرزىم بار» دەيدۇ. ئۇيغۇر سانچوپانزالار، بۇ «خاۋۇس ئالىدىغان پۇلۇڭ قانداق كەلگەن؟ قانداق بانكا ئۇ 210 مىڭ دوللار قەرز ئېلىپ بولغىچە پۇلنى قايتۇر دېمەيدىغان ۋە توڭلاتمايدىغان؟» دەپ سورىمايدۇ. ياكى خىتاي خۇددى سىرىلانكىغا ئوخشاش قەرزنى قايتۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، كۆپلەپ قەرز بېرىدىغان، ئاخىرىدا بىرەر نەرسىسىنى قەرزگە ھېساب قىلىپ تۇتۇۋالىدىغان ئىشنى، شەخسىلەردىمۇ يولغا قويۇپ، بۇنىڭ بەدىلىگە بىزگە ئۇچۇر يوللايسەن دەۋاتامدۇ ـ يە؟

قىسقىسى، ئۇيغۇر دونكىخوتلار پەقەت ئۇيغۇرلار بىلەنلا كۈرەش قىلىدۇ، خۇددى دونكىخوت شامال ئېنېرگىيەسى چىقىرىدىغان چاقپەلەكلەر بىلەن ئۇرۇشقاندەك.

دونكىخوت ئالدىغا ھەقىقىي دۈشمەن چىققاندا بەدەر قاچىدۇ.

مەن يەنە بىر قېتىم ئىسپانىيەلىك يازغۇچى سەرۋانتەسكە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. چۈنكى ئۇ ئەسلىدە ئىسپانىيەلىك دونكىخوتنىڭ ئوبرازىنى ئەمەس، بەلكى ھازىرقى دەۋردىكى ئەمەت بىلەن سەمەتنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان ئىكەن.

يەنە بىر قېتىم تەكرارلاش توغرا كەلسە، «تارىخنى تەكرارلاپ قالمايلى دەپ ئەمەس، بەلكى تارىختىن قۇتۇلۇپ چىقايلى» دېگەن مەقسەتتە تارىخ ئۆگىنىمىز . ئەگەر ھازىرغىچە ئارىمىزدا دونكىخوت ۋە سانچوپانزالار بار بولسا ۋە بىز بۇنى سېزەلمەي ئالدىنىپ يۈرگەن بولساق، بىز مەڭگۈ تارىخقا كۆمۈلۈپ قالغان بولىمىز.

2018 ـ يىلى 1 ـ سېنتەبىر

## مىللىي سەزگۈرلۈكۈم يۇقىرى دەۋاتقان جانابلارغا ئىككى كەلىمە سۆز

«مىللىي سەزگۈرلۈك» دېگەن نېمە؟ ھېسسىي ۋە ھاياجاندىن، شۇنداقلا قۇرۇق شوئارۋازلىقتىن خالىي، ئەقلىنى تەدبىر ئۈچۈن ئىشلىتىش، ئۆزىنىڭ ئورنىنى، دۈشمىنىنىڭ ئورنىنى، ئۆزىنىڭ كۈچىنى، دۈشمىنىنىڭ كۈچىنى، خەلقئارا سەھنىلەرنى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ سەھنىلەرنىڭ قەيىرىدە ئىكەنلىكىنى ھەرۋاقىت ھوشيارلىق بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ تۇرۇش ۋە تەدبىر ئېلىش مىللىي سەزگۈرلۈك دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكى ھەققىدە، يەنى قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى، دۈشمىنىنىڭ كىم ئىكەنلىكى، تۇغقانلىرىنىڭ ياكى قېرىنداشلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە بەك جىق داۋراڭ سالماسلىقمۇ مىللىي سەزگۈرلۈك جۈملىسىدىندۇر. مىللىي سەزگۈرلۈك دائىرىسىگە كىرىدىغان يەنە نۇرغۇن ئىنچىكە ئامىللار بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە ئىزدىنىدىغان دوستلار بولسا تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئۆزىنى مىللىي سەزگۈرلۈكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قارايدىغان بەزى لېكسىيەچىلەر پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار مىللىي سەزگۈرلۈك ھەققىدە ئالغان مىساللىرىدا، بۇندىن ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى ئامېرىكادا ئېچىلغان «ئۇيغۇر ئاياللىرىنى دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق بىلىملىرى بىلەن تەربىيەلەش كۇرسى»دا يۈزبەرگەن بىر ئۇيغۇر ئايالنىڭ

قولىدىكى ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىزنىڭ يەرگە چۈشۈپ كېتىشى ۋە يەنە بىر ئىنگلىز ئايالنىڭ ئۇنى ئەخلەتكە تاشلىۋېتىشى ۋەقەسى ھەققىدە ئۇزۇن توختىلىدۇ. بۇ مىللىي سەزگۈرلۈكى يۇقىرى لېكسىيەچىنىڭ مۇلاھىزىسىچە بولغاندا، ئۇ ئىنگلىز ئايال بايرىقىمىزنى ئەخلەتكە تاشلىۋەتكەن زامات ئۇيغۇر ئاياللىرى دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ، «ھەي... ئۇيغۇر ئاياللىرى، بايرىقىمىز دەپسەندىچىلىككە ئۇچرىدى، يۈرۈڭلار كېتىمىز، بۇنداق يىغىنغا قاتناشمايمىز» دەپ يىغىننى تەرك ئېتىشى ۋە كۆڭۈلسىزلىك چىقىرىشى كېرەكمىش. مانا مۇشۇنداق قىلىش ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مىللىي سەزگۈرلۈكنىڭ يۇقىرى پەللىسىمىش. بۇ مەسىلىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال كاللامغا كىچىك ۋاقتلىرىمىزدا مەھەللىلەردە بولىدىغان توي تۆكۈنلەردىكى «مەن ئوغۇلنىڭ ئانىسى تۇرسام، مېنىڭ پەتنەمگە سالغان ناۋات كىچىك بولۇپ قاپتۇ، ياكى پەتنۇسۇمدىكى كەمپۈتنىڭ سانى ئاز بولۇپ قاپتۇ، بۇ مېنى كۆزگە ئىلمىغانلىق» دەپ يامانلاپ توينى بۇزىدىغان، ھەممە خۇشاللىق ۋە ئارزۇ-ئارمانلارنى كۆللىدە-چۆللىدە قىلىپ بىر ئۆمۈر خەقتىن قېپىداپ، زارلاپلا ياشايدىغان بىچارە ساددا، جېدەلخور، مەنمەنچى، باشقىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى قىلچە نەزەرگە ئالمايدىغان، جاھىل قېيىنئانىلار كەلدى. بۇنداق دېگەن ۋاقتىمدا، ئاتالمىش بۇ مىللىي سەزگۈرلۈكى يۇقىرى جانابلار ماڭا: «بۇ دېگەن قىممەتلىك بايرىقىمىز، بايرىقىمىزنى ناۋات بىلەن سېلىشتۇرما قىلما» دەپ، تۈركچە ئېيتقاندا «دۇيگۇ سۇمۇرگىسى» قىلماقچى بولىدۇ.

ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدىكى قىممەتلىك بايراقنى ئوڭشاپ تۇتالماسلىقى ۋە يەرگە چۈشۈرۈۋېتىشى، شۇ ئايالدىكى مىللىي سەزگۈرلۈكنىڭ نۆل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بايراق قوللاردا لەپىلدىشى ۋە كۆكلەردە جەۋلان قىلغانلىقى بىلەن بايراقتۇر. ئۇ يەرگە چۈشكەن زامان بىر ئەخلەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ ئاددىي ھەقىقەتنى ياخشى بىلگەن ئىنگلىز ئايال، مەزكۇر بايراقنى ئەخلەت چېلەكگە تاشلىۋەتكەن. ئەمما ئارىمىزدىكى ساختا مىللىي سەزگۈرلۈك تونىغا ئورۇنۇۋالغانلار، بولغان خېمىرنى قايتا چەيلەپ ئارقىغا ياندۇرۇش ھىيلە-مىكرىنى قوللىنىپ، «بايرىقىمىزنى ئەخلەتكە تاشلىۋەتتى» دېگەن بىر ساختا «دۇيغۇ سۈمۈرگىسى» پەيدا قىلىپ، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى چېچىش ئارقىلىق ئۇيغۇر داۋاسىنى خەلقئارا سەھنىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇش، دۇنيانىڭ ھەرقانداق ئىشىكىنى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېچىلماس قىلىۋېتىش ئويۇنى ئويناقتا.

يەنىمۇ چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئەگەر مىللىي سەزگۈرلۈكى يۇقىرى بىر ئادەم بايرىقىغا، ۋەتىنىگە ۋە مىللىتىنىڭ ئار-نومۇسىغا دەخلى-تەرۇز يەتكەن ھالەتتىمۇ، خەلقئارالىق ئۇ سەھنىنى قېيىداپ ياكى يامانلاپ تەرك ئەتمەيدۇ. بەلكى لېۋىنى چىڭ چىشلەپ، بايرىقىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ، ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ ۋە بۇ سەھنىلەرگە تارىختىكى ھەرقانداق بىر ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئېھتىياجىنىڭ بارلىقىنى، ئۆزى ۋە بايرىقىنى بۇ سەھنىلەردە تېخىمۇ تونۇتۇشى كېرەكلىكىدىن ئىبارەت ئاچچىق تەجرىبە-ساۋاقنى يەكۈنلەيدۇ. كۈرەش دەل مانا مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. ئۇيغۇر داۋاسى دەل مۇشۇ يەردە مىللىي سەزگۈرلۈككە ھامىلدار بولغان بولىدۇ. مىللىي مۇستەقىللىقنىڭ ئاچچىق تولغىقى دەل مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ.

خەلقئارا سەھنىلەر، دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر، خۇددى تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ ئۆركەش ياساپ ئېقىۋاتقان ئەزىم دەرياغا

ئوخشايدۇ. بۇ ئەزىم دەرياغا سىز تاش ئاتسىڭىزمۇ، ھەتتا تاغنىڭ ئۈستىدىن يوغان قورام تاشلارنى دۇملىتىۋەتسىڭىزمۇ، قېيىدىسىڭىزمۇ، تۈكۈرسىڭىزمۇ، ھەتتا نىجاسەت تۆكسىڭىزمۇ، بۇ ئەزىم دەريانىڭ قىلچە پەرۋا قىلماستىن ئۆز مەنزىلىگە قاراپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋېرىدۇ. سىز ئۈچۈن ئىككى يول بار. بىرى بۇ غايەت زور ئەزىم دەرياغا تاشلانغان چاۋا-چاتقال بولۇپ، شامالنىڭ كۈچى بىلەن دەريانىڭ گىرۋەكلىرىدە مەڭگۈلۈك لەيلەپ قالىدىغان ئەرزىمەس نەرسە بولۇش. ئىككىنچىسى قانداق قىلىپ بۇ ئەزىم دەرياغا قوشۇلۇپ ئېقىشنى بىلىش ۋە بۇ ھەقتە ئىزدىنىش. مانا بۇ ھەقىقىي مىللىي سەزگۈرلۈك. مىللىي سەزگۈرلۈكتە قېيداش بولمايدۇ. مۇھىت ۋە شارائىتنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پەقەت ئۆزىنى ئۇرۇشلا مەۋجۇت.

سىز ئۈچۈن قىممەتلىك بولغان ھەممە نەرسە باشقىلار ئۈچۈن قىممەتلىك بولماسلىقى مۇمكىن. كۆپ ھاللاردا سىز قىممەتلىك دېگەن نەرسىلەرنى خەلقئارا سەھنىلەر رەت قىلىشى، مازاق قىلىشى، كۈلۈشى، ھەتتە سىز ئىسمىنى مۇقەددەس بىلىپ قەلبىڭىزدە ساقلايدىغان ئۇ ۋەتەننىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندا، ئۇلار «بۇ قەيەر؟» دەپ سورىشى، سىزنىڭ بۇ ئىسمنى دۇنيا سەھنىسىگە چۈشەندۈرۈشىڭىز ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرىڭىز يەتمەسلىكى، ھەتتا بىر قانچە ئەۋلادىڭىزمۇ ئۆمرى يار بەرمەسلىكى مۇمكىن. سىز قەدىرلەيدىغان ئۇ بايراق پەقەت سىز قەدىرلىگەنلىكىڭىز ئۈچۈنلا بايراق، ئەمما باشقىلار ئۈچۈن بىر ماتا پارچىسى، خالاس. قىممەتلىك نەرسىلىرىڭىزنى باشقىلار ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك نەرسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئەجىر، سەبىر-تاقەت ۋە مېھنەت كۈرەش دەپ ئاتىلىدۇ. ھە دېگەندە خەلقئارا سەھنىلەرنىڭ بوسۇغىسىغىمۇ بارماي تۇرۇپ قېيداپ كېتىپ قېلىش، ئەخمەقلىق، نادانلىق، دۆتلۈك،

ساددىلىق، گىرىيلىق دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى بۇنداق ئەخمەقلىقنىڭ دەردىنى ھارغىچە تارتتى. بۇ ماھىيەتتە مىللىي سەزگۈرلۈك ئەمەس، بەلكى مىللىي سەزگۈرلۈككە قىلىنغان خىيانەتتۇر. ئەمما بەزى كىشىلىرىمىز بۇ خىل نادانلىقنى «مىللىي سەزگۈرلۈك» دەپ سۆئىي پەردازلاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ.

مەسىلەن، چېركاۋ خۇددى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسجىدىگە ئوخشاش خىرىستىيانلارنىڭ قىممەتلىك نەرسىسى. ئۇنداقتا تۈركىيەدىكى سۇلتان ئەھمەد جامەسىنىڭ يېنىغا خىرىستىيانلارنىڭ بىر چېركاۋى سېلىنسا، تۈرك خەلقى بۇ مەسىلىگە قارىتا قانداق بىر رېئاكسىيەدە بولار؟ قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ يېنىغىچۇ؟

ئۇنداقتا ئۇيغۇر دېگەن ھېچكىم تونۇمايدىغان بىر مىللەتنىڭ قىممەتلىك نەرسىلىرى، ئامېرىكا سەھنىلىرىدە پەيدا بولۇپ قالغاندا يۈز بېرىدىغان رېئاكسىيەمۇ ئىنتايىن نورمال بىر ئەھۋال.

1997-يىلى ناسا كاسسىنى ئىسىملىك بىر ئادەمسىز سەييياھنى ساتۇرنىنى بىلىش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. يەر شارىدىن ئايرىلغان ساتۇرن بىر مىليارد ئىنگلىز مىلى مۇساپىنى بېسىپ ساتۇرنغا يېتىپ بېرىپ ئىنسانىيەتكە، ھازىرغىچە ساتۇرن ۋە ئۇنىڭغا ئايىت بىلىنمىگەن قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، 2017-يىلى 15-سېنتەبىر كۈنى، يەنى 20 يىلدىن كېيىن كاسسىنىنىڭ يېقىلغۇسى تۈگەپ، ئۆزىنى ساتۇرنغا ئۇرۇپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى ۋە ساتۇرنىنىڭ تۇپراقلىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى. كاسسىنىنىڭ ناسا تەرىپىدىن بېرىلگەن ۋەزىپىسى ساتۇرنىنىڭ ھالقىلىرىنى، گۈزەللىكىنى، ساتۇرنىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سىر-

ئەسرار، مۆجىزىلىرىنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش، يەر شارى بىلەن ساتورن ئوتتۇرىسىدا بىر مۇناسىۋەت ۋە دوستلۇق ئورنىتىش ئىدى. كاسسىنى ناملىق بۇ جانسىز سەيياھ، خۇددى پەرۋانە شام چىراغقا ئۆزىنى ئۇرغاندەك ساتورندىن ئىبارەت غايەت زور گاز شارىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ناسانىڭ سامان يولى سىستېمىسىغا ئېلىپ بارىدىغان كۆرەشلىرى ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنى ھەيران قالدۇرغىدەك قىممەتلىك بىلىملەر قالدۇرۇپ كەتتى. ساتورندىكى ئايلار، ئۇنىڭ رەڭگارەڭ ھالقىلىرى، مېتان دەريالىرى، ئامەتان دېڭىزلىرى، گاز، سۇ...

2017-يىلى 15-سېنتەبىر كۈنى ناسادىكى ئالىملار بىر يەرگە يىغىلىپ، كاسسىنىنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسى ئۈچۈن قىلغان پىداكارلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى تەنتەنە قىلىشتى.

ئەمما مەن كاسسىنىنى خىيالىمدىكى ئۇيغۇر دەۋاسىغا كېرەكلىك بىر قەھرىمان سۈپىتىدە تونۇپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. كاسسىنىدا مىللىي سەزگۈرلۈك، قەھرىمانلىق، بەدەل تۆلەش روھى، ئۆزىنى ئاتاش دېگەندەكلەرنىڭ ھەممىسىنى تاپقىلى بولاتتى. ئۇيغۇر دەۋاسىدا كەم بولۇۋاتقىنى كاسسىنى روھى ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك پىلان بولۇپ تۇرماقتا. مەن ساتورننى بىر دۇنيا سەھنىسى، كاسسىنىنى مۇستەقىللىق ئارزۇسىغا يەتمەكچى بولغان ئۇيغۇرلار دەپ تەسەۋۋۇر قىلدىم.

ۋەتەن ۋە مىللىتىمىزنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەر كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز خەلقئارالىق ئورگانلار ۋە سەھنىلەرنىڭ ھېسداشلىقىغا تېخىمۇ بەك موھتاجمىز. بۇنىڭدىن باشقا ھەم يولىمىز يوق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقئارا سەھنىلەردىن

ئاغرىنىدىغان ھەققىمىزمۇ يوق. نىشان ۋە مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئەڭ ئۇزۇن مۇساپە، ئەڭ ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ۋايىسماي مەنزىلىگە قاراپ ئىلگىرىلەيدىغان كاسىسىنى بولايلى! ئەگەر ئۇنداق بولالمىساقمۇ، ئاددىي ۋە بىچارە مىللىي سەزگۈرلۈك چۈشەنچىلىرىمىز بىلەن خەلقىمىزنى قايمۇقتۇرمايلى.

2018- يىلى 5- مارت

# ئۇيغۇرلار ئۆچۈن «نوھنىڭ كېمىسى» قايتا ئىنشا قىلىنمايدۇ

غەرب ئەللىرىنىڭ بىرىگە كېلىپ يەرلەشكەن ۋاقتىمدا ناھايىتى تەستە بىر ئىش كۆرۈشمىسىگە چاقىرتىلدىم. بىر قانچە كۈن بۇ ئىش كۆرۈشمىسىدە سورىلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان سوئاللار ئۈستىدە قاتتىق تەييارلىق قىلدىم. ئويلىمىغان يەردىن مەندىن سورالغان تۇنجى سوئال مېنى تەمتىرىتىپ قويدى، ئۇ بولسىمۇ باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىيەلەيدىغان ئىقتىدارىڭ بارمۇ؟ بۇ سوئال مەندەك ئاددىي بىر ئادەمدىنلا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق بىر كەسپىنىڭ باكلاۋۇرلۇق، دوكتورلۇق ۋە دوكتور ئاشتىلىق باسقۇچلىرىدا ئوقۇغان بىلىم ئەھلىلىرىدىن سورىلىدىغان سوئال ئىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۆز-ئۆزۈمدىن مەندە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىيەلەيدىغان ئىقتىدار بارمۇ؟ دېگەن سوئالنى پات-پات سوراپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ سوئال مېنىڭ ئۆز-ئۆزۈمنى قايتىدىن يارىتىشىمدا ۋە ھاياتىمنى ئۆزگەرتىشىمدە بىر تارازا بولۇپ كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربنىڭ بۇنچە سىستېمىلىشىشىدا ۋە تەرەققىي قىلىشىدا باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنىڭ دېپلوم ۋە داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈشتىنمۇ مۇھىم رول ئويناپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

سەندە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىيەلەيدىغان ئىقتىدار بارمۇ؟ دېگەن بۇ سوئالغا يەنە، گەرچە سەن دوختۇر، ئالىم،

پىروفېسسور، ئۆلىما، لىدىر ۋە دۆلەت ئەربابى بولساڭمۇ، ئەگەر سەندە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىش ئىشلىيەلەيدىغان ئىقتىدار بولمىسا سەن ھېچنېمە ئەمەسسەن، دېگەن مەنە يوشۇرۇنغان ئىدى. ئۇزۇن تارىخلار ئىلگىرى بىز ھازىر ھەيران قېلىۋاتقان: سەندە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىش ئىشلىيەلەيدىغان ئىقتىدار بارمۇ؟ دېگەن بۇ سوئالنى بىز باشقىلاردىن سورىغان ۋە باشقىلارغا ئۆگەتكەن بىر مىللەت ئىدۇق. بۇ ھەقتە ئوغۇز خاقان مۇنداق دېگەن ئىدى: «بىر-بىرىڭلاردىن ئايرىلساڭلار دۈشمەن سىلەرنى بىردىن-بىردىن ئوقىا تۇتۇپ تۈگىتىۋېتىدۇ، ئەگەر سىلەر بىر مۇشت بولۇپ بىرلەشسەڭلار ھېچقانداق بىر كۈچ سىلەرنى زەخىملەندۈرەلمەيدۇ». بىلگە خاقان مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەي تۈرك ئىرقىي! ئەگەر مۇستەملىكىدە بولساڭ ھۆر، يوقسۇل بولساڭ باي، يالىڭاچ بولساڭ كىيىمى پۈتۈن بولالايسەن، يېتەركى، سەن دۈشمەنگە ئالدانما، بىرلىكىڭنى بۇزما».

ئاللاھ تائالا بىزگە ئالئىمران سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزلىرىگە ئوچۇق دەلىللەر كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ پارچىلىنىپ ئايرىمچىلىق يولىغا ماڭغانلار بىلەن ئوخشاش بولماڭلار، ئۇلارغا ناھايىتى ئېغىر بىر ئازاب باردۇر». ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممەتلىرىگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر-بىرىڭلارغا تەتۈر قارىماڭلار، بىر-بىرىڭلاردىن قىزغانماڭلار، بىر-بىرىڭلار بىلەن بولغان دوستلۇقۇڭلارنى بۇزماڭلار، ئەي ئاللاھنىڭ قۇللىرى قېرىنداش بولۇڭلار». مۇستافا كامال ئاتاتۈرك مۇنداق دەيدۇ: «بىر مىللەت بىر-بىرىگە چىڭ يېپىشقانغا قەدەر، يەر يۈزىدە بۇ مىللەتنى پارچىلىۋېتىدىغان بىر كۈچنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس». ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر

ئىمان ئېيتمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگىچە ئىمان ئېيتقان ھېسابلانمايسىلەر».

ھەر قانداق ئىشنىڭ باشلىنىشى پىلاندۇر، نوھ ئەلەيھىسسالام كېمىنى ئىنشا قىلىشقا باشلىغاندا تېخى يامغۇر تامچىلىمىغان بولۇپ، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمە ياسىشىدىكى مەقسىتى ۋە غايىسى نېمە ئىدى؟ جانلىقلارنىڭ نەسلىنى قوغداپ قىلىش ئىدى. چەتئەلدىكى ئۇيغۇر دەۋاسى خۇددى ئۇ ئۇياققا، بۇ بۇياققا تارتىدىغان ئۇغلاق تارتىشىشقا ئوخشاپ قالدى. ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر دەۋاسىنى جاسارەت دېگەن بىر سۆز باشقۇرۇپ كەلدى. جاسارەت قوشۇلغان پىلان، قوشۇلغان ئەقىل، قوشۇلغان تىل ۋە ئىقتىدار، قوشۇلغان ھەمكارلىشىپ ئىشلەش دېگەن بۇ زىچ ھەمكارلىق ئۇيغۇر دەۋاسى دېگەن بۇ كېمىنىڭ كاپىتانى بولۇشى كېرەك. نىشانى ۋە غايىسى بولمىغان كېمىگە ھەرقانداق شامال كۈچى ياردەم قىلالمايدۇ.

دۇنيادا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نوھنىڭ كېمىسى قايتىدىن ئىنشا قىلىنىۋاتىدۇ، بۇ بىزنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بىرلىشەلىشىشىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئەگەر بۇ ئۇغلاقنى خام ھالەتتە تالان-تاراج قىلماي نەسلىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ چارىلىرىنى تاپمىساق، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نوھنىڭ كېمىسى قايتىدىن ئىنشا قىلىنمايدۇ. نوھنىڭ كېمىسى پاتقاندا، يول تاپالماي ئازغاندا، ئاغزىدا زەيتۇن چىشلەپ بىر خەۋەرچى كەپتەر كەلگەن بىلەن، ئۇيغۇرلار ئازسا ۋە پاتسا، بۇنداق خەۋەرچى كەپتەر كەلمەسلىكى مۇمكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇق مەسىلىسىنى يەنە چەكسىز كەتكەن ئوكياندا دەلدەڭشىپ كېتىۋاتقان غايەت زور بىر تىتانىكقا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. 1912-يىلى ئوكيانلارنىڭ شاھزادىسى تىتانىك ئاتلانتىك ئوكياننىڭ

شىمالدا پېتىپ كەتكەندە ئوكياننىڭ تىتانىكقا ئىچى ئاغرىپ قويدىمۇ؟ تىتانىكنىڭ بۇ پېتىشىدا 1514 ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى. مەن «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەتنى ئېلىپ ماڭغان يەنە بىر تىتانىكنىڭ پېتىشىنى، دېڭىز قىرغاقلىرىدا تۇرۇپ تىتانىك ناخشىسىنى ئېيتىپ، ھەسرەت-نادامەت بىلەن دېڭىزغا قاراپ ھازا تۇتۇشنى ئەسلا خالىمايمەن، بۇ تىتانىك ئەسلا پاتماسلىقى كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات-ماماتلىق سەپىرى نوھنىڭ سەپىرىگە ۋە ياكى تىتانىكنىڭ سەپىرىگە ئوخشايدۇ، بۇ كېمىنىڭ قىرغاققا ئۇرۇلۇشىغا ۋە ياكى يول تاپالماي ئېزىشىغا ئەسلا بوشلۇق بەرمەسلىكىمىز لازىم، ئەگەر بۇ قېتىم ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دۇنيا تەرىپىدىن ياسىلىۋاتقان نوھنىڭ كېمىسىنى ياكى تىتانىكنى پاتۇرۇپ قويساق، بىزگە ئىككىنچى قېتىم بۇنداق پۇرسەت ئەسلا كەلمەسلىكى مۇمكىن.

## «سوببوردىن قېچىش» ۋە ئۇيغۇرلار

سادىر پالۋاندىن بۇگۈنگە قەدەر ـ يامۇلدا تولا ياتىپ، چېچىم بىر قۇچاق بولدى. يامۇلنى تېشەر چاغدا قوۋۇرغام پىچاق بولدى ـ يەنە 25 ئۇيغۇر تايلاند تۈرمىسىنى تېشىپ قاچتى. بۇ قېتىم ئۇلار جېنىنى پىچاق قىلدى.

ـ خاتىرەمدىن

ئەگەر دۇنيادا راي سىناش ئېلىپ بېرىلىپ، ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭ يەھۇدىيلارغا ئېلىپ بارغان جازا لاگېرلىرى ۋە ئۆلۈم لاگېرلىرىغا ئوخشايدىغان بىر لاگېرنىڭ ھازىر يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بار ياكى يوقلۇقى ھەققىدە سورالغاندا، دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى بەلكى بىر ساراڭلىق، بۇنداق بىر ئېتىنىك قىرغىنچىلىق تۈسىنى ئالغان دەھشەتلىك لاگېرلارنىڭ 21-ئەسىردە قۇرۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس دېيىشى مۇمكىن. ئەمما بۇنداق لاگېرلار ھازىر مەۋجۇت. يەنى، خىتايدا. بۇ لاگېرلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا بەزى ھالقىلىرى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ مەخپىي.

ئەگەر دۇنيادا راي سىناش ئېلىپ بېرىلىپ، تايلاند تۈرمىسىدىن قاچقان ئۇيغۇرلار قەھرىمانمۇ ياكى تېررورچى، جىنايەتچىمۇ؟ دەپ سورالغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر بۇلارنى تېررورچى ۋە ياكى ئەلۋەتتە تۈرمىدىن قاچقاندىن كېيىن جىنايەتچى بولىدۇ ـ دە، دېيىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلار «ئۇيغۇر»

دېگەن بىر مىللەتنىڭ يۈرىكىنى ئاغرىتىپ قويۇۋاتقانلىقىنى ئويلاشماسلىقى مۇمكىن.

ئۇيغۇر خەلقى پۈتۈن ئاۋازى بىلەن دۇنياغا شۇنى جاكارلىشى كېرەككى، بۇ 25 ئۇيغۇر خىتتاينىڭ 21-ئەسىردە بەرپا قىلغان «سوبىبور تۈرمىسى»دىن قاچقان ئەركىنلىك جەڭچىلىرى. ئۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمانلىرى بولۇپ، خۇددى جەنۇبى ئافرىقا خەلقى تەرىپىدىن 1976-يىللىرىدا ئەركىنلىك جەڭچىلىرى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان تىم جەنكىن، ئېستېففېن لى (Stephen Lee) قاتارلىقلارغا ئوخشايدۇ.

1976-يىلى جەنۇبى ئافرىقىدىكى ئىرقچىلىق مەزگىلىدە تىم جەن كىن، ئېستېففېن لى قاتارلىق ئۈچ ئەركىنلىك جەڭچىسى، ئۆزلىرى تۈرمىدە ياسىغان ئاچقۇچلار ئارقىلىق قاتمۇ قات تۆمۈر ئىشىكلەر بىلەن قۇلۇپلانغان ئافرىقىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك ھالدا قوغدىلىدىغان تۈرمىنىڭ 10 ئىشىكنى ئېچىپ تۈرمىدىن قاچىدۇ. تارىخ بۇلارنى تېررورلۇق بىلەن جازالانغان ئەركىنلىك جەڭچىلىرى سۈپىتىدە خاتىرىلەيدۇ.

تايلاند تۈرمىسىدىن قاچقان 25 ئۇيغۇرنىڭمۇ ئۆزگە چۈشلۇق دۇنياغا ئېيتىدىغان تۈرمىدىن قېچىش ھېكايىلىرى بار. بەلكى بۇ ھېكايىلەر دۇنيا تارىخىدىكى تۈرمىدىن قېچىش ھېكايىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ تەسىرلىك ھېكايىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بەلكى دۇنيا بۇ 25 ئۇيغۇرنىمۇ خۇددى تىم جەنكىن، ئېستېففېن لى قاتارلىقلارنى خاتىرىلىگەندەك تېررورلۇق بىلەن جازالانغان ئەركىنلىك جەڭچىلىرى دەپ خاتىرىلىشى مۇمكىن.

دۇنيادا شۇنداق كىشىلەر ياشاپ ئۆتتى. بەزىلەر ئۇلارنى تېررورچى دېدى، بەزىلەر قەھرىمان. بەزىلەر ئۇلارنى ئالما دەپ قويىنغا سالدى، بەزىلەر چالما دەپ ئاتتى، بەزىلەر تۇلپار

دېدى، بەزىلەر قوتۇر ئېشەك. تارىخنىڭ ھەر دائىم ئىككى تامغىسى بولۇپ كەلدى. بىر ياخشىلىق تامغىسى، يەنە بىرى يامانلىق تامغىسى. ئەمما زالىملارنىڭ يامانلىق تامغىسىغا قارشى مەزلۇملارنىڭ ياخشىلىق تامغىسى تەييار تۇردى. دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن بۈگۈنگە قەدەر بىر قانۇنىيەت ئۆزگەرمىدىكى، زالىملار تۈتۈش ئۈچۈن ئات چاپتۇرغاننى مەزلۇملار قويىنغا ئالدى.

1943 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ناتسىست ئېس ئېس (SS) چىلارنىڭ باشلىقى ھېنرىخ ھىملەر (Heinrich Himmler) رېينچارد (Reinhard) زەربىسى دەپ ئاتىلىدىغان، ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭ يەھۇدىي مەسىلىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىشتىكى چارىسى سۈپىتىدە داڭ چىقارغان «يەھۇدىيلار ئۆلۈم لاگېرى»نى قۇرغان ئىدى. بۇ ئۆلۈم لاگېرلىرى پولشانىڭ شەرقىدە بولۇپ، «سوبىبور» بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەخپىي ئۆلۈم لاگېرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەينى يىللاردا سوبىبوردىن ئىبارەت بۇ مەخپىي لاگېردا بىر مىليوندىن ئارتۇق يەھۇدىي ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، 1943 ـ يىلى بۇ دەھشەتلىك ئۆلۈم لاگېرىدا تۇرۇۋاتقان 600 نەپەر مەھبۇس قېچىشنى پىلانلاپ، 300 نەپىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ ۋە سوبىبور ئۆلۈم لاگېرىنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى دۇنياغا جاكارلايدۇ.

بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان، تارىختىكى ئەنە شۇ «سوبىبور ئۆلۈم لاگېرى»نىڭ بۈگۈنگە كۆچۈرۈلمىسى. ئانا ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاندا ياشاش مۇمكىنچىلىكى تاپالمىغان سەرگەردان قاچاق ئۇيغۇرلارنى تۈركىيە، مالايشىيا، كامبودژا، تايلاند، بۇلغارىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئۇچرىتىمىز.

تۆۋەندىكى ئۆلنىشتىن سوبىبوردىن قېچىش دېگەن فىلىمنى كۆرەلەيسىلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا بەك ئوخشايدۇ.

https://youtu.be/b4R53qvwbag

مەن ھەر قېتىم «سوبىبور ئۆلۈم لاگېرىدىن قېچىش» ناملىق بۇ فىلىمنى كۆرگەندە، خۇددى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ۋە 1930-يىللاردىكى كارتىنىسىنى كۆرگەندەك بولىمەن.

سوبىبوردىن قاچقان يەھۇدىيلار ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تاتاتلىتىپ ئوق ئېتىۋاتقان گېرمان ئەسكەرلىرىنى كۆرگەندە بارىن ئىنقىلابى، 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى، 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىدە، ئاتۇش، غۇلجا ۋە ئۈرۈمچىدە قېچىۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تاتاتلىتىپ ئوق ئېتىۋاتقان خىتاي ئەسكەرلىرىنى كۆرگەندەك بولىمەن.

ياپيالىڭاچ قىلىنىپ، مۇنچىغا چۈشۈرۈش ھىيلىسى بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىلگەندە، ئاتۇشنىڭ ياۋاغ تۈرمىسىدە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق ئوت يۈرەك زىيالىيلىرىمىزنى، باي سودىگەرلىرىمىزنى يادىمغا ئالىمەن. ئىز-دېرەكسىز غايىب بولۇۋاتقان، ئىچكى ئەزالىرى بۇلىنىۋاتقان، خىتاينىڭ رەزىل سۇيىقەستلىرى ئۈچۈن د ن ئا (DNA) سىناقلىرى ئېلىنىۋاتقان خەلقىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن. يېقىندا خىتايدىن ئامېرىكىغا قېچىپ چىققان باي سودىگەر گو ۋېنگۈيمۇ ئۇيغۇرلار ئەھۋالىنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تىرىك كۆمۈلۈش ۋە ئىچكى ئەزالىرى يۆتكىلىش ئەھۋالىغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن بۇ ھەقتىكى ۋىدېئولارنى كۆرەلەيسىز.

https://www.youtube.com/watch?v=qtddG0wpltU

https://www.youtube.com/watch?v=5wZu19F8YpY

https://www.youtube.com/watch?v=K_i0lksbluY

بۈگۈن خىتاي زۇلۇمى ئاستىدىكى ئۇيغۇرلار، ئۈستى ئوچۇق خىتاي «سوبىبورى»دىن دۇنياغا قاچماقتا. ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپتىن قاچقان ئۇيغۇرلارنى خىتاي بىلەن بىرلىكتە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قوغلىماقتا. «سوبىبور»دىن شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا يۆنىلىشى بىلەن قاچقان ئۇيغۇرلارنى بولسا تايلاند بىلەن مالايسىيا قوغلىماقتا ۋە تۈرمىگە تاشلىماقتا.

20-نويابىر كۈنى خىتايدىن ئىبارەت «سوبىبور» ئۈستى ئوچۇق تۈرمىسىدىن قېچىپ، يىللاردىن بېرى خىتاي شېرىكى تايلاند تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان 25 نەپەر ئۇيغۇر مەھكۇمنىڭ تۈرمە تاملىرىنى تېشىپ، يوتقان كۆرپىلىرى بىلەن تۈرمىنىڭ ئەتراپىدىكى سىم توسۇقلارنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇپ قاچقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر دۇنياغا تارالدى. 25 كىشىنىڭ تەشكىللىك ھالدا ئۆزىگە ناتونۇش بولغان باشقا بىر دۆلەتتىكى تۈرمىدىن بۇنداق يۇقىرى دەرىجىدىكى ھەمكارلىق بىلەن قېچىشى ھەر جەھەتتىن يۇقىرى ئىقتىدار تەلەپ قىلاتتى. دېمەك، ئۇيغۇرلار بىر ئىش قىلالايدىغان بولۇۋېتىپتۇ. ئۇنداقتا ئەسلىدىكى پىچاق-قىڭراق بىلەن چىش-تىرنىقىغىچە قوراللانغان خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر مىليون ھەربىي قوشۇنىغا قارشى (بۇ سان خىتتايدىكى ئومۇمىي ئەسكەر سانىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ) ئىبلىشىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بىر كۈنى ئىپتىدائىي پىچاقنى تاشلاپ، قولىغا قورال ئالالايدۇ دېگەن گەپ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى غۇلجا موللاتوختىيۇزىلىك سادىر پالۋان، 1800-يىللارنىڭ ئاخىرىدا مەنچىڭ چېرىكلىرى باغلاپ ماڭغان ئۈچ ئۇيغۇرنى قۇتۇلدۇرۇپ، 15 يېشىدا سادىر پالۋان دەپ ئاتالغان. ئۇمۇ خۇددى ھازىرقى تايلاند تۈرمىسىنى تېشىپ

قاچقان ئۇيغۇرلاردەك مەنچىلىك خانىدانلىقنىڭ يامۇلىنى تېشىپ قاچقان. دېمەك، تۈرمە تېشىش ئۇيغۇرلارغا يات ئىش ئەمەس. ئۇيغۇر خەلقى يەنە ئۆز تارىخىنى ئاغزاكى قوشاقلىرى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان خەلق. سادىر پالۋان قوشاقلىرىدا:

**يامۇلدا تولا يېتىپ،**
**چېچىم بىر قۇچاق بولدى.**
**يامۇلنى تېشەر چاغدا،**
**قوۋۇرغام پىچاق بولدى،** دەيدۇ.

گەرچە بۇلارنىڭ 5 نەپىرى شۇ كۈنى تۇتۇلۇپ قالغان، ئارىدىن 2 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە 2 سى تۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما قالغان 18 نەپىرى ھەققىدە خەۋەرلەر جىم. تايلاند تۈرمىسىنىڭ باشلىقى مۇخبىرلارغا 18 بىلەن 20 ئارىسىدىكى بۇ سانىنىڭمۇ ناھايىتى جىق سان ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئۇنداقتا دۇنيا ئادالىتىنى ئىزدەپ خىتاي سوبىيبورىدىن قاچقان، ئىككىنچى بىر خىتاي غالچىسى دۆلەتتىكى يەنە بىر سوبىيبورغا قامالغان، دۇنيانىڭ نەزىرى چۈشمىگەن بۇ بىر توپ «قاچقۇن» يا تىل، يا ئۇچۇر-ئالاقە، يا ئىقتىساد، يا يېگۈدەك بىر نەرسىلەر يوق شارائىتتا، خىتاينىڭ شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى ئارقا ھويلىسى ھېسابلانغان تايلاند بىلەن مالايشىيانىڭ چېگرا ياقىلىرىدىكى سىم توسۇقلىرىدا قانداق قىلىشۋاتقاندۇ؟ ئۇلار ھازىر نەدە؟

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، شۇنداقلا دۇنيا ئادالىتىنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتكەنلىكىگە ئائىت خەۋەرلەر يوق. دۇنيادا كىچىككەن ئادالەت ھۆكۈم سۈرمەكتە.

ئەلۋەتتە سۈرىيەدىكى دەھشەتلىك بومباردىمانلار، ئۆلۈۋاتقان

بوۋاقلار، دۆۋىلەنگەن جەسەتلەر، بىرمۇنچە رەھىمسىز لۈكچەكلەرنىڭ ھەممىسى ...

بوۋاقلار، دۆۋىلەنگەن جەسەتلەر، بىرمەنىكى روھىگيا مۇسۇلمان ـلىرىغا ئىلىپ بىرىلىۋاتقان بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئالدىدا، 25 ئۇيغۇرنىڭ مالايشىيا بىلەن تايلاند ئوتتۇرىسىدىكى ناتونۇش جۇغراپىيىدە قېچىپ يۈرۈشى ئۇيغۇرلاردىن باشقىلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەيدىغان ئىشلار.

ئامېرىكانىڭ سانفىرانسىسكو ئارىلىغا جايلاشقان ئالكاتىراز تۈرمىسى، بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان تۆمۈر تۈرمىلەرنىڭ بىرى. ئامېرىكا بىخەتەرلىك ئىدارىسى بۇ تۈرمىدىن قېچىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەگەر تۈرمىدىن قاچقان ھالەتتىمۇ، سانفىرانسىسكو ئارىلىدىن دېڭىزدا ئۈزۈپ قۇرۇقلۇققا چىقىپ بولغىچە قاچقۇنلار دېڭىز سۈيىدە ئاللىقاچان بوغۇلۇپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئەمما 1962-يىلى 11-ئىيۇن كېچىسى ئۈچ مەھبۇس ئالكاتىراز تۈرمىسىدىن قاچتى. بۇ ئۈچ مەھبۇسنىڭ قېچىشى ئامېرىكا بىخەتەرلىك ئىدارىسى ئۈچۈن ھازىرغا قەدەر سىر بولۇپ تۇرماقتا. ئۇلار ھەقىقەتەن قېچىپ قۇتۇلدىمۇ؟ ياكى دېڭىز سۈيىدە بوغۇلۇپ ئۆلدىمۇ؟ ئامېرىكا بىخەتەرلىك ئىدارىسى تېخىچە مەسىلىنىڭ پېشىدە.

خىتاي ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك زومىگەر بولغانلىقى بىلەن كىبىرلىنىپ، مېنىڭ ئاسمىنىمدىن قۇشلارمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ، مېنىڭ سايەم ئاستىدىكى تايلاند، مالايشىيا، فىلىپپىن تۈرمىلىرى خۇددى ئامېرىكىنىڭ ئالكادراز تۈرمىسىدىنمۇ بەتتەر قېچىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان تۈرمىلەر دەپ قارايدۇ. ئەمما تايلاند تۈرمىسىدىن قاچقان 25 ئۇيغۇر، ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق سادىر پالۋاننىڭ نەۋرىلىرىگە «مۇمكىن ئەمەس» ئىبارىسىنى ئىشلىتىشنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

دۇنيادا نىيەت ۋە ھەرىكەت دېگەن بىر نەرسە مەۋجۇت. ئەگەر نىيەت ۋە كۈچلۈك ئارزۇ ۋە ئىنتىلىش مەۋجۇت بولىدىكەن، دۇنيادا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ئىش يوق.

25 ئۇيغۇرنىڭ تايلاند تۈرمىسىنىڭ تاملىرىنى تېشىپ، يوتقان كۆرپىلىرىنى قىرلىق سىم توسۇقلارغا يېپىپ، يات بىر دۆلەت تۈرمىسىدىن قېچىشىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى، ئافرىقىدىكى 10 قات تۆمۈر ئىشىكى بار ئافرىقا تۈرمىسىدىن قاچقان يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئەركىنلىك جەڭچىلىرى دۇچ كەلگەن قىيىنلىق ۋە ئالكاتراز تۈرمىسىدىن قاچقان ئۈچ مەھبۇس دۇچ كەلگەن قىيىنلىق بىلەن ئوخشاش ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھېكايىلەرنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە پەقەت بۇ 25 نەپەر قەھرىمان ئەركىنلىككە ئېرىشكەندە، شۇنداقلا سۆزلەش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندە ئاندىن ئىگە بولىمىز.

ئەسلىدە، ئۇيغۇرلار پەقەت تايلاند تۈرمىسىدىن قاچمايۋاتىدۇ. ئۇلار خىتايلار «سوبىبور» تۈرمىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئۆز ئانا ۋەتىنىدىن دۇنياغا قاراپ قېچىۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى.

پاسپورتلىرى تارتىۋېلىنىپ، ۋەتەن ئىچىگە سولىنىپ قالغان ئۇيغۇرلار خۇددى «سوبىبور» تۈرمىسىدىكى «مۇنچىغا چۈشۈش» ھېيلىسى بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىلىش قىسمىتىگە دۇچار بولغان يەھۇدىيلارغا ئوخشايدۇ.

1930 ـ يىللاردىكى ئاتۇش ياۋاغ تۈرمىسىمۇ ئەنە شۇ «سوبىبور»نىڭ تەقلىدى ئىدى.

ئەسلىدە تارىخ تەكرارلانمايدۇ. ئەمما زالىملار تارىختىكى زالىملارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىدىن تەجرىبىلەر ۋە ئۈرنەكلەر ئىزدەيدۇ، بۇگۈنگە كۆچۈرمەكچى بولىدۇ.

# خەيىر خوش ئەنسىرەش، تەشۋىش، قورقۇش ۋە ئۈمىدسىزلىك

## كېپىنەكنىڭ كۈچى

كېپىنەك كىچىك ۋە ئاجىز بىر جانلىق. ئەمما ئۇ جانسىز ئاجىز قاناتلىرى بىلەن توختىماي ئۇچۇپ ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىدۇ. تۇخۇم چىقىرىدۇ، پىلى قۇرۇتى شەكلىگە كىرىدۇ، غۇزىلايدۇ ۋە ياشايدۇ.

ئامېرىكالىق ماتېماتىكا ئالىمى ئېدۋارد نورتون لاۋرېنس (Adward Northon Lawrens)، 1963-يىلى «كېپىنەك تەسىرى» دەپ ئاتىلىدىغان نەزەرىيەنى ھاۋا رايى ئەھۋالىنى مۆلچەرلەش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان. دەسلەپتە ئۇ 0.506127، ئىككىنچى قەدەمدە 0.506 قاتارلىق ئىككى رەقەمنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ سىناق قىلغان. ئەينى چاغدا ئۇ تاللىغان بۇ ئىككى سانلىق رەقەم ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى كىچىك بولۇپ، پەقەت مىڭدەنبىر ئىدى.

ئەمما بۇ كىچىك پەرققە قارىماي، بۇ رەقەملەرنى ھەرىكەتلەندۈرگەن ۋاقىتتا كېلىپ چىققان نەتىجىدە ناھايىتى چوڭ پەرقلەر مەۋجۇت بولغان.

كېيىن لاۋرېنس بۇ ئەھۋالغا «كاۋس نەزەرىيەسى» دېگەن نامنى بەرگەن. كېيىنچە بۇ نامنى «كېپىنەكنىڭ تەسىرى ياكى كۈچى» دېگەن نامغا ئۆزگەرتكەن. لاۋرېنس بۇ نەزەرىيەسىدە

ھاۋادىكى بىر كېپىنەكنىڭ قانات قېقىشىنىڭ، مەلۇم بىر جايدىكى بىر ئىشنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولۇشى ۋە ياكى مەلۇم بىر ئىشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا توسالغۇ بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

گەرچە بۇ تەتقىقات ئەمەلىيەتتىن ئۆتمىگەن بىر نەزەرىيە بولسىمۇ، ئەمما بۇ نەزەرىيە بىزگە كىچىك ئىشلار بىلەن چوڭ ئىشلار، ئاجىزلار بىلەن كۈچلۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى توغرا تەڭشەپ، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۈمىدسىزلەنمەي، ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغان ھالدا ياشىشىمىزغا ئىلھام بېرىدىغان بىر نەزەرىيە. ئېدۋارت نورتون كىچىكلىكتىن باشلىنىپ، چوڭىيىشقا قاراپ ماڭغان بىر قانچە ياغاچ تاختايلارنى رەتلىك تىزىپ، ئەڭ ئالدىدىكى ئەڭ كىچىك تاختاينى ئىتتىرىۋەتكەندە، بۇ تاختايلار ئارقىسىدىكى تاختايلارغا سوقۇلۇپ، نەتىجىدە ئەڭ ئاخىرىغا تىزىلغان ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ كۈچلۈك تاختاينىڭمۇ ئۆرۈلىشىگە سەۋەب بولغان.

كېپىنەك نەزەرىيەسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنى، كىچىك ئىشلاردىن باشلانغان ھەرىكەتلەر زەنجىرىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى مۇمكىنچىلىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، كىچىك-كىچىك كۈچلەر ئۆزئارا بىرلەشكەندە، چوڭ كۈچلەرنى ھالاك قىلغىلى بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئەلۋەتتە تاغدەك يوغان تاش بىلەن دېڭىز ساھىلىدىكى ئالىقانغا ئېلىپ ئوينىغىلى بولىدىغان كىچىك تاش ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا زور پەرق بار. تاغدەك يوغان قورام تاشنى ھېچكىم دۈشمىنىنىڭ بېشىغا ئاتالمايدۇ، ئەمما ئۇششاق تاش بىلەن دۈشمەننىڭ بېشىنى يېرىۋەتكىلى بولىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ «كىچىك ئىشلارنى ياخشى قىلغاندا چوڭ

ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ» دەيدىغان بىر سۆزى بار. يەھۇدىيلار يەنە، بىر نەرسىگە سەۋر-تاقەت قىلالماسلىق، ئاقىۋەتتە ئىبخىمۇ ئۇزۇن سەۋر-تاقەت قىلىشقا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ، دەيدۇ. چۈشكۈنلۈك، سەۋر-تاقەت قىلالماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى. تولۇپ تاشقان جاسارەت ۋە ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنچى بار مىللەتلەرلا «كىپىنەك كۆچى» نەزەرىيەسىنى ئۆزىگە تەتبىقلاپ، كىچىك-كىچىك كۆچلەردىن تەشكىللەنگەن چاتما كۈچلەر زەنجىرى يارىتالايدۇ ۋە بۇنى دۈشمىنىگە قارشى ئىشلىتەلەيدۇ. يۇقىرىدا مەن تىلغا ئالغان دېڭىز ساھىلىدىكى ئۇششاق تاشلار بىلەن تاغدەك قورام تاشنىڭ سېلىشتۇرمىسى، بىزگە ھەممە كۈچنىڭ ھەممە يەردە ئىشلىنىۋەرمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يۇقىرىدىكى نەزەرىيەلەر قۇرئاندا ھەر بىر ئىشنىڭ بىر ھېكمىتى بارلىقى بىلەن شەرھلىنىدۇ. شۇنداقلا، ھەرقانداق زۇلۇمغا نىسبەتەن سەۋر بىلەن ئاقىلانە پىكىر يۈرگۈزۈشنى تەكىتلەيدۇ.

دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان داڭلىق مۇكاپاتلار ساھىبى، ئەڭ ئالقىشلانغان پىسخىك يازار دەيۋىد پ. سكلوس (Schlos David P.) مۇنداق دەيدۇ: «قورقۇش ۋە ئەنسىرەش ئارزۇ-ئارمانلارنىڭ قاتىلى. ئىنسانلاردا بار بولغان بارلىق قورقۇشلار كېيىن بارلىققا كەلگەن. ئىنسانلار ئەسلىدە بىر تەبىقىغە (خەلققە) ئىتائەت قىلىشتەك قورقۇش ئىچىدە تۇغۇلمايدۇ. بۇ ھالەت بىز تۇغۇلغاندىن كېيىن پەيدا بولغان سەلبىي ھالەتتۇر. بىز مەغلۇپ بولۇش ئەندىشىسى ئىچىدە، مەلۇم بىر ئىشنىڭ ئىچىگە كىرىپ قېلىشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرىمىز. ئەمما ئەڭ توغرا بولغىنى، بۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا ئەگەر مەن مەغلۇپ بولسام، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا بېشىمغا قانداق ئىش كېلەر؟ ئەڭ قورقۇنچلۇقى نېمىدۇر؟ دېگەننى ئويلىشىمىز كېرەك» .

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «غەلبە ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن راھەتلىك رايونىڭىزنىڭ سىرتىغا چىقىڭ. ئەگەر سىز ھاياتىڭىز بويىچە،راھەت ھېس قىلغان ئىشلىرىڭىز بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتسىڭىز ئانچە مۇكەممەللىشەلمەيسىز. ھاياتتا ئىلگىرىلەش ۋە مۇكەممەللىشىشنى خالىسىڭىز، سىزنى راھەتلىك رايوندىن چىقىشقا زورلايدىغان، چەك-چېگرادىن ئازراق بولسىمۇ ھالقىشىڭىزغا سەۋەب بولىدىغان ئەھۋاللارغا يۈزلىنىڭ. سىزنى ئازراق بولسىمۇ راھەتسىز قىلىدىغان ۋە زورلايدىغان يوللارنى تاللاڭ. قورقۇشنى ئۆلتۈرىدىغان ئىككى مۇھىم نەرسە بىلىش ۋە ھەرىكەتكە ئۆتۈش. بىلىم قورقۇشقا قارشى ھازىرلىقتۇر. ئۆزىڭىزگە قارىتا دورۇس بولۇڭ. قورقۇشلىرىڭىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوبۇل قىلىڭ. ئاندىن ھەرىكەتكە ئۆتۈڭ. ھەممە كىشىنىڭ قورقۇنچى باردۇر. ئەمما بەزى كىشىلەرنىڭ پەرقلىق بولۇشى نەدىن كېلىدۇ؟ دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. بۇ خىل پەرقلىق كىشىلەر ئالدى بىلەن ئۆزىدە قورقۇش ۋە ۋەھىمىنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەربىيەلەيدۇ ۋە مەقسەت-نىشانلىرىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. يەنە بىر تۈركۈم ئىنسانلار بۇنداق قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. جاسارەت دېگەن نەرسە دەل مۇشۇ. جەسۇر بولۇش دېگەنلىك، بىر ئىنساننىڭ ھېچقانداق قورقۇنچى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىز قورقىدىغان نەرسىلەرگە قارىتا ئىسيان قىلغان ۋاقتىڭىزدا، سىزدە قورقۇش غايىب بولغان بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ بىر كېچىدە ۋۇجۇدقا چىقىدىغان نەتىجە ئەمەس. ئەمما شۇنى ھەرگىز ئۇنتۇماڭكى، ھەقىقەتەن بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئارزۇ قىلسىڭىز ۋە ئۇنىڭ يوللىرىنى قىلسىڭىز، ئۇ ئىشقا چوقۇم ئېرىشەلەيسىز. قورقۇشلىرىڭىزنىڭ ئېرىشمەكچى بولغانلىرىڭىزغا زىيان يەتكۈزۈشىگە ھەرگىز رۇخسەت قىلماڭ».

ئۇنداقتا نۆۋەتتە ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار نېمىدىن بەكرەك قورقىدۇ؟ بۇ قورقۇش-ۋەھىمە ئۇيغۇرلارنىڭ پىسخىك ساغلاملىقىغا قانداق يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ؟

ۋەتەندىكى چاغلىرىمدا مەلۇم سورۇنلاردا ئولتۇرۇپ قالسام، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «ئەجەبا بۇ سورۇندا بىلىپ-بىلمەي ھۆكۈمەت ياقتۇرمايدىغان بىرەر گەپ ئېغىزىمدىن چىقىپ كەتكەنمىدۇ؟» دېگەن بىئاراملىق ئىچىدە قېنىپ ئۇخلىيالمايتتىم. سەھەردە ئويغانسام ئىچىمدە بىر خىل ئاچچىق، تەشۋىش ۋە راھەتسىزلىك ئىچىدە ئويغىناتتىم. مەنلا ئەمەس، خىتاي جەمئىيىتىدىكى مەيلى كادىر بولسۇن، مەيلى ئادەتتىكى پۇقرا بولسۇن، ھەممىسى ئوخشىمىغان ۋەھىمە، قورقۇش ۋە ئەنسىرەش ئىچىدە ياشايتتى. چەتئەلگە چىققاندىن كېيىنمۇ بۇ ۋەھىمىدىن قۇتۇلالمىدۇق. بىرەر خىتايغا قارشى تەشكىلاتنىڭ رەئىسى بىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ قويسا ۋە ياكى قاچان كەلدىڭىز، خىتايدا ۋەزىيەت قانداق؟ دەپ سوراپ قويسا، «نېمە ئۈچۈن مەندىن بۇنداق سوئاللارنى سورايدىغاندۇ؟» دېگەن ۋەھىمە، ئەندىشە ۋە قورقۇش ئىچىدە بىئارام بولۇپ ياشىدۇق. ئەگەر بېشىنى سۈس لىگىشتىپ سوغۇق مۇئامىلە قىلسا، بۇنىڭدىن ئۆزىمىز بىلە ئۆزىمىز نۇرغۇنلىغان يېڭى مەنىلەرنى چىقىرىپ، بىئارام بولدۇق، بۇ بىئاراملىقىمىزغا ۋەتەندىكى ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىمىز بىلەن تېلېفوندا ئوچۇق-يورۇق سۆزلىشەلمەسلىكىمىز، ۋەتەنگە بېرىش ئۈچۈن ۋاقتىدا ۋىزا ئالالماسلىقىمىز، ئۆلۈم-يېتىم، ئاغرىق-سىلاقلاردا ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىزنىڭ يېنىدا بولالماسلىقىمىز قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئامىللار قوشۇلغاندا، بىز ئەركىن دۆلەتلەردىكى ئەركىنلىكنىڭ پەيزىنى سۈرۈش

ئەمەس، بەلكى ئوخشاشلا ۋەھىمە ئىچىدە قالدۇق. بۇ ۋەھىمە كىمنىڭ ۋەھىمىسى؟ كىم كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ۋەھىمە؟ بۇ ئەلۋەتتە غايەت زور كۈچ بولغان خىتاينىڭ ۋەھىمىسى، دۇنياغا قول سوزۇۋاتقان ناھايىتى دەھشەتلىك بىر يالماۋۇزنىڭ ۋەھىمىسى ئىدى. ئەگەر بۇنداق ۋەھىمە ۋە قورقۇش ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشقان ھالەتتە بىر شەخسنىڭ ۋە بىر مىللەتنىڭ پسىخىكىسىدا ناھايىتى زور بۇزۇلۇش ۋە خوراش كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خىل پسىخىك بۇزۇلۇش ۋە خوراش چۈشكۈنلۈككە سەۋەب بولىدۇ. بۇ خىل چۈشكۈنلۈك، دۈشمىنىمىز ھەققىدە چوڭقۇر بىلىم ئىگىلەش ۋە ھەرىكەتكە ئۆتۈشىمىزگە توسالغۇ بولىدىغان بولۇپ، نۆۋەتتە ئەۋج ئېلىۋاتقان «ۋاي خىتاي كۈچلۈك بولۇپ كەتتى! بىز نېمە قىلالايتتۇق؟» دېگەن ۋاز كېچىش ۋە بەل قويۇۋېتىش پسىخىكىسى ئەنە شۇنداق چۈشكۈنلۈكنىڭ بىخ سۈرۈشىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئۆز دۈشمىنىنىڭ كۈچىگە باش ئېگىش، بۇ ھەقتە ھەرىكەتكە ئۆتەلمەسلىك ۋە ھەرىكەتكە ئۆتكەنلەرنى ئەخمەقلەر دەپ قاراش، بىر مىللەتنىڭ روھى جەھەتتىكى زەئىپلىشىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى بىردىنبىر چارە، ئىچىمىزدىكى قورقۇش ۋە ۋەھىمىنى چىقىرىپ تاشلاش ۋە پسىخولوگ دەيۋىد سىكلوس ئېيتقاندەك ئىچىمىزدىكى سۈنئىي راھەتلىك تۇيغۇسى بېرىدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان زىخمۇ كۆيمەيدىغان رايوننىڭ چېگراسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئازراق كاۋاپ ۋە زىق كۆيىدىغان يوللارغا مېڭىشنى سىناپ باقايلى، يەنى ھەرىكەتكە ئۆتەيلى. ھەرىكەتكە ئۆتۈش سىزنى ۋە مېنى ئۈمىدكە باشلايدىغان، بىر نۇرغا باشلايدىغان يول.

بىر تال مىخ بىر تاقىنى، بىر تاقا بىر ئاتنى، بىر ئات بىر قوماندانىنى، بىر قوماندان بىر ئارمىيەنى، بىر ئارمىيە بىر

دۆلەتنى قۇتۇلدۇرىدۇ. ھېچ بولمىغاندا بىر تال مىخ، بىر تال تاقا بولايلى. بۇ ئەنسىرەش، ۋەھىمە ۋە قورقۇنچلاردىن قۇتۇلۇشىمىزدىكى بىر ئىزدىنىش ۋە چارە بولۇپ قالسۇن.

ھېنرى تەندى (Henri Tendi)، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىنگلىز ھەربىي قىسمىنىڭ بىر ئەسكىرى ئىدى. ئۇ جەڭ مەيدانىدا ئوق تېگىپ يارىلانغان ئىنتايىن بىچارە ھالەتتىكى بىر گېرمان ئەسكىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ھېنرى مىلتىقىنى بۇ ئەسكەرگە تەڭلىدى. ئەمما ئۇنىڭ چارىسىز بىچارە ھالەتتىكى بۇ ئەسكەرنى ئۆلتۈرگۈسى كەلمىدى ۋە ئۆلتۈرمىدى. ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان بۇ كىشى گېرمانىيەنىڭ لىدىرى بولغان ۋە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئادولف گىتلېر (Adolf Gitler) ئىدى. ھېنرى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان گىتلېر، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا 60 مىليوندىن 80 مىليونغا يېقىن كىشىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولدى.

ئەگەر ھېنرى، ئادولف گىتلېرنى جەڭ مەيدانىدا ئېتىۋەتكەن بولسا، بەلكىم 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى بولمىغان ۋە 80 مىليون ئادەم ئۆلمىگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئامېرىكانىڭ سابىق پرېزىدېنتى جون ف. كېنىدى (John Fitzgerald Kennedy) 1963 ـ يىلى 22 ـ نويابىر كۈنى داللاستا يۈز بەرگەن بىر سۇيىقەستتە ھاياتىدىن ئايرىلدى. كېنىدى سوغۇق ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىپ، ئۇرۇشقا ئاجرىتىلغان مالىيە خام چوتىنى، سامان يولى سىستېمىسى ۋە تاشقى پلانېتا ئىشلىرىغا ئىشلىتىشنى پىلان قىلغان ئىدى. ئەگەر كېنىدى سۇيىقەستكە ئۇچرىمىغان بولسا ئىدى، ئامېرىكا ۋە دۇنيا تارىخى پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن ئىدى. كېنىدىنىڭ قۇربان بولۇشىغا سەۋەب كۆرسەتكەن ئامىللارنىڭ بىرى، ئۇ 20 ياش ۋاقتىدا يۈزبەرگەن

بىر ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. سۈيقەست يۈز بېرىشتىن 23 يىل ئىلگىرى كېنىدى چېنىقتۇرۇش قايرىۋالغان ئىدى. ئۇ بەل ئاغرىقى سەۋەبىدىن ئۇزۇن يىللارغىچە بىلگە بەللىك تاقاشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان. ئۇ بىلگە بەللىك تاقىغان چاغلىرىدا تىك ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولغانلىقى ئۈچۈن ئېگىلەلمەي قالاتتى.

كېنىدى سۈيقەستكە ئۇچرىغان كۈنىمۇ بىلگە بەللىك تاقىغان ئىدى. كېنىدىنى قارىغا ئالغان سۈيقەستچى 1-پاي ئوقنى كېنىدىگە تەگكۈزەلمىگەن. بۇ پۇرسەتتىن ئەگەر ئۈنۈملۈك پايدىلىنالىسا ئىدى، كېنىدى ئېگىلىپ بېشىنى تۆۋەن قىلىۋېلىش ئارقىلىق تامامەن بۇ سۈيقەستتىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيتتى. ئەمما ئۇنىڭ بىلگە تاقىۋالغان بەللىكى سەۋەبىدىن، ئۇ دەرھال بېشىنى ئېگىپ يوشۇرۇنالماي قالدى، نەتىجىدە بۇ پۇرسەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان سۈيقەستچى 2-پاي ئوق بىلەن كېنىدىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى.

ئەگەر كېنىدى قارىغىش تەگكۈر ئۇ كۈندە چېنىقمىغان بولسا ئىدى، زەخىملەنمىگەن بولاتتى. ئەگەر زەخىملەنمىگەن بولسا بەللىك تاقىمىغان بولاتتى. ئەگەر بەللىك تاقىمىغان بولسا، ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئېگىلىپ بېشىنى تۆۋەن قىلىش ئارقىلىق ھاياتىنى ساقلاپ قالغان بولاتتى. دېمەك، كىچىككىنە كۆچى ياكى تەسىرى نەزەرىيەسى كىچىك ئىش ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ زەنجىرسىمان بىرلىشىشى ئارقىلىق ناھايىتى زور تەسىرلەرنى، پاجىئەلەرنى، ئۈمىد ۋە ئىشەنچلەرنى پەيدا قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر.

بۇنداق مىساللارنى ئۇيغۇر تارىخىدىنمۇ كۆپلەپ كەلتۈرەلەيمىز.

1877-يىلى زو زوڭتاڭ ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلىپ داۋان-

چىڭدىن ئۆتكەندە، لوندون يەنە بىر قېتىم قەشقەرىيەنى چاررۇسىيە، بىرىتانىيە ۋە مەنچىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىتەرەپ سوپىتىدە ساقلاپ قېلىش تەكلىپىنى بەردى. لېكىن بۇمۇ رەت قىلىندى. ئەگەر ئەنگلىيەنىڭ بۇ تەكلىپىگە چاررۇسىيە ئىجابىي پوزىتسىيە تۇتقان بولسا ئىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەشقەرىيە دۆلىتى ساقلىنىپ قالغان بولاتتى. بىز بۇگۈن 1933 ـ يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ 84 ۋە 1944 ـ يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 73 يىللىقىنى خاتىرىلەپ ئولتۇرمىغان، بەلكى مۇستەقىل قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ ئەركىن ۋە بەختلىك پۇقرالىرى بولغان بولاتتۇق.

ئۇيغۇرلارنىڭ سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان دىنىي مەزھەپلەرنىڭ تەپرىقچىلىقلىرى بىلەن شەكىللەنگەن ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلار كۈرىشى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ موڭغۇل ئىستىبلاسىدىن كېيىن شەكىللەنگەن كەڭ كۆلەملىك ئېتنىك جەھەتتىكى ئارىلىششلار نەتىجىسىدە پەيدا بولغان مىللىي پىسخىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە قوشۇلۇپ، بۇ رايوندىكى ئۇيغۇر ئېتنىك تەركىبىنىڭ مىللىي خاراكتېرىگە سەلبىي تەسىرلەر ئېلىپ كەلدى. ياقۇپ بەگ 1 ـ ھۆجۇمدىلا رەقىبلىرىگە قاتتىق زەربە بەرگەن بولسا، ئۇيغۇر سىياسىي تارىخى تامامەن باشقىچە يېزىلغان بولار ئىدى. «ئەگەر ياقۇپبەگ قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالالىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلار ئۆز دۆلىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 140 يىللىقىنى تەنتەنە قىلغان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، شۇنداقلا دۇنيا سىياسەتلىرىدە مۇھىم روللارنى ئوينىغان بولاتتى» دەپ يازىدۇ تارىخ پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى نەبىجان تۇرسۇن «چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى قىسمەتلەر» ناملىق ماقالىسىدە.

قەشقەرىيەنىڭ يىقىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىكى ئەڭ چوڭ پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويۇشى ئىدى. ئەگەر ئۇيغۇرلار بۇ پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويمىغان بولسا ئىدى، بۈگۈنكى كۈندىكى ئۇيغۇرلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چەكتىن ئاشقان بۇنداق ئېغىر زۇلۇمىغا دۇچار بولمىغان بولاتتى.

يالتا يىغىنىدىن كېيىن، يەنى 1945-يىلى 8-ئايدا ئىستالىن بىلەن جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم تۈزۈلدى. نەتىجىدە 1944-يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىمۇ ئۇرۇش توختىتىپ، ئەخمەتجان قاتارلىقلارنى جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشكە ئەۋەتتى. بۇ ئىشلار يالتا يىغىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

گومىنداڭنى شىددەت بىلەن سۈر-توقاي قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار، تۇيۇقسىز ئىستالىندىن ئۇرۇش توختىتىش بۇيرۇقى تاپشۇرۇۋالدى. جەڭگىۋار ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ماناس دەرياسى بويىدا يېتىپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇمۇ يالتا يىغىنىنىڭ قارارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەگەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەسكەرلىرى ماناس دەرياسى بويىدا توختاپ قالمىغان بولسا ئىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرى يەنە باشقىچە پىچىلغان بولار ئىدى.

يەنە بىر قېتىم ئەگەر شەرقىي تۈركىستان ئەينى چاغدا ئىستالىنغا تەقسىم قىلىنغان بولسا، خۇددى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مىللەتلىرىدەك ئۇيغۇرلارمۇ ئاللىقاچان مۇستەقىل بولۇپ بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئۆز مۇستەقىللىقىنى تەنتەنە قىلغان ۋە ھازىرقىدەك ئېغىر زۇلۇملارغا دۇچار بولمىغان بولار ئىدى.

دېمەك، بەلكى ھاياتىمىزدا ئالغان كىچىك بىر قارارىمۇ خۇددى قار توپىنى يۇمىلىتىش ئارقىلىق چوڭايتقانغا ئوخشاش،

چوڭ ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. كېيىنەك تەسىرى نەزەرىيەسى مۆلچەرلىگۈسىز بىر تەسىردىن ئىنسانلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ كەلمەكتە. شۇڭا ھەرقانداق تاللاش ۋە قارارلىرىمىزنى كىچىك كۆرمەسلىكىمىز لازىم. بەلكى بىزنىڭ ئالغان ئەڭ كىچىك بىر قارارىمىزمۇ ئەتراپىمىزدىكى ئىنسانلارغا ۋە دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئالغان قەدەم ۋە قارارلىرىڭىزنى كىچىك چاغلىماڭ، بەلكى بۇ كىچىك قارارلار دۇنيانى ئۆزگەرتىپ قىلىشى مۇمكىن. كىچىك-كىچىك مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ مەسىلىلەرنىڭ بىرلىشىپ غايەت زور مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىمۇ ئوخشاشلا بۇ جۈملىدىندۇر. كىچىك-كىچىك قەدەملەر، كىچىك-كىچىك ھەرىكەتلەر بىرلىشىپ ناھايىتى چوڭ قۇدرەتلىك كۈچكە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

شۇنداقلا 2017-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن خىتاي، ئۇيغۇرلارغا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەزىل سىياسەتلەرنى قوللىنىشقا باشلىدى. خىتاينىڭ بۇ رەزىللىكى قارا قويۇق بولدى، ساھە ۋە دەرىجە ئايرىپ ئولتۇرمىدى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارى، كادىر-زىيالىي، دىنى زات، ئوقۇغۇچى، تىجارەتچى، ئالىم-پىروفېسسوردىن تارتىپ دېھقان ۋە قول ھۈنەرۋەنگە قەدەر قارا قولىنى ئۇزاتتى. خىتاي تۈرمىلىرى بىگۇناھ كىشىلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. خىتاي خۇددى گىتلېرنىڭ جازا لاگېرلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان «تەربىيەلەش لاگېرى» نامىدىكى نۇرغۇن لاگېرلارنى قۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئۈستىدىكى ۋەھىمىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئىز-دېرەكسىز غايىب بولغانلار، شۇنداقلا قارانچۇقى يوق يېتىم باللار ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە. ئەگەر خىتاي بۇنداق بىر رەزىل سىياسەتنى قوللانمىغان بولسا، بىز قانداق بىر رېئاللىق بىلەن

يۈزلەشكەن بولار ئىدۇق؟

چەتئەللەردىكى ئەڭ يۇقىرى قاتلام ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئوتتۇرا قاتلام ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، دىنى ساھە، سىياسىي ساھە، شۇنداقلا باشقا ساھەلەردە ئۇيغۇرلار ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئىچكى زىددىيەتلەر بىلەن ئۆزئارا ئاخىرى چىقمايدىغان مەنىسىز تالاش-تارتىشلار ئىچىدە بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، خۇددى قۇياش نۇرى شۇنداقلا كۆتۈرۈلۈشى بىلەن ئاستا-ئاستا ئېرىپ كېتىدىغان توڭ مۇزلاردەك ئېرىپ، تۆكەپ كېتىۋاتاتتۇق ۋە ياكى بوران-چاپقۇنلار سەۋەبىدىن دېڭىز يۈزىدە بىردە ئۇ يەرگە لەيلەپ، بىردە بۇ يەرگە لەيلەپ يۈرىدىغان مەنىسىز سامان-چاتقال قالدۇقلىرىدەك ئۇششاق گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ كېتىۋاتاتتۇق.

بۇلار تۆۋەندىكىدەك روھى ئاجىزلىقلار ئىدى. سىياسىيغا ئارىلىشىدىغانلار-ئارىلاشمايدىغانلار (گەرچە ھەر بىر ئۇيغۇر خىتاي نەزىرىدە بىر سىياسىي ئوبيېكت بولسىمۇ)، ئىنقىلابچىلار ۋە مۆتىدىللەر، ۋەتەنگە قوغۇنلۇقنىڭ يولىدەك بېرىپ كېلىدىغانلار ۋە بارالمايدىغانلار (بۇ ئىچكى قورساق كۆپۈكنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى پىلتا ئىدى.)، نامايىشقا چىقىدىغانلار ۋە چىقمايدىغانلار، ئۇيغۇرلار بار يەرلەرگە كېلىدىغانلار ۋە كەلمەيدىغانلار، ناماز ئوقۇيدىغان ۋە ئوقۇمايدىغانلار، ياغلىق چىگىدىغان ۋە چىگمەيدىغانلار، نىقابلىنىدىغان ۋە نىقابلانمايدىغانلار، خىتاي بەك كۈچلىنىپ كەتتى شۇڭا نەغمە-ناۋا، ئويۇن-كۈلكىدىن باشقىسى بىكار دەپ قارايدىغانلار، ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋەتەنىدە بەلگىلىك ھوقۇقى بارلار، مېنىڭ بېشىمغا ھېچ ئىش كەلمىگەندىن كېيىن سەن بىلەن نېمە كارىم دەيدىغانلار.

نۇر بەكرىدەك خىتايغا سادىق بىر غالچىنىڭ بارلىق ئەمەللىرىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۈرۈمچىلىك بىلەن ئەيىبلىنىپ، تەكشۈرۈلۈشى، ئۇيغۇر ئاكادېمىكلىرى، ھوقۇقدارلىرىنىڭمۇ ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولۇپ ئائىلىسىدىكى كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك بەتناملار بىلەن تۈرمىلەرگە تاشلىنىشى، ئىز-دېرەكسىز غايىب بولۇشى، تەربىيەلەش مەركەزلىرى ۋە تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىغا ئېلىپ كېتىلىشى ئۇيغۇرلارغا: «سەن كىم بولۇشىڭدىن قەتئىينەزەر زالىمنىڭ زۇلۇمى ئالدىدا ھەممە ئۇيغۇر باراۋەر، خەلق بىلەن بولغان ئۆلۈم بەجايىكى توي» دېگەن قانۇنىيەتنى ئەسلەتتى. ئۇيغۇرلار تارىختا خىتاي بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قانۇنىيەتنى نۇرغۇنلىغان ئاچچىق تەجربە-ساۋاقلار ئارقىلىق يەكۈنلىگەن بولسىمۇ، ئەمما پات-پات ئۇنتۇپ قالاتتى، ئەستىن چىقىرىپ قوياتتى-دە، خىتايدىن يەنە قانداقتۇر بىر نەرسىلەرنى تەمە قىلىدىغان، ئۈمىد كۈتىدىغان، چوڭ بىلىدىغان ئەھۋالنى قايتا تەكرارلايتتى.

ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ رەزىل سىياسەتنى قوللانمىغان، ئۇيغۇر ئانا تىلىمىزنى پۈتۈنلەي ئىشلىتىلىشتىن قالدۇرمىغان، مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «ئۇيغۇر» بولسىلا دۈشمەن دەپ قارىمىغان بولسا، بىز يەنە بىخۇدلۇق ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ، يەنىلا خىتايدىن بىرنەرسىلەر تەمە قىلىپ ياشىغان بولاتتۇق. ھەممىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ زۇلۇم بىزنى ئويغاتتى. زۇلۇم ئالدىدا ھەممىمىزنى ئېگىز-پەس ئەمەس، باراۋەر قىلىپ قويدى. خۇلاسىلىگەندە، ئەگەر خىتاي بۇ زۇلۇمنى بىرقانچە بالداق يۇقىرىلاتمىغان بولسا، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار باشقا ئۇششاق-چۈشەك زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ،

بۈگۈنكىدەك ئىنتىپاقلاشمىغان، ئىدىيە بىرلىكىگە كەلمىگەن بولاتتى.

ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە توسالغۇ بولىدىغان تۇزاقلار

«مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەر قانداق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى؟» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى جون ماكسۋەل (Jon Makswell) مەغلۇپ بولۇشنىڭ 11 تۈرلۈك تۇزىقىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ چىققان.

1. خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قېلىشتىن قورقۇش تۇزىقى. بۇنداق چاغدا يوقىتىش بىزنى ئەسىر قىلىۋالىدۇ.

2. ھارغىنلىق تۇزىقى. ۋاي بۈگۈن بەك ھېرىپ كەتتىم ئەتە قىلاي. بۇنداق روھى ھالەتتە بولغان ۋاقتىمىزدا، يوقىتىش بىزنى ھارغۇزۇپ قويىدۇ.

3. سېلىشتۇرۇش تۇزىقى. باشقىلار ماڭا قارىغاندا بۇ ئىشنى قىلىشقا مۇۋاپىقمىكىن دەپ قاراش. بۇ خىل ئەھۋال بىزنى روھى ھالەت جەھەتتىن تۆۋەن كۆرۈلۈشكە باشلاپ بارىدۇ.

4. ۋاقىت تۇزىقى. ھازىر ۋاقتى ئەمەس دەپ قاراش. بۇنداق چاغدا يوقىتىش بىزنى ئىككىلىنىش ۋە خىجىل بولۇشقا باشلاپ بارىدۇ.

5. مەنىۋى تۇزاق. بۇنداق چاغلاردا بىز بۇ ئىشنى ھازىر قىلىشنى خالىمايمەن دەپ قارايمىز. ئۇ چاغدا يوقىتىش بىزنى ھەرىكەتسىز ھالەتكە ئەكېلىپ قويىدۇ.

6. باھانە تۇزىقى. بەلكىم بۇ ئىش بەكمۇ مۇھىم ئەمەس بولۇشى مۇمكىن. بۇ چاغدا بىز مەسىلىلەرنى ئالدىن كۆرەلىكىمىزنى يوقىتىمىز.

7. مۇكەممەل بولۇش تۇزىقى. بۇ ئىشنى قىلىشنىڭ ئەڭ مۇكەممەل يولىنى تاپقاندىن كېيىن ئاندىن باشلايمەن دەپ قاراش. بۇ بىزنى ئۆز-ئۆزىمىزنى سوراق قىلىشقا باشلاپ بارىدۇ.

8. شېرىن ئارزۇ-ئۈمىد تۇزىقى. مەن بۇنى بەك ئوڭاي دەپ ئويلىغانتىم، ئەمما ئانچە ئوڭاي ئەمەسكەن دەپ قاراش. بۇ بىزنى زور قىيىنچىلىقلارغا باشلاپ بارىدۇ.

9. تەرەپسىزلىك ياكى دىلىغۇللۇق تۇزىقى. بىز بۇ ئىشنى قىلىدىغان كىشى مەن ئەمەس بولۇشۇم كېرەك ئىدى دەپ ئويلايمىز. بۇنداق چاغدا يوقتىش بىزنىڭ ئۆزىمىزدىن «نېمىشقا مەن؟» دېگەن سوئالنى سورىشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ.

10. جامائەتنىڭ نازارىتى تۇزىقى. بىز ئەگەر مەغلۇپ بولسام ياكى بۇ ئىشنى قىلالماي قالسام ئەتراپىمدىكىلەر نېمە دەر؟ دېگەن ئەندىشىگە چۈشۈپ قالىمىز. بۇ چاغدا يوقتىش بىزنى پالەچ قىلىپ قويىدۇ.

11. ئۆز-ئۆزىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلىش تۇزىقى. بۇنداق چاغدا ئەگەر مەن بۇ ئىشنى قىلالماي قالسام، بۇ مەغلۇپ بولغانلىقىمنى بىلدۈرىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش. بۇ بىزنىڭ ئۆز-ئۆزىمىزگە بولغان كۆزىتىشىمىزگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىدىكى بۇ 11 تۈرلۈك تۇزاق يوقتىشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللاردىن ئىبارەت. شۇنداقلا يۇقىرىدىكىلەر بىلىش بىلەن قىلىش ئوتتۇرىسىدا بوشلۇق ھاسىل قىلغۇچى نەرسىلەردۇر. ئەگەر بىز نەتىجە قازانماقچى بولساق بۇ بوشلۇقتا كۆۋرۈك سېلىشىمىز لازىم.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا نېمىنى ئۆگىنىسىز؟ مەغلۇپ بولغاندا ياكى يوقاتقاندىچۇ؟ كىشىلەر ئارزۇ-ئارمانلىرى ھەققىدە

سۆزلەشنى بەك ياخشى كۆرسىمۇ، ئەمما يېتەرسىزلىكلىرى ھەققىدە سۆزلەشكە تەييار ئەمەس. نۇرغۇن كىشىلەر خاتالىرى ۋە مەغلۇبىيىتى ھەققىدە سۆزلەشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. خاتالىرى ۋە مەغلۇبىيەتلىرى ھەققىدە سۆزلەشتىن خىجىل بولىدۇ.

يازغۇچى ۋە ناتىق لەس بىروۋن (Les Brown) كۆڭۈللۈك چاغلارنى يانچۇقىمىزغا سالىمىز، كۆڭۈلسىز چاغلارنى قەلبىمىزگە، دەيدۇ. بۇنى ھەممىمىز ھاياتىمىز بويىچە ھېس قىلىدۇق. ھەممىمىزنىڭ قەلبىدە ھازىر قانچە كىلولىغان كۆڭۈلسىزلىكلەر يىلتىز تارتىپ يېتىپتۇ. كۆڭۈلسىز ئىشلار بىزگە كۆڭۈللۈك ئىشلارغا قارىغاندا بەكرەك تەسىر قىلىدۇ. قايغۇرۇش، قورقۇش ئىنسانلارنى ئاجىزلىتىدىغان ھېسسىياتلاردىن ئىبارەت. يوقىتىشمۇ بۇنىڭ ئىچىدە.

**قار توپى ئەمەس، قار توپىنى يۇمىلاتقۇچى بولايلى**

نورۇز ئېشى، بىر ئادەمنىڭ داش قازانغا بىر نەرسە تاشلىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەممە ئادەمنىڭ ھەر نەرسە تاشلىشى بىلەن نورۇز ئېشى بولىدۇ. ھەممىمىز بىرلىكتە نورۇز ئېشىنىڭ داش قازىنىغا بىر نەرسە تاشلاشتەك ھەرىكەتكە ئۆتكەن ۋاقتىمىزدا، ئاندىن بىز ئەندىشە، تەشۋىش ۋە قورقۇش بىلەن خوشلىشالايمىز. ئىچىمىزدىكى خىتاي كۈچلىنىپ كەتتى دەيدىغان قورقۇنچنى يېڭەلەيمىز.

ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىلىش ۋە ھەرىكەتكە ئۆتۈشنىڭ پەيتى ئاللىقاچان كەلدى. شۇڭا مەن بۈگۈن ئىنتايىن مەردانە قىياپەتتە «خەيرى خوش ئەندىشە، تەشۋىش ۋە قورقۇش. مەرھابا ئۈمىد!» دېمەكچىمەن.

2018-يىلى 13-ئاپرېل

## دۇنيا كۆرۈپ قويدۇق ئادالىتىڭنى

2018-يىلىنىڭ يېڭى يىل كېچىسى، چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خۇشاللىق كېچىسى ئەمەس، بەلكى ماتەم كېچىسى بولدى.

چۈنكى دۇنيا ئاللىقاچان ئىنتېرنېت ئۈچۈر دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى بىلەن، جۇغراپىيە جەھەتتىن ئىنتايىن يېقىن بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما دۇنيا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بارغانچە ئۇزاق، مېھىرسىز ۋە سوغۇق تۇيۇلماقتا ئىدى.

چۈنكى چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەندىكى ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە دوست-يارەنلىرى بىلەن ئاللىقاچان تېلېفون ۋە باشقا ئۈچۈر-ئالاقە ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق كۆرۈشۈشى مەنئى قىلىنغان ئىدى. ئەمما دۇنيا ئادالىتى بۇنىڭغا سۈكۈتتە. چۈنكى سۈكۈتنىڭ ئاستىغا نۇرغۇنلىغان مەنپەئەتلەر كۆمۈلگەن.

يېڭى يىل كېچىسى ۋاتسئاپتىكى بىر دوستۇمدىن تۈركچە ئېيتىلغان «نيۇيورك» دېگەن ناخشىنى يېڭى يىللىق سوۋغات سۈپىتىدە تاپشۇرۇۋالدىم. دوستۇم يېڭى يىللىق تىلىكىدە، «نيۇيوركتا ھەممە نەرسە بار، ئەمما ئىستانبۇل يوق» دېگەن يەرنى، «نيۇيوركتا ھەممە نەرسە بار، ئەمما ئۈرۈمچى يوق» دەپ تەقلىد قىلىپ ئاڭلىشىمنى ئۈتۈنگەن ئىدى. مەن دوستۇمنىڭ تەۋسىيەسى بويىچە تەقلىد قىلىپ،

بۇ مۇڭلۇق ناخشىنى ئاڭلاپ چىقتىم. ئەمما بۇ ناخشا يەنىلا مېنىڭ قەلبىمدىكى دۇنيالارغا پاتقۇسىز ئاچچىق ئەلەمنى يېنىكلىتەلمىدى.

تېخى 2016-يىلىلا، يەنى بىر يىل بۇرۇنلا بۈگۈنكىگە قارىغاندا خېلىلا بەختلىك ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئۇ چاغدا ئۈندىدار دېگەن بىر نەرسە بار ئىدى.

ئەتىگەندە كۆزۈمنى ئېچىپ ئويغىنىپ بىرىنچى بولۇپ قىلىدىغان ئىشىم، ئاشۇ مەشھۇر ئۈندىدارنى تەكشۈرۈش بولاتتى. ۋەتەندىكى دوستلىرىم، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمدىن نۇرغۇنلىغان ئۇچۇرلارنى تاپشۇرۇۋالاتتىم. ھەر ھالدا ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى، ياخشى تىلەكلىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق ئۆزۈمنى بەك بەختلىك دېيەلمىسەممۇ، ئەمما ئەمدى ئويلىسام بەكمۇ بەختسىز ئەمەسكەنمەن.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئەتراپىمدىكى نۇرغۇنلىغان دوستلىرىم ۋەتەنگە بېرىپ-كېلىپ، ۋەتەندىن ھەدىيەلەر، سالام-سائەتلەر ۋە قىزىزىق پاراڭلار ئېلىپ كېلەتتى. ۋەتەندىكى يېڭى ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتىم. ۋەتەندىن كەلگەن ئۈنئالغۇ ۋە سىنئالغۇ لېنتىلىرى، شۇنداقلا رەسىملەرنى، بۇ رەسىملەر ئىچىدىكى تونۇش-بىلىشلەرنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالاتتى. ۋەتەنگە بارىدىغان دوستلىرىم يەنە مېنىڭ ۋەتەندىكى دوستلىرىمغا ئەۋەتكەن سوۋغا-سالاملىرىمنىمۇ ئالغاچ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ سوۋغا-سالاملىرىنى ماڭا ئالغاچ كېلەتتى. بۇ يىل ئۇنداق ئىشلار يوق. ماڭىلا ئەمەس، بەلكى چەتئەلدىكى ھەممە ئۇيغۇرغا يوق. زالىملارنىڭ بىر ۋەھىمىسى بار، ئۇيغۇرلارغا بۇنىمۇ ئارتۇق كۆرگىنىگە قارىغاندا.

2018-يىلىنىڭ كىرىش كېچىسى دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەر

ئىنتايىن خۇشال، پەقەت ئۇيغۇردىن باشقا. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدىن ھېچقاندا پەرقى بولمىغان خىتايدىكى تەربىيەلەش لاگېرلىرىدا. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۆلۈم ياكى غايىب بولۇش. لاگېرنىڭ سىرتىدا قالغانلىرى مەجبۇرى تېڭىلغان خىتاي قوشماق تۇغقانلىرى بىلەن لەڭمەن سوزۇۋاتىدۇ، كاۋا توغراۋاتىدۇ ۋە ياكى تۈگۈر تۈگۈۋاتىدۇ. ئەمما دۇنيا ئادالىتى بۇنىڭغا سۈكۈتتە. چۈنكى سۈكۈتنىڭ ئاستىغا مەنپەئەتلەر كۆمۈلگەن.

مەن ھاياتىمدىكى ئەڭ كۆڭۈلسىز بولغان بۇ يېڭى يىل كېچىسىدە، بۇندىن بىر يىل ئاۋۋالقى ئۈندىدارىمنى تەكشۈرۈپ باقتىم. بىر قانچە تونۇشتىكى ھەممە دوستلىرىم چىقىپ كېتىپتۇ. يالغۇز مەنلا قاپتىمەن. ئۈندىدارمىش، ۋاي سېنىڭ ئىسمىلىرىڭدىن ئۆرگىلەي دېدىم مەن ئۆز-ئۆزۈمگە پىچىرلاپ.

دىققىتىم دۇنيا ئادالىتى ئۈچۈن كانايلىرى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراۋاتقانلارغا مەركەزلەشتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئادالەت تارازىسىدا ئۇيغۇرلار يوق ئىدى.

داۋۇستا، پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئادالىتى ئۈچۈن ياقا يىرتىپ «One minut, one minut» دەپ ۋىرقىرغانلارنىڭ، ئۇيغۇرنىڭ ئادالىتىگە كەلگەندە سۈكۈت قىلغانلىقىنى كۆردۈق.

ئاللاھنىڭ ئالدىدا سەجدىگە ئېگىلگەندىن باشقا ھېچقانداق بىر زالىم كۈچنىڭ ئالدىدا ئېگىلمەيمىز، دېگەنلەرنى كۆردۇق.

بىرلىرىنىڭ خوشاللىق ئۈچۈن قىرىنداشلىق ھوقۇقىمىزنىڭ زىندىلىنىشىگە ھەرگىز رۇخسەت قىلمايمىز، دېگەنلەرنى كۆردۇق.

كانايلىرى يىرتىلغۇچە دۇنياغا ۋارقىراپ: «سۆيۈملۈك

پەيغەمبىرىمىز بىزگە نېمە دەيدۇ؟ مۇسۇلمان، مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان ـ مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلماس، مۇسۇلمان ـ مۇسۇلماننىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتتە ئۇنى تەرك ئەتمەس، ئۇنى زالىملارنىڭ زۇلۇمىغا تاشلاپ بەرمەس، مۇسۇلمان دىن قېرىندىشىغا ياردەم قىلغان مۇددەتچە ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ» دېگەنلەرنى كۆردۇق.

سۈرىيەدىن ئىراققا، لىۋىيەدىن مىسىرغا، يەمەندىن سىپرۇستا قەدەر مۇسۇلمانلىق دۇنياسىنىڭ ئادالىتى ئۈچۈن نۇتۇقلار سۆزلىگەنلەرنى كۆردۇق.

ھەق ـ ناھەق مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلغان تىلسىز شەيتاندۇر، دەپ چوڭ گەپ قىلغانلارنى كۆردۇق.

بىر تامچە نېفىتنى بىر تامچە قاندىن بەكرەك ئەۋزەل كۆرگەن بىچارىلەر، بايلىق مەنبەلىرىمىزنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۈچۈن بىزنى بىر ـ بىرىمىزگە دۈشمەن قىلىپ قويۇۋاتىدۇ، دېگەنلەرنىمۇ كۆردۇق.

ھەر پىرئەۋنگە قارشى بىر مۇسانىڭ ھامان چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلەرنىڭ ئادالىتىنى كۆردۇق.

قان ھىدى ئالغان لەھەگدىنمۇ بەكرەك خەتەرلىك بولغىنى، نېفىت ھىدى ئالغان ئىمپېرىئالىزمدۇر، دېگەنلەرنىمۇ كۆردۇق.

كېلەچەك ئافرىقا قىتئەسىنىڭ بولغۇسى، مەزلۇمنىڭ ئاھى ھەرگىز يەردە قالمايدۇ، دېگەنلەرنىمۇ كۆردۇق.

مۇسۇلمان دۇنياسىدا، تۈرۈكلۈك دۇنياسىدا گۈلدۈر ـ قاراس ئالقىشلار چېلىنىپ، يۇقىرىدىكى نۇتۇقلارنى سۆزلىگەن كىشىگە «ھەق ـ ئادالەتنىڭ پىشۋاسى»، «21 ـ ئەسىرنىڭ خەلىپىسى»، «ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ داۋامى»، «ئەگەر ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزدىن

كېيىن يەنە بىر پەيغەمبەر كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن بولسا، ئۇ پەيغەمبەر مۇشۇ كىشى بولغان بولاتتى» دەۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى، ئۇيغۇر جەسەتلىرى بىلەن تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن، ئاستىدىن قان تامچىپ تۇرغان، زۇلۇم ئاستىدا ئىڭراۋاتقان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈستىنى دەسسەپ تۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا بولۇۋاتقان ئادالەتسىزلىكلەرنى كۆرمەسكە سېلىپ تۇرۇپ، ساختا ئادالەت غوۋغاسى قىلماقتا.

ئاللاھ ھەممىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر.

مەن يۇقىرىدىكى «ئادالەت جارچىلىرى»نىڭ خىتايدىن ئىبارەت دۇنيادىكى ئەڭ زور زالىمنى چەتتە قالدۇرۇپ، يەھۇدىي ۋە ئامېرىكا زالىملىرىغا قارىتا ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى ئۆزگە قايتۇرۇپ بەرمەكچىمەن. ھەمدە تۈركچە پېتى، تەرجىمە قىلماستىن.

«ئالما مەزلۇم ئاھىنى، چىكار ئاھەستە-ئاھەستە».

دېمەككى، ئۇيغۇرنىڭ ئاللاھتىن باشقا ھېچ يۆلەنچۈكى، قاياشى يوق.

2009-يىلىدىكى ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ھەققىدە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دېگەن كەلىمىنى ئىشلىتىپ قويغان دۆلەتتى بار قېرىنداشلىرىمىزنىڭ چۆنتىكىگە، خىتايدىن دوللارنىڭ قانداق ئاققانلىقىنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ يەنە مۇسۇلمانلىق ھەققىدە جار سالغان كالپۇكلىرىنىڭ، مۇسۇلمانلىق ئەڭ ئەشەددىي دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنىۋاتقان، روزا تۇتۇش، ياغلىق ئارتىش، مۇسۇلمانچە ئىسىم قويۇش چەكلەنگەن، قۇرئان كەرىم ۋە جايىنامازلار يىغىۋېلىنىۋاتقان،

خىتايدەك بۇ زالىمنىڭ ئالدىدا قانداق سۆزلىيەلمەس ھالغا كەلگەنلىكىنى كۆردۇق.

مۇسۇلمان ۋە تۈرۈك دۆلەتلىرىدە ئىشلىرىمىزنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تار رامكا ئىچىگە كىرىپ قالغانلىقىنى كۆردۇق.

ئاھ... ساختا ئادالەتپەرۋەرلەر، ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئاللاھنىڭ ئالدىغا قانداقمۇ چىقارسىلەر؟ «بىر يول بىر بەلباغ» دەيدىغان خىتاي شىرىن چۈشىگە يەنىمۇ شىرىنلىك قاتماقچى بولغان، بۇ يول بېسىپ ئۆتىدىغان جايلاردىكى ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ، ھەم تۈركىي قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئادالىتىنى كۆردۇق. مەيلى خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادى كارىدورى بولسۇن، مەيلى قورغاس-قازاقىستان قۇرۇقلۇق بازىسى بولسۇن، خىتاينىڭ دۇنياغا تۇتىشىدىغان بۇ كاتتا يىپەك يولى تۈرىدىكى ھەر بىر تاشيول، تۆمۈر يول، كۆۋرۈك ۋە بازىلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرنىڭ قېنى بىلەن چىلىشىپ تۇرماقتا. دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مەن داڭلىق خىتاي يازغۇچىسى لۇشۈن ئەپەندىنىڭ «قانغا چىلانغان جىڭموما» ناملىق ھېكايىسىنى ئەسلەتمەكچىمەن. مەيلى قەشقەردىن باشلىنىپ، پاكىستاننىڭ گىۋادار پورتى ئارقىلىق ھىندى ئوكيان، ئاق دېڭىز، قارا دېڭىز بىلەن ياۋروپاغا تۇتىشىدىغان يول بولسۇن، ۋە ياكى غۇلجا قورغاستىن باشلىنىپ قازاقىستان، ئەزەربەيجان، ئەرمېنىيە، بۇلغارىيە، تۈركىيە ئارقىلىق ياۋروپاغا تۇتىشىدىغان يول بولسۇن، ئوخشاشلا لۇشۈن ئەپەندىنىڭ ھېكايىسىدىكىدەك «قانغا چىلانغان جىڭموما»دىن ئىبارەت. يەنى، ئۇيغۇرنىڭ قېنىغا چىلانغان جىڭموما.

شۇڭا بۇ يولدا خىتاي بىلەن بىر ئورۇندا يېتىپ، شىرىن چۈشلەرنى كۆرۈۋاتقان تۈركىي قېرىنداشلىرىمغا «بىر

كونى ئۇيغۇرنىڭ ئاھى سىلەرنى تۇتۇپ قالمىسۇن» دەپ ئەسكەرتمەكچىمەن .

ئەي 2017 ـ يىلى سەندە يەنە نېمىلەرنى كۆردۇق؟

يېقىندا يازغان سوبىبوردىن قېچىش ۋە ئۇيغۇرلار ناملىق ماقالەمدە، ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭ ئەڭ ئېغىر ئۆلۈم لاگېرلىرىنىڭ بىرى بولغان سوبىبور تۈرمىسى ھەققىدە توختالغان ۋە خىتاي زۇلمى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاننى ئەنە شۇ سوبىبورغا ئوخشاتقان ئىدىم. سوبىبوردىن قېچىش ناملىق فىلىمدە، بۇ تۈرمىدىكى يەھۇدىيلار سوبىبوردىن قېچىشنىڭ قانچىلىك تەسلىكىنى بىلىسىمۇ، ئەمما يەنىلا قېچىشنى پىلانلايدۇ. دەل قېچىش كۈنى يېتىپ كېلىپ ھەممە كىشى قېچىشقا باشلىغاندا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر قاچماي جىم تۇرۇۋالىدۇ. ئەمما ناتسىستلار ئەڭ ئاۋۋال قاچمىغان بۇ يەھۇدىيلارنى ئېتىپ تاشلايدۇ. مەن ئارىمىزدىكى زالىمدىن يەنىلا ئۈمىد كۈتىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنى كۆردۈم.

تۆگە قۇشى ئۇيغۇرلارنى كۆردۈم. تۆگە قۇشى قۇمنىڭ ئاستىغا بېشىنى تىقىۋېلىپ، سىرتتا بولغان ئەھۋاللارنى كۆرمەسكە سېلىپ ياشايدۇ.

ئىنسان قىممىتىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئالىي دەرىجىلىك دىپلوملارنى قوچاقلاپ يېتىش بىلەن ئەمەس، بەلكى مىللىتى ئۈچۈن بەدەل تۆلەش، ھەق ـ ناھەق مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلىش ئەمەس، بەلكى چۇقان سېلىش ئىكەنلىكىنى كۆردۇق.

يەنە نۇرغۇنلىغان «داستىخان چىۋىنلىرى» ئۇيغۇرلارنى كۆردۇق. ئۇلار بۇ داستىخان يىغىلسا غايىپ بولۇپ ئۆزگىرىدە يەنە بىر داستىخانغا ئۇچۇپ باراتتى. ئۇلاردا ۋەتەن ـ مىللەتنىڭ تەقدىرى

ھەققىــدە ئويلىنىــش دېگەننــى كــۆرۈش ناھايىتــى قىيىــن.

مەن بىر ماقالە ئوقۇغان ئىدىم. ئۇ ماقالىدە تارىختا تۈركلەر تاجــاۋۇز قىلىــپ ياۋروپانىــڭ بوسۇغىســىغا كېلىــپ قالغانــدا، ياۋروپالىقلارنىڭ «پەرىشتە ئەركەكمۇ ياكى چىشىمۇ؟» دېگەن مۇنازىرىنى قىلىپ يۈرگەنلىكى يېزىلغان ئىدى. بىر قىسىم ئۇيغۇر دىنچى موللاملىرىمۇ، ئۇيغۇر مىللىتى ھايات-مامات كۈرىشى قىلىۋاتقان مۇشۇنداق ئېغىر بىر ۋەزىيەتتە، يېڭى يىل ھارام، نورۇز ھارام دېگەندەك گەپ-سۆزلەرنى تارقىتىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ ساۋابلىق ئىش قىلىش يوللىرىنى «قارا چۈمبەل» ئىچىدىن ئىزدەشكە يېتەكلەۋاتىدۇ. مۇستافا كامال، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشتىن ئاۋۋال مىللەت ۋە دۆلەت ئالدىدا پۈتلىكاشاڭ بولۇپ يۈرگەن دەل مۇشۇنداق «ئەخلەت» موللاملارنى تازىلىغان ئىدى.

ۋەتەندە «ئۇلۇغ جۈمەرىڭىز مۇبارەك بولسۇن!» دېگەن بىر ئېغىز گەپ ئۈچۈن 5 يىل كېسىلىۋاتىدۇ. چەتئەلدە «يېڭى يىلىڭىز مۇبارەك بولسۇن!» دېگەن بىر ئېغىز گەپ ئۈچۈن ئۆز دىنى قېرىندىشىنى «كاپىرلىق» بىلەن جازالىماقچى بولۇۋاتىدۇ. ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا زالىملىق جۈملىسىدىندۇر.

ۋاي تــوۋا!!! بۈگــۈن ئىزمىر، ئەنقەرە، ئاستانەلەرنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئېغىزلىرى قۇلاقلىرىغا يېتىپ كېتىپتۇ، قەدىمى يىپەك يولى قايتىدىن ئېچىلىدىغان بولدى دەپ. ئەمما قەدىمى يىپەك يولىنىڭ ھەقدار ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلار نەدە؟ ھالى نېچۇك؟ دەپ سورايدىغان ئادەم يوق.

ئۇيغۇر خەلقىدە تۈركلەردىكى «ئالما مەزلۇم ئاھىنى، چىكار ئاھەستە-ئاھەستە» دېگەن ماقال تەمسىلگە ئوخشاپ كېتىدىغان مۇنداق بىر قوشاق بار:

**ئاھ ئۇرامەن، ئاھ ئۇرامەن،**
**ئاھلىرىم ئۆتتىقاي سىنى،**
**كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،**
**بىلىقلىرىم يۇتتىقاي سىنى.**

يەنە نىمىلەرنى كۆردۈم 2017 - يىلىدا؟

ئەڭ قىزىق كۆرگەنلىرىمنىڭ بىرى شۇ بولدىكى، ئادالەت ھەققىدە چوڭ گەپ قىلىپ دۇنياغا جار سېلىۋاتقانلارنى «ساختىكار» دېگەن ۋاقتىمدا، كۆپلىگەن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىم ماڭا قارشى چىقتى. ئۇلارنىڭ «ئادالەت پەلسەپەسى» مۇنداق ئىكەن:

ئۇيغۇرلار، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئىقتىسادى جەھەتتە گۈللىنىپ مەلۇم سەۋىيەگە يېتىشىلىشى ئۈچۈن، مەشھۇر «بىر يول بىر بەلباغ»دا ئۇزۇن سوزۇلۇپ سۈكۈت قىلىپ يېتىپ بېرىشى، بۇ يولدىن ئۆتىدىغان تۆمۈر يوللار، كۆۋرۈكلەر، قىسقىسى، ئۆتۈشكە تېگىشلىك نىمە بولسا ئۇيغۇرنىڭ ئۈستىدىن دەسسەپ - چەيلەپ ئۆتۈشى كېرەك ئىكەن. قان تەپچىگەن بۇ يولدا، ئۇيغۇرلارنىڭ سۈكۈت ئىچىدە قۇربانلىق بېرىشلىرى كېرەك ئىكەن. ئادالەتنىڭ ئۆچىرتى بارمىش، ئۇيغۇرلار بۇ ئۆچرەت كەلگىچە ساقلىشى ۋە ئۆز قانلىرىنى قېرىنداشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆكۈشى لازىمىش.

مەن يەنە مۇنداق بىر ماقالە ئوقۇغان ئىدىم. ئىستالىن ئۆلۈم جازاسى بەرگەن بىر ياشنىڭ ئۆلۈم مەيدانىغا «ياشىسۇن ئىستالىن!» دەپ شوئار توۋلىغانچە بارغان ئىدى. ئۇيغۇرلار مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇشۇ ياشقا ئوخشاپ قېلىۋاتىمىز.

مەن تۈركىيەدە تۇرغان چاغلىرىمدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاغزىدىن «تۈرك دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا» دېگەن سۆزنى

كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم ۋە ھەيران بولغان ئىدىم. ئىگىلىشىمچە، بۇ سۆز مەرھۇم لىدىرىمىز ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىندىن مىراس قالغان سۆز ئىكەن.

**تۈرك ئېيتۇر، تۈركنىڭ تۈركتىن باشقا دوستى يوق دەپ.**

**ئۇيغۇر ئېيتۇر، ئۇيغۇرنىڭ ئاللاھتىن باشقا يارى يوق.**

ئويلىنىپ قالدىم. تۈرك دۇنياسى ئادالىتىنىڭ ئۆچرىتى، قاچانكى ئۇيغۇرلار «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا» دېگەن ئىدىيە بىرلىكىگە كەلگەن چاغدىلا، ئۇيغۇرغا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇيغۇر تۈركنىڭ قولىدىكى بىر ئويۇنچۇق، خالاس.

ئۇيغۇرلار تۈركىيەدە «ئۇيغۇرنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا» دېيىشنى ئۆگەنمەيدىكەن، ئۇيغۇرلار ھامان يېڭى يىپەك يولىدىكى «قانغا چىلانغان جىگموما»، «قانغا مىلەنگەن تۆمۈر يول» بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

خىتاي پەيلاسوپ كۇڭزى، ئادالەت قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئوخشاش جايىدا مىدىرلىماي تۇرىدۇ، باشقا ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەيدۇ، دەيدۇ. ئەمما 2017-يىلىدا قۇتۇپ يۇلتۇزى بىلەن ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئورنىنىڭ ئالمىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇق.

ئۇنداقتا 2018-يىلى قانداق بولار؟ دۇنيا سىياسىي سەھنىسىنىڭ ۋەزىيىتى تېز ئۆزگىرىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە دەسسىلىپ-چەيلىنەرمۇ؟ ئەگەر ئادالەت ئۇيغۇرلارنىڭ بوسۇغىسىغا كەلمىگەن ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار ئادالەتنى ئۆزلىرى يارىتىشى كېرەك. بۇ تۆگە قۇشى ئۇيغۇرلار، داستىخان چېۋىنلىرى ئۇيغۇرلار، ھالال-ھارامنى مىكروسكوپتىن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئۇيغۇرلار

بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بۇ پەقەت يېڭى، جاسارەتلىك، چۇقان-سۈرەنلىك، ھەق-ناھەق مەسلىسىدە سۈكۈت قىلىشنى جىنايەت دەپ بىلگەن يېڭى روھتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

2018-يىلى 17-ئاپرېل

# بىر قېتىملىق نامايىش تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ

**ئەسلا ئارقىمىزغا يانمايمىز.**

**-موهانداس ماخاتما گەندى**

27-ئاپرېل بېلگىيەنىڭ پايتەختى برۇكسەلدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنياۋى خاراكتېرلىك نامايىشىمىزدىن كېيىن، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ۋە ۋاتسئاپ توپلىرىدا بۇ نامايىشتىن ھېچقانداق نەتىجە ئالالمىغانلىقىمىز، 20-30 يىلدىن بۇيان ئىزچىل نامايىش قىلىۋاتقان بولساقمۇ، ئەمما نەتىجىسىنى كۆرەلمەۋاتقانلىقىمىز، بىر تىجارەتچىنىڭمۇ ئەگەر ھېچقانداق پايدا ئالالمىسا، تىجارەتنى باشقا تەرەپكە قارىتىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنازىرە ۋە غۇلغۇلىلار بولماقتا. شۇ سەۋەبتىن مەن نامايىش ۋە سەبىر-تاقەت، شۇنداقلا ئىزچىللىق ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. مەن بۇ نامايىشنى بۇندىن كېيىن «بۈيۈك يۈرۈش» دەپ ئاتايمەن.

بىز چەتئەلگە چىققاندىن بۇيان نامايىش قىلدۇق، ئەمما بۈيۈك يۈرۈش قىلمىدۇق. ئۇيغۇرلارنىڭ سۈرگۈن تارىخىدا ھازىرغا قەدەر پەقەت ئىككى قېتىملىق يۈرۈشى بولۇپ ئۆتتى. بۇنىڭ بىرى «15 مارت بىر ئاۋاز بىر قەدەم دۇنياۋى خاراكتېرلىك بۈيۈك يۈرۈش»، يەنە بىرى «27-ئاپرېل 5 مىڭ كىشىلىك برۈكسەل يۈرۈشى». بۇ ماھىيەتتە ئۇيغۇر روھىيىتىنىڭ 100% ئويغىنىشى، بىخ سۈرۈشى ۋە دۇنياغا يۈزلىنىشى بولۇپ

ھېسابلىناتتى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇيغۇر روھىيتى ئويغاقلىق بىلەن خامۇشلۇق ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل ھالدا ئىدى. بۇ قېتىم ئۇيغۇر روھىيتى كەسكىن ئويغاندى ۋە تۇنجى قەدەمنى باستى. ئۇيغۇر روھىيتىنى دۇنياۋى سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىشۋاتقىنى زۇلۇم، شۇنداقلا مەۋجۇت بولۇش بىلەن يوق بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تاللاشنىڭ بىرى ئىدى. ئۇيغۇرلار مەۋجۇت بولۇشتىن ئىبارەت بۇ يولنى تاللىدى. ئەمما بۇ تاللاش، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقلىرى، يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دۇنيا ئاچارچىلىقى، شۇنداقلا كۈچ تالىشىش جەڭگى-جېدەللىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان دۇنيا سىياسەتچىلىرىنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى.

مەۋجۇت بولۇش ۋە يوق بولۇش، بىر كۈرەش، بىر ئىنقىلاب. ئىنقىلاب ۋە كۈرەش تىجارەتكە ئوخشىمايدۇ. بەلكىم بۇ كۈرەش، بۇ ئىنقىلاب تەلىيىمىز كېلىپ ئەتە ئاخىرلىشىشى ۋە ياكى 100 يىل، ھەتتا مىڭ يىللاپ داۋام قىلىشى مۇمكىن. ئەڭ مۇھىمى بۇنىڭغا بىزنىڭ ھازىرلىقىمىز ۋە تەييارلىقىمىز بولۇشى كېرەك.

ئەتىگەندە بىر ئىشنى قىلىپ، چۈشتىن كېيىن نەتىجىسىگە قاراش ۋە نەتىجىسى بولمىسا چۈشكۈنلىشىش، ھاياجان ۋە ھېسسىي مىللەتلەرنىڭ ئاجىزلىقى بولۇپ، ئەقىللىق مىللەتلەر سەبىر-تاقەتلىك، چىدامچان، بىر ئىشنى ئۇزۇن مەزگىل ئىزچىل داۋاملاشتۇرالايدىغان بولىدۇ. بەلكىم دۇنيا مۇخبىرلىرى بىزنى ھېسسىي-ھاياجان، بىر يۈرۈشكە چىقىپ قويۇپ بەش يىل ئۇخلاپ ياتىدىغان مىللەتمۇ؟ ياكى سەبىر-تاقەتلىك، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدىغان، قىلغان ئىشلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدىغان مىللەتمۇ دەپ سىناۋاتقان ۋە سۆزگۈچتىن

ئۆتكۈزۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

ئەقىللىق تېلېفونلىرىمىز ۋە ئالما كومپيۇتېرلىرىمىز ھەر ۋاقىت بىزدىن«ئاپ دەيت قىلامسەن؟» دەپ سوراپ تۇرىدۇ. بۇ دېگەنلىك يېڭىلىنىشنى خالامسەن ياكى كونا پېتى تۇرۇۋېرەمسەن؟ دېگەندىن ئىبارەت. بىزمۇ ئاشۇ ئەقىللىق تېلېفون ۋە كومپيۇتېرلارغا ئوخشاش كاللىمىزنى يېڭىلاپ تۇرۇشىمىز، بۇ يىل تىككەن كۆچەتنىڭ كېلەر يىلى مېۋە بەرمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىشىمىز. ئەركىنلىك، ھۆرلۈكتىن ئىبارەت بۇ كۈرەشنىڭ ئېغىر بەدەللەر بىلەن قولغا كېلىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز، ۋايسىماسلىقىمىز، ئۆزۈن بىر كېلەچەكنى پىلان، سەبىر-تاقەت ۋە ئىشەنچنى ئىرادە قىلىپ يولغا چىقىشىمىز كېرەك.

سەبىر-تاقەت ۋە چىدامچانلىق ھەققىدە گەپ بولغاندا، دوستلارغا تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرمەكچىمەن.

قۇچاق يەتكۈسىز يوغان ۋە قاتتىق، كۆككە تاقاشقان دەرەخلەرنى ھەجىم جەھەتتىن كىچىككىنە تۆمۈر تۇمشۇق بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئەمما تۆمۈر تۇمشۇق، تۇمشۇقى بىلەن بۇ قاتتىق دەرەخلەرنى مىسلى كۆرۈلمىگەن سەبىر-تاقەت بىلەن ھەر سېكۇنتتا 16 قېتىم ئۇرۇشتەك چىدامچانلىق بىلەن دەرەخ قاسراقلىرىنى ئويۇپ، دەرەخقە ئۇۋا سېلىش ئىشىنى تاماملايدۇ. بۇ ئۇۋا ماھىيەتتە تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ ۋەتىنى، مۇستەقىللىقى، شۇنداقلا ھەممە نەرسىسى ئىدى.

ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ئىشلەش جەھەتتىمۇ تۆمۈر تۇمشۇق ئىنسانلارغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا ئۈلگە بولالايدۇ.

ھەر يىلى تۆمۈر تۇمشۇقلار جامائىتى تەشكىللىنىپ، تۆمۈر

تۇمشۇقنى ئىشلىتىپ دەرەخ قاسىراقلىرىدىن تۆشۈك ئېچىپ، ھەر بىر تۆشۈككە بىردىن ئامۇتنى قاچىلاش ئىشىنى تەشكىللىك ئېلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە، تۆمۈر تۇمشۇقلار بىر يازدا جەمئى 60 مىڭ ئامۇتنى قىشلىق ئوزۇق ئورنىدا ساقلىۋالىدۇ.

بىزنىڭ دۇنيادىن، قېرىنداشلىرىمىزدىن، شۇنداقلا مۇخبىرلاردىن رەنجىيدىغان ھەققىمىز يوق. خۇددى تۆمۈر تۇمشۇق تۇمشۇقى بىلەن بىرمۇ بىر چوقۇپ، ئۆز ۋەتىنىنى قانداق بەرپا قىلغان بولسا، بىزمۇ تۆمۈر تۇمشۇقتىكى سەبىر-تاقەت ۋە چىدام-غەيرەت بىلەن ئانا ۋەتىنىمىزنى شۇنداق قۇرۇپ چىقىمىز. ئەگەر بىز بۇ بۈيۈك يۈرۈشىمىزنى 10 يىل ئىزچىل داۋاملاشتۇرالايدىغان بولساق ۋە 10 يىل ئۆتكەندە دۇنيا كوچىلىرىغا تۆكۈلگەن 10 مىڭ ئۇيغۇرنى كۆرەلىسەك، ئۇ چاغدا سەھەردە ئويغانغان ۋاقتىمىزدا مۇخبىرلارنىڭ بىزنى ساقلاپ دەرۋازىمىز ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

دۇنيا تارىخىدا ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرگەن مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرالىغان مىللەتلەردۇر.

ھىندىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى، ھىندىلارنىڭ روھانىي لىدىرى، «بۈيۈك روھ» گەندىگە ھىندىستان خەلقى «ماخاتما»، يەنى «بۈيۈك روھ» ئۇنۋانى بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە بۈيۈك روھ ساھىبى گەندىلەرگە ئىنتايىن موھتاج. گەندىنىڭ ھاياتى يالاڭئاياق ھالدا پۈتۈن ھىندىستاننى نامايىش قىلىپ ئايلىنىپ چىققان ھاياتتۇر. 1920-يىللىرى ھىندىستان ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدە بولۇپ، ھىندىستاندا ئىتالىيە ۋە ئەنگلىيەنىڭ يىپەك رەختلىرىدىن كىيىم كىيىش مودا ئىدى. گەندى ھىندى خەلقىگە

مۇستەملىكىچىلەرنىڭ يىپەك رەختلىرىنى بايقۇت قىلىش چاقىرىقى چىقىرىدۇ ۋە بۇنىڭغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزى قولىدا پاختا رەخت توقۇپ كىيىم تىكىپ كىيىپ، 80 گە يېقىن كىشى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر تۇز يۈرۈشىگە ئاتلىنىپ، ھىندى ئوكيانغا يالاڭئاياق سەپەر قىلىدۇ ۋە 44 كۈن پىيادە مېڭىپ، ھىندى ئوكيانغا يېتىپ كېلىدۇ. گەندى ھىندى ئوكيان قىرغاقلىرىغا يېتىپ كېلىپ ئارقىسىغا قارىغان ۋاقتىتا ئۆزىگە ئوخشاش قولدا توقۇلغان ئاق پاختا رەختتىن تىكىلگەن كىيىم كىيگەن ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى كۆرىدۇ. دۇنيادىكى مەشھۇر مۇخبىرلار گەندىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇشقا باشلايدۇ. دېمەككى، بۇ بۈيۈك روھ كۆڭۈللەرنى ئاللىقاچان فەتھ قىلىپ بولغان ئىدى.

گەندى 44 كۈنگە سوزۇلغان بۇ يالاڭئاياق يۈرۈش جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن يېزا قىشلاقلىرىدا، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تۇز بېجىنى قانداق ئۆستۈرگەنلىكى، تۇز سانائىتىنى قانداق كونترول قىلىۋالغانلىقى، ھىندىستاننى قانچىلىك دەرىجىدە شۈمۈرۈپ يەۋاتقانلىقى ھەققىدە نۇتۇقلار سۆزلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۈيۈك بىرىتانىيە ھۆكۈمىتى گەندىنى قولغا ئالىدۇ. بۇ قېتىم 50 مىڭ ئادەم كوچىلارغا تۆكۈلۈپ گەندىنى قويۇپ بېرىش ئۈچۈن نامايىش قىلىدۇ. يەنە بىر قېتىم بۇ بۈيۈك روھ كۆڭۈللەرنى ئاللىقاچان فەتھ قىلىپ بولغان ئىدى. نەتىجىدە گېنېرال سمات گەندى بىلەن كۆرۈشۈشكە مەجبۇر بولىدۇ ۋە ھىندىلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر يۈرۈش بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. گەندى بۇ جەرياندا 390 كىلومېتىر مۇساپىنى يالاڭئاياق پىيادە يۈرىدۇ. ۋەتەن، قۇرۇق گەپنى جىق قىلغانلارنىڭ ئەمەس، بەلكى بۈيۈك روھنى يېتىلدۈرگەنلەرنىڭدۇر. ئۇيغۇرلار قاچانكى تۆمۈر تۇمشۇق ۋە گەندى روھنى ئۆزلىرىدە يېتىلدۈرىدىكەن، ئاشۇ چاغدا دۇنيا

ئادالىتىنىڭ ئىشىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېچىلىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرلاردا ھازىر بىر بەدەن ۋە بۇ بەدەن ساھىب بولغان ئىككى قىممەتلىك نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ ئاۋاز ۋە قەدەم. ئۇيغۇرلار بۇ ئاۋازلارنى قانداق قىلىپ سادالارغا ۋە ھۆررالارغا ئايلاندۇرالايدۇ؟ بۇ قەدەملەرنى قانچىلىك چامدىيالايدۇ؟ بۇ دۇنيا تارازىسى تارتىدىغان مەسىلىلەر.

ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا بىر تال تاش بار بولسا بۇ تاشنى دەرياغا ئېتىش ياكى كۆلگە ئېتىش مەسىلىسىدە ئىنتايىن ياخشى ئويلىنىشى كېرەك. چۈنكى بۇ تاش دەرياغا ئېتىلىپ قالغاندا بىھۇدە ئېتىلغان تاش بولۇپ قالىدۇ. دەريا ئۆزىگە ئېتىلغان بۇ تاشقا پەرۋامۇ قىلماي ئېقىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. ئەگەر بۇ تاش بىر كۆلگە ئېتىلغان تەقدىردە، كۆل تېگى-تېگىدىن قوچۇلۇپ كېتىدۇ ۋە كۆل يۈزىدە قانچىلىغان چەمبىرەكلەر ھاسىل بولىدۇ. تاشنى توغرا يەرگە ئاتايلى، ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى ئىچ-ئىچىدىن قوچۇلۇپ، يېڭى بىر ئۆزگىرىش ھاسىل بولسۇن.

2018-يىلى 8-ماي

## ئاللاھ خار قىلمىغاننى بەندە خار قىلالمايدۇ

### بىر يۈتۈم مۇلاھىزە

خەلقئارا ئىنتىرپولنىڭ باشلىقى مېڭ خوڭۋېي ئۆتكەن ھەپتە يوقاپ كەتتى. ئارىدىن بىرقانچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنى خىتاينىڭ قولغا ئالغانلىقىدىن خەۋەردار بولدۇق. خەلقئارالىق ئەڭ چوڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى خىتاي قولغا ئالالىغۇدەك ۋە بىرقانچە كۈنلەرگىچە ئۇنىڭ ئىز-دېرىكىنى بەرمىگۈدەك دەرىجىدە يوغىناپ كەتتى. مەتبۇئاتلار ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىشىنى دولقۇن ئەيسانىڭ خەلقئارا ئىنتىرپولدىكى تۇتۇش بۇيرۇقىنىڭ بىكار قىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن دېگەن پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.

بىر گەۋدە ئايىغىنىڭ چەمى چۈشۈپ قالغىدەك دەرىجىدە ھېلى ياۋروپا ئىتتىپاقى، ھېلى جەنۋە، ھېلى نيۇيورك ھېلى ئاقسارايغا جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ قاتراۋاتىدۇ. ئۆتۈپ كەتكەن يىللىرىمىزدا بۇ گەۋدىنى خىتاينىڭ تۇتۇپ ئەكىرىپ كېتىش ئۈچۈن قوللىرىنى ئۇزاتقانلىقىغا، گەۋدىنىڭ خىتاينىڭ ئالقىنىغا چۈشۈپ كېتىشكە تاس-تامان قالغانلىقىغا، ب د ت يىغىنىدىن چىقىرىۋېتىلگەنلىكىگە، ئۇنى «تېررورچى» دەپ دۇنيا سەھنىلىرىدە دۇمبالاشقا ھەرىكەت قىلغانلىقىغا شاھىت بولدۇق. شۇنداق، دۈشمىنىمىز بەك كۈچلۈك، دۈشمەن ئالدىدا بۇ گەۋدە بىلەن مېڭ خوڭۋېينى سېلىشتۇرغاندا، بۇ گەۋدە بىر چۈمۈلىنىڭ

قانتىسىدەك. ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ بىزگە دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۈشمەننى بەرگەنلىكىگە ھەمدۇ سانالار ئېيتايلى، چۈنكى كۈنلەر كېلىپ بىز بۇ دۈشمەننى يېڭىپ مۇستەقىل بولغان ۋاقتىمىزدا، باشلىرىمىز مەغرۇرلۇقتىن كۆكلەرگە تاقاشسۇن. بۇ گەۋدە دۇنياغا ھۆركىرەۋاتقان دۈشمەن ئالدىدا مەغرۇر ۋە قەيسەر ئىدى. بۇ گەۋدىگە ئەڭ ئېغىر زەربە ئۆزىمىزدىن كەلدى. تۆھمەتلەر، ھاقارەتلەر... خۇددى بۈركۈت ئۆز پېيىدە ياسالغان ئوق بىلەن ئۇرۇلغاندەك بۇ گەۋدىنىڭ ئۈستىگە يېغىشقا باشلىدى. ئەڭ ئېغىر كەلگەن بىر ئوقنىڭ ئىسمى «خائىن، جاسۇس، كوممۇنىستىنىڭ بالىسى» ناملىق ئوق ئىدى.

ھەق-ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلارنى، ۋەتىنى-خەلقىنى ھۆرلۈككە چىقىرىش يولىدا كۈرەش قىلغانلارنى ئاللاھ خار قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە ئېنىق ئايەتلەر بار. مەسىلەن، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام باشقا بىرسى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قوۋمى-قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن قۇدۇققا تاشلىۋېتىلگەن ئىدى. ئاللاھ ئۇنى خار قىلمىدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى قۇدۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ مىسىرغا ۋالىي قىلدى. يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى بېلىقنىڭ قارنىدىن، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى چىللە-باسقان يارىلاردىن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋن قوشۇنىنىڭ شىددەتلىك قوغلاپ كېلىشىدىن قۇتقۇزۇپ، قىزىل دېڭىزنى ئىككىگە يېرىپ پىرئەۋننى ھالاك قىلغان ئاللاھ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈيۈك دەۋاسى ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى قېقىۋاتقان بۇ گەۋدىنى ئۆزى قوغدايدۇ، ئەلۋەتتە.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارالىق يىغىنلىرىدا خىتاي بىلەن يۈزمۇ-يۈز قارشىلىشىپ تۇرغان ئامېرىكا، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر پەقەت بىر كىشى ئۈچۈن

«تىبررورچى ئەمەس» دەپ ئاقلاشنىڭ بەس-مۇنازىرىسىنى سائەتلەرچە قىلدى. بۇ كىشى ئۇيغۇر دەۋاسى ئۈچۈن خەلقئارا تەشكىلاتلارغا تولا قاتراپ ئايىغىنىڭ چەمى تېشىلىپ كېتەي دەپ قالغان ئاشۇ گەۋدە ئىدى. ئۇنى يەنە ئۇيغۇر تارىخىنىڭ شەرەپلىك بەتلىرىگە يېزىشقا تېگىشلىك بىر پەۋقۇلئاددە ئىش، ئاللاھنىڭ قەدىرلىشى بىلەن كۆتۈۋالدى. ئاقسارىي بۇ گەۋدىنى تۇيۇقسىز چاقىرتىپ، ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە جىددىي سۆھبەتلەر ئېلىپ باردى. بۇ بىر ئىنسانىنى ئاللاھ خار قىلمىسا، بەندىلەرنىڭ خار قىلالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنىڭ يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىنىشى ئىدى.

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسساتۇ ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن ئىدى: كىمكى ئىلىم ئۆگىنىش مەقسىتىدە يولغا چىقسا، بۇ ئاللاھنىڭ ئۇنى جەننەتكە تۇتىشىدىغان يوللارنىڭ بىرىگە باشلىغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر. پەرىشتىلەر ئىلىم ئۆگىنىش ئارزۇسىدا يولغا چىققان كىشىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولغانلىقلىرى ئۈچۈن قاناتلىرىنى كېرىپ، ئۇ كىشىنى قاناتلىرى ئاستىغا ئالىدۇ. كۆكتە ۋە يەر يۈزىدە بولغانلار، ھەتتا دېڭىزدىكى بېلىقلارمۇ ئالىم ئۈچۈن ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ. ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. پەيغەمبەرلەر مىراس قالدۇرمايدۇ. ئەمما ئىلىم مىراس قالدۇرىدۇ. كىمكى ئىلىم ئۆگەنسە، زور بايلىققا ئىگە بولالايدۇ».

ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. بۇ ئاللاھنىڭ كالامى، بەندىنىڭ ئەمەس. ئۇنداقتا پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئالىملاردىن ئۇيغۇرلاردا قانچىسى بار؟ ئامېرىكانىڭ بىر قانچە پاتېنت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، ناسا ئالەم قاتنىشى ئىدارىسىدىن ئالغان مۇكاپاتلىرى ئۆزى ئىشلەۋاتقان يىللار سانىنى قاتلىۋەتكەن،

ھازىرقى زامان تېخنىكىسىنىڭ ئەڭ چوققىسى ھېسابلانغان ناسا تەرپىدىن چىقىدىغان مەخسۇس ژۇرناللاردا يۈزدىن ئارتۇق ماقالىسى ئېلان قىلىنغان، مىللىتى ۋە خەلقىنى، بولۇپمۇ ياشلارنى ئىلىم يولىغا يېتەكلەشتە تىنىم تاپماي ئىزدىنىۋاتقان، مەسلىھەت بېرىۋاتقان، ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدە توختىماي ماقالە ۋە كىتابلار يېزىپ سۇنۇۋاتقان بىر كىشى، مەن ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان ئاللاھ خار قىلمايدىغان يەنە بىر گەۋدە. ئۇيغۇر دەۋاسى مانا مۇشۇنداق پەيغەمبەر ۋارىسلىرىنى قەدىرلەپ ئۆز ئىچىگە ئالمىغان مۇددەتچە ئىلگىرى باسالمايدۇ.

بۇ گەۋدە بىر كۈن 24 سائەت ۋاقتىنى قانداق يەتكۈزىدىغاندۇ؟ ھەممە كىشى ھەيران. 8 سائەت نورمال خىزمەت ئىشلەيدۇ يەنە. شۇنداق، ۋەتەن-مىللەت سۆيگۈسىنى ئېغىزدا، قۇرۇق شوئاردا ئەمەس، بەلكى قەلبىدە-يۈرىكىدە كۆتۈرۈپ يۈرگەن كىشىلەر ۋاقىتلىرىنىڭ مىنۇت-سېكۇنتلىرىنىمۇ بىھۇدە ئۆتكۈزمەيدۇ.

بۇ گەۋدە ۋەتەنىدە بولۇۋاتقان زۇلۇملار، رەھىمسىز جازا لاگېرلىرى ۋە بۇ زۇلۇمدىن قانداق قۇتۇلۇش يوللىرى ھەققىدە تېنەپ-تەمتىرەۋاتقان مۇھاجىرەتتىكى خەلققە يول كۆرسىتىش مەقسىتىدە سىياسىي ساھەدە كۆرۈلۈشكە باشلىۋىدى، ياتتىن ئەمەس ئۆزدىن كەلگەن ئوقلار بىلەن ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. يەنە بىر قېتىم بۈركۈت ئۆز پېيىدە ياسالغان ئوق بىلەن ئۇرۇلغىنىغا ئوخشاش. «خائىن، ئاپتونومىيەچى، مۇستەقىللىق دېمەيدىكەن» دېگەن تۆھمەتلەردىن ياسالغان تاشلارنى ئۇششاق باللار ئالمىغا ئېتىشقا باشلىدى. بەلكىم ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆز ۋەدىسى بويىچە پەرىشتىلەرنىڭ كەڭرى يېيىلغان قاناتلىرى بىلەن، بۇ پەيغەمبەر ۋارىسى مىسالى ئالمىنى قانات ئاستىغا ئالىدىغانلىقىنى بىلمىسە كېرەك.

يېقىندا ئامېرىكانىڭ ۋاشىنگتون شەھىرى بىلەن لوس ئانجېلىس شەھىرى ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكىدەك بىر تېلېفون دىيالوگى بولۇپ ئۆتتى:

ئۇيغۇر يىگىت: ئاكا د س دا بولىدىغان 2 مەيدان لېكسىيەرىڭىز ئۈچۈن ئايروپىلان بېلىتىڭىزنى بۈگۈن ئالماقچىمەن.

ئالىم: ياق، ئۇكام ئۇنداق قىلماڭ، ئۆزۈم ئالىمەن.

ئۇيغۇر يىگىت: ئۇچۇش ۋاقتىڭىز سەل ئۇزۇن، شۇڭا ئادەتتىكى ئورۇندۇق ئەمەس، كارىۋاتلىق ئورۇندۇق زاكاز قىلماقچىمەن.

يۇقىرىدىكى بۇ قىسقا دىيالوگ ئاللاھنىڭ ئالىمنى خار قىلمايدىغانلىقىنىڭ ئاددىي ۋە كىچىككىنە بىر مىسالى.

بىرىنچى گەۋدە ئېتىلغان ئوقلارغا پەرۋاسىز ھالدا دۇنيا سىياسىي سەھنىسىنىڭ دەرۋازىسىنى چېكىش بىلەن ئاۋارە، ئىككىنچى گەۋدە سىياسىي ۋە ئىلمىي لېكسىيە سۆزلەش، مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىش يولى بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ قەلبىنى فەتىھ قىلىش، ئىلىم نۇرى سېلىش، مەسلىھەت بېرىش، پىلان تۈزۈش، يول كۆرسىتىش بىلەن ئاۋارە. بۇنداق گەۋدىلەرگە مىللىتىمىز ۋە مۇقەددەس دەۋايىمىز تولىمۇ ئېھتىياجلىق. بۇنداق گەۋدىلەرنى ئاللاھ خار قىلمىغان مۇددەتچە بەندىلەر كانايلىرىنى كېرىپ ئاۋارە بولمىسۇنكى، خار قىلالمايدۇ.

2018 ـ يىلى 11 ـ ئۆكتەبىر

# دۇمبالىنىش ۋە سۈكۈت

بىرلىشىۋاتىمىز. ئەمما نېمە ئۈچۈن بىرلىشىۋاتىمىز؟ دېگەن سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋاب ئوخشاش ئەمەس. بەزىلەر جازا لاگېرلىرىنى تاقىتىش ئۈچۈن بىرلىشىۋاتىمىز دېسە، بەزىلەر جازا لاگېرلىرى تاقالسا ئىشىمىز تۈگەمدۇ؟ بىز مۇستەقىللىق ئۈچۈن بىرلىشىۋاتىمىز، دەيدۇ.

ئىشقىلىپ باش ئاغرىقى تالاش-تارتىشلار ئىنتايىن كۆپ. بىرلىشىۋاتىمىز، قانداق بىرلىشىۋاتىمىز؟ بىر ئاۋاز، بىر قەدەم بولۇپ بىرلىشىۋاتىمىز. ئەمما بەزىدە قەدەملىرىمىز تەكشى چىقماي مىتكوت كېتىپ قېلىۋاتىدۇ. ئاۋازلىرىمىز، چۇقانلىرىمىز ھەق-ئادالەت ئېنىق ئايرىلىدىغان ئاچىماق دەريانىڭ بويىغا كەلگەندە گۇر-گۇر چىقمايۋاتىدۇ. شان-شۆھرەت، نام-ئاتاق، تۆھپە تالىشىشقا كەلگەندە تىلىماچتەك چۇۋۇلىدىغان بۇ تىلىمىز، «ئۆلگەنگە قەدەر بىر قەدەمدە چامدايمىز، بىر ئاۋازدا سۆزلەيمىز» دېگەن ۋەدىلەر بىلەن قۇرۇلغان بۇ سېپىمىز ئىچىدىكى قېرىندىشىمىزنىڭ كۆكرىكىگە بىر زەربە ئۇرۇلغاندا تۇتۇلۇپ قېلىۋاتىدۇ.

قېرىندىشىمىزنى دۈشمەنلەر «خائىن، جاسۇس» دېگەندەك ئەڭ ئېغىر توقماقلار بىلەن ئۇر توقماق قىلغاندا دېمىمىز ئىچىمىزگە چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئاللاھ بىزگە ناھايىتى يۇقىرى يارىتىش مۆجىزىسى بىلەن بەرگەن بۇ زۇۋانىمىزنى چىقىرالماي سۈكۈت قىلىۋاتىمىز. ئىجتىمائىي تاراتقۇلارغا قارايدىغان بولساق،

«قەدەملىرىمىزنى تەك بېسىپ، ئاۋازلىرىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ بىر ئاۋاز قىلىمىز» دېيىشكەن دوستلىرىمىز دۇمبالانغاندا، تۆھمەتلەرگە ئۇچرىغاندا، بۇنداق نەرسىلەرنى كۆرگۈچىلەرنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولۇۋاتىدۇ. ئەمما پىكىر قاتناشتۇرىدىغانلار، ئىككى ئېغىز ھەق گەپ قىلىدىغانلار يوق.

بىرلىشىۋاتىمىز، ئەمما بىرلىك سەپكە يۈك-تاقلىرىمىز ئىنتايىن ئېغىر ھالەتتە كىرىپ كېلىۋاتىمىز. ۋەتەندە نەدە ئىشلىگەنلىكلىرىمىز، قانداق يۈرگەنلىكلىرىمىز، قانداق سومكىلارنى كۆتۈرۈپ، قانداق ئەتىرلەرنى چاچقانلىقىمىز، باشلىرىمىز بەك ئېگىزدە، كىبىر-ھەسەت، كونا خامانلار ۋە بىر مۇنچە كونا ھېكايىلەر بىلەن كىرىپ كېلىۋاتىمىز.

ئەقىللىق تېلېفونۇمنىڭ مۇنداق ئىككى مۇلازىمىتىنى بەك ياخشى كۆرىمەن. بىرى دېلەيت، يەنى ئەخلەتكە تاشلاش؛ يەنە بىرى ئاپدەيت، يەنى يېڭىلاش مۇلازىمىتى. تېلېفونۇمغا كىرەكسىز نەرسىلەر يىغىلىپ كەتكەندە ئەخلەتكە تاشلىۋەتىمەن دە، تېلېفونۇمنىڭ سۈرئىتى بەك ئىتتىكلەپ كېتىدۇ. ئۆزۈممۇ يېنىكلەپ قالغاندەك بولىمەن. ئەقىللىق تېلېفونۇم پات-پات مەندىن «ئاپدەيت قىلامسەن؟» دەپ سوراپ تۇرىدۇ. تېلېفونۇمنى ئاپدەيت قىلغاندا، يەنى يېڭىلىغاندا خۇددى مەنمۇ بىللە يېڭىلانغاندەك تۇيغۇدا بولىمەن. بىزمۇ ئەقىللىق تېلېفونۇمىزدىن ئۆگىنەيلى، كىرەكسىز يۈكلەرنى تاشلىۋېتەيلى، ئۆزىمىزنى يېڭىلايلى.

بىر يەردە تۇرۇش، ياكى بىر توپنىڭ ئىچىدە بىللە بولۇش بىرلەشكەنلىك بولمايدۇ. بىرلىششىنىڭ يەنە بىر مەنىسى «يۇغۇرۇلۇش»، يەنى خېمىرنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇشى، شۇنداقلا ئەخلەتلەرنى تاشلاش ۋە ئۆز-ئۆزىنى يېڭىلاشنى ئۆز ئىچىگە

ئالدۇ. يېڭىلانماي تۇرۇپ، روھى دۇنيايىمىزدىن بىر پاتمان ئەخلەتلەرنى تاشلىۋەتمەي تۇرۇپ بىر توپىنىڭ ئىچىدە يۈز يىل تۇرساقمۇ بىرلىشەلمەيمىز. ئوخشاش ئاۋازنى چىقىرالىشىمىز مۇمكىن، ئەمما يېنىمىزدىكى سەپدىشىمىز دۇمبالانغاندا، ناھەقچىلىككە ئۇچرىغاندا سۈكۈت قىلىدىغان كىشى بولۇپ قالىمىز. سۈكۈت پەقەت روھى دۇنياسىدا ناھايىتى ئېغىر ئەخلەتلەرنى كۆتۈرۈۋالغان كىشىلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىنى بەزلەيدىغان مۇئەللەقتىكى ۋاقىتلىق پاناھگاھى.

ھەق-ناھەق مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلىش جىنايەت. دوستى ۋە سەپدىشى ناھەقچىلىككە ئۇچرىغاندا سۈكۈت قىلىش خىيانەت. خىيانەت دەرىجە جەھەتتىن جىنايەتتىنمۇ ئېغىر بولۇپ، جىنايەت ۋە خىيانەت بار يەردە بىرلىشىش ئەمەلگە ئاشمىغان بولىدۇ.

ئۇنداقتا بىزنىڭ «بىرلەشتۇق» دېگىنىمىز ماھىيەت جەھەتتىكى بىرلىشىش بولمايۋېتىپتۇ. بىرلىشىشنىڭ ئەلۋەتتە ئىمتىھانى ۋە تارازىسى بار. ھەقىقىي مەنىدىكى بىرلىشىش تۆھپە تالىشىش، مەنمەنچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك، كونا خامان، كونا ھېكايە دېگەنلەرنى تامامەن رەت قىلغان بولىدۇ.

مېنىڭ بىلىشىمچە، ھازىرغا قەدەر «بىر ئاۋاز بىر قەدەم ھەرىكىتى» سېپىدىكى ئىككى-ئۈچ ئايال، نامەرد كىشىلەر تەرىپىدىن قاتتىق دۇمبالاندى. ھاقارەتكە تۆھمەتلەرگە ئۇچرىدى. ئەمما مەن سەزمەي قالدىممۇ بىلمىدىم، بۇنداق دۇمبالاشلارغا قارىتا بىر ئاۋاز بىر قەدەم ھەرىكىتىدىكى خانىملار سۈكۈتكە چۆمدى.

قابىلىيەتسىز بولماق قۇسۇر ئەمەس، ئەمما خاراكتېرسىز بولماق ئىنتايىن چوڭ قۇسۇردۇر، دەيدۇ مەۋلانە. ھەق-

ناھەق مەسىلىلىرى، شۇنداقلا سەپداشلىرىمىزنىڭ بىھۇدە روھى جەھەتتىن خورىشىغا قارىتا مەيدانىمىز ئېنىق بولسۇن. ئۆزىمىزنى يېڭىلايلى. كېرەك بولسا قايتىدىن تۇغۇلايلى، يۈزلىرىمىزدە سۈنئىي كۈلكىلەر ئەمەس، بەلكى يۈرىكىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن قايناپ چىققان مېھىر-مۇھەببەت جىلۋە قىلسۇن. ئاياللارنى ئەڭ گۈزەل كۆرسىتىدىغان نەرسە جاسارەت ۋە ئىسيانكارلىق. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئاياللاردىكى جاسارەت ۋە چۇقانغا كۆپىنچە ھاللاردا «ھازازۇل» ياكى «ئاقساقال» دەپ تەبىر بېرىلىدۇ.

5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىدە كوچىلارغا چىققان ئۇيغۇر ئاياللىرى، ئىپارخان، نۇزۇگۇم ۋە رىزۋانگۈللاردىن كېيىن مەن ئۇچراتقان ئەڭ گۈزەل ئاياللاردۇر.

## ناماز، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىمىز

بىر قانچە ئايلار ئىلگىرى بىر دىندار بەش ۋاق نامازخان، ئاللاھقا سىغىنىپ ئىبتىكاپتا ئولتۇرىدىغان، ئاللاھنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان، ھەتتا ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردە ئىماملىق داۋاسى قىلىپ يۈرگەن بىر كىشىنىڭ، دەرىجىدىن تاشقىرى ئەخلاقسىز سەت گەپلەر بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا تىل-ھاقارەت ياغدۇرۇپ، ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنى نىجاسەت بىلەن بۇلغاپ يۈرگەنلىكىگە شاھىت بولغان ئىدۇق.

ئۆزۈننى قويۇپ مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، يۇقىرى ئاۋازلىق بىر «ھاجى خېنىم»نىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدا خىزمەت قىلىۋاتقان دولقۇن ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىگە تىل-ھاقارەت ياغدۇرغان ئاۋازلىق ئۈچۈرىغا يەنە بىر قېتىم شاھىت بولدۇق.

دىققىتىمنى تارتقان بىر نۇقتا، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسانى «ۋاڭ كاتىپ» دەپ ھاقارەتلىشى ئىدى. ۋەتەندە بولۇۋاتقان كۆتۈرۈپ قويۇقۇسىز زۇلۇملارغا مەركەزلىشىۋاتقان دىققەت ئېتىبارىمىزنىڭ، ئورۇنسىز ئىشلارغا چېچىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئەمما نۇرى تۈركەلنىڭ بىر مۇخبىرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە ئىشلەتكەن گەپ-سۆزلىرىدىن نارازى بولغان بىر كىشىنىڭ، نۇرى تۈركەلنىڭ ئىسمىنى نۇرى

تۆكـرەل، يەنـى تۆكـۈرۈك دېگـەن مەنـىدە ئىشـلىتىپ ھاقـارەت قىلىۋاتقانلىقىـدەك بىـر ئىشـقا شـاھىت بولـدۇم. بۇنىدىـن باشـقا يەنـە نۇرغۇنلىغـان تىل ـ ھاقارەتلەرگـە شـاھىت بولـۇپ تۇرۇپتـۇق.

مـەن بـۇ ماقالىمـدە «مۇسـتەقىللىق تەلـەپ قىلىمىـز دېـدى ـ دېمىــدى» دېگــەن مۇنازىرەلەرگــە كىرمەيمــەن. يېتەركــى، بىــز ئــاۋۋال مۇســتەقىللىقكە لايىــق بىــر سىياسەت ۋە سـەۋىيەنى يېتىلدۈرەيلـى. قۇرئـان كەرىمـدە ئاللاھنىـڭ كۆپلىگـەن قوۋملارنـى ھـالاك قىلىۋەتكەنلىكـى ھەققـىدە قىسسـىلەر بـار. ئاللاھ ئۇلارنـى نېمـە ئۈچـۈن ھـالاك قىلـدى؟ سىياسەت ۋە سـەۋىيە جەھەتتـە ئادىمىيلىــك سەۋىيەســىگە يەتمىگەنلىكــى، بىــر قــوۋم بولــۇپ ياشـاش سىياسەت ۋە سەۋىيەسـىگە يەتمىگەنلىكـى ئۈچـۈن ھـالاك قىلـدى. قۇرئانـدا ئىسـمى زىكىـر قىلىنغـان ئادىمىيلىك سىياسەت ۋە سەۋىيەسـىگە يەتمىگەنلىكـى ئۈچـۈن ھـالاك قىلىنغـان قوۋملاردىـن ئــاد قوۋمــى، ئىــرەم، ســەبە خەلقــى، ســەمۇد قوۋمــى، ســودوم ۋە گومـور قوۋمـى قاتارلىـق نۇرغۇنلىغـان قوۋمـلار بـار. ئۇنداقتـا ئاللاھ بۇنـداق بىـر ھـالاك قىلىشـنى ھازىرقـى دەۋردىمـۇ ئەمەلگـە ئاشـۇرارمۇ؟ ئەلۋەتتــە. بىــز ئۇيغــۇرلار ھــالاك بولــۇش گىردابىــدا تۇرۇۋاتقـان بىـر مىللەتمىـز. چۈنكـى بىـز ئاللاھ تەلـەپ قىلىۋاتقـان ئادىمىيلىــك سىياسىتى ۋە سەۋىيەسـى جەھەتتـە ئىنتايىـن خـاراب بىـر ھالەتتـە تۇرۇۋاتقـان مىللەتمىـز. ئەھۋالىمىـز، ھالىمىـز، سىياسەت ۋە سـەۋىيەيىمىز ئىجتىمائىـي تاراتقـۇلاردا خـۇددى قەلەندەرنىـڭ كۈلاھىۇ ـ جەندىسـىدەك مانـا مـەن دەپ تۆكۈلـۈپ تۇرۇپتـۇ.

يــەر يۈزىــدە ھەق ـ ئادالەتنــى قوغــداپ قېلىــش، شــۇنداقلا ئىسلام دىنىنىـڭ بىـر ئەخـلاق دىنـى ئىكەنلىكىدىـن ئىبـارەت بـۇ ھەقىقەتنـى تېخىمـۇ كـەڭ تارقىتىـش مەقسـىتىدە تۈنجـى قەلـەم تەۋرەتكـەن ئىدرىـس پەيغەمبىرىمىزنىـڭ ھۆرمىتـى ۋە قەلـەم

سۈرىسىنىڭ 1 ـ ۋە 2 ـ ئايەتلىرىدە ئاللاھنىڭ «ئەي مۇھەممەد، قەلەم بىلەن قەسەمكى» دېگەن خىتابلىرىنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ئۈچۈن، قەلەم ئارقىلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئەخلاقسىزلىق قىلىپ ئادەم تىللاۋاتقانلارغا ئىسلام دىنىنىڭ بىر ئەخلاق دىنى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ قويۇش مەقسىتىدە قەلەم تەۋرەتتۇق.

ئەسلىدە ئىجتىمائىي تاراتقۇلار مەزلۇملارنىڭ تاراتقۇسى ئىدى. بۇ تاراتقۇلارنى ۋەتەنىدە يۈز بېرىۋاتقان زۇلۇملاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن بولساق، ھەرقانداق كۈچلۈك بىر ھاكىمىيەت مەبلەغ سېلىپ قۇرۇپ چىققان تاراتقۇلاردىنمۇ بەكرەك ئۈنۈملۈك ئېرىشكەن بولاتتۇق. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بىز بۇ تاراتقۇلارنى ئادەم تىللايدىغان، ۋەتەن ـ مىللەت داۋاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنى ھاقارەتلەيدىغان، كەمسىتىدىغان بىر تاراتقۇغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىمىز. توغرىسى، مەلۇم كىشىلەر شۇنداق قىلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ سەپتە ئورۇن ئالغانلارنىڭ بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدىغان، ھەتتا ئىسلام دىنى تەربىيەسى ئېلىپ بېرىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بولۇشى ئىدى. بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئەپسۇسلىنارلىقى، ئىنسانىيەتنىڭ، ھەممە كىشى ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئىلمىي ھالدا چىرايلىق ئوتتۇرىغا قويىدىغان بىر دەۋرگە كىرگىنىگە قارىماي، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەم ھاقارەتلەشتەك قالاق ھالىتىدە قالغانلىقى.

ئۇنداقتا قۇرئاندىن ئىبارەت بۇ مۇستەھكەم بىنانىڭ ئىچىدە ئەخلاق قانچىلىك قەۋەتتىن ئورۇن ئالىدۇ؟ ئىسلام ئالىملىرى بۇ سوئالغا «ئەخلاق بۇ بىنانى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان تۈۋرۈك، قۇرئان كەرىم دېمەك بىر ئەخلاق كىتابى دېگەنلىكتۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

قەلەم سۈرىسى 4-ئايەتتە ئاللاھ نېمە ئۈچۈن مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزنى پەيغەمبەرلىككە تاللىغانلىقى ھەققىدە توختۇلۇپ، «شۈبھىسىزكى، سەن ئىنتايىن ئۈستۈن ئەخلاقتا ئىكەنسەن» دەيدۇ.

ئەگەر ئەخلاق بولمىسا دىن ھېچ بىر نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ مەقسىتى دۇنيادا گۈزەل بىر ئەخلاق بەرپا قىلىش. ھېچ شۈبھە يوقكى، ناماز ئىنساننى يامانلىقلاردىن ساقلاش، كىشىلەرگە ئازار بەرمەسلىكنى ئۆگىنىش، غەيۋەت-شىكايەت، قۇرۇق-سۆز، قۇرۇق-تۆھمەتلەردىن ئۇزاق تۇرۇش، ياخشى ئىش-ھەرىكەتلەرنى كۆپلەپ قىلىش، قىسقىسى، گۈزەللىك ۋە مېھرى-مۇھەببەتكە تولغان بىر ئىللىق دۇنيا بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ.

ئىبادەتنىڭ مەقسىتى دۇنيادا ئەخلاق-پەزىلەت بەرپا قىلىش بولۇپ، ئەخلاقنى چەيلەپ-يانجىش ئەمەس. تېخىمۇ كەسكىن ۋە ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، سەن ئوقۇغان نامازنىڭ مەقسىتى ئەخلاقلىق بولۇشۇڭ ئۈچۈن. ئۇنداقتا بەش ۋاق نامازنى ئوقۇش بىلەن بىللە ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئەخلاقسىز، ئېغىزغا ئالغۇسىز گەپ-سۆزلەرنى ئىشلىتىۋاتقان، باشقىلارنى ھاقارەتلەۋاتقان، تىللاۋاتقان، تۆۋەن چۈشۈرۈۋاتقان، تۆھمەت قىلىۋاتقان، ئەخلاقسىز بەش ۋاق نامازخانلارنى نېمە دەيمىز؟ ئاللاھ مائۇن سۈرىسى 4-5-ۋە 6-ئايەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئوتتۇرىغا زىددىيەت ئۇرۇقلىرى چېچىش، باشقىلارنى ئالداش، يالغان گەپ قىلىش نىيىتىدە غەپلەت بىلەن ناماز ئوقۇغانلارغا لەنەت بولسۇن. چۈنكى ئۇلار نامازلىرىنى باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ».

ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىمىز ناماز ئوقۇيدىغان، ئېتىكاپتا

ئۇلتۇرۇۋاتقان ئەخلاقسىزلار بىلەن باش-باشقا قالدى.

ئىبادەت، ئۆلۈك ئىبادەت ۋە تىرىك ئىبادەت دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. تىرىك ئىبادەت ئىگىسىنى شۇنداق بىر گۈزەل ئەخلاققا يېتەكلەيدۇكى، بۇ كىشى ياشاۋاتقان ئائىلە، مەھەللە، جامائەت، ئىجتىمائىي تاراتقۇلار كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشىدۇ. چۈنكى بۇ كىشى ئىبادەت بىلەن ئەخلاقنى تەن بىلەن جان دەپ قارايدۇ. يەنە بىر ئۆلۈك ئىبادەتلەر باركى، ئىبادەتنىمۇ قىلىپ تۇرىدۇ، ئەخلاقسىز ئىش-ھەرىكەت ۋە گەپ-سۆزلەرنىمۇ قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئىبادەت ئۈستىدە بىر ئۆلۈكنى كۆتۈرۈپ يۈرۈيدۇ.

يەنە بىر قېتىم تەكرارلاي، قۇرئان باشتىن-ئاخىر ئەخلاق كىتابىدۇر. مەسىلەن: ئەلەق سۈرىسىنىڭ ئالدىنقى بەش ئايىتىدە بىلىم ئەخلاقى، مۇزەممەل سۈرىسىدە ۋەھيىگە قارىتا جاۋابكارلىق ئەخلاقى، مۇددەسسىر سۈرىسىدە ئەلچىلىك ئەخلاقى، فاتىھە سۈرىسىدە بەندىلىك ئەخلاقى سۆزلىنىدۇ. ھەر بىر سۈرە بىر ئەخلاقنىڭ مىزانى.

ئەگەر ئۇيغۇرلار ئىسلامنى قۇرئان كەرىمدىن توغرا ئۆگەنسە ئىدى، ئەقىللىرىنى ھەرگىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىدا ئەخلاقسىزلىق قىلىۋاتقان دىن تەشۋىقاتچىلىرىغا ئىجارىگە بەرمىگەن بولاتتى.

ئەگەر ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قۇرئان كەرىمدىن ئۆگەنسە ئىدى، ئەخلاقسىز سۆزلىرى بىلەن ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا قالايمىقانچىلىق چىقىرىۋاتقان دىن سودىگەرلىرىنىڭ ئىدىيە مونوپوللۇقىغا ئۇچرىمىغان بولاتتى. ئەگەر ئۇيغۇرلار ئىسلامنى قۇرئاندىن ئۆگەنسە ئىدى، دىن نامىدا قەسەم ئىچىپ، ماھىيەتتە ئەخلاقسىزلىق تارقىتىۋاتقانلارنى سوراققا تارتقان

بولاتتى. ئەگەر ئۇيغۇرلار دىننى قۇرئان كەرىمدىن ئۆگەنگەن بولسا ئىدى، دىن نامى بىلەن ساختىكارلىق قىلىۋاتقان، پىتنە-پاسات ئۇرۇقلىرىنى چېچىۋاتقان، ياخشى كىشىلەرگە «خائىن» دەپ تۆھمەت چاپلاۋاتقان، ھەر خىل لەقەملەر، ھەر خىل كەمسىتىش ئاتالغۇلىرى بىلەن «ۋاڭ كاتىپ»، «نۇرى تۆكرەل» دەۋاتقانلارنىڭ دىنى دەرسلىرىنى ئاڭلىمىغان، يۈزىدىكى ماسكىلىرىنى چۈشۈرگەن، كىملىكىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولاتتى.

قۇرئان بىزگە ئادەم ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىش ئەخلاقىنى، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ھەق-ئادالەت مەسلىسىدە چىڭ تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن يالغۇز قېلىش ۋە بۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ئەخلاقىنى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق سوراققا تارتىلىش ئەخلاقىنى، ئىسمايىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق پىداكارلىق ۋە جاۋابكارلىق ئەخلاقىنى، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق جىنسىي ئەخلاقنى، ئاسىيە ئارقىلىق زالىمغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ئەخلاقىنى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق كۈرەش قىلىش ئەخلاقىنى، داۋۇت ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق كۈچ ۋە ھاكىمىيەت ئەخلاقىنى، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق سەبىر ئەخلاقىنى، خاننە ئانىمىز ئارقىلىق ئەركىنلىك ئەخلاقىنى، مەريەم ئارقىلىق ئىپپەت ۋە ۋىجدان ئەخلاقىنى، ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق دىن سودىگەرلىرى بىلەن كۈرەش قىلىش ئەخلاقىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ھەقىقەتكە ئەلچىلىك قىلىش ئەخلاقىنى ئۆگىتىدۇ.

ئەينى چاغدىكى جاھالەت دەۋرىدە ئەبۇ سۇفيان ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان مۇشرىك مەككىنىڭ رەئىسى ئىدى. ئۇنىڭ رىم

ئىمپېراتورلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدىن، گەرچە ئۇ بىر مۇشرىك بولسىمۇ، ئەمما ئادەملەرگە باھا بېرىشتە ھەقىقىي بىر ئەخلاقلىق، ئادىمىي ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. رىم ئىمپېراتورى ئەبۇ سۇفياندىن: «مۇھەممەد يالغان گەپ قىلامدۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئەمما ئەبۇ سۇفيان مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۈشمىنى بولغىنىغا قارىماي، «ياق، مۇھەممەد ھەرگىز يالغان گەپ قىلمايدىغان بىر كىشى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئويلىنىپ قالدىم. جاھالەت دەۋرىدىكى مۇشرىكلار گەرچە مۇشرىك بولسىمۇ، ئەمما ھازىرقى دەۋردىكى بەش ۋاق ناماز ئوقۇپ تۇرۇپ، تورلاردا ۋە توپلاردا ئادەم تىللايدىغان، ئادەملەرگە توغرا باھا بېرەلمەيدىغان مۇسۇلمانلارغا قارىغاندا جىق ئادىمىي ئىكەن جۇمۇ؟

ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا پىتنە تارقىتىپ زىددىيەت ئۇرۇقلىرى چېچىۋاتقان بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدىغانلار، ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلغۇچى، پىكىر بەرگۈچى، ھەق-ئادالەتنىڭ داۋاگەرلىرى دەپ قارايدۇ. ئاللاھ بۇنداق كىشىلەر ھەققىدە بەقەرە سۈرىسى 11-ۋە 12-ئايەتلەردە مۇنداق دەيدۇ: «يەر يۈزىدە پىتنە-پاسات چىقارماڭلار دېگەن ۋاقتىمىزدا، ئۇلار بىز پەقەت ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز، دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ھەقىقەتەن ئەسلى پىتنە-پاسات چىقارغۇچىلار ئۇلاردۇر، ئەمما بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ». ئاللاھ بەقەرە سۈرىسى 10-ئايەتتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە كېسەل باردۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ كېسەللىرىنى ساختىكارلىق قىلغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇلار يالغانچىلىق قىلغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئېغىر ئازابقا دۇچار بولىدۇ».

ئىشەنچ، ئىمان دېمەكتۇر. ئەخلاق ھەم ئىمان دېمەكتۇر.

ئەگەر ئۈچ ئۇيغۇر بىر-بىرىگە ئىشەنچ قىلالمىسا، ئەگەر ئۈچ ئۇيغۇر بىرى-بىرى بىلەن تىللاشسا ۋە ھاقارەت قىلىشسا، بۇ مىللەتنىڭ ئىمانىدا مەسىلە بار دېگەن گەپ.

2018-يىلى 20-دېكابىر

## نامايىشنىڭ تەرجىمىھالى

مەن 6-ئاپرېل ۋاشىنگتون ئەركىنلىك مەيدانىدا بولغان نامايىشتىن كېيىن، ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىمىزدا يۈز بەرگەن نامايىش ئۇقۇمى ھەققىدىكى بەزى مۇنازىرىلەرگە ئاساسەن، نامايىشنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىپ چىقىشنى قارار قىلدىم.

دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن ھازىرغا قەدەر يەر شارى جۇغراپىيەسىدە نۇرغۇنلىغان ئۆزگىرىشلەر بولدى. ۋاقىت ۋە شىددەتلىك يامغۇرلارنىڭ ئۇرۇلۇشى سەۋەبىدىن نۇرغۇنلىغان قىيا تاشلار ۋە تاغلار ئۆپىراپ شەكىللىرىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. نۇرغۇنلىغان بوستانلىقلار مۇز تاغلىرىغا ئايلاندى. مەسىلەن، ئانتاركتىكا قىتئەسىدەك. نۇرغۇنلىغان دېڭىزلار قۇملۇقلارغا ئايلاندى. مەسىلەن، تەكلىماكان چۆلىدەك. ۋاقىت ۋە سۇنىڭ ئۈزلۈكسىز يالىشى سەۋەبىدىنمۇ نۇرغۇنلىغان يەر شەكلى ئۆزگىرىشلىرى يۈز بەردى. بەزى قىتئەلەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشالمىغان نۇرغۇنلىغان جانلىقلارمۇ مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتتى. مەسىلەن، دىنازاۋۇرلاردەك. ئەمما ئىنسان ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر پەقەت بىر نەرسىدە ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇ بولسىمۇ ئىنساننىڭ ۋىجدانى. نامايىشنىڭ تەرجىمىھالى ھەم ۋىجداننىڭ تەرجىمىھالى بولۇپ، ئۇ ئىنسان ئىچكى دۇنياسىنىڭ ساھىللىرىنى بويلاپ يېزىلىدۇ. ئۇيغۇر داۋاسى ھەم ۋىجداننىڭ داۋاسى بولۇپ، نامايىش ۋىجداننىڭ كوچىلارغا تۆكۈلۈشىدىن ئىبارەت. ئەگەر

بىر مىللەتنىڭ ۋىجدانى باھانە-سەۋەبلەرگە تولغان، بىر قاققا-بىر قاق دەيدىغان، باتنايدىغان، يامانلايدىغان ۋە ياكى كىچىك باللارنىڭ كەمپۈت بەرمىسەڭ چىقمايمەن، دەيدىغان ساددىلارچە ھەرىكىتىگە ئوخشاپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ مىللەتنىڭ ئىنسانلىقىدىن ئۈمىد قالمىغان بولىدۇ. چۈنكى ۋىجدان دېمەك ئىنسانلىق دېمەكتۇر.

دۇنيا ئادالىتىنى ئىنسانىيلىقنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلانغان ۋىجدان كونترول قىلىپ كەلدى. ئەلۋەتتە ۋىجدانسىزلىرى كۆپ بولغان بىر مىللەتمۇ ئادالەت تارازىسىدا يېنىك ئۆلتۈرۈپ كەلدى. دۇنيا ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، ھايۋاناتلار نەسلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى، كەمسىتىش، ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئىنسانى ئىنسان قۇل قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى «توختا!» دەپ تورمۇزلىغان ۋىجدان ئىدى. ئۇيغۇر خەلقى نۆۋەتتە دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان ئىنتايىن ئېغىر قىرغىنچىلىقنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر ۋىجدانى نامايىش قىلىپ كوچىلارغا تۆكۈلۈش جەھەتتە، ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەدىكى سادىدا مۇنازىرىلەر ھالىتىدە تۇرماقتا. ئۇ بولسىمۇ مەلۇم كىشىلەر ياكى مەلۇم تەشكىلاتلار بىز نامايىشقا چىققۇدەك بىزگە بىر نېمە قىلىپ بەردىمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت.

ۋىجدان ئىچىمىزدىن كەلگەن سادا، بىر تۇسۇنامى يۈز بېرىدىغانلىقىنىڭ چۇقانى ئىدى. ئەمما بىز ئۇنىڭ ئۈستىنى چىرايلىق باھانە-سەۋەبلەر بىلەن بېزەلگەن يالتىراق يوپۇقلار بىلەن يېپىپ قويۇۋاتىمىز.

ۋىجدان ئاللاھنىڭ ئىچىمىزدە بەرپا قىلغان كەبىسى، دەيدۇ تۈركىيەلىك دىنىي ئالىم مۇستافا ئىسلامئوغلى.

شۇنداق، ۋىجدان ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزى

بىلەن ھېسابلىشىشى. ۋىجدان ئىچىمىزدىن كەلگەن سادا.

نامايىش، ئىچكى دۇنيايىمىزدىن ئاشۇ ۋىجداننىڭ، ئىنسانلىق خېمىرتۇرۇچنىڭ سىرتقا ئېتىلىپ چىقىشىدىن ئىبارەت. بۇ خۇددى تاغ قاپتاللىرىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى لاۋالارنىڭ سىرتقا پارتلاپ چىققىنىغا ئوخشايدۇ.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى كىشىلەر كۆپىنچە ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى سەبىر-تاقەتنىڭ قىسسىسى دەپ چۈشىنىشىدۇ. ئەمما بۇ قىسسە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، زالىم ئالدىدا ئۆز شەخسى مەنپەئەتلىرى سەۋەبىدىن ھەق گەپنى قىلالمىغان بىر قوۋمنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن قانداق جازالانغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ئىبرەت قىسسىسىدۇر.

ئاللاھ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا 12 ئوغۇل، چەكسىز كەتكەن يەر-زېمىن، مال-ئۇلاغ، ئالتۇن-كۈمۈش بەرگەندىن باشقا، يەنە پەيغەمبەر قىلىپ تاللىغان ئىدى. شۇ دەۋرنىڭ پىرئەۋنى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سۆھبەتتە، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئائىلىسى ۋە مال-مۈلكىنىڭ زىيان-زەخمەتكە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، پىرئەۋننىڭ ئادالەتسىز سۆز-ھەرىكەتلىرىگە سۈكۈتتە تۇرغان ئىدى. ئاللاھ پەقەت ۋە پەقەت زالىمنىڭ قارشىسىدا تۇرۇپ ئادالەتنى ياقلىيالمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى جازالايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. يەر تەۋرەش ۋە سەل ئاپەتلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ 12 ئوغلى ۋە پۈتۈن بايلىقلىرىنى ئىلكىدىن ئالدى، ئۆزىنى كېسەل قىلدى. زالىم پىرئەۋن بىلەن ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدا تارىختا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە ختاي زۇلۇمىدىن قورقۇپ، مۈكۈپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا نېمە دېگەن ئوخشىغان-ھە؟

ئۇيغۇرلار نامايىشىنىڭ ياكى ۋىجداننىڭ تەرجىمھالنى ياخشى

ئوقۇماي ۋە بىلمەي تۇرۇپ، دۇنيادىكى ئىنسانلىق بايرىقى ئاستىغا يىغىلغان ئىنسانلار قۇرۇپ چىققان ھەق-ئادالەت دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ئۆچرەتتە تۇرالمايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىچكى دۇنياسىدىكى ۋىجدانىنى تاشقى دۇنياغا، كوچىلارغا نامايىش قىلىپ تۆكمەي تۇرۇپ باشقىلاردىن ئىنسانىي ياردەم كۈتەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلار ۋىجدانىنى قاپساپ تۇرغان خىتاي سايىسىدىن قۇتۇلماي تۇرۇپ ۋەتىنىنى قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. ئۇيغۇرلار ۋىجدان تارازىسىدا ئۆز-ئۆزىنى تارتماي تۇرۇپ، دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ ئۇزۇن مۇددەت تۇرالماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى نۇرغۇنلىغان قوۋملەر پەقەت ۋە پەقەت ۋىجدانى ۋە ئادىمىلىك غۇرۇرى بولمىغانلىقى سەۋەبىدىنلا ئاللاھ تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغان ئىدى تارىختا.

2019-يىلى 27-ئاپرېل

## كاشكى ئۇيغۇرلاردا بامبۇك روھى بولسا ئىدى-ھە؟!

قولۇمدا ئىككى پارچە سۈرەت. بىرسى ۋەتەنىدىكى جازا لاگېرىدىن بىر كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن ئائىلىسىگە چىقىرىلغان بىر يىگىتنىڭ قورۇق ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان سۈرىتى. ئەگەر بۇ يىگىتنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى پىلدىرلاپ تۇرمىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ جانلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. قولۇمدىكى ئىككىنچى سۈرەت، چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ سۈرىتى. بۇ سۈرەت ختايدا جازا لاگېرى قۇرۇلغاندىن بۇيان بولۇۋاتقان مۇنازىرىلەرنىڭ جانلىق كارتىنىسى ئىدى. بۇندىن ئىككى يىل ئاۋۋال ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى ئاساسلىق مەركىزى مۇنازىرىلەر مۇستەقىللىقمۇ؟ ئاپتونومىيەمۇ؟ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىمۇ؟ سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەتمۇ؟ ئىدى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان بۇ مۇنازىرىلەر گۇۋاھلىقمۇ؟ مىتۇمۇ (#Metoo)؟ ئۇلۇسمۇ؟ مىللەتمۇ؟ راگېيزا، دۇفۇ يېگەن ئەرمۇ؟ ئەر ئەمەسمۇ؟ قەدىمدە ئۇيغۇر قەھرىمانلىرى بىر قوينىڭ گۆشىنى يەۋېتەتتى، ئەمدى نېمىشكە توخۇ پاچىقىنىڭ گۇچۇر-گۇچۇر يېرىنى يەيدىغان بولۇپ قالدى؟ ئۇيغۇر مۇستەقىل بولسا قايسى يېزىقنى ئىشلىتىدۇ؟ كونا يېزىقمۇ ياكى قېلىپلاشقان لاتىن يېزىغىمۇ؟ دېگەندەك ئايىغى چىقماس، چىقمىغىنىغا قارىماي ھېچ بىر نەرسىگە پايدىسى يوق مۇنازىرىلەر ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىمىزنى قاپلاپ كەتتى. قارىغاندا ختاي ئىجتىمائىي

تاراتقۇلىرىمىزدىكى ئۇيغۇرلار دىققىتىنىڭ ۋەتەندىكى ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەلەرگە مەركەزلىشىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ جامائەت پىكىر يۆنىلىشىنى باشقا تەرەپكە چېچىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتامدۇ قانداق؟ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالىمى جوسېفسون خىتاينىڭ يۇمشاق سىڭىپ كىرىشكە 10 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان غەرب ئالىملىرىنىڭ بىرى. جورجى ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى داۋىد شامبۇغ ئۆزىنىڭ «چىنا گلوبال گوس (خىتاينىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك مۇسابىقىلىشىشى)» ناملىق كىتابىدا، خىتاينىڭ دۇنيانىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن يۇمشاق سىڭىپ كىرىشكە، يەنى يۇمشاق كۈچكە مىلياردلارچە دوللار مەبلەغ سېلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەلۋەتتە خىتاي مەبلەغ سېلىۋاتقان بۇ يۇمشاق سىڭىپ كىرىش ئۇيغۇر، تىبەت قاتارلىق خىتايغا قارشى ئۆكتىچى كۈچلەرنىڭ مەركىزى جامائەت پىكرى يۆنىلىشىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش، شوئارلاشتۇرۇش ۋە چېچىش، ئىتلار قاۋاپ-قاۋاپ ئاخىرىدا بىر سۆڭەك بىلەن جىمىپ قالىدىغان، ئەمما كۈچلۈكلەر كېتىۋېرىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشتىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك.

دۇنيا كۈنتەرتىپىنىڭ دىققىتىنى تارتالماسلىق بىلەن ئىنتايىن ئاجىز ۋە بىچارە، چارىسىز ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ «ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغان» ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنى، بىر مىللەت سۈپىتىدە چۈشكۈنلىشىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى دەپ قارايمەن.

بامبۇك روھى ئۇيغۇرلار ئۆگىنىشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر روھ. بىر بامبۇك نوتىسىنىڭ يەر قاتلاملىرىنى يېرىپ، يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشى ئۈچۈن 5 يىل ۋاقىت كېتىدۇ. بامبۇك

نوتىسىغا ئېرىشمەكچى بولغان كىشى يەر ئۈستىدە تۇرۇپ، ئىنتايىن يۇقىرى چىدام، غەيرەت ۋە جاسارەت بىلەن بامبۇك نوتىسىنىڭ يەر يۈزىگە قاراپ بىخ سۈرۈشىنى 5 يىل كۈتۈشى، 5 يىل ئۈزۈلدۈرمەي سۇ قۇيۇپ تۇرۇشى لازىم. ئۇنداقتا بۇ 5 يىل جەريانىدا بامبۇك نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ يەر ئۈستىدىكى سۇ قۇيۇش، ئوغۇتلاش ئەمگەكلىرى بىكارغا كېتىۋاتامدۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس. بامبۇك بۇ 5 يىل جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىنى، ئىچكى مېخانىزمىنى، ھۈلىنى، پۇتامىنتىنى مۇستەھكەملەپ يەر قاتلاملىرىنىڭ كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق دائىرەسى ئىچىدە يەر مەركىزىگە قەدەر ئۇزارتىشتىن ئىبارەت ئۇزۇن يەر ئاستى تەشكىلاتلىق رولىنى مۇكەممەللەشتۈرۈۋاتىدۇ. بامبۇك بۇ 5 يىل جەريانىدىكى ئىنتايىن مۇكەممەل ئىچكى تاكامۇللىشىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاندىن يەر يۈزىگە چىقىدۇ ۋە 6 ھەپتە ئىچىدە 27 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تۈپ ـ تۈز تىك، ھېچقانداق يانتاقلىرى بولمىغان ھالەتتە مەغرۇر ھالدا كۆكلەرگە تاقىشىپ تۇرىدۇ. ئۇنداقتا بامبۇك بۇ 27 مېتىر ئېگىزلىككە يەر يۈزىگە چىققاندىن كېيىنكى 6 ھەپتە ئىچىدە ئېرىشتىمۇ ياكى يەر ئاستىدا يىلتىزلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدىكى 5 يىلدا ئېرىشتىمۇ؟ ئەلۋەتتە، 5 يىللىق ئىچكى تەييارلىقتىن كېيىن ئېرىشتى. بامبۇك بېتوندىن، ھەتتا پولاتتىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك. بامبۇكتىن ئىشلەنگەن شارپىلار، بامبۇك كىيىم ـ كېچەكلەر قاتارلىق 1000 خىلدىن ئارتۇق بامبۇك مەھسۇلاتلىرى دۇنيانىڭ ئەتىۋارلىق كۆز قارچۇغى بولۇپ تۇرماقتا. ھايات ـ ماماتى ئىنتايىن خەتەرلىك ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلاردا بامبۇكتەك ئىچكى قۇرۇلمىسىنى كۈچلەندۈرىدىغان روھ بولغان بولسا ئىدى، قۇرۇق مۇنازىرە قىلىش ئورنىغا قانداق قىلغاندا بامبۇكتەك كۈچلۈك بولغىلى بولىدۇ؟ دېگەننى

ئويلاشقان بولاتتى. چوڭ بالدۇر چىققىمۇ، تۇخۇممۇ؟ دەيدىغان مۇنازىرىلەردىن بۇرۇن، قەلبىمىزدە ئۆزىمىزگە خاس بامبۇكلىرىمىزنى بەرپا قىلايلى ۋە سەبىر بىلەن سۇ قۇيايلى. بامبۇك بىزگە سەبىر تاقەتنى ئۆگەتسۇن. بامبۇك بىزگە ئاساس سېلىشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى ئۆگەتسۇن. بامبۇك بىزگە ئېلاستىكلىق ۋە ماسلىشىشچانلىقتىن، چىدامچانلىقتىن، ئۇيۇشۇش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتىن دەرس بېرىدۇ. بامبۇك يەنە تېز ئەسلىگە كېلىش كۈچى، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش كۈچى ۋە ھەرگىز ۋازكەچمەسلىكنى ئۆگىتىدۇ. بامبۇكنىڭ كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، 6 ھەپتە ئىچىدە 27 مېتىر ئۆسكەنلىكىنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەيدۇ. دېمەككى، بامبۇك ئۇيغۇرلارغا كەمتەرلىكنى ئۆگىتىدۇ.

بامبۇكنىڭ يىلتىزى يەر قاتلاملىرىدا 90 مېتىردىن چوڭقۇر دائىرىنى قاپلىغان بولۇپ، بىر پۇتبول مەيدانىدىنمۇ چوڭ. كىمنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر بولسا، شۇنىڭ قىممىتىمۇ يۇكسەك بولىدۇ. دۇنيا بىلەن چوڭقۇر ۋە مۇستەھكەم باغ قۇرالايدۇ. بىز ئۆزىمىز بىلەن، ئەتراپىمىز بىلەن، ھەتتا دۇنيا بىلەن قانچىلىك باغ قۇرالىدۇق؟ ئۇيغۇرلار بىر مىللەت سۈپىتىدە قانچىلىك باغ قۇرالىدى؟ ھەممە نەرسە ئوتتۇرىدا تۇرۇپتۇ. چۈنكى بىزنىڭ بامبۇكنىڭكىدەك چوڭقۇر ئاساسىمىز، يەنى يىلتىزىمىز بولمىدى. ئاساس سېلىش ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ، سۇ قۇيۇش تەلەپ قىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ھەر خىل مۇنازىرىلەر چاقىرىقىدا بولۇۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئەڭ ئاۋۋال شەرقىي تۈركىستاننى بىر بامبۇك دەپ تەسەۋۋۇر قىلايلى، ھەم ئۆزىمىز بىر بامبۇكچى بولايلى، ئاندىن گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىمىز بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ بامبۇكقا سەبىر تاقەت بىلەن 5 يىل سۇ قۇيايلى. بىر

مىللەتنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ نېمىگە ئادەتلەنگەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. يەنى ئۇ قۇرۇق گەپ مۇنازىرىسى ياكى گەپ ـ سۆز ئۇرۇشى قىلىشقا ئادەتلەنگەنمۇ ياكى بامبۇكتەك ئۆزىنىڭ ئىچكى بىلىم قۇرۇلمىسىغا مەبلەغ سېلىشقا ئادەتلەنگەنمۇ؟ بامبۇك نۆۋەتتە كۆچلۈكلۈكى بىلەن 21 ـ ئەسىردىكى يېڭى پولات دەپ تەرىپلەنمەكتە. ئۇنداقتا بۇ يېڭى پولات قانداق تاۋلاندى؟ بامبۇك ئۇيغۇرلارغا يەنە كۆچلۈك بولۇش ئۈچۈن يوغان بولۇشنىڭ ھاجەت ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت يەنە بىر ساۋاق بەرمەكتە.

مەنزىلىمىز يۇلتۇزلار قەدەر ئۇزاق بولغان بۇ ۋەتەن ئارزۇيىمىزنىڭ ئۇيۇقلىرىغا پەقەت بامبۇك روھى بىلەنلا يېتەلىشىمىز مۇمكىن. ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىمىزدا نۆۋەتتە بولۇۋاتقان مۇنازىرىلەر ئىتتىنىڭ ئۆز قۇيرۇقىنى قوغلاپ قاۋاپ ئوينىغىنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە ئۆز بېشىغا كەلگەن كىرىزىستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر بامبۇك بولۇشى كېرەك. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلۇقنىڭ ئاساسى يۇنتامىنتىنى خۇددى بامبۇكنىڭ يۇنتامىنتىدەك مۇستەھكەم قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. بۇنى ئۇيغۇرلار قىلالامدۇ؟ قىلالمامدۇ؟ بۇ بىر سوئال. ئەگەر ئۆز ئۆزىگە ئاساس سېلىش ئىشى تاماملانمىغان ئەھۋالدا ئۇيغۇرلارغا مۇستەقىللىق ئۈچۈن پۇرسەت كەلگەن ئەھۋالدىمۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنالماي قېلىشى مۇمكىن.

قولۇمدا ئىككى پارچە سۈرەت. بىرى بۈگۈن گەرچە قاقشال بولسىمۇ ئادەم كۆرۈنۈۋاتقان، ئەمما ئەتىسى ئىسكىلىت بولۇشى مۇقەررەرلىشىپ كەتكەن، مېنى قۇتقۇزۇڭلار!!! دېگەن كۆزلىرى مۆلدۈرلەۋاتقان ئۇيغۇرنىڭ سىيماسى. يەنە بىرى، ھەر خىل

ھەر ياقىزا شاۋقۇن - سۈرەنلىك مۇنازىرە ئاۋازلىرى بىلەن تولغان، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا قۇرۇلۇۋاتقان تەقلىدى دۆلەت ۋە ئىمپېرىيەلىرىدىن كېلىۋاتقان ئەكس سادالار ئىدى.

2019 - يىلى 25 - ئىيۇن

## نۇر بەكرىگە قايتا باھا

ئۆتكەن يىلى 19-ئىيۇندا رۇسىيەدىكى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بېيجىڭغا قايتقان خىتاي ئېنېرگىيە ۋە كان بايلىقلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، خىتاي مەركىزى قانۇن ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى نۇر بەكرى بېيجىڭ ئايرودۇرۇمىدا قولغا ئېلىنغان ئىدى. بۇ يىل، يەنى 2019-يىلى 7-ئاينىڭ 26-كۈنى نۇر بەكرىنىڭ لياۋنىڭ ئۆلكىسى شېنياڭ شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ 1-قېتىملىق سوتىدا سوتلانغانلىق خەۋىرى تارقالدى. ئۇنىڭ جىنايىتى ئىنتىزامغا ئېغىر ھالدا خىلاپلىق قىلىش ھەمدە 79 مىليون 100 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا خىيانەت قىلىش ئىدى. ئۇنىڭ يەنە خىتاي تەرىپىدىن ئىككى يۈزلىمچى كادىر دەپ قارالغانلىقى مەلۇم. ئەمما ئۇنىڭ قايسى ئىنتىزامغا قانداق خىلاپلىق قىلغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات يوق. نۇر بەكرىنىڭ ئاقىۋىتى بىزگە بىر شارنىڭ تازىمۇ كۆپتۈرۈلۈپ، ئاندىن كىچىككىنە بىر يىڭنە بىلەن ئېتىۋېتىلگەنلىكىدەك بىر ئەھۋالنى ئەسلىتىدۇ.
نۇر بەكرىگە قايتا باھا بېرىشتە ئۇنىڭ تەرجىمىھالىغا ئازراق مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. 1961-يىلى بۆرتالا ناھىيەسىدە تۇغۇلغان نۇر بەكرى تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 1-يىللىقىنى تۈگىتىپلا ئالدىن ئىمتىھان بېرىپ ئالى مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇ ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن تاكى خىتاي ئېنېرگىيە كان بايلىقلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ 1-قول باشلىقى

بولغانغا قەدەر 31 يىل جەريانىدا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ۋە مۇئاۋىن سېكرېتارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. ئەمدىلا 26 ياشقا كىرگەندە خىتاي تەختىدە ئولتۇرۇشقا باشلىغان ياش نۇر بەكرىنىڭ ھازىرغىچە بولغان ھاياتىدا ئاددىي كادىر بولغان جەريان يوق بولۇپ، پەقەت ھوقۇق تۇتۇش بىلەن ئۆتكەن. نۇر بەكرى ئىنتايىن راۋان، پۇختا خىتاي تىلى سەۋىيەسى بىلەن خىتاي كادىرلىرى ئارىسىدىمۇ ئىنتايىن ئەقىللىق كىشى دېگەن ئېتىراپقا ئېرىشكەن. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، خىتاي بويىچە چوڭ ھوقۇقلارنى تۇتقان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئىنتايىن ئاز سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ سېكرېتارى تۇڭگان. گۇيجۇ ئۆلكىسىنىڭ سېكرېتارى خىتتاي ئەمەس. جىلىن ئۆلكىسىنىڭ سېكرېتارى بايىن چائو تۇ موڭغۇل قاتارلىق. ئەمما ئۇيغۇر نەسلىدىن بولغان نۇر بەكرى ئاتالمىش ئاپتونوم رايوندىن مەركەزگىچە، خەلق قۇرۇلتىيىدىن سىياسىي كېڭەشكىچە، ھەتتا خىتاينىڭ قانۇن ئىسلاھاتى كومىتېتىغىچە ناھايىتى يۇقىرى مەرتىۋىلىك ھوقۇقلارنى تۇتىدۇ. نۇر بەكرى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ۋاڭ بەكرى دەپ ئاتالغان بىر كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ۋە مۇئاۋىن سېكرېتارى بولۇپ تۇرۇۋاتقان چاغلىرىدا ئېيتقان، ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرىكىنى ئەڭ ئاغرىتىدىغان سۆزلىرىنىڭ بىرى، «رابىيە قادىر ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ» دېگەن سۆزى بىلەن 2009ـ يىلى ئۈرۈمچى ۋەقەسى يۈز بەرگەندە ئېيتقان «زوراۋان جىنايى قىلمىشلارنى تۆمۈر مۇشتىمىز بىلەن پاچاقلاپ تاشلايمىز» دېگەن سۆزىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ ئاغرىتقان سۆزلىرىنىڭ يەنە بىرى، «تۇڭگانلارمۇ خىتاي تىلىدا سۆزلىشىپ تۇرۇپمۇ ياشاۋاتىدىغۇ، ئۇيغۇرلارمۇ خىتايچە

سۆزلەشسە نېمە بوپتۇ» دېگەن سۆزلىرى ئىدى. ئەمما ئۇ ھازىر خىتاي ئۈچۈن ئىككى يۈزلىمچى كادىر دەپ جازالىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. 31 يىل خىتاينىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىك تىنچسىز ۋە ۋەھىمىلىك ھوقۇق تەختىدە ئولتۇرغان نۇر بەكرى، يا مىللىتىگە تەۋە ئەمەس ياكى خىتايغا تەۋە ئەمەس، خۇددى مۇئەللەقتىكى مارىستەك قىزىرىپ ساڭگىلاپ تۇرماقتا.

دېمەك، نۇر بەكرى ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئادەم ئەمەس. ئۇنداقتا نۇر بەكرىنىڭ ئاساسلىق جىنايىتى خىيانەتچىلىكمۇ ياكى مىللىي مەسىلىمۇ؟ خىتاي مۇلاھىزىچىلىرى خىتايدا ھوقۇق تۇتقان خىتاي كادىرلىرىغا قارىغاندا، ئۇيغۇر قاتارلىق باشقا مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئىككى ھەسسە خەتەرلىك ۋەزىيەتتە ياشايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇيغۇر كادىرلارنى خۇددى پىچاقنىڭ بىسىدا ماڭغاندەك ماڭىدۇ، دېيىشىدۇ.

شۇنداق، خىتاي ئۈچۈن شۇنداقلا دۇنيا ئۈچۈن دىققەتكە سازاۋەر جىددىي رايون دەپ قارىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندا ھوقۇق تۇتقان ئۇيغۇر رەھبەرلەر ئۈچۈن بىر قاراشتا ھەممە نەرسە نورمالدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، بىرلا چوڭايتىپ قارىغاندا، ھېچبولمىغاندا مىللىي ھېسسىيات مانا مەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەرزەنتى. خىتاي ئەيىبلەۋاتقان بۇ كىشىلەر، ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ ئانا تۇپراقنىڭ كىشىلىرى بەزىلىرى ساۋاقدىشى، بەزىلىرى دوستى، بەزىلىرى قوشنىسى، بەزىلىرى ئۇرۇق-تۇغقان، ئاچا-سىڭىل، ئىنىلىرى. ھازىر خىتاي تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان ئىلھام توختى: «نۇر بەكرىنى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى تەرىپىدىن يېتىشتۈرۈلگەن كىشىلىكى بولمىغان بىر قول، شۇڭا نۇر بەكرى ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ» دېگەن ئىدى. ئەمما

2014ـ يىلى 3ـ ئايدا ئېچىلغان خىتاينىڭ 12ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2ـ قېتىملىق يىغىنىدا نۇر بەكرى تەكىتلىگەن «زوراۋان تېررورچىلىق بىر مىللەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، شۇنداقلا بىر دىنغىمۇ ۋەكىللىك قىلالمايدۇ» دېگەن سۆزى، ئۇيغۇر مىللىتىنى ۋە ئىسلام دىنىنى تېررورچىلىق بىلەن ئەيىبلەپ، ئۇيغۇرلارنى پۈتۈنلەي يوق قىلىش پىلانى تۈزۈۋاتقان شى جىنپىڭ ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قۇلىقىغا خوش ياقمىدى. بۇ يەردە نۇر بەكرى مەلۇم جەھەتتىن ئۇيغۇرلار ۋە ئىسلام دىنىنى ئاقلىماقچى بولۇۋاتاتتى. شۇنىدىن كېيىن خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان نۇر بەكرى، خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ 19ـ نۆۋەتلىك يىغىنىغا تەكلىپ قىلىنمىدى. شۇنىدىن ئېتىبارەن خىتاي تارىخىدا ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ مۇھىم ھوقۇقلار بېرىلگەن، خىتاي چاقناتقان بۇ ئۇيغۇر يۇلتۇز ئانچە چاقنيالماي قالدى. نۇر بەكرىنىڭ سىياسىي ھاياتىدا خىتاي ئاتالمىش شىنجاڭدا يولغا قويماقچى بولغان قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويۇش جەھەتتە مەركەز بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىيالمىغانلىقىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. يەنى، نۇر بەكرىنىڭ مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان ئاتالمىش قوش تىللىق مائارىپ قەدىمىنى ئاستىلاتقانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق بىر ئەھۋال بولۇپ، ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ يوق بولۇپ كېتىش خەۋپىنىڭ سۈرىتى ئاستىلىتىلدى دېگەن گەپ. نۇر بەكرىنى ياخشى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، نۇر بەكرى ئاز سانلىق مىللەت رەھبەرلىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان ھاكاۋۇر خىتاي ھوقۇقدارلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىدىغان بىردىنبىر ئەقىللىق ۋە قابىلىيەتلىك ئۇيغۇر ھوقۇقدار بولۇپ، ئۇ خىتاي تىلىغا پەۋقۇلئاددە پۇختىلىقى، خىتايچە تەلەپپۇزىدا مەسىلىنىڭ

يوقلىقى، شۇنداقلا خىتاي قانۇنىغا پۈتتىلىقى بىلەن خىتايلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن بىردىنبىر ئۇيغۇر رەھبەر ئىكەن. شۇڭا ئۇ خىتاي قانۇنلىرىنىڭ ھەر بىر بۆلۈك-پۇشقاقلىرىغا قەدەر چۆكۈپ تۇرۇپ، ئۆزى ئاپتونوم رايوندا ھوقۇق تۇتقان مەزگىللىرىدە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر كادىرلىرىنى ئاساسى قاتلاملارغا يەرلەشتۈرگەن ئىكەن. خىتاي چاقناتقان يۇلتۇز نۇر بەكرىنىڭ سىياسىي ھاياتىغا كۆلەڭگە تاشلىغان ۋەقەلەرنىڭ بىرى 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن ئىبارەت. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە نۇر بەكرى 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىنى تىنچىتىشتا قاتتىق قوللىقى بىلەن ۋاڭ بەكرى دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي دائىرىلىرى 5-ئىيۇل ۋەقەسىدە قاتتىق قول بولالمىدى دەپ گۇمان قىلغان ۋە بۇ ۋەقەنى نۇر بەكرىنى ئىككى يۈزلىمچى كادىر دەپ جازالاشتىكى مەركىزى ئىدىيە قىلغان. چۈنكى ئۇ چاغدا نۇر بەكرى ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىدى.

يۇقىرىدىكى ۋەقەلەر سەۋەبىدىن نۇر بەكرىنىڭ ئىدىيەسىدە بۆرۈلۈش پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. 2018-يىلىدا ئۇ رۇسىيە زىيارىتى جەريانىدا چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن ياكى باشقا خەلقئارالىق كۈچلەر بىلەن ئۇيغۇر مەسىلىسىدە ھەمكارلىشىش ئويىغا كەلگەن ۋە بۇ خىتاي تەرىپىدىن سېزىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ياكى رۇس ئىستىخباراتى ئۇنى سېتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ بېيجىڭغا قايتقاندىن كېيىن ئايرودۇرومدىلا قولغا ئېلىنىشى بىر غەلىتە ئەھۋال بولۇپ، نۇر بەكرىگە باھا بېرىشىمىزدە بىزنى ئويلاندۇرىدىغان نۇرغۇن سوئاللار بىلەن بىرلىكتە بىر سىر بولۇپ تۇرۇپتۇ.

نۇر بەكرى، 2004-يىلى ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئامان ھاجى 100 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا خيانەت قىلدى دېگەن جىنايەت بىلەن بېيجىڭغا نەزەربەند قىلىنغاندىن كېيىن، قولغا ئېلىنغان خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئەمەلدارى. ئۇيغۇرلار ئامان ھاجى مەسىلىسىنى ھەرگىز خيانەت مەسىلىسى دەپ قاراپ باقمىدى. ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنىڭ مىللىي ھېسسىياتىدا ۋە مىللىي مەسىلىلەرگە تۇتقان مەيدانىدا سەل داۋالغۇش بولغان چاغلاردا، خىتاينىڭ خيانەتچىلىكتىن ئىبارەت بۇ يالتىراق بېزەكنى كىيگۈزۈپ جازالايدىغانلىقى ھەممە ئۇيغۇرلارغا تونۇشلۇق ئىش. نۇر بەكرى بىلەن يېقىنچىلىقى بار بەزى ئۇيغۇرلار، نۇر بەكرىنىڭ خيانەت مەسىلىسىگە ئىنتايىن جىددىي قاراپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغىمۇ رەھىم-شەپقەت قىلمىغان بىر ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

تېخى تۈنۈگۈنلا خىتاي ئاسمىنىدا چانىغان يۇلتۇز، خىتاي ئەمەلدارلىرىمۇ ھەۋەس ۋە ھەسەت قىلىدىغان نۇر بەكرىنىڭ بۈگۈن لىياۋنىڭ سوتىدا ئورۇقلىغان ۋە روھسىز ھالەتتە پەيدا بولۇشى بىزنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ. ئۆتكەنكى بىر نەچچە ماقالەمدە ئۇتتۇرىغا قويغاندەك نۇر بەكرىمۇ، رابىيە قادىر، دولقۇن ئەيسا ۋە 20 مىليون ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئوخشاشلا بىر قىزىل چىراغ ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدۇق. مەنچە نۇر بەكرىنى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئوخشاش بىر قىزىل چىراغ ئالدىغا ئەكېلىپ تۇرغۇزۇپ قويغىنى، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ قاتلاملىرىدا مەۋجۇت بولغان ئۇيغۇرلۇق ھېسسىياتى. 70 يىلدىن بۇيان خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا تەسىر كۆرسىتىشكە توسالغۇ بولۇپ كەلگەن بىر روھنىڭ، نۇر بەكرىدە ئىپادىلىنىشى. خىتاينى ئەڭ بىئارام قىلغان نەرسە، نۇر بەكرىنى ئۆز بالىسى، يەنى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ بالىسى قىلىۋېلىش

ئۇچۇن كۆرسەتكەن ئىنتايىن زور تىرىشچانلىقلىرى ئاستىدىن ئۇيغۇر بالىسى ئىكەنلىكىگە ئائىت خىرە-شىرە بىر نەرسىنىڭ پارلاپ قالغانلىقى بولۇشى مۇمكىن. نۇر بەكرىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى، نىيمەلىرنى ئويلىغانلىقى، ئۆزى بىلەن بىرلىكتە خىتاي زىندانلىرىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايلىرىغا كىرىپ كېتىشى مۇمكىن.

نۇر بەكرىگە مەڭگۇ ئۆزىنى ئۆز مىللىتى ئالدىدا ئاقلاش پۇرسىتى بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما نۇر بەكرىنى بۈگۈنكى ھالەتكە ئەكېلىپ قويغىنى ئىنسان تەبىئىتىدە تۇغما مەۋجۇت بولىدىغان ئۆزىنى ئىزدەش روھىنىڭ ئازراق بولسىمۇ مەۋجۇت بولۇپ قالغانلىقىدا. بۇ ئۇچقۇنىنىڭ ھامان بىر كۈنى بىر يالقۇنغا ئايلىنىدىغانلىقىغا بولغان بىئارامچىلىق خىتاينى ئۇنى ھاپىلا-شاپىلا ئايرودۇرۇمدىلا قولغا ئېلىشقا مەجبۇرلىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.

قولۇمدا نۇر بەكرىنىڭ لىياۋنىڭ سوتىغا چىققاندىكى ئەھۋالى ئىپادىلەنگەن بىر پارچە سۈرەت تۇرماقتا. سۈرەتكە قاراپ ئويلانماقتىمەن. نۇر بەكرىنىڭ ياداڭغۇ گەۋدىسى، چىرايىدىكى ئۈمىدسىزلىك، چارىسىزلىك ۋە پۇشايمان ئىپادىلىرى بىزگە ئىنتايىن قىممەتلىك بىر دەرس ۋە ساۋاق بەرمەكتە.

شۇنداق، بۇ سۈرەت يەنە خىتاي تەرىپىدىن پۈۋلەپ كۆپتۈرۈلگەن بىر شارنىڭ بىر يىگىنىنىڭ سانجىلىشى بىلەن شۈمشەيگەن ھالىتىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىنىڭ خىتاي ئالدىدا تەقدىرداش ئىكەنلىكىنى، قارا ئۆڭكۈر ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلار ۋە چاڭ-توزانلارنىڭ قانداق يۇلتۇز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تەقدىرىنىڭ قارا ئۆڭكۈر تەرىپىدىن سۈمۈرۈلۈش بولىدىغانلىقىنى

ئىپادىلەپ تۇرماقتا.

دۇنيا رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار دۇنياسى. تۆنۆگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتە بىز ئۈچۈن خۇددى سۇ ئۈستىدە قولۋاق ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆز شولىسىنى سۇدا كۆرەلمەيدىغانلىقىنى، ئۆز شولىسىنى سۇ يۈزىدە كۆرەلمىسە بولغان كىشىنىڭ چوقۇم سۇ ئۈستىدە تۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. تۆنۆگۈن رەقىبىمىز بولغان نۇر بەكرى بۈگۈن ئىتتىپاقدىشىمىز ياكى تەقدىردىشىمىز بولماقتا. ئەتە نۇر بەكرىگە يەنە قانداق باھا بېرىدۇ؟ بۇنىسى قاراڭغۇ. ئەمما تۆنۆگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتىدىكى شولىمىزنى كۆرمەك ئۈچۈن تۆنۆگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇشىمىز كېرەك. خىتاي چاڭگىلى ئاستىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەرزەنتى. ئۇلارغا باھا بېرىشتە توغرا ۋە ئەتراپلىق ئىلمىي باھا بېرىشكە تىرىشايلى.

تارىخى كىتابلاردا بايان قىلىنىشىچە ئەخمەتجان قاسىمىمۇ ئەينى چاغدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەكىلى ئەمەس، بەلكى ستالىننىڭ ۋەكىلى ئىدى. ستالىن ئۇنى ئالدى بىلەن ئەينەكچى سىياقىدا غۇلجىغا كىرگۈزگەن ئىدى. ئاندىن ئاستا-ئاستا ئىلى گېزىتى ئىدارىسىگە يۆتكىدى.

بىلگىنىمىزدەك، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەسلىپىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە ئەمەس بەلكى ستالىننىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئۆز خەلقىدىكى كۈچلۈك مۇستەقىللىق ئارزۇسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىدىيەسىدە كۈچلۈك ئۆزگىرىش پەيدا بولغان. نەتىجىدە بۇنداق بىر روھى سىلكىنىشنى خالىمىغان ستالىن يالغان

ئايروپىلان ۋەقەسىنى ياساپ چىقىپ، بۇ ئويۇنغا خاتىمە بەرگەن. ئەمما بىز بۇ ئىشلارنىڭ ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەسلىكىنى، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ رۇسىيەدە تۈرمىگە تاشلانغانلىقىنى ۋە 70 ياشتىن ئاشقۇچە ئاشۇ تۈرمىدە ياشاپ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى تولىمۇ كېچىكىپ بىلدۇق. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى پاي ئوقىنى ئاتقان، نىلقا تاغلىرىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى باشلىغان فاتىخ باتۇرنى بىز ھازىرغا قەدەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قەھرىمانى دەپ تونۇپ كەلگەن ئىدۇق. ئەمما دوكتور نەبىجان تۇرسۇن بۇ ھەقتە يازغان بىر ماقالىسىدا فاتىخنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرغا قەدەر رۇسىيە بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىن مائاش ئالغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىدىن ئەلىخان تۆرىمۇ دەسلىپىدە ستالىنغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر كىشى ئىدى. ئۇنىڭ بىر كېچىدە غۇلجىدا پەيدا بولۇپ، ۋەزىپىسى تۈگىگەندىن كېيىن بىر كېچىدە يەنە رۇسىيەگە ئېلىپ چىقىپ كېتىلىشى بۇنىڭ جانلىق پاكىتى ئىدى. بىز ھازىرغا قەدەر قەھرىمان دەپ تونۇۋاتقان ئەلىخان تۆرە ۋە باشقىلار ھەققىدىكى سىرلار رۇسىيە ئارخىپلىرىنىڭ سىرى ئېچىلغاندا مەلۇم بولىدۇ. ئابدۇرېھىم ھېيت ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەل سۆيگەن سۆيۈملۈك ناخشىچىسى ئىدى. بىر كۈنىنىڭ ئىچىدە خىتاي ئۇنى شى جىنپىڭنىڭ رەسىمنى ئۆيىنىڭ تېمىغا ئاسىدىغان، قولىدا شى جىنپىڭنىڭ رەسىمنى كۆتۈرۈپ رەسىمگە چۈشىدىغان يالاقچى بىرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. نۇر بەكرىنىڭ رۇسىيە زىيارىتىدىن كېيىنكى تەقدىرىمۇ يۇقىرىدىكى ھېكايىلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ھەر ۋاقىت قەھرىمان ياكى خائىن زوراۋان كۈچلەر قولىدا ياسىلىپ چىقتى. شۇڭا خائىنغىمۇ، قەھرىمانغىمۇ كۈچلەرنىڭ مەھكىمىلىرى ئەمەس، بەلكى تارىخ باھا بېرىپ كەلدى.

نۇر بەكرى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە خىتاينىڭ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان جىنايى قىلمىشلىرىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان بىر شەخس. ئەگەر ئۇنىڭ جازا مۇددىتى توشماي تۇرۇپ خىتاي پارچىلىنىپ قالسا، شەرقىي تۈركىستاندىكى بىز بىلمەيدىغان خىتايغا ئائىت ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جىنايەتلەرگە ئەڭ ياخشى شاھىت نۇر بەكرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

2019 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇل

## قازاق تىلىدىكى قىسقا ئېپىزوتنى كۆرگەندىن كېيىن ئويلىغانلىرىم

بىرقانچە كۈندىن بۇيان قازاق قېرىنداشلىرىمىز ئىشلىگەن بىر ئېپىزوت ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كەڭ تارقىلىپ زور غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. ئېپىزوتتا بىر خىتاي يىگىتى بىلەن ئۆيلەنمەكچى بولغان قازاق قىزىنىڭ، ئاتا-ئانىسى بىلەن بولغان دىيالوگى ئاساس قىلىناتتى. دىيالوگدا بىر خىتاي يىگىتى بىلەن توي قىلماقچى بولغان قىزنى، قازاق خەلقىنىڭ ئار-نومۇسىغا قىلىنغان هاقارەت دەپ ئەيىبلىگەن قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ، خىتاي يىگىتنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن يىپ-يېڭى ماشىنا ئالىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن قانداق ئۆزگەرگەنلىكى، مەنپەئەت ۋە كۈچ ئالدىدا قازاق خەلقىنىڭ ئار-نومۇسى ۋە قىممەت-قاراشلىرىنى، شۇنداقلا هايات مەنىسىنى قانداق يوقاتقانلىقى ناهايىتى ياخشى ئىپادىلەپ بېرىلگەن ئىدى.

بۇ ئېپىزوت ماهىيەتتە پۈتۈن دۇنيانىڭ كۈچ ۋە مەنپەئەت ئالدىدا ئىنسانىي قىممەت-قاراشلىرىنى قانداق دەسسەپ-چەيلەۋاتقانلىقىنى ناهايىتى ياخشى ئىپادىلەپ بەرگەن بىر ئېپىزوت ئىدى. بىز كۈچ ۋە مەنپەئەت ئالدىدا ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق، هەتتا قۇرئان كەرىممۇ بىر چەتكە قايرىپ قويۇلۇۋاتقان بىر جەمئىيەتتە ياشاۋاتىمىز.

دۇنيا قىممەت-قارىشى ياكى غەرب قىممەت-قارىشى دېگەنلەر چۆلدىكى جىلغىگە ئوخشايدۇ، ۋىللىدايدۇ، ئەمما سىز

يېقىنلاشقانسېرى يەنە ئۇزاقلىشىپ كېتىدۇ. ئەسلىدە دۇنيادا يول يوق ئىدى، كىشىلەر ماڭغانسېرى يول پەيدا بولغان، دەيدۇ لۇشۈن ئەپەندى. شۇنداق ئەسلىدە دۇنيادا تېررور دېگەن بىر نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئەمما مىللەتلەرنىڭ ئار-نومۇسى ئېغىر دەپسەندە قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، دۇنيا قىممەت-قارىشىغا ئاۋازىنى ئاڭلىتالمىدى. شۇ ۋەجىدىن يول پەيدا قىلىشنى ئويلىشىپ قالدى، بۇ يولدا ماڭسىمۇ-ماڭمىسىمۇ ئاقىۋىتىنىڭ ئۆلۈم بولىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، ئۇلار باشقىچە جاسارەتلىنىپ كەتتى. تېررور خۇددى كۆز ئالدىدا قىزىغا ياكى خانىمىغا باسقۇنچىلىق قىلىنغان ھالەتنى كۆرگەندە ساقچى چاقىرىپ بېقىشى، ئاندىن بۇمۇ كار قىلمىغاندا باسقۇنچىنى ئۆزى پىچاقلىغان ئەر كىشىگە ئوخشايدۇ. بەزىلەر بۇنى مەنپەئەتلىرىگە ئاساسەن تېررور دەپ ئاتايدۇ. بەزىلەر بولسا يوللۇق قوغدىنىش ۋە ياكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى دەپ قارايدۇ. ئۆزۈم ئىنتايىن كۈچلۈك بىر كۈچ بىلەن ئېزىلگەندىن كېيىن شارابقا ئايلىنىدۇ. بۇغدايمۇ ھەم شۇنداق. ناھايىتى يوغان تۈگمەن تاشلىرى بۇغداي دانچىلىرىنى رەھىمسىزلەرچە ئەزگەندىن كېيىن ئۇنغا ئايلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى شاراب بازارلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن كاپىتالىستلار تەرىپىدىن ئېزىپ سۈيى چىقىرىلىۋاتقان ئۈزۈم سۈيىگە ياكى بۇغداينىڭ ئۇن قىلىنىشىغا ئوخشايدۇ. ئۇيغۇرلار شاراب بولماي ئۈزۈم بولمەن، ئۇن بولماي بۇغداي پېتىم قالىمەن دەپ تېپىرلىماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جەرياندىكى قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى ھەرگىزمۇ «تېررورلۇق ھەرىكەت» دەپ قاراشقا بولمايدۇ، يەنە كېلىپ ئۆز ئاغزىمىز بىلەن خىتاي تونىدا. ئۇيغۇرلارنىڭ ئازدۇر-كۆپتۇر ئېچىلىپ قالغان تاش ئېتىشلىرى، خۇددى ئۈزۈمنىڭ شاراب بولماسلىق ئۈچۈن ئېزىۋاتقانىنىڭ يۈزىگە

شالاققىدە چاچرىشى، بۇغداي دانچىسىنىڭ تۆگمەن تېشىدىن چاچراپ، ئەزگۈچىنىڭ پېشانىسىگە تېگىشىگە ئوخشايدۇ.

2015-يىلى 7-يانۋاردا فرانسىيەدىكى بىر ژۇرنال مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەجۋىي رەسىملىرىنى ئېلان قىلغاندا، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا بىز بەك ئەھمىيەت بېرىۋاتقان دۇنيا قىممەت-قارىشىنىڭ كۈچى يەتمىدى. قىسقىسى، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنى خالىمىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ دېموكراتىيە ئىدى. مۇسۇلمانلار بۇنى ئۆزلىرىگە ئاھانەت دەپ قارىدى، نەتىجىدە بۇ ژۇرنال خىزمەت بىناسىغا ھۇجۇم قىلىپ خىزمەتچىلىرىنى ئۆلتۈردى. بۇ يەردە باشقىلارنىڭ قىممەت-قاراشلىرىغا ھۆرمەت قىلىنمايۋاتاتتى.

دېمەك، تېررور مانا مۇشۇنداق پەيدا بولىدى. ئۇيغۇرلارنىمۇ مۇشۇ ئاساستا تەھلىل قىلىپ باقساق بولىدۇ. ئوتتۇرا شەرقتىكى تېررورلۇقنى غەرب قىممەت-قارىشى ياكى دۇنيا قىممەت-قارىشى تۇغدى. ئەسلىدە بىن لادىننى ئافغانىستان ئۇرۇشىدا رۇسىيەگە قارشى ئامېرىكا پەيدا قىلغان ئىدى. ئامېرىكا بىكاردىن-بىكارغا بېسىۋالغان ئافغانىستان، ئىراق، سۈرىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئەڭ ئالىي مەقسەت نېفىت ئۈچۈن ئىدى. غەرب قىممەت-قارىشى نېفىت ئالدىدا قىممىتىنى يوقاتتى. ئامېرىكادەك كۈچلۈك ئارمىيە ئالدىدا بۇ دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تاقابىل تۇرغۇدەك ئارمىيەسى يوق ئىدى. دەل مۇشۇنداق چارىسىزلىك ئالدىدا بۇ دۆلەتلەرنىڭ يوشۇرۇن قاتلاملىرى تېررورغا ھامىلدار بولىدى. چۈنكى مىللەتلەرنىڭ ئار-نومۇسى دەپسەندە بولۇۋاتاتتى. بۇ يەردە شۇنى چۈشىنىشىمىز كېرەككى، سىز ۋە مەن تېررور دەپ قارىغاننى شۇ مىللەتلەر ۋە خەلقلەر تېررور دەپ قارىماسلىقى، سىز ۋە مەن تېررورچى دەپ قارىغاننى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ

قەھرىمانى دەپ قارىشى مۇمكىن. مەسىلەن، تۈركىيە تېرروررچى دەپ ئېلان قىلغان ئوجىلاننى كۈرتلەر بىزنىڭ قەھرىمانىمىز دەپ قارايدۇ. رۇسلار تېرروررچى دېگەن دۇدايىفنى چېچەنلەر قەھرىمانىمىز دەپ قارايدۇ، شۇنداقلا خىتاي تېرروررچى دېگەن دولقۇن ئەيسانى ئۇيغۇرلار قەھرىمانىمىز دەيدۇ. غەرب قىممەت-قارىشى سەتەڭنىڭ ناز-كەرەشمىسىگە ئوخشايدۇ.

بىر نەرسە يوغان قورام تاشقا ئۇرۇلۇپ كۆكۈم تالقان بولۇپ كەتكەندە، نېمە ئۈچۈن بۇ ئۆزىنى قورام تاشقا ئۇرۇپ ۋەيران بولۇش يولىنى تاللىدى؟ بۇنىڭ دەردى نېمە ئىدى؟ دېگەننى ئىلگىرى سۈرۈش، يەنى خىتاينى بۇ يەردە يوغان قورام تاش دېمەكچىمەن. يەنى كونىلار ئېيتقاندەك توخۇمنى قورام تاشقا ئۇرماسلىق، يەنە بىر جەھەتتىن توخۇمنىڭ دەردى بولمىسا ئۆزىنى قورام تاشقا ئۇرامتى؟ دېگەندەك. تاشقى سىياسەتمۇ مەنپەئەتلەر ئالدىدا قىممەت-قاراشلارنى چەتكە قايرىپ قويۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، كانادادا كونسېرۋاتىپ پارتىيە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان مەزگىلدىكى باش مىنىستىر ھارپەر «بىز كانادادا قىممەت-قارىشىنى دوللارغا تېگىشمەيمىز» دەپ بايانات بەرگەن ۋە بۇ ئاساستا خىتاي تاشقى سىياسىتى بەلگىلىگەن ئىدى. كېيىنكى قېتىم جاستىن ترېدۇ بۇ قىممەت-قاراشلارنى دەسسەپ-چەيلىۋەتتى. كانادانىڭ قىممەت-قاراشلىرى خىتاي سىياسىتىدە بىر بۇلۇڭدا قېلىپ قالدى. ھازىر تىرامپ ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىشى ھەرگىز ئامېرىكا قىممەت-قارىشىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى خىتايغا قارىتا يېڭى تاشقى سىياسەت يۈرگۈزۈش جەريانىدا ۋە سودا ئۇرۇشىغا پاراللېل ھالدا كوزىر بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن دەپ قارايمەن. ئەگەر ئامېرىكا قىممەت-قارىشىنىڭ ئۆچرىتىنى كۈتىدىغان بولساق، بىز بۇ ئۆچرەتتە ئارقىدىن سانىغاندا

1ـ ئورۇنـدا بولاتتـۇق دەپ قارايمـەن. ئەگـەر دۇنيـا قىممـەتـ قارىشـىنىڭ پىچىقى كەسكىن كېسـىدىغان بولسا ھازىرغا قەدەر بىر ئۇيغۇر مەسىلىسـىدە سۈكۈتتە تۇرمىغـان، ياۋروپا ئىتتىپاقـى سۈكۈتتە تۇرمىغـان بولاتتـى. مانـا مۇشـۇنداق يوچۇقـلار تېررورنىڭ بىخلىنىشـىغا يـول ئاچىـدۇ. مۇشـۇنداق يوچۇقـلار تۈپەيلىدىـن كىشـىلەر ئـۆز ئارمىيەسـىنى قـۇرۇش ھەلەكچىلىكىگـە ئۆتىـدۇ. بـۇ باشـقىلار تەرىپىدىـن تېررور دەپ قارىلىشـى مۇمكىـن، ئەمما شـۇ مىللەتلـەر ئۆچـۈن ئۆزىنـى قوغـداش دەپ ئاتىلىـدۇ. دۇنيـا قىممەتـ قارىشـىنىڭ پىچىقـى كەسـكەن ۋاقىتتـا نـازى گېرمانىيە قىرغىنچىلىقى ئاللىقاچـان 6 مىليـون يەھۇدىينـى ئۆلتۈرۈپ بولغان ئىـدى. ئارىدىـن 70 يىلدىـن ئارتـۇق ۋاقـت ئۆتكـەن بولسـىمۇ، يەنىـلا دۇنيـا قىممەتـ قارىشـىنىڭ پىچىقـى گال تۇرۇۋاتىـدۇ. بـۇ پىچاق كەسكىنلەشكىچە يەنـە قانچىلىك ئۇيغۇر ئۆلـۈپ تۈگەر؟؟؟؟

قـازاق ئاتا ـ ئانـا بىلـەن خىتـاي يىگىتىگـە تـوي قىلماقچـى بولغـان قـازاق قىزىنـىڭ ئۆزئـارا دىيالوگـى ئەكـس ئەتتۈرۈلگـەن بـۇ ئېپىـزوت، مەنپەئـەت ئالدىـدا قىممىتىنـى يوقۇتـۇپ قويۇۋاتقـان دۇنيـا ئادالىتىنىـڭ قاراڭغـۇ تەرەپلىرىنـى ناھايىتـى ئۇسـتىلىق بىلـەن ئىپادىلـەپ بەرگـەن بىـر سـەھنە ئەسـىرىدۇر.

2019 ـ يىلى 16 ـ سېنتەبىر

## ئەلۋىدا يىگىت! خەلقىڭ ئەمدى تەنها ئەمەس

«بۇ كىچە سىز تەنها ئەمەس» قاراڭغۇ كىچىلەرنىڭ سەبىر پىروگراممىسى ئىدى.

ئىنقىلاب شەھىرى، كۆلكە-چاقچاق شەھىرى ، ئالما-تاش ئالما شەھىرى، قەلبىمدىكى غۇرۇر، ۋىجدان دەرياسى، قەھرىمان دەريا ئىلى دەرياسىنىڭ شەھىرى، شېھىتلار شەھىرى، مەرد-مەردانىلەر شەھىرى، شۇنداقلا پېقىر سەھەرنىڭ شەھىرى بولغان غۇلجا شەھىرىدىن داڭلىق رادىيو رىياسەتچىسى خالمۇرات ماناپىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنىڭ ئۇچۇپ كېلىشى بىلەن، ئەمدىلا سوزۇلغان لەگمەن پىلتىسىنى ئېلىشقا باشلىغان قوللىرىم تىترەپ كەتتى. «كۆڭلۈم تۇيغان، خىتاي ئاخىرى ساق قويماپتۇ دە» دېدىم لەگمەن پىلتىسىنى ئۈستەلگە قاتتىق ئۇرۇپ، ئاندىن قايناۋاتقان قازانغا ئاچچىق بىلەن تاشلاپ، ئىلەشتۈرگەچ...

«بۇ كىچە سىز تەنها ئەمەس» ، غۇلجا شەھەرلىك رادىيو ئىستانسىسى يولغا قويغان بىر كىچىلىك نەق مەيدان پىروگراممىسىنىڭ ئىسمى ئىدى. بۇ پىروگراما ئۇنداق ئاددىي پىروگراما ئەمەس بولۇپ، رىياسەتچى يىگىتمۇ ئۇنداق ئاددىي بىر رىياسەتچىلا ئەمەس ئىدى.

خىتاي ھەرقانچە كۈچلۈك بولغان بىلەنمۇ ئىككى روھنىڭ پىچىرلىششىنى توسۇپ قالالمىغان ئىدى. «بۇ كىچە سىز تەنها

ئەمەس» پىروگراممىسى، غۇلجا خەلقى روھى بىلەن رىياسەتچى روھىنىڭ پىچىرلىشىشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

1997-يىلى غۇلجىدا 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى يۈز بەرگەندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى غۇلجا شەھىرى، ئىلى ۋىلايىتى ۋە ئىلى ئوبلاستىغا قاراشلىق رادىيو-تېلېۋىزىيە ئىشلىرىدا ئانچە-مۇنچە ئىلگىرىلەش ۋە تەڭشەش ئېلىپ بارغان ئىدى. سەۋەبى 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدە تەشۋىقات خىزمەتلىرى ئاجىز بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە.

شۇڭا ھۆكۈمەت غۇلجا شەھەرلىك كونسۇل مېھمانخانىسى بىلەن غۇلجا شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئوتتۇرىسىغا، يەنى غۇلجا شەھىرىنىڭ مەركىزى كىندىكىگە جايلاشقان ئىلى ۋىلايەتلىك رادىيو ئىستانسىسىنىڭ قورۇسى ئىچىدە، غۇلجا شەھىرىگە قارايدىغان يەنە بىر سىملىق رادىيو ئىستانسىسى تەسىس قىلغان ئىدى. رىياسەتچىلىككە خالمۇرات ماناپ تاللاندى ۋە پىروگراممىنىڭ ئىسمى «بۇ كېچە سىز تەنھا ئەمەس» دەپ قويۇلدى.

بۇ دەل 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى قارا تۇتقۇن ۋە تىنتىشلار ئەۋج ئالغان، ئۆلۈم جازاسى، مۇددەتسىز-مۇددەتلىك قاماق جازالار ۋە سوراق قىلىنمىز دېگەن باھانىلەر بىلەن ساقچىغا ئەكېتىپ بىرقانچە كۈن ئۆتە-ئۆتمەي جەسىتى تاشلاپ بېرىلگەن، ئىز-دېرەكسىز يوقالغان، تۈرمىدىن ساراڭ بولۇپ چىققان پەرزەنتلىرىنىڭ ئاھۇ-ھەسرىتىدە يۈرەكلىرى-جانلىرى يانغان ئاتا-ئانىلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تېپىرلاپ يۈرگەن، چارىسىزلىق ئىچىدە ئىڭراۋاتقان بىر مەزگىلگە توغرا كەلگەن ئىدى.

كىچە سائەت 11 دە باشلىنىدىغان «بۇ كېچە سىز تەنھا ئەمەس» پىروگراممىسى، خۇددى دۆلەت كۆمىتېتىدىن قورقمايدىغان، ئاتا-بالا تېلېڤىزورغا قاراپ ئولتۇرۇپ قويۇلغان قازاندەك دۇنياغا تاقاق غۇلجا شەھىرىدىكى پەرزەنتلىرى سەۋەبلىك يۈرىكى يارا دەردمەن ئانىلارنى، مويسىپىت دادىلارنى ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خۇددى ماگنىتتەك ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالغان ئىدى. چۈنكى بۇ هازىردارلار ئۈچۈن تەسكىن ۋە تەسەللى، ئۈمىدسىزلەنگەنلەر ئۈچۈن ئۈمىد پىروگراممىسى ئىدى.

«بۇ كېچە سىز تەنھا ئەمەس» پىروگراممىسى، غۇلجا شەھىرىدە خۇددى بىر قازان سۈيقاشىنىڭ ئىچىگە بىر قوشۇق تۇز تاشلىنىشى بىلەن ئاشقا تەم كىرگەندەك، ياكى خەتەر ئىچىدە تاشقىنلاپ قايناۋاتقان بىر قازان سۇغا بىر چىنە سوغۇق سۇ قۇيۇش بىلەن سۇ تەمكىنلەشكەن، تەربىيەلەنگەن بىر هالغا كەلگەندەك ۋەزىيەت پەيدا قىلغان ئىدى. سەھەردە قورۇ سۈپۈرگىلى چىققان قىز-چوكان كېلىنچەكلەر، سۈت ئالغىلى چىققان ئانىلار، بازارغا ماڭغان جۇۋانلار... «بۇ كېچە سىز تەنھا ئەمەس»نى ئاڭلىدىڭمۇ؟ دەپ بىر مىنۇت پىچىرلىشاتتى قۇلاقلىرىغا.

ئىلى ۋىلايەتلىك رادىيو ئىستانسىسىدا مۇخبىرلىق قىلىۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. 1998-يىلى 12-ئايلاردا بولسا كېرەك، دائىرىلەر ئىلى ۋىلايىتىدە بىر ئۇيغۇرچە تېلېۋىزىيە قانىلى بولۇشى كېرەك دەپ قاراپ، ئەسلىدىكى خىتايچە تارقىتىش بېرىدىغان ئىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا بىر ئۇيغۇرچە قانال تەسىس قىلىپ، مېنى مۇشۇ قانالغا يۆتكىدى. دەسلەپ خىتايچە خەۋەرلەرنى ئۇيغۇرچە خەۋەرلەرگە تەرجىمە قىلىدىغان تەرجىمان، ئاندىن «ئابرال ئېتەكلىرىدە» ناملىق مەخسۇس پىروگراممىنىڭ

ئىشلىگۈچىسى بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، «بۇ كىچە سىز تەنھا ئەمەس» پىروگراممىسىنى ئاڭلاپ قالدىم.

پىروگراممىنى ئاڭلاپ ھاياجاندا كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. مېنى ئىككى نۇقتا ئۇخلاتمىغان ئىدى. بىرىنچىسى، پىروگراممىنىڭ مۇزىكىسى؛ ئىككىنچىسى، پىروگراممىنىڭ ئىسمى ئىدى.

پىروگراممىنىڭ مۇزىكىسى ئىنتايىن لىرىك بىر مۇزىكا بولۇپ، ئاڭلىغان ئادەمگە خۇددى بىر قىزنىڭ تۈن قاراڭغۇلۇقىدا ئېگىز تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ، نېپىز شارپىسىنى قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ يىپنىڭ تووۋلاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ دۇنيالارغا، تاغ چوققىسىنىڭ ئاستىدىكى چىراغلار يورۇپ تۇرغان شەھەرلەرگە يېتىپ بارالمايۋاتقانلىقىدەك بىر تۇيغۇ بېرەتتى كىشىگە.

پىروگراممىنىڭ ئىسمىدا ئەلۋەتتە 5-فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىدىن ئىبارەت زور قىرغىنچىلىققا دۇچ كەلگەن غۇلجا خەلقىنىڭ تەنھا ئەمەسلىكى، ھامان بۇ خەلقنىڭ ئاھۇ-زارىنى ئىڭشايدىغان ئىنسانلارنىڭ ۋە دۆلەتلەرنىڭ چىقىدىغانلىقىغا بولغان ئۈمىد ۋە ئىشەنچ يوشۇرۇنغان ئىدى. بۇ ئەلۋەتتە ئاددىي ئادەملەر ھېس قىلالايدىغان روھ ئەمەس ئىدى.

شۇنداق، مەن ئىلى ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا يۆتكىلىپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن خالمۇرات ماناپ بىلەن ئەسلىدىكى بىر قورۇدا ئىشلىمەيتتىم. ئىلى ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئورنى ئەسلىدىكى غۇلجا چوڭ قاتناش، يەنى دا شىجىيەنىڭ ئارقىسىدىكى ئىلى ۋىلايەتلىك رادىيو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ بىناسىدا ئىدى.

ئەتىسى مەن چۈشلۈك دەم ئېلىشتىن پايدىلىنىپ، غۇلجا

شەھەرلىك رادىيو ئىستانسىسىغا باردىم ۋە ئۇنىڭغا پىروگراممىغا ئىشلەتكەن مۇزىكا ۋە قويغان ئىسىم ئۈچۈن كۆپ رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىمنى ۋە بۇ ئىككى نەرسىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەنلىكىمنى ئېيتتىم. خالمۇرات ماناپ ماڭا: «ھەدە، كۆپ رەھمەت سىزگە، پەرق ئېيتىشىڭىز ئۆزى ناھايىتى قىممەتلىك. نۇرغۇن كىشىلەر نۇرغۇن ئىشلارنى پەرق ئېتەلمەيدۇ» دېدى مەمنۇنىيەت بىلەن.

شۇ كۈنلەر، ياشىغانلار ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر كۈنلەر ئىدى. ھازىر ئۇ كۈنلەرنى بۈگۈنگە سېلىشتۇرغاندا ياخشى كۈنلەر ئىكەن دېيىشىۋاتىمىز.

ئۇ چاغلار، بىر قارىسىڭىز ئەخمەقلىق ھاكىم بولغاندەك كۆرۈنگەن بىلەن، ھازىرغا قالقان بولغان چاغلار ئىدى.

ئۇ چاغلار ئېتىقاد ۋە ئېتىقادسىزلىق زامانى ئىدى. يورۇق چاغلار ۋە قاراڭغۇ چاغلار ئىدى. ئۈمىد باھارى ئىدى ۋە ئۈمىدسىز قىش ئىدى. ياشاش ئۈچۈن ھەممە نەرسە باردەك كۆرۈنەتتى ۋە يەنە ياشاش ئۈچۈن ھېچبىر نەرسە يوق ئىدى ئالدىمىزدا. بۈگۈن بىز ئۇ كۈنلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ھاياتىدا بولۇپ ئۆتكەن كۈنلەر ئىچىدە بىر ئاز ياخشى كۈنلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتىمىز. چۈنكى كۈنلەردە ئۈچ مىليوندىن بەش مىليونغىچە ئۇيغۇر جازا لاگېرلىرىغا سولانمىغان كۈن ئىدى.

ئەتراپتا سەممىيەتسىزلەر، خائىنلار ۋە ساتقۇنلار، ساقچىلار ۋە ئەسكەرلەر ئايلىنىپ يۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بىر-بىرىگە ئىشەنچ قىلىدىغان ئىنسانلار يوقالمىغان چاغلار ئىدى. كىشىلەر مەھەللە دوقمۇشلىرىدا، بازار-رەستىلەردە، ئىشقىلىپ نەدە بولسۇن بىر يەرلەردە كىچىككىنە توختاپ ئىشەنچ قىلغان ئادەملىرىگە بىر نەرسىلەر دېيەلەيدىغان چاغلار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن مەنمۇ غۇلجا

شەھەرلىك رادىيو ئىستانسىسىنىڭ قورۇسىغا ئۇنى ئىشخانىسىدىن چاقىرىپ چىقىپ، شۇ دەۋردە قورقۇنچلۇق بولغان يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى قورقماي دېيەلىگەن ئىدىم.

كېيىنكى كۈنلەردە خالمۇرات ماناپ «بۇ كېچە سىز تەنھا ئەمەس» پىروگراممىسىدا مېنىڭ ئاتالمىش ئاپتونوم رايوندا چىقىدىغان «بۇلاق» ۋە ئىلىدا چىقىدىغان «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئەدەبىي ئاخباراتلىرىمنى تولۇق ئاڭلىتىپ تۇردى.

ھەئە، سىزنى ئىلى ئەدەبىي ئاخباراتچىلىقى ساھەسىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇۋاتىدۇ، قەلىمىدە سايلىقتا پارتلىغان بومبىدەك بىر كۈچ بار ئىكەن دېيىشىۋاتىدۇ يېزىقچىلىق ساھەسىدىكى زىيالىيلار، دېگەن ئىدى خالمۇرات ماناپ چاقچاق ئارىلاش كۈلۈپ تۇرۇپ، ئىشتىن قايتىشتا يوللاردا ئۇچرىشىپ قالغان چاغلىرىمىزدا.

بۇنداق چاغلاردا مەن كۆپ روھى ئازاب چېكەتتىم ئىچىمدە. چۈنكى مەن ئۇ ئەدەبىي ئاخباراتلارنى، شەخسى ئىشلىرىم ۋە گۈزەللىك قوغلىششقا سەرپ قىلغان ۋاقىتلىرىمنىڭ ئەڭ ئاز بىر قىسمىنى سەرپ قىلىپ ئانچە چۆكمەي، ئانچە چىلاشماي يازدىم، دەپ قارايتتىم.

مەن خالمۇرات ماناپ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 2003-يىلى 3-ئاينىڭ 8-كۈنى غۇلجا شەھەرلىك 7-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالغان ئىدىم. قىزغىن ھال-ئەھۋال سوراشتۇق.

- ھەئە، 8-مارت ئاياللار بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن! - دېدى ئۇ ماڭا.

- كۆپ رەھمەت ئۇكام، - دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن.

- ھەدە بىر بەدىئىي ئاخباراتىڭىزدا «ئۆزۈڭىزغا سوزۇلغان سۆكۈنات قانلىق كۈرەشكە ھامىلدار بولغان بولىدۇ» دېگەن بىر جۈملىنى ئىشلىتىپتىكەنسىز. قەلەملىرىڭىز بەك سۆكۈتكە چۆمۈپ كەتتى، نېمىلەرگە ھامىلدار بولۇپ يۈرۈۋاتىسىز؟ - دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ.

مەن ئۇنىڭغا ئەتە تۈركىيەگە بېرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم ئەتراپىمغا ئەنسىز بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ۋە يەنە «ھېچكىم ئۇقمىسۇن - ھە» دېگەن سۆزنىمۇ قوشۇپ قويدۇم.

- شۇ... شۇ... دېمىدىممۇ بۇ سۆكۈناتنىڭ ئىچىدە بىر نەرسە بار دەپ...... دېدى ئۇ رىياسەتچىلەرگە خاس قىزغىنلىقى بىلەن. ئارىمىزنى قىسقا سۆكۈنات قاپلىدى. ئاندىن ئۇ:

- ھەدە ئەمدى كەتسىڭىز كەلمەيسىزغۇ دەيمەن - ھە؟ يۈرگۈم شۇنداق ھېس قىلىۋاتىدۇ، - دېدى ئۇ جاۋاب بېرىش تەس بولغان يوغان سوئالدىن بىرنى تاشلاپ. مەنمۇ ئۇستىلىق بىلەن ئۇنىڭ سوئالىغا:

- ئەگەر كۆڭلىڭىز ھەدەم قايتىپ كېلىدۇ دەپ ئويلاۋاتقان بولسا قايتىپ كېلىمەن، ئەگەر قايتىپ كەلمەيدۇ دەۋاتقان بولسا قايتىپ كەلمەيمەن، - دەپ جاۋاب بەردىم ئۇنىڭغا.

بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆرۈشىشىمىز بولۇپ قالدى. ئەمما «بۇ كىچە سىز تەنھا ئەمەس» پىروگىراممىسىنى دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە ئىمكانىيەت يار بەرگەنچە ئاڭلاپ تۇردۇم. ئۇنىڭ ئىزچىللىقىغا، ئۇنىڭ پىروگىراممىسىدىكى ئىسمىنى بىر ئىسيانكار شوئارغا ئايلاندۇرالىغانلىقىغا، شۇنداقلا ئىلى خەلقىنىڭ روھى

دۇنياسىغا سىڭدۈرەلىگەنلىگىگە، ئۇنىڭ پىروگراممىسىدىكى مۇزىكىلارنىڭ سەرخىللىقىغا ئىچىمدە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايتتىم. ئۇ بىر يوشۇرۇن تالانت ئىگىسى ئىدى.

ئۇ 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى سەۋەبىدىن چارىسىزلىك ئىچىدە ئېڭىرىغان غۇلجا خەلقىنىڭ ئاخىرى بىر كۈن «تەنها قالمايدىغانلىقى»دىن ئىبارەت بۇ ئىسيانكارلىق روھنى، بۇ شوئارنى، بۇ سىگنالنى «بۇ كېچە سىز تەنها ئەمەس» دېگەن ماركىغا سىڭدۈرگەن ئىدى.

شۇنداق، ئىلى خەلقى، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ قاراڭغۇ كېچىدەك قاباھەتلىك كۈنلەردە تەنها قالمىدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قاڭقىر قاقشاتقان خىتاي ئەمەلدارلىرىنى جازالايدىغانلىقىنى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىۋاتىدۇ. دۇنيا خىتاينىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى تەنها قويماي چۇقانلار سېلىۋاتىدۇ.

بۇندىن 20 يىل ئاۋۋال 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ تۆمۈر قەپەسلىرىنى يېرىپ چىقىپ، «بۇ كېچە سىز تەنها ئەمەس» دەپ خەلقىگە ئۆز پىروگراممىسى ئارقىلىق ئۈمىد، ئىشەنچ، سەبىر ۋە جاسارەت بەرگەن خالمۇرات ماناپ، بۈگۈن دۇنيا «ئۇيغۇرلار تەنها ئەمەس» دەپ ئورنىدىن دەس تۇرغاندا ئارىمىزدىن ئايرىلىپتۇ.

ئەلۋىدا يىگىت! خەلقىڭ ئەمدى تەنها ئەمەس!

2020-يىلى 14-ئاۋغۇست

## تورونتودىكى ئالتۇن قوزۇقنىڭ ھېكايىسى

2008-يىلى رامىزاننىڭ 17-كۈنى، يەنى 10-ئاينىڭ 18-كۈنى ئىبراھىم قارىنىڭ تورونتو ئېتوبىكوغا جايلاشقان ئۆيىگە ئىپتار ئۈچۈن يىغىلغان 18 نەپەر ئۇيغۇر قېرىنداشىمىز، تورونتو شەھرىدىكى ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ كۈندىن كۈنگە كۆپىيىۋاتقانلىقى، نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈش، ئۇيغۇرلارغا ئائىت مۇھىم خاتىرە كۈنلەرنى خاتىرىلەش، ئانا تىل مەكتەپلىرىنى ئېچىپ، ئۇيغۇر ئانا تىلىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارغا ئائىت بىر يەر-زېمىننىڭ بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە كۆپ باش قاتۇرۇشتى، ھەمسۆھبەتتە بولۇشتى. شۇ كۈنكى ئىپتارغا قاتناشقانلار ئىچىدە ئىبراھىم قارىم، شاۋكەت ئىمام، پەرھات زۇنۇن، ئابدۇسالام ئاكا، ھاجى مامۇت، پەرمان تۇردۇش... قاتارلىق 18 نەپەر كىشى بار ئىدى. شۇ كۈنكى مەسلىھەت ئاساسىدا بىر تەرەپتىن، يەر-زېمىن سېتىۋېلىشقا كېرەكلىك پۇلنى ھازىرلاش ئىشى باشلانغان بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، 2009-يىلى كىرىشى بىلەن، ئۇيغۇر مەسچىتى سېتىۋېلىشقا رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئىبراھىم داموللام كومىتېت باشلىقى، شاۋكەت ئىمام پۇل يىغىشقا مەسئۇل، پەرھات زۇنۇن بوغالتىر بولدى. ئۇندىن باشقا پەرھات زۇنۇن يەنە كانادا ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان قانۇنىي رەسمىيەت ئىشلىرىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى. پۇل يىغىش مەسلىسىدە دەسلەپكى قەدەمنى باسقان 18 نەپەر كىشى ئاكتىپ رول

ئوينىاپ، 18 كىشى ھەر ئاي 100 دوللاردىن پۇل تاشلاش ئارقىلىق ئۇيغۇر مەسچىتى سېتىۋېلىشنىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى باستى. گەرچە بۇ باشلىنىش كانادادەك يەر-زېمىن ئىنتايىن قىممەت بىر دۆلەت ئۈچۈن ئەخمىقانىلىق ۋە كۈلكىلىك بىر ئىشتەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھەمكارلىشىپ ئىشلەش روھى ئارقىلىق نىشان قىلىنغان مەقسەتكە يېتىشتەك مۇستەھكەم ئىرادە ئالقىشلاشقا تېگىشلىك ئىدى.

ئۇيغۇر مەسچىتى 2009-يىلى 3-ئاينىڭ 18-كۈنى ئونتارىئو ھۆكۈمىتىگە رەسمىي تىزىمغا ئالدۇرۇلدى. 2010-يىلى 12-ئاينىڭ 8-كۈنى، كانادا ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ چارىتىي (خەير-ساخاۋەت) سالاھىيىتىنى تەستىقلىدى. پەرھات زۇنۇن يەنە كانادا ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان قانۇنىي رەسمىيەت ئىشلىرىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى.

ئۇيغۇر مەسچىتى ياكى ئۇيغۇر ئۆيى سېتىۋېلىش قەدىمىنىڭ بېسىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، تورونتودىكى بارلىق ئۇيغۇر جامائىتى بۇ «ئالتۇن قوزۇق»نىڭ قېقىلىشى ئۈچۈن بەس-بەستە پۇل ئىئانە قىلىشقا باشلىدى. 2013-يىلىغا قەدەر بۇ ھەمكارلىشىپ ئىش قىلىش روھى داۋاملىشىپ، شۇ يىلى ئۇيغۇر مەسچىتى ئېلىش ئۈچۈن يىغىلغان پۇل 70 مىڭ دوللارغا يەتتى. جامائەت مەسلىھەتلىشىپ تۆركلەر سېتىشقا چىقارغان 490 مىڭ كانادا دوللىرىلىق بىر ئۆرۈننى بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىش يولى بىلەن سېتىۋېلىش قارارىغا كېلىشتى. ئەمما بۇ تەلەپ بانكا تەرىپىدىن «مۇقىم كىرىمى يوق» دېگەن سەۋەب بىلەن رەت قىلىندى. «ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى» ياكى «ئۇيغۇر مەسچىتى» دېگەن ئىسىملاردىن قايسىبىر ئىسمنى قويۇش مەسىلىسىدە جىددىي

تالاش ـ تارتىشلار بولدى. ئاخىردا «ئۇيغۇر مەسچىتى» دېگەن ئىسىم قويۇلغاندا كانادادىكى باشقا مىللەتتىن بولغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ياردىمگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىق نەزەردە تۇتۇلۇپ، «ئۇيغۇر مەسچىتى» دېگەن ئىسمنى قويۇشنى مۇۋاپىق كۆرۈلدى.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، تورونتو ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ سېتىۋېلىنىشىدا، كانادانىڭ مونتېرىيال شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ ناھايىتى قىزغىن ھالدا كۆپ ياردەمدە بولدى. بۇ ھەقتە جامائەت ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

2013 ـ يىلى قىش ئايلىرى بىز تورونتودىن بىر گۇرۇپپا كىشى مونتېرىيال شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە بۇ يەرگە باردۇق. بىز دەل مونتېرىيالدىكى ئۇيغۇرلار مەشرەپ ئۆتكۈزگەن كۈندە بارغان ئىكەنمىز. قېرىنداشلىرىمىز تورونتودىن ئىبارەت ئۇيغۇرلار كۆپ كۈنگە كۆپىيىۋاتقان بۇ شەھەردە بىر ئۇيغۇر ئۆيىنىڭ بولۇشىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلىشىپ بىزنى ئىنتايىن قوللىدى. نەتىجىدە مەشرەپ ئەھلى تورونتودا قۇرۇلغۇسى ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ سېتىۋېلىنىشىغا تەرەپ ـ تەرەپتىن ياردەم قولىنى سۇندى. ئەڭ ئاز بەرگىنى 500 دوللار، ئەڭ كۆپ بەرگىنى 5000 دوللاردىن ئىئانە قىلدى. بىز پەقەت ئىككى كۈن تۇرۇش جەريانىدا 45 مىڭ دوللار پۇل يىغىپ كەلدۇق.

شۇنداق قىلىپ تورونتو ئۇيغۇر مەسچىتى تورونتودىكى بارلىق ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ قىزغىن قوللىشى، مونتېرىيال جامائىتىنىڭ ياردىمى، شۇنداقلا ھەر ئايدا 100 دوللاردىن پۇل تاشلايدىغان مۇستەھكەم ئىرادىلىك بىر گۇرۇپپىنىڭ قىلچە توختاپ قالماي ھەر ئايدا بەدەل پۇلى تاپشۇرۇشى نەتىجىسىدە، 2015 ـ يىلى

6-ئاينىڭ 30-كۈنى تورونتودا ئۇيغۇرلارنىڭ كانادا تارىخىدىكى تۇنجى ئالتۇن قوزۇقى قېقىلدى. ئاخىرى تورونتودىكى ئۇيغۇر جامائىتى ھېچقانداق بانكا قەرزى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، 280 مىڭ دوللارغا بىر زېمىن سېتىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ كانادا تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ Team Work، يەنى ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كانادا ئۇيغۇر مەسچىتى سېتىۋېلىنغان مەزگىللەردە ئىبراھىم داموللام تۈركىيەگە كۆچۈپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇر مەسچىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ئىشلىرى پەرھات زۇنۇن، شاۋكەت ئىمام، ئېتىبار ئارتۇچ، مەمەت ئىمىن، يۈسۈپ قاتارلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. تۇنجى بولۇپ پەرھات زۇنۇن ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ رەئىسى، مەمەت ئىمىن ئىمام بولدى. پەرھات زۇنۇن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى 2017-يىلغا قەدەر داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن، 2017-يىلى 3-ئاينىڭ 30-كۈنى سايلام ئارقىلىق شاۋكەت ئىمامغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ مەزگىلدە، ئابدۇل ئەزىز... جامىنىڭ ئىماملىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

شاۋكەت ئىمام رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى 2018-يىلى نويابىرغا قەدەر داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن، تۈركىيەدىن قايتىپ كەلگەن ئىبراھىم داموللامغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش سايلىمىغا قاتناشقان ئىبراھىم داموللام، ئېتىبار ئارتۇچتىن بىر سان ئارتۇق ئاۋاز بىلەن ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ يېڭى رەئىسى بولۇپ سايلاندى. شۇندىن ئېتىبارەن ئىبراھىم قارىم تورونتو ئۇيغۇر مەسچىتىنىڭ ھەم رەئىسلىك، ھەم ئىماملىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالماقتا.

ئۇيغۇر مەسچىتى سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن تۇنجى قىلىنغان ئىش ئۇيغۇر ئانا تىل سىنىپلىرىنى ئېچىش بولدى. ئۇيغۇر ئانا

تىل سىنىپى 2015-يىلى 7-ئايدا ئېچىلدى. مەمەت ئىمىن مەكتەپ مۇدىرى بولدى.

ئۇيغۇر مەسچىتى پەرھات زۇنۇن ۋە شەۋكەت ئىمام رەئىس بولغان مەزگىللەردە رەئىس، ئىمام ۋە دائىمىي ھەيئەتلەردىن تەشكىل تاپقان، كانادا ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن بىر ئورگان ھالىتىگە كەلدى.

2015-يىلى 6-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 2018-يىلى 11-ئايغىچە بولغان ئۈچ يېرىم يىللىق پەرھات زۇنۇن ۋە شاۋكەت ئىمام رەئىسلىكىدە ئۇيغۇر مەسچىتىگە رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى تۆۋەندىكى كىشىلەردىن تەركىب تاپقان ئىدى:

ئابدۇسالام ئاكا، ھاجى مامۇت، پەرھات زۇنۇن، شاۋكەت ئىمام، ئەنۋەر قۇربان، يۈسۈپ قاسىم، تاھىر مىجىت، تۇيغۇن ئابدۇۋەلى، ئېتىبار ئارتۇچ.

بۇ ئىككى قاراردا پەرھات زۇنۇن بوغالتىر، ئېتىبار ئارتۇچ كاسسىر بولغان.